# مەۋلانا

# «مەسنەۋى» دىن دۇردانىلەر



تۈزگۈچى : ھەببۇللا ئابلىمىت

MEVLANA



# MESNEVİ-İ ŞERİF

TİMAŞ YAYINLARI

## مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ..... 11

جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ..... 14

"مەسنەۋى" نىڭ ئالدىدىكى ئون سەككىز بېيىت ..... 28

تاغقا قېچىش ..... 30

كۆڭۈل ..... 32

رەڭ ۋە نۇر ..... 33

چۈشىن ..... 34

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم تىلىگۈچى ..... 35

پادىشاھ بىلەن دېدەك ..... 36

ئارسلان بىلەن توشقان ..... 46

ھەدىيە ..... 53

باققال بىلەن شاتۇت ..... 57

تىلشۇناس ..... 61

ياشانغان سازەندە ..... 62

رەسىم چەكتۈرۈش ..... 68

بەدەۋى ..... 70

بۆرە، تۈلكە ۋە ئارسلان ..... 73

ھەقىقى مۇھەببەت ..... 76

گاسنىڭ كېسەل يوقلىشى ..... 78

ئۆزەمنى بىلىمەن ..... 80

ياخشىلىقىڭ مۇشۇنداق بولسا ..... 81

ئاغرىقنى ھېس قىلىش ..... 81

لەيلىنىڭ جاۋابى ..... 81

ھەزرىتى لوقماننىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىشى ..... 82

بەدەن ۋە روھ ..... 84

خىيالدا ھىلال ئاينى كۆرۈش ..... 85

يىلان ئوغرىسى ..... 87

ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش ..... 88

ئارسلاننى ئۆكۈز دەپ قېلىش ..... 90

ئېشەك كەتتى.......................................................................91
ۋەيران بولغان سودىگەر ........................................................... 94
مېنى سۆزلەتمە...................................................................... 98
پادىشاھنىڭ قۇللىرىنى سىنىشى ...............................................100
قۇللارنىڭ ھەسەت قىلىشى .....................................................108
ھېكمەتلىك سۆزلەر:................................................................109
بۈركۈتنىڭ خارابىلىقتا قونۇشى.................................................110
ئۈسسىغان ئادەم.....................................................................113
پادىشاھ بىلەن شەيخ ...............................................................114
تىكەن تېرىغۇچى.....................................................................116
سۆيگۈ ۋە ساداقەت...................................................................120
دۇئا......................................................................................122
دانىشمەن..............................................................................125
ئېيىق بىلەن يىگىت..................................................................128
ئەما......................................................................................133
ساراڭ بولۇۋالغان دانىشمەن.......................................................134
بوۋاي بىلەن تېۋىپ..................................................................138
مەرگەن بىلەن ئاتلىق ئەسكەر ...................................................140
بالا، دادا ۋە جۇھانىڭ ھېكايىسى..................................................141
بەدەۋى بىلەن پەيلاسوپ ...........................................................142
شەيخنى قارىلىغۇچى.................................................................145
ئۆزۈڭنى بىل ..........................................................................148
تۆھمەتكە قالغان دەرۋىش .........................................................150
سوپىلارنىڭ ئەرزى...................................................................152
ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ............................................................155
ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى...........................................................158
دوستۇڭنى تونۇ ......................................................................160
مەجنۇن .................................................................................169
كۈپتىكى بوياقتا  چۈشۈپ كەتكەن چىلبۆرە.....................................170
يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام ................................................172
پەرەز ...................................................................................174
يىلانچى................................................................................175

ئاشىقنىڭ خېتى ........ 178
ئوغرىنىڭ جاۋابى ........ 179
يىگىتنىڭ دۇئاسى ........ 181
ئىت ........ 189
سوپى ۋە قۇرۇق داستىخان ........ 191
ئەمىر بىلەن قۇل ........ 193
ھايۋانلارنىڭ تىلى ........ 195
تۆھمەتكە قالغان ئادەم ........ 200
پاشىنىڭ شىكايىتى ........ 205
ۋەزىخان ........ 208
ئاشىق بىلەن مەشۇق ........ 209
ئەتىر بازىرىدىكى پاجىئە ........ 211
داڭگال يەيدىغان ئادەم ........ 212
دەرياغا ياڭاق ئېغىنتقان يىگىت ........ 214
ئىت بىلەن ئەما ........ 216
پادىشاھ بىلەن شائىر ........ 217
قابىلنىڭ گۆر كولاشنى ئۆگىنىشى ........ 220
باغدا ئولتۇرغان سوپى ........ 221
جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى بىر جاۋاب ........ 223
مەجنۇننىڭ تۆگىسى ........ 225
يەرنى تېرىش ئۈچۈن، ئاغدۇرۇش لازىم ........ 229
قىلتاققا چۈشكەن قۇش ........ 231
بۈركۈت بىلەن ئەر-ئايال ........ 233
گۇناھكار ئايال ........ 235
بايراقتىكى ئارسلان ........ 237
شاھزادە ........ 238
قېچىر بىلەن تۆگە ........ 242
قەلەم ........ 243
توزنىڭ دەردى ........ 245
ئۆۋلانغان كېيىك ........ 246
نىجادىيەت ........ 248
سىرلىق ئۆي ........ 250

سىناق ........................................................ 254
گۆش بىلەن مۈشۈك ........................................... 256
ئەمىر ۋە زاھىد .............................................. 257
خاتالىق........................................................ 260
سوپىنىڭ جەڭگە بېرىشى.................................... 262
دېدەك بىلەن يىگىت ......................................... 264
شائىر .......................................................... 267
ھىندى قۇل ..................................................... 269
ئەقىلسىز قۇش ................................................ 272
قوچقار بىلەن ئوغرى......................................... 273
كارۋان كۆزەتچىسى ........................................... 275
مەشۇقىنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالغان ئاشىق ................. 276
دۇمباقچى ...................................................... 277
دەرۋىش بىلەن يولۇچى ...................................... 279
ئويلىغىنىڭنى قىل ........................................... 281
سۇلتان ماھمۇت................................................ 284
تىككۈچى ....................................................... 285
ھېكمەتلىك سۆزلەر:.......................................... 287
ئىشلىمەي رىزىق تىلىگەن يوقسۇل ........................ 288
مۇرتى بىلەن شەيخ ........................................... 293
ئۈچ  يولۇچىنىڭ ھېكايىسى ................................. 296
ئۈچ ھايۋاننىڭ ھېكايىسى.................................... 299
چاشقان بىلەن پاقا ........................................... 301
ئوغرى بىلەن سۇلتان ........................................ 302
گۈزەل ئات..................................................... 305
پادىشاھ بىلەن مۇدەررىس .................................. 306
جۇھانىڭ ئايالى .............................................. 308
ئۈچ شاھزادە ................................................. 311
ئاخىرقى بەش بېيىت.......................................... 316
خاتىمە ......................................................... 317

# كىرىش سۆز

جالالىددىن رۇمىنىڭ "مەسنەۋى" ناملىق ئەسىرى جەمئىي ئالتە جىلد، 25 مىڭ 6 يۈز 32 بېيىتتىن تەركىب تاپقان؛ كىلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر ئەسەردۇر.

مەسنەۋىنىڭ تىلى پارىسچە بولۇپ، مەۋلانە سۆزلىگەن ھېكايە ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى ھېسامىددىن چەلەبى ( Husumettin Çelebi ) خاتىرىلەپ، رەتلەپ كىتاب قىلغان.

مەسنەۋىدە مەۋلانە بىر ھېكايىنى باشلايدۇ، ئەمما بۇ ھېكايىنى ئاياقلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيىت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ ۋە ياكى باشقا بىر ھېكايىنى باشلايدۇ. ئاندىن ئۈزۈپ قويۇپ ئالدىدىكى ھېكايىنى يەنە كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەنە شۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق تەسەۋۋۇپتىكى پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى شەرھىلەيدۇ. بۇ يەردە بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى "مەسنەۋى" دە سۆزلەنگەن ھەر بىر ھېكايىنىڭ ئىنسانلارنى پاراسەتكە، گۈزەل ئەخلاققا يۈزلەندۈرىدىغان نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدۇر.

جالالىددىن رۇمى ئۆزىمۇ بۇ ئەسىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: "بۇ كىتاب مەسنەۋى كىتابىدۇر، مەسنەۋى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، پەزىلەت مەنزىلگە يېتىشنى ئويلىغانلار ئۈچۈن بىر يولدۇر.

"مەسنەۋى"دىكى ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى قەھرىمانلار توغرىسىدا، بەزىلىرى ۋەلىلەر، بەزىلىرى سوپىلار، بەزىلىرى پادىشاھلار ۋە بەزىلىرى ھايۋاناتلار توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. بۇلار ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم بولماستىن، مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرگە شەخسىيەتچىلىك، قىزغانچۇقلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ زىيىنىنى شەرھىلەپ، ئىنسانلارنى يامانلىقتىن ئىبرەت، ياخشىلىقتىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئىنسان قەلبىدە ئاللاھقا بولغان چەكسىز سۆيگۈنى ئۇرغۇتىدۇ. بۇ ئىنسانلار گەرچە سەككىز يۈز يىل بۇرۇن

ياشىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەر ۋاقىت ئارىمىزدا مەۋجۇتتۇر. ھاياتتىكى مۇھىم ئىشىمىز ئۆزىمىزنى تونۇش ، كائىنات بىلەن بىردەكلىك ھاسىل قىلىشتۇر. مەسنەۋى ئاۋام خەلقمۇ چۈشىنەلەيدىغان ھالەتتە يېزىلغان بولۇپ، ئىرشاد ۋە تەربىيەنى ئاساسى مەقسەت قىلغان.

قولىڭىزدىكى "مەسنەۋىدىن دۇردانىلار" ناملىق بۇ كىتابنى مەن "مەسنەۋى شېرىف" ناملىق تۈركچە نەسرى شەكلىدىكى تەرجىمىسىدىن ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مەدىتى بىلەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ، تۈزۈپ چىقتىم. تەرجىمە قىلىشتىن بۇرۇن مەۋلانە جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرىگە ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت 25 تىن ئوشۇق كىتاب، ماقالە ئوقۇدۇم. مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ كونيادىكى مەقبەرەسىگە بېرىپ زىيارەتتە بولدۇم. تەييارلىقىم پۈتكەندە تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم ۋە ئۈنۈمىنى كۆردۈم. تەرجىمىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى ئەپۇچان رەببىم كەچۈرگەي، كىتابخۇمار خەلقىم تۈزىتىش بەرگەي .

"مەسنەۋىدىن دۇردانىلار" ناملىق بۇ كىتاب "مەسنەۋى شېرىف" ناملىق كىتابنىڭ بىرمۇ-بىر تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىغا، قىممەت قاراشلىرىغا بەكرەك ماس كېلىدىغان ۋە بىزگە مەنىۋى جەھەتتىن تۆۋرۈك بولىدىغان يەرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن كىتابتۇر.

مەن ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن "مەسنەۋى شېرىف" تىكى باش-ئاخىرى چېچىلىپ كەتكەن ھېكايىلەرنى بىر تەرەپتىن تەرجىمە قىلىپ، بىر تەرەپتىن كىرىشتۈرۈپ بىر پۈتۈن ھېكايە شەكلىگە ئەكەلدىم ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھېكمەتلەرنى ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا" ھېكمەتلىك سۆزلەر "دەپ قوشۇپ تۈزۈپ چىقتىم.

"مەسنەۋىدىن دۇردانىلەر" ناملىق كىتاب "جالالىدىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى" ناملىق ئۆزۈم يازغان ماقالە، باشتىكى ئون ئالتە بېيىت بىلەن ئاخىرقى بەش بېيىت، 119 ھېكايە، 1000 دىن ئوشۇق ھېكمەتلىك سۆز ۋە خاتىمە قىسىمدىن تۈزۈلگەن.

"مەسنەۋى" ناملىق كىتابنى پارسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغان مەرھۇم سۇلايمان ناھىفى (1666-1739) ئەپەندىنىڭ "مەسنەۋى شەرىف" ناملىق كىتابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئېيتقان تەسىرلىك ساتىرلىرىنى، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش

جەھەتتە يولۇققان قىيىنچىلىق ۋە ھېسسىياتىمغا بىرلەشتۈرۈپ ، تەرجىمە جەريانىدا مېنى قوللىغان، كىتابنىڭ روياپقا چىقىشى ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەمدە بولغان قېرىنداشلىرىمغا رەھمىتىمنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تەرجىمە قىلدىم ۋە كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا **تۆۋەنچىلىك** بىلەن سۇندۇم.

چەكسىز ھەمدۇ-سانالار ئاللاھقا خاستۇر. بەخت-سائادەتنى ماڭا يار قىلغىن. بۇ ئىزدىنىشلىرىمنى قەلبىمنىڭ ئىلھام بۇلىقى قىلىپ، ھېكمەت تىللىرىمنى سۆزلەتكىن. سۆزلىرىم ھايات ھېكمىتىنىڭ تەرجىمىسى بولدى. كۆڭۈلدىن غەم - قايغۇ يوقاپ كەتتى. مەسنەۋى كىتابى تەرجىمە قىلىنىپ بولدى. ھەزرىتى مەۋلانەنىڭ بۇ گۈزەل مەسنەۋىسى ئىلىم سۆيەرلەرنىڭ خەزىنىسىدۇر.

مەسنەۋى ياخشى كۆرگەنلەر ئۈچۈن گۈزەلدۇر، بىباھادۇر. لېكىن ھەمما ئادەمگە جامالىنى كۆرسەتمەيدۇ. سۆھبەتلىرىنىڭ مەھرەملىرى ھال ئىگىسىگە خاستۇر. نادانلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، جامالىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىلىم ئادەملىرى ئۇنىڭ ھۆسنى-جامالىنىڭ گۈزەللىكىدىن زوقلىنىپ ھوزۇرلىنىدۇ.

مەرھەمەت ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ساھىبى ئۇلۇغ **ئاللاھ** بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشقا مۇيەسسەر قىلدى . ئالەملەرنىڭ رەببىنىڭ مەدەت - ياردىمى بولمىغان بولسا بۇ ئاجىز بەندىسى چارىسىز قالغان بولاتتى. بەندە خاتاسىز بولماس. تەرجىمىدىكى خاتالىقنى ھەممىدىن پاك، ئەپۇچان رەببىم، ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كەچۈرگەي. رەت تەرتىپلىرىدە خاتالىق بولغان تەقدىردىمۇ كىتابخانلار ئۈچۈن يەنىلا پايدىلىقتۇر. تەرجىمە **كۈچۈمنىڭ** يېتىشىچە بولدى. جانابى ھەقتىن ئۈمىدۋارلىق بىلەن غەلىبە تىلىدىم. تەرجىمە قىلىۋېتىپ 3 - جىلتقا كەلگەندە قەلىمىم توختاپ قالغان ئىدى. نىشانىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، **كەمچىلىككە تولغان بۇ قۇلۇڭ ئاجىز كەلگەنتى**. جانابى ھەق سۇلتان ئەخمەتنىڭ تەختگاھىنى دائىم قىلسۇن. ئۇ مەرىپەتنىڭ ھىمايىچىسى. كەرەم ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ رەببىم، ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى جاھان ئالىمىدە نۇر چاچقۇزسۇن. ئەسكەرلىرىنى، چەۋەنداز ئەزىمەتلىرىنى، ياردەمچىلىرىنى مەنسۇر ۋە مۇزەپپەر ئەيلىسۇن. دۆلەت دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن.

2017 . 10. 29 گېرمانىيە

## جالالىددىن رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى

تۈرك-ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ يارقىن سىمالىردىن بىرى بولغان جالالىددىن رۇمى – مەۋلانە ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان بىر ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپچى، پەيلاسوپ، تالانتلىق شائىر ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر.

جالالىددىن رۇمى 1207-يىلى9-ئاينىڭ 30-كۈنى ئافغانىستاننىڭ بۈگۈنكى مەزارى شەرىفتىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەلخ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جالالىددىن مۇھەممەد بولۇپ، "رۇمى" كونىياغا كەلگەندىن كېيىنكى قوشۇلغان ئىسمى ئىدى. "مەۋلانە" بولسا ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ئاتىغان ئۇنۋاندۇر.

جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى خارەزىمشاھلار خاندانلىقىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ، "مەرىپەتنىڭ سۇلتانى" دېگەن ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولغان باھائەددىن ۋەلەد دىگەن كىشىدۇر. ئانىسى بولسا بەلخنىڭ ئەمرى رۇھنەددىن دېگەن كىشىنىڭ قىزى مۇئمىنە خانىمدۇر.

باھائەددىن ۋەلەد گەرچە بىر ئەمرنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. باھائەددىن ۋەلەد مۇقەددەس دىنىمىز بولغان ئىسلامنى ھەقىقي ماھىيىتى بىلەن خەلق ئىچىگە يېيىشقا، پاك نىيەتلىك، ھەققانىيەتچى مۇسۇلمانلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشقان بىلىملىك كىشى ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال بەزى خانلىق مەنسەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى ئىسلامنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ قانلىق ئات- تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلەپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ قەدىمى خارەزىم شاھلار خاندانلىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىنتايىن قىيىن زامان ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باھائەددىن ۋەلەد ئائىلىسى ئۆز ھەمرالىرى بىلەن ھىجرەت يولىنى تاللىغان.

## ◄ ئۇزۇن سەپەر

بۇ چاغ جالالىددىننىڭ ئون ئىككى ياش ۋاقىتلىرى بولۇپ، قۇرئان، تەجۋىت، ھەدىس، ھۆسنىخەت ۋە قەھرىمانلار داستانلىرى، مەسەللەر، ھېكايە، چۆچەكلەرنى بىرلىكتە ئۆگەنگەن ئاشۇ سۆيۈملۈك دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، قەلبىدە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان، ئەڭ بەختلىك ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئانا يۇرتى بەلخكە ئىزتىراپ ياشلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ، "ئەلۋىدا يۇرتۇم" دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئون ئىككى يىللىق ھىجرەت ھاياتىغا ئاتلانغان. جالالىددىن رۇمى كىچىك تۇرۇپلا سۇرگۈنلۈك ھاياتىنىڭ قانداق بىر ھايات ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، تونۇپ يەتكەن. بىر ئۆسمۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە ئۈمىدلىك، بەزىدە ئىرادىسى سۇنغان، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەي، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ، باللىق دەۋرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن. مانا شۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمرا بولغان، سەپىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە سەۋەپ بولغان نەرسە، سەپەردە داۋاملىق ئوقۇپ ماڭىدىغان كىتابلىرى ئىدى. كىتابلار ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ھەمرا ۋە سىرداش بولغان ئىدى.

ئۇزۇن سەپەردە ئۇلار نىشاپۇر، باغداتقا بارىدۇ ۋە ھەرەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ، شامغا كېلىپ توختايدۇ. شامدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئانادولۇغا قاراپ يول ئېلىپ، مالاتيا، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسىرى ئاندىن قارامانىدا تۇرۇپ، بۇ يەردە ئەمىر مۇسانىڭ سالدۇرغان مەدرىسىگە يەرلىشىدۇ. بۇ شەھەردە يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ دەل 1222-يىللىرى ئىدى. جالالىددىن رۇمى 1225-يىللىرى شەرەفىددىن لالەنىڭ قىزى گۆھەر بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئايالىدىن سۇلتان ۋەلەد ۋە ئالەئىددىن چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كېلىدۇ، ئەمما مەۋلانە ئۆزىنىڭ مېھرىبان ئانىسى مۇئمىنە خانىمدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

1228-يىلى باھاردا سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالەئىددىن كەيقۇباتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن، پايتەخت كونياغا كېلىدۇ. كونيا – مەۋلانە ئائىلىسىنىڭ مۇساپىرلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرى بېكەت ئىدى. بۇ ئون ئىككى يىللىق سەپەردە ھەيۋەتلىك كارۋانلارنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ "نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟" دېگەن سوئاللىرىغا باھائەددىن ۋەلەد: "ئاللاھتىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىۋاتىمىز،

ئالاھتىن باشقا ھېچ بىر كۈچ ۋە تۇسالغۇ بىزنى تۇسالمايدۇ." دەپ جاۋاپ بەرگەندى.

### ◄ كونيا

كونيا خەلقى بۇ كارۋاننى شۇنداق ھەيۋەتلىك قارشى ئالدى، ھەتتا سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالەئىددىن كەيقۇبات ئۆزىمۇ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. ئەمما باھائەددىن ۋەلەد : ــ ئەي ئەركىلىك سۇلتانى! ياخشى كۆڭۈللىرى بىزگە تەگدى. ھالبۇكى ئىمامىلار مەدرىسىكە، شەيخلار خانىقاغا، ئەمىرلەر ئوردىغا، سودىگەرلەر سارايلارغا، بويتاقلار بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا، غېرىبلار دەڭلەرگە مۇناسىپتۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز ئورنىمىز بولغان مەدرىسكە ئورۇنلىشايلى، ــ دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كارۋان كونيادىكى ئەڭ چوڭ مەدرىسلەردىن بىرى بولغان "ئالتۇن ئابا" ناملىق مەدرىسكە يەرلىشىدۇ ۋە ھېچقانداق سوۋغات قوبۇل قىلماي"بىزنىڭ دۇنيا مېلىغا ھاجىتىمىز يوق" دەپ، ئەدەب بىلەن سوۋغىلارنى رەت قىلىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كونيا ناھايىتى تىنچ شەھەر بولۇپ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى ئىدى. موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان شەرقلىق ئىلىم سۆيەرلەر، سەنئەتكارلار كونياغا يىغىلغان ئىدى. شەھەر ئانادولۇنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بىلەن تولغان ئىدى. كونيا ئىسلامنىڭ غەرپكە يۈزلىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىدى. بۇ شەھەردە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى (تۈركلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلار، گرېكلار، پارىسلار) ئىنسانلار ياشايتى. شۇڭا ئەتراپتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

مەۋلانە ئائىلىسىنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىدىن پۈتۈن شەھەر خەلقى مەسرۇر بولغان ئىدى.

باھائەددىن ۋەلەد كونيادىكى چوڭ مەدرىسلەردە دەرس بېرىشكە باشلايدۇ. ئۇنىڭ دەرسخانىلىرى ئىلىم ئاشىقلىرى بىلەن لىق تولۇپ، نامى ئەتراپقا تېزلا تارقىلىدۇ.

جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى باھائەددىن ۋەلەد 1231-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىنى ــ شەيخ بۇرھانىددىننى ئۇستاز تۇتىدۇ ۋە ئۇ زاتتىن

توققۇز يىل ئىلىم ئالدۇ. كېيىن مەۋلانە بەزى تالىپلار بىلەن بىرگە ئۆز ئىلمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئايالى بىلەن ئىككى ئوغلىدىن ۋاقتىلىق ئايرىلىپ، باغدات ۋە شاملارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئالىملار، پەلسەپەچىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەرەب، پارس ۋە گرېك تىللىرىنى پىششىق ئىگەللەيدۇ.

ئۇستازى شەيخ بۇرھانىددىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، سۆيۈملۈك ئايالى گۆھەر خانىممۇ ياشلا ۋاپات بولدۇ. جالالىددىن رۇمى بىر تەرەپتىن ئىككى پەرزەنتىنى تەربىيەلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن دادىسى ۋە ئۇستازىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەدرىستە دەرس ئۆتىدۇ. جۇمە كۈنلىرى پۈتۈن كونيا جامائەتگە ۋەز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جالالىددىن رۇمىنىڭمۇ نامى چىقىشقا، ھۆرمىتى ئېشىپ، تالىپلىرىنىڭ سانىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلايدۇ. جالالىددىن رۇمىمۇ مەشھۇر بىر ئۇستاز سۈپىتىدە ئەتراپقا تونۇلۇشقا باشلايدۇ.

جالالىددىن رۇمى كەررا خانىم بىلەن نىكاھلىنىدۇ. كەررا خانىم ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان شاھ مۇھەممەد دېگەن كىشىدىن ئىككى پەرزەنتى (كىميا، ياقۇپ) بىلەن تۇل قالغان، كونيادىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ئاياللاردىن بىرى ئىدى.

جالالىددىن رۇمى بۇ پەزىلەتلىك ئايالى كەررا خانىمدىن مەلىكە، ئەمىرالەم ۋە مۇزاففەرەددىن قاتارلىق ئۈچ پەرزەنتنىڭ دادىسى بولدۇ .

مەۋلانەنىڭ شەمسى تەبرىزى بىلەن ئۇچرىشىشى

مەۋلانە بىر كۈنى مەدرىستىن چىقىۋاتقاندا شەيخ شەمسى تەبرىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇ. بۇ ئۇچرىشىش مەۋلانەنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بىر بۇرۇلۇشقا سەۋەپ بولدۇ.

شەمسى تەبرىزى ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە ئانادولۇنى كېزىپ يۈرگەن بىر تۈرك دەرۋىشى بولۇپ، ئۆزگىچە ئىدىيەسى بار، داۋاملىق قارا دەرۋىشلىك تونىنى ئۈستىدىن چۈشۈرمەيدىغان بىر شەيخ ئىدى.

مەۋلانە بۇ شەيخكە ناھايىتى مەھكەم باغلىنىپ قالدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچ ئايرىلماي كېچە-كۈندۈز سۆھبەتلەردە بولۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى

ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تا بۇگۈنگىچە ئۇگەنگەن پۈتۈن ئىلىملىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونۇيدۇ ۋە ئۆزىدە "ھەقنىڭ تەجەللىسى"نى كۆرۈشكە باشلايدۇ . شۇندىن باشلاپ مەۋلانە ئۆزىنىڭ مەدرىستىكى پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى توختىتىدۇ، ھەتتا ئائىلىسى بىلەنمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئېغىزىدىن "شەمسى" دىن باشقا گەپ چىقمايدىغان ھالغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى راھەتسىز قىلىدۇ ۋە كونيا خەلقى شەمسى تەبرىزىگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان شەمسى تەبرىزى مەۋلانەگە "خوش" دېمەيلا بىر كېچىدە كونيادىن ئايرىلىدۇ. ۋاھالەنكى بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. مەۋلانە تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، ئىچكى دۇنياسىدا بورانلار چىقىسىمۇ، سىرتىدا بىرتال ياپراقنىمۇ مىدىرلاتماي، شەمسىنىڭ پىراقىدا ئاھ ئۇرۇپ ياشايدۇ. مەۋلانەنىڭ كۈندىن-كۈنگە يامانلاشقان بۇ ھالىنى كۆرگەن ئوغلى سۇلتان ۋەلەد شەمسى تەبرىزىنىڭ شامدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر كارۋان بىلەن بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ. ئۇ كەلگەندىن كېيىن مەۋلانەنىڭ ئۆگەي قىزى كىميا بىلەن ئۆيلىنىدۇ. كېيىن شەمسى تەبرىزى قانداقتۇر نامەلۇم رەقىبلىرى تەرىپىدىن كونيادا ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ◄ خام ئىدىم، پىشتىم، ياندىم

مەۋلانە شەمسى تەبرىزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزگىچە بىر يول تاپىدۇ. ئۇ ئىجادىيەت يولىغا مېڭىپ، شېئىر يازىدۇ، ساما ئوينايدۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھى دۇنياسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆمرىنى ئاتاپ نەتىجىدە تەسەۋۋۇپنىڭ پېشۋاسىغا ئايلىنىدۇ.

مەۋلانە ئۆزىنى" خامتىم، پىشتىم، ياندىم" دەپ، ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئىچىدىن كۆيگەن، تېشىنى كۈل قاپلىغان چوغقا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئەمدى بۇ كۈل قاپلىغان چوغنى بىرسى كېلىپ بىرلا "پۈھ" دېسە ئۆزىنىڭ قىپقىزىل ئاتەشلىك يۈزىنى پۈتۈن ئالەمگە نامايەن قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا بۇ چوغدىكى كۈلنى ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى ھېسامىدىن چەلەبى كېلىپ "پۈلگەن".

ھېسامىدىن بولسا بىرقانچە مەدرىسلەرنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ ئۆزى پۈتۈن كۆڭلى بىلەن باغلانغان سۆيۈملۈك ئۇستازى مەۋلانەنىڭ شائىرلىق تالانتىنى بايقاپ، ھەيرانۇ-ھەس قالىدۇ، ئۇستازىنىڭ شېئىر، ھېكايە، رۇبائى ۋە

پۈتۈن سۆھبەتلىرىنى خاتىرلەپ، بۇلارنى كىتاب شەكلىدە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ، ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەۋلانەنىڭ دۇنياغا مەشھۇر "مەسنەۋى، دىۋان-كەبىر" قاتارلىق ئەسەرلىرى روياپقا چىقىدۇ. بۇ ئەسەرلەردىكى بېيىتلارنى مەۋلانە ئۆزى قەلەم بىلەن يازغان ئەمەس بەلكى مەدرىسلەردە، يوللاردا، ھاممامدا، باغلاردا، ساما ئويناۋاتقاندا سۆزلىگەن بولۇپ، بۇلارنى ھېسامىددىن خاتىرلەپ، رەتلەپ ماڭىدۇ. مەۋلانە ھاياجانلانغان چاغلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن سۆزلىگەن بېيىتلىرىنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، ھەتتا كېچە-كۈندۈز توختىماي شېئىر، رۇبائىلارنى سۆزلىگەن، ئەمما بەزىدە ئايلاپ ھەتتا ئىككى يىلغا قەدەر ھېچ بىر نەرسە سۆزلىمىگەن چاغلىرىمۇ بولىدۇ.

### ◄ مەۋلانەنىڭ ئەسەرلىرى

مەۋلانەنىڭ ئاساسلىق بەش ئەسىرى بار. مەسنەۋى، دىۋانى-كەبىر، فىھى-مافىھ، مەجەلىسى-سەبئا (يەتتە مەجلىس) ۋە مەكتۇباتلار.

### ◄ مەسنەۋى:

مەسنەۋى ـ جەمئى ئالتە جىلد، 25632 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان، كىلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا، يەنى ئىككى مىسرالىق، ئۆز-ئارا قاپىيەداش بولغان، "فائىلاتۇن– فائىلاتۇن –فائىلۇن" دېگەن ۋەزىندە يېزىلغان.

مەسنەۋىنىڭ تىلى پارىسچە بولۇپ، مەۋلانە سۆزلىگەن بېيىتلارنى، ھېكايىلەرنى، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى ھۇسامەتتىن چەلەبى خاتىرلەپ، رەتلەپ كىتاب قىلغان.

مەسنەۋىدە مەۋلانە بىر ھېكايىنى باشلايدۇ، ئەمما بۇ ھېكايىنى ئاياغلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيىت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ۋە ياكى باشقا بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئاندىن يەنە ئەسلىدىكى ھېكايىنى كەلگەن يېرىدىن داۋاملاشتۇرىدۇ.

دىۋانى-كەبىر:

دىۋانى-كەبىر دېگەنلىك شېئىرلار توپلانغان"بۈيۈك دەپتەر" دېگەنلىك بولۇپ، يەنە "بۈيۈك دىۋان" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مەۋلانەنىڭ ھەرقايسى دەۋردە ۋە تۈرلۈك مەزمۇندا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ

جۇغلانمىسىدۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ، ئاز ساندىكى بەزى شېئىرلىرى تۈركچە، ئەرەپچە ۋە گىرېكچە يېزىلغان.

دىۋان-كەبىردىكى شېئىر ۋە رۇبايىلارنىڭ سانى 40 مىڭ مىسرادىن ئىبارەت.

دىۋان-كەبىردىكى ھېكمەتلەر، پاساھەتلىك سۆزلەر، چوڭقۇر مەنالار، ئاشىقلىق، يېگانىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنچىلەر ۋە بېيىت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بەرگەن ئىلھامى بىلەن مەۋلانەنىڭ كۆڭلىدىن ناھايىتى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئۇرغۇپ چىققان.

بۇ شېئىرلار رېتىملىقى، رەڭدارلىقى ۋە شېئىريي تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن شېئىر گۈزەللىكىدىن ھالقىپ، گۈزەللىكنى جانلاندۇرىدىغان بىر ئىلھام قۇياشىغا ئايلانغان.

ئاشىق بولسا مەۋلانەنىڭ كۆڭلى ئارقىلىق مەشۇقىغا ئېرىشكەن.

مەۋلانە سۆز ئۇستىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتتا سۆزلىشىلا ئەمەس، سۈكۈتىنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەنانى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئوينىغان ساماسىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىمۇ بىر ھېكمەتلىك سۆز. ئۇنىڭ تىنچ ھالىتى گەپ قىلغان ھالىتىدىن بەكرەك چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقلاردىن يۈرەكلەرگە نۇر ياغقان. يۈرىكىنىڭ قەدەھلىرىگە شاراپ، روھىنىڭ ئاغزىغا ئابىھايات ئاققان.

خەلق مەۋلانە شېئىرلىرى ئارقىلىق دىنىنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، يارىتىلىشىنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇ خەلق ئىچىگە قانچە چۆككەنسېرى، شۇنچىلىك يۈكسەلگەن.

بىز ئۆزىمىزنىڭ چەكلىك ئەقلىمىز بىلەن مەۋلانەنىڭ بەزى ھېكمەتلىك سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تازا تولۇق چۈشىنەلمەيمىز، چۈنكى مەۋلانە بىر ئۇلۇغ زات بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ھېكمەتكە تولغان مەنالار يوشۇرۇنغاندۇر.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن خۇددى ئۆزى" كۆزۈڭنى يۇمۇپ، قەلبىڭنىڭ كۆزى بىلەن كۆر" دېگىنىدەك، قەلبىنىڭ كۆزىنى ئېچىشقا، ئەقىل ۋە

ئىدراكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، زەررىچىلەردەك كىچىك پارچىلارغا پارچىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر نەرسىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمىتىنى بىلىش قەلبى ئويغاقلارغا خاستۇر.

مەۋلانەنىڭ ئۇ گۈزەل شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر روھتىن، ئوخشاش بىر كۆڭۈلدىن چىققان نۇر، ھېكمەتتۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلەر سۆزلىرىنىڭ روھتىكى مەدھىيەسىدۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز زامانىسىدا قانداق بىر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بولسا، ھازىرقى زاماندىمۇ ئوخشاش ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

مەۋلانەنىڭ بۇ ئەسەرلىرى يالغۇز تۈرك خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىباھا خەزىنىسىدۇر.

- ► فىھى مافىھ :

"فىھى مافىھ" بولسا "ئىچىدە ھەممىسى بار" ياكى " ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر" دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ ئەسەر مەۋلانەنىڭ ھەر تۈرلۈك ئىلىم مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن توپلىنىپ، رەتلىنىپ مەيدانغا كەلگەن. جەمئىي 61 بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن بىر كىتابتۇر. بۇ ئەسەردە بەزى سىياسى مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، شۇ دەۋردىكى تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان تارىخى ئەسەر بولۇپ قالغان.

- ► يەتتە مەجلىس:

"يەتتە مەجلىس" ناملىق بۇ ئەسەر مەۋلانەنىڭ يەتتە قېتىملىق چوڭ نۇتۇقلىرىنىڭ خاتىرىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. مەۋلانەنىڭ ۋەزلىرىنى ھۈسەمەتتىن چەلەبى ۋە ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ خاتىرىلىشى بىلەن ئاساسى مەزمۇنى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

بۇ ئەسەردە ئاساسەن تۆۋەندىكى يەتتە مەزمۇن سۆزلىنىدۇ.

(1) توغرا يولدىن ئايرىلغان قەۋملەرنى قانداق يوللار ئارقىلىق قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ ؟

(2) گۇناھلاردىن قۇتۇلۇپ، ئەقىل يولى ئارقىلىق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىش.

(3) ئېتىقادتىكى قۇدرەت.

(4) تەۋبە قىلىپ، توغرا يولنى تاپقانلار ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولىدۇ.

(5) بىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتى.

(6) غەپلەتكە پېتىش.

(7) ئەقىلنىڭ قىممىتى.

بۇ يەتتە مەجلىستە شەرھلەنگەن ھەدىسلەر بىلەن بىرلىكتە يەنە 41 ھەدىس بار بولۇپ، مەۋلانە تاللىغان بۇ ھەدىسلەر كۈچلۈك ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە بولۇپ، شۇ دەۋرلەردە ئىنسانلارنى قاپلىغان مەنىۋى بوھراندىن قۇتۇلدۇرغان. ئۈمىدسىزلىك، زىددىيەت ئارىسىدا قايمۇقۇپ، قاراڭغۇلۇقتا گاڭگىراپ قالغان كىشىلەر بىلەن تولغان ئىجتىمائى جەمئىيەتنى ئۈمىد مەشئىلى بىلەن يورۇتقان.

### ◄ مەكتۇبات (مەكتۇپلار)

"مەكتۇپلار" ناملىق بۇ ئەسەر بولسا مەۋلانەنىڭ سەلجۇقلار دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرى ۋە شۇ دەۋردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زاتلارغا نەسىھەت ئۈچۈن يازغان خەتلەر، مەۋلانەدىن سورالغان سوئاللارغا يېزىلغان جاۋاپلار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلار بولۇپ جەمى 147 پارچە مەكتۇپتىن تۈزۈلگەن بىر كىتابتۇر.

بۇ مەكتۇپلار ئەدەبىياتتىكى قائىدىلەر بويىچە يېزىلغان بولماستىن بەلكى پۈتۈنلەي ئاددى، ئاممىباپ سۆزلەر بىلەن يېزىلغان. مەكتۇپتىكى خىتاپلار كىشىلەرنىڭ ئەمەل-مەنسەپلىرىگە قاراپ ئەمەس بەلكى خەت يېزىلغان كىشىنىڭ ئەقلى ئىقتىدارى ۋە قىلغان ياخشى-يامان ئىشلىرىغا ئاساسەن شۇ كىشىگە ماس كېلىدىغان سۆز-ئىبارىلەر بىلەن خىتاپ قىلىنغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە جاۋاپ ۋە خىزمەتلىرىگە باھا بېرىلگەن.

بۇ مەكتۇپلاردا ئىنسانلارغا پايدىلىق، ھېكمەتكە تولغان نۇرغۇن ئېسىل

سۆزلەر بار. مەسىلەن:

ھەممە ياخشى كۆرۈپ ئىچىدىغان تاتلىق سۇنىڭ بېشىدا ئادەم كۆپ بولىدۇ.

ئاي نۇرنى چاچسا، ئىت قاۋاپ تۇرىدۇ، ئاينىڭ نېمە گۇناھى باركى؟ ئىتنىڭ خۇيى شۇ تۇرسا.

ياتلارنى ئالدىغان، ئۆز خەلقىنىمۇ ئالدايدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالىيجاناب بەندىلىرى بار، ئۇلار يەر يۈزىگە چۈشكەن يامغۇرغا ئوخشايدۇ. قارا تۇپراققا چۈشسە بەرىكەت كېلىدۇ، دېڭىزغا چۈشسە ئۈنچە-مەرۋايىت مەيدانغا كېلىدۇ.

ئاشىقى بولمىغان كىشى ئۆلۈكتەك ياشايدۇ. ئاشىق بىلەن ئۆلگەن مەڭگۇ تىرىك تۇرىدۇ.

دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان دۈشمەن، ئىچىڭدىكى نەپرەتتۇر.

ئىنسان نېمە ئىش ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا، شۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاسان تۇيۇلىدۇ.

سەن ئاشىق بولمىغىچە، سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. يوقال، ئوتلاقتا ئوتلا، سەن بىر ئېشەكسەن.

ھەقىقى دوست ــ ئەقلىمىز؛ نەپسىمىز ــ دۈشمىنىمىزدۇر.

## ◄ مەۋلانە ۋە موڭغۇللار

مەۋلانەنىڭ ياشىغان دەۋرى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تاكى ئانادولۇ تۇپراقلىرىغىچە كېڭەيگەن بىر دەۋر ئىدى. موڭغۇللارنىڭ ئانادولۇغا قىلغان يامانلىرى يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، سەلجۇقلار دۆلىتى ۋە ئەتراپتىكى ئىسلام دۆلەتلىرى تەھدىت ئاستىدا قالغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا سەلجۇقلار دۆلىتى ئىچىدىمۇ سىياسى بوھران بار ئىدى. ھەرقايسى ئوغۇز قەبىلىرى ئارىسىدا قەبىلىۋازلىق ئەۋج ئالغان ئىدى. پادىشاھقا قارشى يامان غەرەزلىك ئەمىرلەر موڭغۇللار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ساتقىنلىق قىلاتتى. شۇ چاغلاردا قانداقتۇر ئاتىلىشتا "ئاق ساقاللار" دەپ ئاتىلىدىغان، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئۆرۈپ، يېڭى ھاكىمىيەت قۇرماقچى بولغان نامەلۇم بىر تەشكىلات، سۇلايمان شاھ

ئوغلى ئەرتۇغرۇل غازىنى ئۆز قەبىلىسىنى باشلاپ غەرپ تەرەپكە يەنى بىزانس چېگرالىرىغا يۆتكىلىشنى بۇيرۇيدۇ ۋە شۇ يۆنىلىش بويىچە يۆتكىلىدۇ. كېيىن بۇلار كۈچىيىپ، ئوسمانلى ئىمپىرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالىدۇ. شۇ چاغدا چىقىرىلغان بۇ قارار توغرا ئىدى. چۈنكى سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ موڭغۇللارغا تاقابىل تۇرۇشى ئىمكانسىز ئىدى. يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك سەلجۇقلار دۆلىتى سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ھەربى جەھەتتە كىرىزىس ئىچىدە قالغان، سۇلتان ئالەئىددىن كەيقۇباتمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئىدى. ئۇنىڭ سىياسەتتە پىشمىغان ئوغۇللىرى سەلتەنەت ۋەسۋەسىسى ئىچىدە ئىدى. دۆلەت چارىسىز، ئۇرۇشۇشقا كۈچى يەتمەيتتى. ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە تاشقى دۈشمەنىنىڭ ئارىسىدا قالغان خەلق ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتنى پۇرسەت بىلگەن موڭغۇل قوماندانى باجۇ نويان ئانادولۇغا بولغان يامانىرى ھۇجۇمنى تېزلىتىدۇ.

1243-يىلى موڭغۇللار ئانادولۇنىڭ ئەرزۇرۇم، قىرشەھرى، قەيسىرى، سىۋاس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلىرىنى بېسىۋېلىپ ، نۇرغۇن ئىنسانىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، شەھەرلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇ. گەرچە سەلجۇقلارنىڭ يامانىرى 80 مىڭ ، موڭغۇللار 45 مىڭ بولسىمۇ، ئەمما سەلجۇقلار ئەسكەرلىرى مەنىۋى جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولۇپ، جەڭگىۋارلىقى يوق دېيەرلىك ئىدى. سۇلتان غىياسىددىن كەيخسىراۋ قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئالاقزادە بولۇپ، ئۇرۇش باشلانماستىنلا جېنىنى ئېلىپ قاچىدۇ. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەسكەر ۋە قوماندانلارمۇ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن موڭغۇللار كونيانى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. ئەمما مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچى ئالدىدا، باجۇ نويان كونيانى ئىشغال قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. باش ۋەزىر بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، كونيا خەلقى موڭغۇللارغا ناھايىتى يۇقىرى تۆلەم تۆلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا موڭغۇللار بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان بايلىقنىڭ سانى ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. پەقەت ئولجا ئالغان ئالتۇنلارنىڭ ئۆزىنىلا 300 تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى.

سەلجۇقلار دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بۇ مەزگىلدە، خەلق قاتتىق زۇلۇم ئىچىدە قالىدۇ. ئۇرۇش دەستىدىن ئىنتايىن نامراتلىشىپ، ھەر يەرنى ئاچارچىلىق قاپلايدۇ. ئۆز -ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ خانى - ۋەيران بولغان خەلق بىر قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەيدۇ. كىشىلەر نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تېڭىرقاپ قالغان ئىدى.

خۇددى "دېڭىزغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم يىلانغا ئېسىلىپتۇ" دېگەندەك كىشىلەر ھەرخىل يامان يول ۋە تەرىقەتلەرگە، زەھەرلىك پىكىر ئېقىملىرىغا ئاسانلا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى.

موڭغۇللارنىڭ غەلىبىسى ۋە پىتنە-پاساتلىرى سىياسى جەھەتتىن ۋەيران بولغان، مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزىنى يوقاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان تومۇرىنى كېسىپ، مۇسۇلمانلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىشنىڭ يولىنى ئاچقان ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ بۇ يولنى توسۇش ۋەزىپىسى مەۋلانەگە يۈكلەنگەن ، قىلىچ ئارقىلىق قۇتقۇزالمىغان جاننى، جىھادى-ئەكبەر (مەنىۋى جىھاد) ئارقىلىق قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلگەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، مەۋلانە خەلققە ئۈمىد بېغىشلايدۇ، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا قېرىنداشلىق، ھەمكارلىق ۋە مېھرى-شەپقەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. ئانادولۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئېغىر پەيتلىرىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاللاھقا بولغان چەكسىز ئاشىقى بىلەن خەلقنى بىرلىك-ئىتىپاقلىققا چاقىرىدۇ ۋە زور ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

"بىز بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدۇق، ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس" دېگەن بۇ تېرەن پىكىرلىرى پۈتۈن ئىنسانلارغا چىراق بولىدۇ.

– يەنە كەل، كەل يەنە، ئەي جان يەنە كەل!
بۇتقا چوقۇنساڭمۇ، كۇفۇرلۇق قىلساڭمۇ، يەنە كەل!
ئۈمىدسىزلەرگە يېپىقتۇر بۇ ئىشىك،
يۈز قېتىم تەۋبە قىلغانمۇ يەنە كەل !

-دەپ دىنلار ۋە مىللەتلەر ئارىسىغا دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. ئىنسانلارغا بىر ئۈمىد مەشئىلىنى ياندۇرۇپ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باشقا دىندىكى ئىنسانلارغا ئىسلام نىڭ گۈزەللىكلىرىنى، تەۋھىد ھەقىقەتلىرىنى ئىلىم ۋە ھېكمەتلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتىدۇ. سۆيگۈ، مۇھەببەت، دوستلۇق ئارىسىدا قالغان موڭغۇللار تۈركلەر ئىچىگە سىڭىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، ئېرىپ كېتىشكە باشلايدۇ. مانا بۇ مەۋلانە ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىۋى كۈرىشىنىڭ رولى. بۇنداق بىر ئەھۋال ئاستىدا چارىسىز قالغان موڭغۇللار ئانادولۇنى تەرك ئېتىپ، كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا بۈگۈنكى ئانادولۇدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا مەۋلانەنىڭ

رولى ناھايىتى چوڭدۇر.

### ◄ ئىنسانلار كۆڭۈل سۇلتانىدىن ئايرىلدى

1273-يىلى12-ئاينىڭ17-كۈنى كونيا ئاھالىسى چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ئىدى، بۇنداق كۆپ ئادەملەرنىڭ توپلاشقانلىقى كونيادا ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ھادىسە ئىدى. ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق، ئاچچىق شامال جاندىن ئۆتەتتى. مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى پۈتۈن كونيا خەلقى ئاڭلاپ، ھەممىسى مەۋلانە دەرگاھى ئالدىغا توپلانغان ئىدى. بوۋاي-موماي، كىچىك بالىلار ھەممىسى دۇئالارنى ئوقۇپ، مەۋلانەنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلەيتتى.

كونيادىكى مۇسۇلمان، خىرىستىئان، يەھۇدى ھەممىسى بىر مەيدانغا يىغىلغان، ھەممىسىنىڭ قايغۇسى، تىلەكلىرى ئوخشاش ئىدى. ئەتراپتىكى شەھەرلەردىن كېلىۋاتقان ئىنسانلار يولغا سىغماي قالغان ئىدى. سوپىلار يېنىك ساما ئوينىسا، سازچىلار نەيلىرىنى مۇڭلۇق چېلىپ، ئاللاھتىن ئۇز پىرىغا شىپا تىلەيتتى.

مەۋلانە ھەزرەتلىرى ئېغىر كېسەل ئازابىدىن ھالسىرىغان لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، ئۆز كۆڭلىنى مۇنداق بايان قىلغان: – مەن سۆيگىنىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەر كىم تىرىكتۇر...

ھەقتىن باشقىسى بىلەن مەشغۇل بولغان ھەركىم، ئەقىل ۋە بىلىمگە ئىگە بولسىمۇ، سەن ئۇنى پۈتۈنلەي يوق دەپ بىل! چۈنكى بارلىقىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ بارلىقىغا پۈركەنمىگىچە، ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن! بۇ بىر ھەقىقەتتۇر. جاندىن باشقا نېمە بولسا پانى، يوقىلىپ كېتىدۇ.

"مەن ئۆلگەندىن كېيىن، مازىرىمنى يەردىن ئىزدىمەڭلار! بىزنىڭ مازىرىمىز ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە"...

مەۋلانە ھەزرەتلىرى يۈرەك سۆزىنى تۈگىتىپ، " ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللاللاھ " – دەپ، بۇ پانى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىغا ھەر كىم ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئاساسەن باھا بېرىدۇ. ئۇ بەزىلەرگە كۆرە بۈيۈك بىر شائىر، بەزىلەر ھەققە ئاشىق بىر سوپى دىسە، بەزىلەر ئۇنى ئۇلۇغ ئىسلام پەيلاسوپى دەيدۇ.

ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ پىكىرلىرى، چۈشەنچىلىرى ھەر دەۋردە، ھەرخىل مىللەتلەرنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قىزىقىپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولغان. مەۋلانا ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرى تۈرك كلاسسىك ئەدەبىياتى، پەلسەپەسى ۋە تۈرك-ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئابىدەسىدۇر.

مەۋلانا ئاشىقنى، گۈزەللىكنى، توغرىلىقنى، ياخشىلىقنى، ھەقىقەتنى ئارزۇ قىلىدىغانلارغا ئۈلگىلىك شەخستۇر. قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشىلەرگە چىراغ ياققان بىر ھىممەت قولى، ھىجران دەستىدىن ئىزتىراپ چېكىپ ئىڭرىغانلارغا شىپالىق يامغۇردۇر. ھاياتنى ھەقىقى مەناسى بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەر نەرسىنىڭ ئىنساندا بولىدىغانلىقىنى ۋە پۈتۈن تەبىئەتنى ئاللاھنىڭ ئىنسان ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرگەنلىك توغرىسىدىكى بىلىمنى سۇنغان زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا، بولۇپمۇ "مەسنەۋى" ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى تەبىئەتنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. يەنى قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقلىرىدىن، باھارنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن، تۇپراقتىن، ئېكىنزارلىقلاردىن، خاماندىن، تۈگمەندىن، دەريالاردىن، ئۆستەڭ سۇلىرىغا چىلاپ يىگەن قۇرۇق ناندىن، تاغلاردىن، ئورمانلاردىن، دۆڭلەردىن، ئېدىرلاردىن، چۆللەردىن، ئارسلان، تۈلكە، كىيىك، چاشقان، ئىت، بېلىقلاردىن "سۆز ئاچقان ھېكايىلارنى سۆزلەيدۇ. ھېكايىلىرىدە سۆزلىگىنىدەك ئاشىق مەۋلانە ئۈچۈن بىر ئارسلاندۇر (شىر)، بۆركۈتتۇر، ئۇرۇش قەھرىمانى رۇستەمدۇر، ھەرگىز قوزا ئەمەس. قەلبىنى سۆيگۈگە تولدۇرغان ئەيسا ئەمما ۋاقتى كەلگەندە يەنە رۇستەمدۇر، زاھىد ئەمەس.

بۈگۈنكى دەۋردە ھەزرىتى مەۋلانەنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە يول كۆرسەتكۈچى دانا پىكىرلىرى، سۆيگۈ مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل سۆزلىرىگە، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجى بار. بىر تەرەپتە ماددىي باياشاتچىلىق، بىر تەرەپتە ئاچ-يالىڭاچلىق، بىر تەرەپتە سەلتەنەت، بىر تەرەپتە ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان بۈگۈنكى دۇنيادا، مەۋلانەنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيەسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنىۋى دورىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانەنىڭ مۇبارەك ئاياقلىرى تەگكەن بەلختىن تا كونياغىچە بولغان بۇ خاسىيەتلىك زېمىن، بۇندىن سەككىز يۈز يىل مۇقەددەم چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئات-تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا

ئاسماندىن يېغىۋاتقان بومبىلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى نەتىجىسىدە كۆيۈپ كۇل بولماقتا. ئۆي-ماكانلىرىدىن ئايرىلغان مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار دەشت-باياۋانلاردا سەرسان بولماقتا. مەۋلانە ياشىغان شۇ دەۋرلەردىن ئانچە پەرق قىلمايدىغان بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ، مەۋلانەنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، مىللەت ۋە دىن ئايرىمايدىغان نەپرەتسىز پەلسەپەسى ئۆزىنى ئادەم دەپ بىلگەن ئىنسانلار ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر.

مىللىتىمىز ئۆز قەھرىمانلىرى بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ھەر زامان پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزىمىزدۇر.

## "مەسنەۋى" نىڭ ئالدىدىكى ئون سەككىز بېيىت

دائىما شىكايەتتىن توختىماس بۇ نەي،
جۇدالىقتىن باشقىنى ئاڭلىتالماس، ھەي.

دەركى، پەريادىم قومۇشلۇقتىن كېلۇر،
ئاڭلىسا ھەر كىم، كۆزلەرىدىن قان كېلۇر.

جۇدالىقتىن لەختە-لەختە شۇ تاش يۈرەك،
ئىستىكىم شۇ، دەردىمنى تۆكمەك كېرەك.

ئەگەر تەندىن بىر نەپەس ئايرىلسا بۇ جان،
ۋەسلى ئۈچۈن قايتىشنى كۈتەر ھەر زامان.

يىغلاپ ھەر يەردە دائىم پەرياد ئۇردۇم،
كۆرگەن ھەر بەندىنى دېدىم "دوستۇم" .

ھەركىمگە گويا دوست بولدۇم، ئەمما،
ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى سىرلارىمغا.

ھېچ ئەمەس پەريادىمغا سىرىم ئۇزاق،

كۆزدە لېكىن يوق نۇر، تۇيماس قۇلاق.

ئاشكاردۇر جان-بەدەن، كۆرگىن ئىنساننى،
يوق ئىجازەت، كۆرمەس پەقەت ئىنسان جاننى.

هاۋا ئەمەس نەي ساداسى، ئەمما ئاتەش،
ئېسىت كىمدە بولمىسا گەر ئۇشبۇ ئاتەش.

ئاشىق ئاتەش بولۇپ چۈشۈپتۇ نەيگە،
ئاشىقنىڭ ئىشقى هالى تۆكۈلدى مەيگە.

ياردىن ئايرىدى دوستنى، دوست قىلدى نەي ھەم،
پەردىسىدىن پەردىلەر يىرتىلدى ھەم.

قانلىق يولدا نەي سۇنار دائىم ئەرز هال،
ھەم بېرىدۇ مەجنۇننىڭ ئاشىقدىن مىسال.

نەي زەھەر ھەم پانزەھەر، ئاھ قەيەردە بار،
بۇنداق دوست، ھەم بۇنداق سېغىنىشلىق يار.

ئەقلىنىڭ سىرلىرى سىرداشتۇر ئاشىق بىلەن،
پەقەت قۇلاقتۇر خېرىدارى ھەم تىل بىلەن.

ئۆتتى غەم -قايغۇلۇق تالاي كۈن-كېچە،
ئۆتتى ھەم خاتالىقلار كۈنلەر كەچتىكچە.

ئۆتسە كۈنلەر، قورقۇسىز، ھەممىسى مەسەل،
ئەي دوستۇم، سەن ماڭا مەڭگۈلۈك ئەسەر.

قاندۇرالماس دېڭىز بېلىق تەشنالىقىنى،

ئۇزۇن تۇيۇلار بىركۈن، تاپالمىسا رىزقىنى.

ھېچ چۈشەنمەس پىشقانلار خام ئادەمنى،
سۆز ئۇزاردى، دېمەك كېرەك ۋەسسالامنى.

## تاغقا قېچىش

مەريەم ئانىمىزنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەيسا، بىر كۈنى تاغقا قاراپ توختىماي يۈگرەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن تاغ باغرىدىكى بىرسى، ئەيساغا ئەگىشىپ يۈگرەپتۇ ۋە ئەيساغا ئەجەبلىنىپ: "ئارقاڭدىن قوغلاۋاتقان ھېچ كىم يوق. خۇددى بىرسى ئارقاڭدىن قوغلىغاندەك بۇنداق تېز يۈگرىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟" ئەيسا بۇ ئادەمگە پەرۋا قىلماي، تېز يۈگۈرەۋېرىپتۇ. سوئالغا جاۋاپمۇ بەرمەپتۇ. يېنىدا ئەگىشىپ يۈگۈرەۋاتقان ئادەم يەنە سوراپتۇ: ـ زادى نېمىدىن قېچىۋاتقانلىقىڭغا ھەيرانمەن. زادى كىمدىن قېچىۋاتىسەن؟ بۇ يەردە قورققىدەك يا ئارسلان، ياكى بىر دۈشمەن بولمىسا، زادى نېمىدىن قورقۇۋاتىسەن؟

ئارقا-ئارقىدىن سورالغان بۇ سوئاللارغا ئەيسا يۈگرىگەچ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

ـ مەن بىر ئەخمەقتىن قېچىۋاتىمەن، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ماڭا توسقۇنلۇق قىلما !

ئادەم: ـ ئەمالارنى، گاسلارنى ساقايتىپ، مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن مۇبارەك زات سەن ئەمەسمۇ؟ ھەتتا ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرمىدىڭمۇ؟ لايدىن قۇش ياساپ، خاسىيەتلىك قوللىرىڭ بىلەن ئۇلارغا جان كىرگۈزمىدىڭمۇ؟

ئەيسا ھەر بىر سوئالغا "ھەئە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئادەم: ـ ھەر تىلىكىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قورقىسەن؟ بۇ ئالەمدە شۇنچە مۆجىزىلەرگە ئىگە تۇرساڭ، ساڭا كىم باش ئەگمەيدۇ؟

ئەيسا مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: ـ بۇ جان، بۇ تەن تەڭرىنىڭ ئىلكىدە. ئۇ

ناھايىتى قۇدرەتلىك، ناھايىتى مېھرىباندۇر. ئىسمىنى ئاتاپ ئايەت ئوقۇسام، ئەمامۇ، گاسمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ. تاغقا قاراپ ئوقۇسام قورام تاشلار پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ. ئۆلۈكلەرگە ئوقۇسام تىرىلىدۇ. ئۇ نادان ئەخمەققە قاراپ شۇنچە ئوقۇساممۇ دەردىگە دەرمان بولمىدى، ھېچ بىر پايدىسى كۆرۈلمىدى. خۇددى ھېچ ھوسۇل چىقمايدىغان چۆلدەك تۇرىدۇ.

ئادەم:ـ ئۆلۈككە، ئەماغا، گاسقا ھەتتا تاغقا تەسىر قىلغان ھېكمىتىڭ، ئۇ نادان ئەخمەققە تەسىر قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى زادى نېمىكىن؟

ئەيسا: ـ ئەخمەقلىق، نادانلىق ھەقنىڭ قەھرىدۇر. ئەمالىق بولسا ھەقنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئىجادىيەتلىرىگە نىسبەتەن ئىچ ئاغرىتىشقا بولىدۇ. ئەمما، نادانلىق بولسا نەق دۈشمەنىنىڭ ئۆزىدۇر. نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىللەتكە ھېچ چارە تاپالمىدىم. ئۇنىڭدىن قاچماقتىن باشقا ئامالىم يوق دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەخمەق، نادانلاردىن ئەيسا قاچقاندەك قاچ.

ئۇلار بىلەن قىلىنغان سۆھبەت، قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

ھاۋا سۇنى ئۆزىگە قانداق سۈمۈرگەن بولسا، نادانمۇ سېنىڭ پەزىلىتىڭنى ئاستا-ئاستا سۈمۈرۈپ تۈگىتىدۇ.

سەن ئولتۇرغان سوغۇق تاش، ئىسسىقلىقىڭنى قانداق سۈمۈرۈپ، كېسەل بولۇشۇڭغا سەۋەپ بولسا، نادانمۇ ئىسسىقلىقىڭنى سۈمۈرۈپ، سېنى شۇنداق كېسەل قىلىدۇ.

ئەيسانىڭ قېچىشى قورقۇنچتىن ئەمەس. ئۇ بىلەتتى، ئەمما، ساڭا ئۆگىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدى.

جانانغا يار بولمىغان جان، مىڭ جان بولسىمۇ تىرىك ھېساپلانماس.

ئۆز ئەيىبىنى كۆرمىگەن كۆز، كوردۇر.

ھەر نەرسىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭكىنى بىلمىگەن ئىشەككە ئوخشايدۇ.

بىر ئەقىل باشقا بىر ئەقىلگە ھەقىقىي دوست بولسا، ئارىسىدا مۇھەببەت

كۈچىيدۇ.

بىر نەپسانىيەتچى ئۆزىدىن بەتەر نەپسانىيەتچىگە دوست بولسا، ئوتتۇرىدا سۆيگۈ يوقايدۇ.

نەپسىنىڭ ئالامىتى ئىللەتتۇر. ئىللەت دوستلۇقنى بۇزىدۇ.

ئەقلى بار ئەقىللىق بىلەن دوست بولىدۇ.

يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا يىلاننىڭ بېشى يارىشىدۇ.

يىلان قۇيرۇقىدا نە بىر بەخت، نە بىر نېئمەت بولسۇن. بېشىدا يا راھەت يوق ۋە ياكى بىر لەززەت.

توشقاننىڭ قۇلىقى ئۆزىگە يارىشىدۇ.

كۆز بىلەن كۆڭۈل، كاتىپىنىڭ قولىدىكى قەلەمدەك ھەقنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا.

## كۆڭۈل

تاش ئاتمىغىن بەتقىلىقنىڭ چېلىكىگە،

تاپ ئالىمنى، يۇر ئىزىدىن سۆيگۈ بىرلە.

يېقىنلاشما ئەھلى ئەمەسنىڭ دەرگاھىغا،

دۇغلاشتى دەپ ئەينەكنى ئاتما سۇغا.

رەڭلەر ئىچىدە رەڭسىزلىك تېخىمۇ ياخشى. چۈنكى رەڭ بۇلۇت بولسا، رەڭسىزلىك ئايغا ئوخشاش.

بۇلۇتتا بىر يورۇقلۇق، پارقىراقلىق بار بولسا، ئۇ يۇلتۇزنىڭ، ئاينىڭ ۋە قۇياشنىڭ نۇرىدىن بولغان.

كۆڭۈللەر پاك-پاكىزە بىر ئەينەكتۇر. ئۇنىڭدا ھەرخىل شەكىللەرنى كۆرەلەيسەن.

كۆڭۈلدە تۇر تاغلىرىدەك تەڭرىنىڭ تەجەللىسى بولسىمۇ، يەنىلا ئەينەكنى ئىچ يانچۇقىڭغا سېلىپ يۈر.

پاكىز كۆڭۈل قانداق بۇيرۇق بەرسە، تۇيغۇلار شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

قول، پۇت كۆڭۈلنىڭ بۇيرۇقىنى ساقلايدۇ. خۇددى مۇسانىڭ قولىدىكى ھاسىغا ئوخشاش.

كۆڭۈل قولغا بۇيرۇق بەرسە، بارماقلار ھېساپ-كىتاپ قىلىدۇ ۋە ياكى داستانلارنى يازىدۇ.

كۆڭۈل خالىسا قول دۈشمەنگە يىلان، دوستلارغا ئېھسان بولىدۇ.

كۆڭۈلدە ھەر نەقىشنىڭ ئەكسى كۆرۈلىدۇ.

قەلبى پاكىزە بولغانلار رەڭلەردىن، پەردازلاردىن ۋە ھەرخىل پۇراقلاردىن خالى بولىدۇ.

سەن دائىم ھەقنىڭ ياخشىلىقىغا كۆڭۈل بەرگىن.
كۆڭۈل نە دەر ئۇلارغا، ئىستىكىم بىلمەك،
بۇ ھەيرانلىق ئەسرارىنى بىلمەك كېرەك.

## رەڭ ۋە نۇر

قىزىل، يېشىل ۋە كۆلرەڭلەرنى يورۇقلۇقتا كۆرمىسەڭ كۆرەلمەيسەن.

سەن رەڭلەرنى كۆرگەنلىگىڭ ئۈچۈن، نۇر سەندىن رەڭگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشسە رەڭلەر يوشۇرۇنىدۇ. دەل مانا شۇ چاغدا، رەڭنى كۆرسەتكەننىڭ نۇر ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. نۇر بولمىسا رەڭنى كۆرەلمەيسەن. ئىچىمىزدىكى رەڭلەرمۇ ئەنە شۇنداق بىر نۇرغا مۇھتاج.

ئاينىڭ، قۇياشنىڭ ۋە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بولسا بىزنىڭ كۆزىمىزدە زاھىر بولغان يورۇقلۇقتىن ئىبارەت.

ئىنساننىڭ ئىچىدىكى نۇر – پارلاق بىر نۇرنىڭ ئەكسىدۇر.

كۆز نۇرى كۆڭۈل نۇرىدۇر.

كۆڭۈل نۇرى ھەقنىڭ نۇرىدىن كېلىدۇر.

كەچتە نۇر بولمىغانلىقتىن، رەڭلەر كۆرۈنمەس.

رەڭ يورۇقلۇق بىلەن روشەن بولۇر.

تەڭرى، "بۇ زىتلىقتا ئاساسەن خوشاللىق مەيدانغا كەلسۇن" دەپ، غەم-قايغۇنى ياراتتى.

ھەر يوشۇرۇن شەيئىلەر زىتلىق ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەقنىڭ زىتى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۆرۈنمىدى.

ئاۋال يورۇقلۇق، ئاندىن رەڭ كۆرۈنىدۇ. چۈنكى ئاق ۋە قارا بىر- بىرىگە زىتتۇر (قارمۇ-قارشىدۇر)

نۇرنىڭ ئەكسى ساڭا نۇر بەخش ئەتتى. ماددىدىكى زىتلىق زىتلىقى ئارقىلىق كۆرۈندى.

ھەق نۇرىنىڭ زىتى ئۈچۈن، بىر مەۋجۇدات يوقتۇر. ئۇنى زىتى بىلەن كۆرۈش ئىمكانى يوقتۇر.

بىزنىڭ ئەقلىمىز ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئەمما، ئۇ بىزنىڭ سىرلىرىمىزنى، پۈتۈن ئەھۋالىمىزنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ.

## چىۋىن

بىر چىۋىن ئېغىلدا ئېشەك سۈيدۈكىنىڭ ئۈستىدىكى سامانغا قونۇپتۇ–دە، كاپىتاندەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: " مەن نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى كېمە بىلەن دېڭىزنى خىيال قىلىپ يۈرگەن ئىدىم، مانا بۇ كېمە، مانا بۇ دېڭىز. مەن بولسام تەجرىبىلىك، دانا، توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان، كېمىنىڭ رولىنى ياخشى باشقۇرىدىغان بىر كاپىتانمەن" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزدا كېمىسىنى ھەيدەپتۇ ۋە دېڭىز

ئۇنىڭغا چەكسىز كۆرۈنۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئېغىلدىكى يىغىلىپ قالغان ئېشەك سۈيدۈكى پايانسىز ۋە چوڭقۇر بىر دېڭىزدەك كۆرۈنگەن ئىدى. چۈنكى ئېشەك سۈيدۈكىنى ماھىيىتى بىلەن كۆرۈدىغان كۆز نىمىش قىلسۇن؟

دۇنيانى قانچىلىك كۆرسە، شۇنچىلىك. چۈنكى كۆزى قانچىلىك بولسا دېڭىزمۇ شۇنچىلىكتۇر.

بىر چۈن خاتا تۇيغۇ بىلەن ئۆزىنى "كاتتا" دەپ بىلگەن.

ئىنساننىڭ تىزگىنسىز ھەۋەسلىرى، ئۆزىنى چاغلىماسلىقلىرى ئاخىرى ئۇنى ئاشۇ چۈنىدەك قىلىپ قويىدۇ.

مانا مۇشۇنداق قۇرۇق چۈشەنچىلەر، كاۋاك ئېتىقاد ئىنساننى ھەقنى كۆرمەيدىغان، خاتا ھۆكۈم قىلىدىغان، خاتا تەپەككۇر قىلىدىغان چۈنىگە ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئېشەك سۈيدۈكى ئۈستىدىكى ساماننى ئۆز تەسەۋۋۇرىدا ئاجايىپ غايىۋى بىر نەرسە دەپ بىلىدۇ.

چۈن ئۆز خاتاسىنى تونۇپ، خاتا چۈشەنچىلىرىدىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بەختى كېلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەتتى. ئەمما، بۇنداق ئىبرەت ئېلىش قابىلىيىتى چۈنىدە بولمايدۇ. ئۇنىڭ روھى شەكلىگە لايىقتۇر.

## سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم تىلىگۈچى

سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا، بىر كۈنى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام كوچىدا بىر كىشىگە شۇنداق قارىغان ئىكەن. ئۇ كىشى قورقۇپ كېتىپ، ئۇدۇل سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەت سارىيىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ كىشى كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم، يۈزلىرى سارغايغان، لەۋلىرى قۇرىغان ھالدا سۇلايمان پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ. سۇلايمان پادىشاھ ئۇ كىشىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

ئۇ كىشى: ـ ئەي ئادالەتلىك پادىشاھىم! يولدا ئەزرائىل ماڭا قايتا-قايتا شۇنداق سۈرلۈك ۋە مەنىلىك قاراپ كەتتى.

سۇلايمان پادىشاھ: ـ ئۇنداقتا سەن نېمە ئارزۇ بىلەن قېشىمغا كەلدىڭ ؟

ــ ئەي پادىشاھىم! مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى دەرھال يىراق جايلاردىن بىرى بولغان ھىندىستانغا يولغا سېلىپ قويساڭ.

بۇ كىشىنىڭ دەردىنى ئاڭلىغان سۇلايمان پادىشاھ دەرھال شامالغا، ئۇ كىشىنى ھىندىستانغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن پەرمان بېرىپتۇ.

ئەتىسى كۈنى مەجلىستە سۇلايمان پادىشاھ، ئەزرائىلغا قاراپ: سەن قانداقسىگە ئۇ مۆئمىن بەندىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ؟ ئۇ كىشىنىڭ شۇنچىلىك قورقۇپ، ئۆي-ماكانىنى تاشلاپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان زادى نېمە ئىش؟ ئۇ كىشىنىڭ ئۇنداق ھودۇقۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئەي تەڭرىنىڭ ئەلچىسى، بۇنىڭ سىرىنى ماڭا ئېيتقىن ! ــ دەپتۇ.

ئەزرائىل: ــ مەن ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قارىمىدىم. تەڭرى شاھىنشۇركى ھەيرانلىق بىلەن قارىدىم. چۈنكى تەڭرى ماڭا ئۇنىڭ روھىنى "ھىندىستاندا ئال" دەپ بۇيرۇق قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ كىشىنى بۇ يەردە كۆرگەندىن كېيىن، "قانتى يوق تۇرۇقلۇق، ھىندىستانغا قانداق بارالار؟" ــ دەپ ئويلاپ، ھەيرانلىق بىلەن قارىغان ئىدىم. شۇنداقتىمۇ تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندىستانغا بېرىۋەردىم ۋە ئۇ يەردە، ئۇ كىشىنى كۆردۈم ھەمدە جېنىنى ئالدىم.

ئەي ئىنسان! سەن دۇنيانىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى مانا مۇشۇنداق قىياس قىل. ئاندىن كۆزۈڭنى ئاچ ۋە تەپەككۇر قىل! زادى كىمدىن قاچىسەن؟ ئەي ئىنسان! ئۆزۈڭدىنمۇ؟ بۇ ئىشلارغا بىز نېمە دېگەن چارىسىز ــ ھە! شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ھەققە تەسلىم بول ۋە رازى بول.

## پادىشاھ بىلەن دېدەك

قەدەھىڭدىن بىر يۇتۇم سۇنغىن ئەي يار،
شۇنچە ئىشق دەردىدىن يارام قانار.
قېنى كۆڭلۈڭ سېنىڭ ئاشىقلىڭ ھالال،
تىلىمەك ئاشىقتىن ھوزۇر، بىلكى ھارام.

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغان ئىكەن. بۇ پادىشاھ ئەلەم ۋە قەلەمگە ماھىر ئىكەن.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ، ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدىكى ئەڭ يېقىنلىرى بىلەن بىرلىكتە ئوۋغا چىقىپتۇ . يولدا كېتىۋېتىپ بىر دېدەكنى ئۇچرىتىپتۇ-دە، ئۇ دېدەككە كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇ دېدەكنى كۆرگەندىن بېرى پادىشاھنىڭ روھى ۋە بەدىنى خۇددى قەپەزگە سولانغان قۇشتەك چارىسىز، ئامالسىز ھالغا چۈشۈپ، دېدەكنى ھېچ ئېسىدىن چىقىرالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ پۇل بىلەن دېدەكنى سېتىۋاپتۇ.

پادىشاھ، دېدەكنى سېتىۋېلىپ مۇرادىغان يەتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇش بوپتۇ. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي دېدەك ئېغىر كېسەل بولۇپ قاپتۇ.

پادىشاھ ئەڭ داڭلىق تېۋىپلارنى چاقىرتىپ: ــ ھەر ئىككىمىز نىڭ ھاياتى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. ئۇنىڭسىز ھاياتىمنىڭ ھېچقانداق بىر ئەھمىيىتى يوق. ئۇ ھاياتىمنىڭ جېنى. مەن دەرتمەن، كېسەلمەن، دورام، دەرمانىم ئۇدۇر. كىمكى، جېنىمغا دەرمان بولسا، خەزىنەمنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا بېغىشلايمەن ــ دەپتۇ .

تېۋىپلارنىڭ ھەممىسى: ــ بۇ يولدا جېنىمىز ئالىيلىرىغا پىدا. ئەقلىمىزنى، تەجرىبەلىرىمىزنى، پۈتۈن ھۈنىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ئەڭ ياخشى دورىلار بىلەن داۋالايمىز. ھەممىمىز يۇرتىمىزدىكى داڭلىق تېۋىپلار، قولىمىزدا دۇنيادىكى ئېسىل دورىلار بار، ھەرقانداق ئاغرىقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، كېسىلنى تەل-تۆكۈس ساقايتالايمىز ــدەپتۇ.

تېۋىپلار، مەغرۇرلىنىپ، كىبىرلىك بىلەن ھەر كېسەلنىڭ داۋاسى بىزدە دەپ ئويلاپتۇ ــ يۇ ئەمما، "خۇدايىم نېسىپ قىلسا" دېمەپتۇ. بۇ سەۋەپتىن ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارغا ئىنسانلارنىڭ ئاجىزلىقىنى، تەڭرىنىڭ ئىزنىسىز ئىنسانلارنىڭ ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن تېۋىپلار كېسەل دېدەككە پۈتۈن ئېسىل دورىلارنى، پۈتۈن داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ ھېچ كارغا كەلمەي، بىمارنىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن پادىشاھمۇ يىغلاپ، ئاھ ئۇرۇپ ھېچ ھالى قالماپتۇ.

پادىشاھ تېۋىپلارنىڭمۇ چارىسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل مەسجىدكە بېرىپ، سەجدە قىلىپ تۇرۇپ ئۇلۇغ خۇداغا كۆز يېشى قىلىپ، يۈرەك سۆزلىرى بىلەن ھەمدۇ- سەنالار ئوقۇپ، مۇنداق نىدا قىپتۇ: "ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئۇلۇغ تەڭرى! مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى،

قەلبىمدىكى پۈتۈن يوشۇرۇن ئىستەكلىرىمنى بىلگۈچىسەن. ئۇلۇغ تەڭرىم! پۈتۈن ئارزۇلىرىمىزدا ساڭا يالۋۇرۇپ، سەندىن ياردەم تىلىمەي خاتالاشتۇق. بىر دېدەككە كۆڭۈل بېرىپ، ئۇنىڭغا تۇتۇلدۇم. كېيىن سەن تۇرساڭ، ھەكىملەردىن شىپا كۈتتۈم. سەن " ئەي بەندەم، مەن قەلبتىكىلەرنى بىلىپ تۇرغۇچىمەن. نېمە ھاجىتىڭ بولسا دۇئا قىل! "ـدېگەن ئىدىڭ. بۈگۈن تەۋبە بىلەن ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم، تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغايسەن!"

پادىشاھنىڭ چىن كۆڭلى بىلەن قىلغان بۇ دۇئالىرى نەتىجىسىدە، خۇدانىڭ مېھرى-شەپقىتى ۋە ياخشىلىقى يېغىپتۇ. خۇداغا كۆز ياشلىرى بىلەن ئۆزۈن يالۋۇرغان پادىشاھ ھېرىپ-چارچاپ ئاخىرى ئۇيقۇغا كەتكەندە چۈشىدە بىر پىر كۆرۈپتۇ.

ئۇ پىر :ـ ئەي پادىشاھ! ساڭا خۇش خەۋەر، تىلەكلىرىڭ قوبۇل بولدى. ئەتە ساڭا بىر مۇساپىر كەلسە بىلگىنكى، ئۇ بىزدىندۇر. ئۇ تەرىپىمىزدىن ساڭا ئەۋەتىلگەن كىشىدۇر. ئۇ مۇساپىر ناھايىتى ئۇستا تېۋىپتۇر. ئۇ، ئىشەنچلىك، خاسىيەتلىك كىشىدۇر. ئۇنىڭ بەرگەن دورىلىرىدىن ئۇنۇم كۆرىسەن. ئەقلىدىن تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە گۇۋاھچى بول" دەپتۇ.

پادىشاھ چۈشىدە دېيىلگەن ۋاقىتنى كۈتۈپ، قۇياش چىقىپ، يۇلتۇزلار ئۆچكىچە كېلىدىغان مۇساپىرنى دەرىزىنىڭ تۈۋىدە تىك تۇرۇپ ساقلاپتۇ. ئۇ ساقلىغان پەزىلەتلىك، خاسىيەتلىك زات يۇلتۇزدەك چاقناپ كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ھال پادىشاھقا چۈشتەكلا تۇيۇلۇپتۇ. پادىشاھ ئەس- ھوشىنى يىغىپ، دەرھال سىرتقا يۈگرەپتۇ ۋە ئۇ مۆھتەرەم زاتنى قارشى ئاپتۇ.

پادىشاھ بىلەن كەلگەن مۇساپىر بىر-بىرلىرىگە خۇددى بۇرۇن تونۇشىدىغان كىشىلەردەكلا ھېس قىلىشىپتۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ روھى، ئايرىم بەدەنلەردىكى بىر روھتەك تۇيۇلۇپتۇ. ئۇلار بىر-بىرلىرىگە باغلانغان كىشىلەردەكلا ئىكەن.

پادىشاھ، قوللىرىنى ئېچىپ، ئۇ ئۇلۇغ تېۋىپنى قۇچاقلاپتۇ. ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ. ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەن، نەدە ياشايدىغانلىقىنى سوراشقا باشلاپتۇ. سوئال سوراپ ئوردىنىڭ دەرۋازىسىغا كەپتۇ ۋە "سەۋر قىلىش ئارقىلىق بىر مەنىۋى خەزىنە تاپتىم" دەپتۇ.

_ ئەي تەڭرىنىڭ ھەدىيەسى! تاللانغان، ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان، تەڭرىدىن رازى بولغان ۋە تەڭرىنىڭ رازىلىقىنى ئالغان قەدىرلىك ئىنسان، خۇش كەلدىڭ! سەن بىزنىڭ نىجاتلىق ئەلچىمىز.

قارشى ئېلىش، ھال-ئەھۋال سوراش، زىياپەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇ ئەزىز كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ھۇجرىسىغا ئەكىرىپتۇ. دېدەكنىڭ ئەھۋالىنى ۋە كېسەلنىڭ ئالامەتلىرىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇنى كېسەل دېدەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

تېۋىپ، كېسەلنىڭ يۈزىنى، تىلىنى كۆرۈپ، تومۇرىنى تۇتۇپتۇ. سۈيدۈكىنى ئېلىپ تەكشۈرۈپتۇ. كېسەل ئالامەتلىرىنى، سەۋەپلىرىنى ئاڭلاپ دەپتۇ:_ بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ داۋالىشى ھېچ ئۈنۈم بەرمەپتۇ . كېسەلنى ساقايتىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇپ، بىمارنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

تېۋىپ بىمارنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بىراق ۋاقتىنچە كېسەلنى يوشۇرۇپ، پادىشاھقا دېمەپتۇ.

كۆڭۈلنىڭ يېرىملىقى، داۋاملىق بىئاراملىقىدىن دېدەكنىڭ ئىشقى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگەن ئىكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ بەدىنى ساغلام بولۇپ، پەقەت كۆڭلى يارىلانغان ۋە زەردابقا تولغان ئىكەن.

تېۋىپ: _ ئۇرۇق-تۇغقان بولسۇن، ياكى ياتلار بولسۇن ھەممىڭلار سارايدىن چىقىپ كېتىڭلار. ئىچىدە ھېچكىم قالمىسۇن. بۇ دېدەكتىن سورايدىغان بەزى سوئاللىرىم بار. ھېچكىم زالدا ۋە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بىزنى تىڭشايمىز دېمىسۇن!

ساراي بوشىتىلىپتۇ. ئىچىدە تېۋىپ بىلەن دېدەكتىن باشقا ھېچكىم قالماپتۇ.

تېۋىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن، تۆۋەن ئاۋازدا: _قەيەرلىك سەن؟ ھەر بىر مەملىكەت خەلقىنىڭ دورىسى باشقا-باشقىدۇر. ئۇ شەھەردە تۇغقانلىرىڭدىن كىملەر بار؟ يېقىنلىرىڭ كىم؟ ئىزدىشىدىغان دوستلىرىڭ بارمۇ ؟ _ دېگەنلەرنى سورىغاچ تومۇرىنى تۇتۇپتۇ. دېدەكنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە سوراپ چىقىپتۇ.

بىرسىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرسە، پۇتىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، يىڭنە بىلەن تىكەننىڭ بېشىنى ئىزدەيدۇ، تاپالمىسا، تىكەن كىرگەن يەرگە

تۇكـۇرۇپ نەمدەيـدۇ. دېمـەك پۇتقـا كىرگـەن تىكەننى تېپىش شـۇنداق تەس تۇرسـا، كۆڭۈلگـە كىرگـەن تىكەننـى قانداقمـۇ تاپقىلـى بولسـۇن !؟

ئەگـەر قەلبتىكـى تىكەننـى هـەر كىـم كۆرەلىگەن بولسـا، ئىنسـانلار غەم-قايغۇ ئىچـىدە قالامتـى؟ كۆڭۈللەرگـە پاتقان مەنىۋى تىكەنلەرنـى چىقىرالايدىغان ئۇ تېۋىپ، ھەقىقـي ئۇسـتا ئەمچىدۇر.

بىـر تەرەپتـىن دېدەكنىـڭ تومۇرىنـى تۇتـۇپ، بىـر تەرەپتـىن پاراڭلىشـىپ، دوسـتلىرىنى، تونۇشـلىرىنى، نېمـە ئىـش قىلىدىغانلىقىنـى سـوراپتۇ. دېـدەك ئۆيىنـى، يۇرتىنـى، مۇئەللىملىرىنـى، ئۇرۇق -تۇغقانلىرىنـى تونۇشـتۇرۇپتۇ. بـۇ چاغـدا تېۋىپ ناھايىتى دىققەت بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشـىنى كۆزىتىپتۇ. كېسـەلنىڭ قايسـى ئىسـمنى دېگـەن چاغـدا تومـۇر سوقۇشـىنىڭ ئۆزگىرىشـىگە قـاراپ، دېدەكنىـڭ كۆڭلىنىـڭ كىمـدە ئىكەنلىكىنـى بىلىۋالماقچـى بوپتـۇ.

دېـدەك يۇرتىنـى، دوسـتلىرىنى دېگـەن چاغـدا يەنـە باشـقا بىـر شـەھەرنىڭ ئىسـمىنى تىلغـا ئاپتـۇ.

ھـەر سـوئالدا تېۋىـپ جىـم تـۇرۇپ، كېسـەلنىڭ تومۇرىغـا ئەقىـل قۇلىقىنـى ئۇزىتىپتـۇ

تېۋىـپ: ـ ئۆز يۇرتۇڭدىـن قانـداق ئايرىلدىڭ، ئۇنىڭ ئالدىدا قايسـى شـەھەردە ئىدىڭ؟

دېدەك بىر شـەھەرنىڭ ئىسـمىنى تىلغا ئېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ يەردە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنـى بىر-بىرلـەپ دەپتۇ. بـۇ چاغدا يۈزىنىڭ رەڭگى ۋە تومۇرىنىڭ سوقۇشـىدا ئۆزگىرىـش بولماپتـۇ . بىـراق تېۋىـپ ناھايىتـى گـۈزەل شـەھەرلەردىن بىـرى بولغـان سـەمەرقەنتنى سـورىغاندا، دېدەكنىڭ تومۇر سوقۇشـى تېزلىشـىپتۇ ۋە يـۈزى قىزىرىپتـۇ. چۈنكـى ئۇ سـەمەرقەنتتىكى بىـر زەرگەرگـە ئاشـىق ئىكـەن. تېۋىپ بـۇ سـىرنى بىلگەندىـن كېيىـن ئۇنىـڭ كېسـەللىك سـەۋەبىنى تولـۇق چۈشـىنىپتۇ. ئاندىن ئۇ زەرگەرنىڭ ئۇ شـەھەردىكى قايسـى مەھەللىدە ئولتۇرىدىغىنىنى سـوراپتۇ.

دېدەك: "كۆۋرۈك بېشىدىكى گاتۇەر مەھەللىسىدە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

تېۋىـپ دېدەككـە قـاراپ: سـېنىڭ بـۇ كېسـەللىكنى سـاقايتىش ئۈچـۈن قولۇمدىـن كېلىدىغان ئىشـنىڭ ھەممىنى قىلىمەن ۋە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سـېنى مۇرادىڭغا

يەتكۈزىمەن دەپ، كاپالەت بېرىپتۇ . ۋە يەنە شۇنى تاپىلاپتۇ: ـ خۇشال بول، ماڭا ئىشەن، يامغۇرنىڭ زېمىننى كۆكەرتكىنىدەك، مەنمۇ سېنى يېڭى بىر ھاياتقا ئىگە قىلىمەن. سەن غەم قىلما؛ مەن سېنىڭ غېمىڭنى، قايغۇلىرىڭنى چۈشىنىمەن. ئۇلاردىن قۇتۇلدۇرۇش نىڭ چارىسىنى قىلىمەن. مەن ساڭا بىر دادا ئەمەس، بەلكى يۈز دادىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇرمەن. ئەمما، زىنھار بۇ سىرلارنى باشقىسىغا دېمە. پادىشاھ نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىمىزنى سوراپ، سۈرۈشتۈرسىمۇ ھەرگىز ئېيتما. شۇنى ياخشى بىلگىنكى، كۆڭلۈڭ سىرلىرىڭنىڭ مازارى بولسا مۇرادىڭغا تېز يېتىسەن"

ئۇ تېۋىپنىڭ ۋەدىلىرى، مېھرىبانلىقى كېسەلنى ئەندىشىدىن ئازات قىپتۇ. كېسەل خاتىرجەم بوپتۇ. تېۋىپ دېدەكتىن يۇقىرىقى ئۇچۇرلارنى ئالغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا چىقىپ، كېسەلنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دەپتۇ:

ـ بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى ئۈچۈن ھازىرچە قىلىدىغان تەدبىر، ئۇ ئادەمنى بۇ يەرگە ئەكىلىشىمىز لازىم. ئالتۇنلارنى، ھەرخىل قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق زەرگەرنى ئىشەندۇرۇپ، ئۇنى ئۇ يىراقتىكى شەھەردىن بۇ يەرگە تەكلىپ قىلسىلا ئالىيلىرى.

بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ، ئۇ يەرلەرنى ئوبدان بىلىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، راستچىل ئىككى كىشىنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئىككى كىشى سەمەرقەنتكە بېرىپ، مىڭ مۇشەققەتتە زەرگەرنى تېپىپتۇ. ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە دەپتۇ : ـ ئەي ئۇستا كاسىپ، زەرگەرچىلىك ھۈنرىڭ كامالەتكە يېتىپتۇ. سېنىڭ زىل ھۈنەرۋەنلىكىڭ، شۆھرىتىڭ پۈتۈن جاھانغا يېيىلىپ، ھەركىم سېنى تونۇپتۇ. بىزنىڭ پادىشاھىمىز سېنى ئۆزىگە خاس زەرگەر ئۇستىسى قىلىپ تاللىدى . چۈنكى سەن مەشھۇر سەنئەتكارسەن.

ھازىرچە بۇ ئالتۇن، زىبۇ-زىننەتلەرنى قوبۇل قىل. پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولۇپ قالىسەن.

زەرگەر قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى كۆرۈپ، كۆزلىرى قامىشىپ، دۇنياغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆز يۇرتىدىن، ئايالى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. خۇشال-خۇرام ھالدا يولغا چىقىپتۇ.

زەرگەر ئەرەب ئېتىنى مىنىپ، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ، تېزلا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ خۇش بوپتۇ، ئۇنىڭغا ئىللىق مۇئامىلە قىپتۇ ۋە ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. ھەتتا ئالتۇن خەزىنىلىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپتۇ.

كېيىن تېۋىپ پادىشاھقا: ــ ئەي بۈيۈك سۇلتان، ئۇ دېدەكنى بۇ زەرگەرگە بەر. بەرسەڭ ئاندىن ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن. دېدەكنىڭ كېسىلى ساقايسۇن ۋە بىرلىششتىن كەلگەن خۇشاللىق ئارقىلىق كېسەلنىڭ قىزىتمىسىنى ياندۇرىمىز. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ ئاي يۈزلۈك دېدىكنى زەرگەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. بىر-بىرىنى سېغىنغان بۇ ئىككى ئاشىقلار ۋىسالىغا يېتىپتۇ. دېدەكمۇ مۇرادىغا يېتىپ، كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

ئۇندىن كېيىن تېۋىپ زەرگەر ئۈچۈن بىر شەربەت تەييارلاپتۇ. زەرگەر ئۇ شەربەتنى ئىچكەنسېرى، قىزنىڭ كۆزى ئۇ زەرگەردىن ئاستا-ئاستا يىراقلىششقا باشلاپتۇ. چۈنكى، زەرگەر شەربەتنى ئىچكەنسېرى يۈزى تاتىرىپ، بۇرۇنقى قەددى-قامىتىنى يوقىتىپ، پۈتۈن بەدىنىنى كېسەل چىرماشقا باشلاپتۇ. زەرگەرنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىنى كۆرگەنسېرى، دېدەكنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن سوۋۇشقا باشلاپتۇ. كېيىن پۈتۈنلەي مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپتۇ.

كاشكى زەرگەر ئەزەلدىن شۇنداق بىر كۆرۈمسىز بولغان بولسا ئىدى، بۇ كۈنلەر ئۇنىڭ بېشىغا كەلمەس بولغىيتتى. زەرگەرنىڭ كۆزلىرىدىن قان ياشلىرى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەددى-قامىتى ئۆزىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىدى.

زەرگەر ئۆلۈم ئالدىدا مۇنداق پەرياد چېكىپتۇ: ــ توزنىڭ قانىتى جېنىغا زامىن بولىدۇ. بىرمۇنچە پادىشاھلارنىڭ كۈچلۈكلىكى، چوڭچىلىقى ھالاك بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. روھىمدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، مېنىڭ ھەقىقىي بايلىقىم بولمىغان بۇ قامىتىم ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرگەن ئاڭلىمىغانمىدۇ "ئەل قىساسى مىنەل ھەق" دېگەن ھېكمەتنى؟ مەزلۇملارنىڭ قىساسىنىڭ يەردە قالمايدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟! بۈگۈن مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتلەر، ئەتە ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. مەندەك بىر گۇناھسىزنىڭ قېنى قانداقمۇ ناھەق ئاقسۇن؟

بۇ دۇنيا بىر تاغقا ئوخشايدۇ. قىلغان ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر ئاۋازغا. ئاۋازىمىز يېقىملىق بولسۇن ۋە ياكى يېقىمسىز، تاغقا ئۇرۇلۇپ يەنە ئۆزىمىزگە يانىدۇ.

زەرگەر بۇ سۆزلەرنى دەۋېتىپ جان بېرىپ تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلۈپتۇ. ئۇ دېدەكمۇ كېسەلدىن سەللىمازا ساقىيىپتۇ.

پادىشاھتا شەھۋەت، ئاچكۆزلۈك يوق بولۇپ، پەقەت ئاشىقنىڭ ئالدىدا بىقارار ئىدى .

► ھېكمەتلىك سۆزلەر

ئايرىلىش باغرىمنى پارە-پارە قىلسۇنكى، ئاشىق دەردىنىڭ قانداق بىر دەرت ئىكەنلىكىنى باشقىلارمۇ بىلسۇن!

ھەركىم ئاشىقى بىلەن ئۇزاق بىر ئايرىلغان بولسا ئىدى، ئۇچرىشىدىغان ۋاقتىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن بولاتتى.

گەرچە سىرلىرىمنى، پەريادلىرىمنى ئانچە يوشۇرۇپ كەتمىگەن بولسامۇ، ئەمما ھەر كۆزدە بۇلارنى سەزگۈدەك نۇر يوق.

نەينىڭ ساداسى ئاتەشتۇر، ئۇنى يەل چاغلىما؛ بۇنداق ئاتەش بولمىغانلارغا ملڭ ئەپسۇس!

نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى مەجنۇننىڭ ئاشىق ھىكايىسىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەگەر مېنىڭ چىن دوستۇم بولسا ئىدى، سىرلىرىمنى نەيدەك ئىزھار قىلاتتىم.

دېڭىز بېلىقى سۇغا تويماس!

نېسىۋەڭ بولمىغان كۈن ئۇزۇن تۇيۇلىدۇ.

گۈل توزىسا، گۈلستاننىڭ پەيزى ۋە بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى بولمايدۇ.

ئاشىق ۋىسالىغا يەتمىسە، قاناتسىز قۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ.

كۆڭلۈڭنى كىردىن، زەئىپلىكتىن خالى قىلمىساڭ، ھەقنىڭ نۇرى ئۇ يەردە پارلىمايدۇ.

بىزنى ئاڭلايدىغان دوستلارمۇ بولسۇن، چۈنكى بۇ داستان بىزنىڭ ھالىمىزنىڭ ھېكايىسىدۇر.

ئەدەپسىزنىڭ يامانلىقى يالغۇز ئۆزىگىلا بولۇپ قالماي بەلكى يەنە پۈتۈن ئەتراپىدىكىلەرنى ئوتقا ئىتتىرىدۇ.

ھەق يولىدا كىم ئەخلاقسىزلىق قىلسا، ھەسرەت قايىنىمىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

بىلگىنكى كائىنات ئەدەبلىك بولغانلىقى ئۈچۈن نۇرلۇقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرىشتىلەر گۇناھسىز، پاكتۇر.

ئاشىقنى قانداق شەكىلدە شەرھلىسەمۇ، ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

تىل تەپسىرگە ئاشنادۇر؛ ئەمما تىلسىز ئاشىق تېخىمۇ گۈزەلدۇر.

قەلەم ھەر نەرسىنى يازىدۇ، ئەمما ئاشىققا كەلگەندە بېشى قايىدۇ.

ئاشىقنى چۈشەندۈرۈشتە ئەقىلمۇ ئازىدۇ؛ شۇڭا ئۇنى ئاشىقنىڭ ئۆزى ياخشى بىلىدۇ.

قۇياشنىڭ نۇرى ئالەمنى يورۇتىدۇ. ئەگەر ئۇ بىر ئاز يېقىن بولسا ئىدى، ئىنسانلارنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىۋېتەتتى.

سۆيگىنىڭنىڭ سىرىنى كۆڭلۈڭدە ساقلىساڭ ، مۇرادىڭغا تېز يېتىسەن.

پەيغەمبەر(س.ئە.ۋ) دېدىكى: "سىرىنى ساقلىغان مۇرادىغا تېز يېتىدۇ"

ئالتۇن-كۈمۈش قاتارلىق كان بايلىقلىرى يەر ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈلمىگەن بولسا ئىدى، دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە ئەتىۋار لانمىغان بولاتتى.

ھەقىقى ۋەلىلەر كۆڭۈلگە خوشاللىق بېغىشلايدۇ. يالغان ۋەلىلەر ئىنسان كۆڭلىنى ئازابلايدۇ.

مەرد كىشىلەرنىڭ ۋەدىسى بايلىقتۇر. نامەردنىڭ ۋەدىسى يالغان بولۇپ، كىشىنى ئازابلايدۇ.

ئاشىق تاشقى گۈزەللىككە باغلىق بولسا، ئۇ ئاشىق ھېسابلانمايدۇ، بۇ ئىنسان ئۈچۈن نومۇستۇر.

تۇلكىنىڭ چىرايلىق تېرىسى، ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولىدۇ.

گەرچە تامدىكى سايەڭ سەندىن ئۇزۇن بولسىمۇ، ئاخىرى يەنىلا ئەسلىگە قايتىدۇ.

چىشنى دەپ، پىلنى ئۆلتۇرمە.

پانىغا بولغان ئاشىق مەڭگۈلۈك ئەمەس. چۈنكى ئىنسان بۇ نىزامنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ھەر ۋاقىت قەلبىنىڭ پەيزى بىلەن قارىغان كۆز، روھنىڭ ھوزۇرى بولغان ئىلاھى ئاشىققا باقىدۇر.

دائىم پاك ۋە ئەبەدى بولغانغا ئاشىق بول، سىرىڭنى ئۇ نۇرغا ئېرىشتۈر.

بۇ ئاشىقلىق مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ دېمە. كەرىم ئىگىسى بەخىش ئەتكۈچىدۇر.

ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم ھەق تەرىپىدىندۇر. كائىناتتىكى ھەر نەرسە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا.

ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا سەنمۇ ئىسمايىلدەك بويسۇن! بۇ ئارقىلىق ئۆزەڭ ئېھسانغا لايىق بولسەن.

سەن ئىشلارنى داۋاملىق يامان تەرەپتىن ئويلىساڭ، ئويلىرىڭ غەم-قايغۇلىرىڭنىڭ ئېشىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

رىيازەتلەر، يالۋۇرۇشلار ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىش ئۈچۈندۇر.

ياخشى بىلەن ياماننى سىناشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھېكمەتلىك ئارزۇسىدۇر.

گەرچە خىزىر ئەلەيھىسسالام كېمىنى بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۇنىڭدا بىر ھېكمەت بار ئىدى.

قىزىلى گۈل ئىدى، قان دېمە. ئەقىل بىھۇش ئىدى، ئىسپاتى قېنى دېمە.

بىر ياماننىڭ بىر ياماننى مەدھىيەلىشىدىن ئاسمان تىترەپ كېتىدۇ. تەڭرىدىن قورققان كىشى بۇنداق ئىش قىلمايدۇ.

تەڭرى يېرىم جان ئېلىپ، يۈزلەرچە جان بېرىدۇ. سان-ساناقسىز ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ.

سەن ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتساڭ، ھەقىقەتتىن بەكمۇ يىراق ئىكەنسەن. ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشنى ئويلا!

بۇ دۇنيا بىر تاغقا ئوخشايدۇ. قىلغان ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر ئاۋازغا. ئاۋازىمىز يېقىملىق ۋە ياكى يېقىمسىز بولسۇن، تاغقا ئۇرۇلۇپ ئۆزىمىزگە ياندۇ.

## ئارسلان بىلەن توشقان

قەدىمقى زامانلاردا چەكسىز كەتكەن، ھەرخىل گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان بىر ئورمانلىق بولۇپ، ھەرخىل ھايۋانلار، قۇشلار ياشايدىكەن. ھايۋانلار ئارىسىدا بىر ۋەھشى ئارسلان(شىر) بار بولۇپ، ئۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يەيدىكەن. ھايۋانلار ئارسلاننىڭ ئوۋلىشىدىن قورقۇپ، دەككە-دۈككە ئىچىدە ھاياتىنى داۋام قىلىدىكەن. بەزى تاقىتى تاق بولغان ھايۋانلار بۇ يەردە ياشاشتىن ۋاز كېچىپ باشقا تەرەپلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولىدىكەن. دەل مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتا بەزى ھايۋانلار ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپتۇ، ۋە ئارسلان بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

–بىز ھەممىمىز ھەر كۈنى سېنىڭ ئوۋلىشىڭدىن قورقۇپ ياشايمىز. شۇڭا ھەر كۈنى بىرىمىز نۆۋەت بىلەن ئالدىڭغا كېلىپ، سېنىڭ يېمىڭ بولايلى. سەن رىسقىڭنى ئال، ئوۋغا چىقما. بىزمۇ ئوت-سۇنىڭ تەمىنى تېتىپ، خاتىرجەم ياشايلى .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئارسلان:

– بوپتۇ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن. گېپىڭلاردا تۇرساڭلار، بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى بىر ئىش ئىكەن. بۇ دۇنيادا ھىيلىگەرلەرنى كۆپ كۆردۈم. يىلان بىلەن چاياننىڭمۇ دەرتلىرىنى كۆپ تارتتىم. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان بۇ نەپسىمدە، ئۆچمەنلىك ۋە ھىلە ھەممىڭلارنىڭكىدىن كۈچلۈك، –دەپتۇ.

ھايۋانلار ئارسلاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ“نېمە بولسا بولسۇن!” دەپ

تەۋەككـۇل قىلىشـنى تاللاپتـۇ ۋە ھەممىسـى: ـ ئەي ھۆكۈمـدار! ئېھتىياتچانلىـق قازادىـن قۇتۇلدۇرالمايـدۇ، تەۋەككـۇل تېخىمـۇ ياخشـىدۇر.

ئارسـلان:ـ تەۋەككـۇل ياخشـىدۇر، گۈزەلـدۇر ۋە لېكـن سـەۋەپ قىلىـش سـۈننەتتۇر. ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ بۇ سـۆزىنى بىلىپ قويغىنىڭلار: ئەمگەك قىلىپ تەۋەككۇل قىلسا بولىدۇ. ئەگـەر مۇشـۇنداق قىلسـا تەڭرىنىـڭ مەشـۇقىگە ئېرىشـىدۇ.

ھايۋانلار:ـكۆپچىلىكنىـڭ ئەمگـەك قىلىشـى پەقـەت ئۆز قارنىنـى تويغـۇزۇش ئۈچـۈن بىـر لوقمىغـا ئېرىششـتۇر. كېلىشـىمگە رىئايـە قىلغايـلا.

ئارسـلان: ـ بولـىدۇ، كېلىشـتۇق. بۇندىـن كېيىـن ئوۋغـا چىقىـپ، بىـر تـال ھايۋانغىمـۇ زىيـان سـالمايمەن.

بـۇ كېلىشـىمدىن كېيىـن، ھـەر كۈنـى نـۆۋەت بويىچـە بىـر ھايـۋان جېنىنـى قولتۇقىغا قىسـىپ، ئارسـلاننىڭ ئالدىغا ئۆزلىكىدىن كېلىدىكەن. ئارسـلان ھېچقانداق جاپـا تارتمايـلا لوقمىغـا ئىگـە بولىدىكـەن. كۈنلـەر شـۇنداق ئۆتۈپتـۇ. بىـر كۈنـى نـۆۋەت توشـقانغا كەپتـۇ. توشـقان دات-پەريـات ئېيتىپتـۇ. ئارسـلاننىڭ ئالدىغـا بېرىشقا قارشـىلىق قىپتۇ. ھايۋانـلار ئۇنىڭغـا: ـ نۇرغۇنلىغـان ھايۋانـلار خاتىرجـەم ياشىشـىمىز ئۈچـۈن ئۆزلىرىنىـڭ جانلىرىنـى پىـدا قىلـدى. ئەمـدى سـەن بارمايمـەن دەپ، بىزنىـڭ يۈزىمىزنـى چۈشـۈرمە! دەرھـال ئارسـلاننىڭ ئالدىغـا بـار. ھېچقانـداق بىـر ھىلـە ئىشـلەتمە" دەپتـۇ.

توشـقان ئۇلارغـا دەپتـۇ:ـ ئەي دوسـتلار! مـاڭا ئازراق مۆھلـەت بېرىـڭلار. مېنىـڭ مەقسـىتىم سـىلەرنى قۇتقـۇزۇش. مـەن ئامـال قىلىـپ، ئۆزىمىزنىـڭ ھاياتىنى كاپالەتكـە ئىگـە قىلىمەن ۋە كەلگۈسـى ئەۋلادلارغا خاتىرجەملىـك يارىتىمەن. تەڭرى مـاڭا مـەدەت بـەردى. تەڭرىنىـڭ ئىلتىپاتـى بىلـەن ئارسـلاننى كۆزدىـن يوقىتىمـەن.

ھايۋانلار:ـ كۆڭلۈڭدە نېمە بولسـا شـۇنى ئېنىق سـۆزلە. ئارسلاننى ئالدايدىغان سېنىڭ قانداق ئەپچىل چارەڭ بار؟

توشـقان: ـ سـىرنى سـۆزلەش توغرا ئەمەس. سىر ساقلىغاننىڭ بويىنى پۈكۈك بولماس.

توشـقان شـۇنداق قىلىـپ، ئارسـلاننى خېلـى بىـر مەزگـىل ساقلىتىپتۇ ۋە ئۆز ھىلىسـنى يوشـۇرۇپ ، ھايۋانلارغـا ئۆز پىكرىنـى بايـان قىلماپتۇ. ئارسـلاننىڭ يېنىغا

بىرىشنى داۋاملىق كىچىكتۈرۈپتۇ.

ئارسلان توشقاننىڭ تېخىچە كەلمىگەنلىكىدىن تېرىكىپ، ئۇنى مىڭ تىللاپتۇ:
-مەن بىلەتتىم ، ئۇ پەسلەرنىڭ سۆزلىرىدە تۇرمايدىغانلىقىنى. ئەمدى، ئۇلارغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن!

ئۇ غەزەپ بىلەن: - توشقاننىڭ سەۋەبىدىن زىيان تارتتىم. بۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمايمەن، چۈنكى ئۇلار ۋەدىسىدە تۇرمىدى.

توشقان ئىشەنچ بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئارسلان توشقاننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئوتتەك بولۇپ يېنىپتۇ.

توشقان قورققىنىدىن ئوڭ-سولغا سەكرەپ، ئۆڭى ئۆچكەن هالدا ئارسلاننىڭ يېنىغا كەپتۇ.

ئارسلان:-ئەي تېگى پەس. مەن ئۆكۈز ۋە پىللارنى يەر چىشلەتكەن بىرسى. سەن توشقان كىم بولاتتىڭ، بۇيرۇقۇمغا بوي سۇنمايدىغانغا ؟!

توشقان:- مېنى كەچۈرۈڭ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن. مەن گۇناهسىز. مېنىڭ سەۋەبلىرىم بار ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، سىزگە بىر-بىرلەپ ئېيتاي.

- ئەي ۋاپاسىز. سەن يەنە قانداق باهانە كۆرسەتمەكچى؟ پادىشاهلارغا بولغان هۆرمىتىڭ شۇنچىلىكمۇ؟ سېنىڭ سەۋەبلىرىڭدە بىر مەنا يوق. پادىشاهلارنى توشقاندەك چاغلاپ قالما...

- ئۆتۈنۈپ قالاي، ئەي ئالىيلىرى! بۇ دەرتلەر سەۋەبىدىن كۆپ جاپا تارتتىم. ئەرزىمگە قۇلاق سېلىڭ.

- ئىلتىپاتىم هەر كىمنىڭ هۆرمىتىگە قاراپ بولىدۇ. چۈنكى هەر كىمنىڭ كىيىمى بويىغا قاراپ پىچىلىدۇ.

توشقان: - ئاڭلاڭ، ئەگەر ئىلتىپاتقا لايىق بولمىسام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭ. ئەسلىدە بىز بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يولغا چىققان ئىدۇق. يەنى توشقان قەۋمىدىن بىر دوستۇمنىڭ هەمراهلىقى بىلەن سىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتۇق. يولدا سىزگە ئوخشاش بىر ئارسلان پەيدا بولدى – دە، بىزنى تۇتىۋالدى. بىز ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇرۇپ: " بىز باشقا بىر ئارسلان شاهنىڭ پۇقراسى. ئۇنىڭ بوسۇغۇسىدا باش

ئېگىپ تۇرىدىغانلاردىن بولمىز، ـ دېدۇق. ئۇ دېدىكى: "شاھىڭ كىم؟ قورقماستىن مېنىڭ ئالدىمدا باشقىسىدىن سۆز قىلىۋاتامسەن. سەنلەرنىڭ شاھىنىمۇ، ئىككىڭنىمۇ پارچىلاپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن. مەن ئۇ ئارسلانغا :ـ بىزنى قويۇۋەت، بىز بىربىر پادىشاھىمىزغا سەندىن خەۋەر بېرەيلى، ـدېدىم. ئۇ: ـ بۇ دوستۇڭنى ماڭا گۆرەگە قوي، بولمىسا ھەر ئىككىڭنى پارە-پارە قىلىۋېتىمەن، — دېدى. ئامال يوق دوستۇمنى گۆرەگە قويۇپ، مانا مەن يالغۇز ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن. ۋە يەنە دەپتۇ: ـدوستۇم مېنىڭدىن سېمىز ئىدى. بۇ سەۋەپتىن ئۇنى گۆرەگە ئالدى. يوللارنىمۇ ئۇ ئىگەللىۋالدى. مەن راست سۆزلەۋاتىمەن. ئەگەر بىر نەرسە تەلەپ قىلساڭ، يولىمىزنى ئاچ، ئۇ قورقۇنچلۇق دۈشمەننى كۆزدىن يوقات.

دەر غەزەپ بولغان ئارسلان: ـ ماڭا ئۇ مەخلۇقنى كۆرسەت. ئەگەر راست گەپ قىلغان بولساڭ، ئالدىمدا يول باشلا. ئۇ ھەددىدىن ئاشقانغا ھەددىنى بىلدۈرۈپ قوياي. يالغان سۆزلىگەن بولساڭ سېنى جازالىماي قويمايمەن دەپتۇ.

توشقان ئۆزى قۇرغان تۇزاق تەرەپكە ئارسلاننى باشلاپ مېڭىپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىغا كەپتۇ. توشقان سامانلىق ئاستىدىن سۇ يۈگۈرتۈپتۇ. ھىلە بىلەن قۇرغان بۇ تۇزاقنى ئارسلاننىڭ بوينىغا سىرتماق قىلىپ سالماقچى بوپتۇ.

نېمە دېگەن ئاجايىپ ئىش-ھە! ئارسلاننىڭ ئۇۋچىسى توشقان ئىكەن.

قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەلگەن ئارسلان، توشقاننىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى بايقاپتۇ— دە، ـ نېمىشقا ماڭمايسەن؟ ئالدىمدا ماڭ. نېمىگە سۆرەلمىلىك قىلىسەن؟ـ دەپتۇ.

توشقان: ـ پۇت-قولۇمدا ماغدۇر قالمىدى. پۇتۇن بەدىنىمدە جان يوق.

ئارسلان توشقاننىڭ جاۋاپلىرىنى ئاڭلاپ: ـكېسىلىڭنىڭ سەۋەبىنى سۆزلە، ـ دەپتۇ. توشقان:ـئۇ قورقۇنچلۇق ئارسلاننىڭ تۇرىدىغان جايى مانا مۇشۇ قۇدۇق، ـ دەپ كۆرسىتىپتۇ.

ئارسلان: ـ ماڭ! قۇدۇققا قاراپ باق، ئۇ ئىچىدىمۇ، ئەمەسمۇ؟

توشقان: ـمەن ئۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. يالغۇز ئۇنىڭغا قاراشقا جۈرئەت قىلالمايمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئارسلان توشقاننى تۇتۇپ قۇدۇققا قاراپتۇ. قۇتۇقتىكى سۇدا ئەككسىنىڭ شولىسى پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. قۇدۇقنىڭ ئىچىدە ئارسلان بىلەن توشقان تۇرغان ئىكەن. ئارسلان دۈشمىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، توشقاننى تاشلاپ قويۇپ، قۇدۇققا ئۆزىنى ئېتىپتۇ ۋە قۇدۇق ئىچىدە ھالاك بوپتۇ.

ئارسلان قۇدۇقتا ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ. ھەقىقەتەن ئۆز نەپسى ئۆزىگە دۈشمەن بوپتۇ. ئۆز ئەكسىنى دۈشمەن دەپ بىلىپ، ئۆز-ئۆزىگە ئەجەل قىلىچىنى ئۇرۇپتۇ. توشقان خەتەردىن قۇتۇلۇپ، خوشاللىقىدىن ھايۋانلار تەرەپكە چېپىپتۇ.

ئارسلاننىڭ قۇدۇققا چۈشكىنىنى كۆرۈپ، توشقاننىڭ كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. چۈنكى ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان ئىدى. توشقان خوشاللىق ئىچىدە يېشىل ياپراقلارنىڭ شامالدا ئوينىشىدەك ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ.

–خۇشخەۋەر ! ئەي قەۋم-قېرىنداشلار. ئۇ زالىم دۈشمەن يوق بولدى.

پۈتۈن ھايۋانلار توشقاننىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپتۇ توشقانغا ئېگىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ:

– بۇ جانلىرىمىز ساڭا پىدا بولسۇن. ھەممىمىز سېنىڭ ئەمرىڭ ئاستىدا ياشاشنى خالايمىز. تەڭرى سېنىڭ قولۇڭ ئارقىلىق بىزگە ئەركىنلىك ئاتا قىلدى. ئەقىل-پاراسىتىڭگە ئاپىرىن!

توشقان يۇقارقى مەدھىيەلەشلەرگە جاۋابەن: – بۇ غەلىبە ئاللاھتىن كەلدى. بولمىسا مېنىڭدەك بىر ئاجىز توشقان نېمە قىلالايتتى.

– "دۈشمەننى يوقاتتۇق" دەپ بەك خوش بولۇپ كەتمەڭلار. ھەممىمىز بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ ئەمىنلىكىمىزنى قوغدىشىمىز لازىم.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ بۈك-باراقسان ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنىتى بىلەن خاتىرجەملىك ئىچىدە ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر

پەيغەمبەرنىڭ "مۇئمىن ئوخشاش خاتالىقنى ئىككى قېتىم سادىر قىلمايدۇ!" دىگەن سۆزى ماڭا يول كۆرسەتكۈچ بولدى.

تەۋەككۇل بەزىدە غەلىبىگە ئاپىرىدۇ. تەسلىمىيەت كۆڭۈلنىڭ دوستىدۇر.

دۇنيادا بىر بالادىن قۇتۇلۇپ، يەنە بىر بالاغا تۇتۇلىدىغان، يىلاندىن قېچىپ، ئەجدىھادىن پاناھ تىلەيدىغان ئىشلار كۆپ.

ھىلەڭ بەزىدە ئۆزۈڭگە بالا بولىدۇ. جان دەپ بىلگەن نەرسە ساڭا قان شورىغۇچى دۈشمەن بولۇپ چىقىدۇ.

فىرئەۋننىڭ ھىيلىسىگە قاراپ باق. ئۇ ئىشىكنى ئېتىۋالدى. ھالبۇكى "دۈشمەن" ئۆيىدە ئىدى. ئۇ مىڭلىغان باللارنى ئۆلتۈردى. ئەمما، ئىزدىگەن بالا فىرئەۋننىڭ ئوردىسىدا ساق-سالامەت ئىدى.

كۆزلىرىمىزدە بۇنچىلىك كېسەل بولغان ئىكەن، ئۇ كۆزنى باقى بولغاننىڭ كۆزىدە يوق ئەيلە. سېنىڭ كۆزۈڭ ئۇچۇن ئۇ بەدەلسىز بىر كۆزدۇر. چۈنكى، ھەر نەرسەڭنى پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا كۆرەلەيسەن. تەڭرى پۈتمىزنىڭ ئاستىغا بىر شوتا قويغان ئىكەن. بىز يۇقىرىغا بۇ شوتا ئارقىلىق بالداقمۇ-بالداق دەسسەپ چىقىمىز. بىزدە كەم بولغىنى چىدام-غەيرەت، ئېھتىياتتۇر.

شەيتاننى دوست دەپ بىلمە، پارچىلا ئەي كۆڭۈل ! پارچىلا، بۇلار ئىچى بوش تۇلۇم تېرىسىدۇر. بۇ تېرىدەكلەرنىڭ مەقسەتلىرى، سۆزلىرى بولسا سۇ ئۈستىدىكى مازغاپتەكتۇر. سۆز بولسا پوستىدۇر، مەنا بولسا ئۇنىڭ ئىچىدىكىدۇر.

سۆزنى بەدەن دېسەك، مەنا بۇ بەدەننىڭ جېنىدۇر. ئاۋاز ۋە سۆزلەرنى چۈشىنىش، پىكىر قىلىشتىن مەيدانغا كېلىدۇ. لېكىن سەن پىكىر دېڭىزىنى بىلمەيسەن.

ئىنسان ئۈچۈن ھەر نەپەستە ئۆلمەك ۋە تىرىلمەك باردۇر. پەيغەمبەر "دۇنيا ئاز بىر مۇددەتتىن ئىبارەتتۇر" دەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى دەريا سۇلىرىدەك تەكرار-تەكرار يېڭىلىنىپ ئاقسىمۇ، ئۇ داۋاملىق بىر خىلدەكلا كۆرىنىدۇ.

زالىملارنىڭ زۇلۇمى قاراڭغۇ بىر قۇدۇققا ئوخشايدۇ. زۇلۇم سالغۇچىلارنىڭ قۇدۇقلىرى قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ھەقنىڭ ئادالىتى ئۇلارنى قايتا-قايتا ھالاك قىلىدۇ.

ئەگەر بىر زۇلۇم بار بولسا ئۇ سېنىڭ قاراڭغۇ قۇدۇقۇڭ بولىدۇ. بۇ دۆلەت، بۇ سەلتەنەت ئۆتكۈنچىدۇر. ئۇنداقتا ئۆزەڭدىن مەغرۇرلانما، بۇ كىبىرلىك زادى نېمە ئۈچۈن؟ يېپەك قۇرۇتىدەك ئۆزەڭنىڭ ئەتراپىنى قورشىما. ئۆز ئەھۋالىڭنى دەڭسە.

سەن پىل بولساڭمۇ قارشى تەرەپنى ئاجىز چاغلىما. تەڭرى ئەبابىل قۇشلىرىنى ئەۋەتىدۇ. يەردە بىر مەزلۇم ئازاب چەكسە، كۆكلەردە پەرىشتىلەر ھەرىكەتكە كېلىدۇ. مەزلۇمغا زۇلۇم قىلغان، ئۆزىنى خاتا كۆرگەن ئارسلانغا ئوخشايدۇ. سۇلايماننىڭ قۇدرەتلىك ئۈزۈكى ۋە تامغىسىنىڭ سىرى بىلىمدە. پۈتۈن ئالەم شەكىل بولسا، بىلىم جاندۇر.

ئىنسانىيەت بىلىم بىلەن ئېتىبار قازىنىدۇ. دېڭىزلار، چۆل-باياۋانلار، تاغ-دەريالارنىڭ بارلىق مەخلۇقاتلىرى بۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ. تەڭرىدىن بىلىم تىلە. ئۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن شەيئىلەرنى پەرق ئەتكۈچى ۋە بىلگۈچى بولىسەن.

ئەقلىنىڭ سۆيگۈسىگە قاراپ باق. قايسى ئالەمدە ئەقىل دەرياسى قانچىلىك چەكسىز.

ئادەمزاتنىڭ ئەقلى چەكسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ. ئەي ئوغۇل بۇ دېڭىزغا بىر دولقۇن كېرەك. بىزنىڭ شەكلىمىز ئۇ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن ساندۇققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە سۇ بولمىغاچقا لەيلەپ يۈرۈيدۇ. سۇ تولدىمۇ چۆكىدۇ.

زەئىپ چۈشەنچىگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ ھالىغا ۋاي. ئالدى- كەينىنى ئويلاپ ئىش قىلمىسا بەربات بولىدۇ. يول تۈز ئەمما، ھەر يەر تۈزاقلار بىلەن تولغان. سۆزلەر پۈتۈن ئەمما، مەزمۇنى پۈچەك.

سىر ساقلىغاننىڭ بويۇنى پۈكۈلمەيدۇ. پۈلۈڭنى، مەزھىپىڭنى مەخپى تۇت. بىلگىنكى بۇ نەرسىنىڭ دۈشمىنى كۆپ. ئەمما، يوشۇرساڭ ئىزدىگەن، سورىغان بولماس. سىرىڭنى بىرقانچە كىشىگە ئېيتقان بولساڭ، ئەمدى ئۇنى سىر دېمە. چۈنكى ئىككى كالپۇكىڭدىن ئاشقان سىر يېيىلىدۇ. پاكىز، يالتىراق ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۈرۈپ غەيۋەت قىلساڭ، ئاشۇ سۈرىتىڭنى كۆرسەتكەن ئەينەكمۇ مەينەتلىشىدۇ.

سەندىكى يامانلىكلەر ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقسا، شۈبھىسىزكى ئۆز- ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولىسەن.

ئەي باشقىلارنىڭ يۈزىدە يىرگىنىشلىك “مەن” نى كۆرگەن، بىلگىنكى، ئۇ “مەن”سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ئەكسىدۇر.

بەزىدە ئۆزۈڭنىڭ ھىيلىسى ئۆزۈڭگە تۇزاق بولىدۇ. ۋاقىتسىز سايرىغان خورازنىڭ ئۆمرى قىسقا. ئەدەپلىك كىشىنىڭ ھەربىر ئىشى گۈزەل بولىدۇ. تەڭرىگە يۈزلەنمىگەننى قۇرۇق قۇم دەپ بىل. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆمۈر سۈيىنى ئۈزلۈكسىز قۇرۇتىدۇ.

## ھەدىيە

ئەگەر ئۇ ياد ئەيلىسە مەمنۇن بولىمەن،

بولسا ئۇ لەيلا، مەن مەجنۇندۇرمەن.

بىر سودىگەرنىڭ ماھارەتلىك بىر شاتۇتى بار ئىكەن. بۇ شاتۇت قەپەزدە مەھبۇس ئىكەن.

بىر كۈنى سودىگەر ھىندىستان تەرەپكە سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا ئائىلىسىدىكىلەرگە "مەن سىلەرگە ھىندىستاندىن نېمە ئالغاچ كېلەي؟ ئۆز ئارزۇلىرىڭلارنى ئېيتىڭلار"-دەپتۇ. ھەر كىم ئۆز ئىستەكلىرىنى دەپتۇ. سودىگەر ھەممىسىگە سوغا ئەكىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ.

سودىگەر قەپەزدىكى شاتۇتىدىنمۇ:-ئەي خۇشئاۋاز قۇشۇم، سەن نېمە ئارزۇ قىلىسەن؟ نېمە تىلىسەڭ، مەن ھىندىستاندىن شۇنى ئالغاچ كېلىمەن، -دەپ سوراپتۇ.

شاتۇتى جاۋاپ بېرىپتۇ: - ھىندىستان دېگەن ئۇ يىراق ئەلدىمۇ شاتۇتىلار باردۇر بەلكى. ئەگەر بولسا مېنىڭ بۇ ھالىمدىن ئۇلارنى خەۋەردارقىل، - دەپتۇ. ۋە يەنە شۇنى ئۆتۈنۈپتۇ.

- مېنىڭ قەپەزىمدە سولاقلىق بىر شاتۇتى بار. ئۇ ھەر ۋاقىت سىلەرنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، سېغىنىدۇ. ئۇ قۇش سىلەرگە ئوتلۇق سالام يوللىدى ۋە سىلەردىن ياردەم سورىدى. بىر قۇتۇلۇش يولىنى قىلىشنى ئۆتۈندى دېگىن ۋە يەنە قوشۇمچە مۇنداق دېگىن:

- مەن سېغىنىش، ھەسرەت ئوتى ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندا، سىلەرگە ئەركىن

پەرۋاز قىلىش يارىشامدۇ؟ مەن قەپەزگە سولاقلىق تۇرغاندا، ياپ-يېشىللىقتا، گۈل-گىياھلارغا پۈركەنگەن باغلاردا ئەركىن ئۇچۇپ يۈرۈش سىلەرگە يارىشامدۇ؟ بۇ مەن ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ دوستلارنىڭ ۋاپاسى مانا مۇشۇنداق بولامدۇ؟ سىلەر گۈل باغچىسىدا ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەندە، مەندەك ھەر ۋاقىت كۆزىدىن قان ياش تۆكۈلۈۋاتقان بىچارە قۇشنى ئەسلەپ قويۇڭلار! ئەي سۆيۈملۈك دوستلار! سەھەر–ئاخشاملىرى ئىچىدىغىنىم يۈرىكىمنىڭ قېنىدۇر. مېنىڭ پەرياتلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسا، مېنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەھ شاراپ ئىچىپ قويۇڭلار.

سودىگەر، قەپەس ئىچىدىكى مەھكۇم شاتۇتىنىڭ لەختە بولغان يۈرىكىدىن چىققان ھەسرەتلىك سۆزلىرىنى ئېلىپ، ھىندىستانغا ساق-سالامەت يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، بىر كۈنى باغلارنى ئارىلاپتۇ. بۇ يەردە بىرقانچە شاتۇتىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئەكەلگەن سالاملىرىنى، ئامانەت ئالغان سۆزلەرنى ئۇلارغا دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقان شاتۇتىلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى تىترەپ ئوڭدىسىغا چۈشۈپ، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن بۇ تىراگېدىيەنى كۆرگەن سودىگەر، شاتۇتىنىڭ خەۋىرىنى ئەكەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىپتۇ ۋە "بۇ شاتۇتىنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم" دەپ قاتتىق ھەسرەتلىنىپتۇ.

"بۇ قۇشنىڭ بەلكى مېنىڭ قۇشۇم بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بار بولسا كېرەك. بەلكى بۇلار ئىككى بەدەن بىر جاندۇر. نېمە ئۈچۈن ئۇ خەۋەرنى ئەكەلگەندىمەن."
–دەپتۇ ئۇ ھەسرەت بىلەن.

شۇنداق قىلىپ سودىگەر ھىندىستاندىكى بارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپتۇ ۋە ئالغان سوۋغا-سالاملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ. سودىگەر ئائىلىسىگە كېلىپلا ھەر بىرىسىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە ھەدىيەلەرنى تارقىتىپتۇ.

ھېچ تاقىتى قالمىغان شاتۇتى سودىگەرگە قاراپ: – مېنىڭ ھەدىيەم نەدە؟ ئۇ ياقلاردىن قانداق خەۋەر بار؟

سودىگەر:– بولدى قىل، تا ھازىرغىچە گېپىڭنى يەتكۈزگىنىمگە پۇشايماندا مەن. ئاشۇ گەپلەرنى قىلغان تىلىم تۇتۇلسۇن، پۇشايمان دىن بارماقلىرىمنى چىشلىدىم. نادانلىقىمدىن ئاشۇنداق بولمىغۇر بىر خەۋەرنى نېمە ئۈچۈن يەتكۈزدۈم، نېمە ئۈچۈن دېدىم؟ – دەپ ھازىرغىچە ئۆز-ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ

تۇرۇپتىمەن.

شاتۇتى: ـ خوجايىن، نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىسەن، بۇ ئاچچىققا سەۋەپ بولغان زادى نېمە؟

سودىگەر: ـ سېنىڭ شىكايەتلىرىڭنى ئېيتتىم. ساڭا ئوخشايدىغان بىر توپ شاتۇتىلارغا بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزدۈم. ئىچىدىن بىرسى، سېنىڭ دەرتلىرىڭنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى–دە، ئۆتى يېرىلىپ ئۆلدى. ـ نېمە ئۈچۈن سۆزلىدىم، ـ دەپ كۆپ پۇشايمان قىلدىم. ئەمما، دەيدىغاننى دېگەن تۇرسام، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمتى!

شاتۇتى، ئۇ شاتۇتىنىڭ قىسمىتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىترەپلا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، هوشىدىن كېتىپتۇ.

سودىگەر شاتۇتىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ، پىقىرتىپ يەرگە ئېتىپتۇ. بېشى قېيىپتۇ. شاتۇتىنىڭ بۇ هالىنى كۆرۈپ، ياقىسىنى يىرتىپ، پۇشايمان قىپتۇ.

ـ ئاھ خۇش ئاۋاز شاتۇتىم، ساڭا نېمە بولدى؟ ئەي مۇڭلۇق سايرايدىغان قۇشۇم، مېنىڭ سىردىشىم، مۇڭدىشىم!ـ دەپ نالە قىپتۇ.

قەلبى هەسرەتكە تولغان سودىگەر قەپەزنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، شاتۇتىنى ئېلىپ، قەپەزدىن چىقىرىپتۇ . قەپەزدىن قۇتۇلغان شاتۇتى دەرھال قانات قېقىپ ئۇچۇپ بېرىپ، بىر دەرەخ شېخىنىڭ ئۈچىغا قونۇپتۇ.

سودىگەر شاتۇتىنىڭ بۇ ئەهۋالىنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قاپتۇ ۋە شاتۇتىغا قاراپ:

ـ هالىڭنى ئېيت، بىزمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەيلى، ـ دەپتۇ.

شاتۇتى: ـ ئۇ قۇشنىڭ قىلغان ئىشلىرى ماڭا ئەقىل بەردى. ئۇ قۇش ماڭا قەپەزدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ماڭا كۆرسەتتى. سېنىڭ ئەسىرىڭ بولۇپ بىر ئۆمۈر ياشىغاندىن ئۆلۈپلا قۇتۇل دېدى، ـ دەپتۇ. ۋە يەنە: ـ ئەلۋىدا خوجايىن! ئەمدى مەن كېتىدىغان بولدۇم، سەنمۇ بىر كۈنلەردە ۋەتىنىڭگە كېتەرسەن. ئەلۋىدا! سەن ماڭا مەرھەمەت قىلدىڭ. مېنى قاراڭغۇ زىنداندىن ئازات قىلدىڭ، ـ دەپ نازاكەتلىك بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن " خەيرى

خـوش، ئامـان بولغـىن!" دېگىنىچـە قانـات قېقىـپ، كۆككـە پـەرۋاز قىپتـۇ.

سـودىگەر: ــتەڭـرى سـېنى ئامـان قىلسـۇن! كـەت. سـەن مـاڭا، بىـر يـول كۆرسـەتكۈچى بولـدۇڭ، ــ دەپتـۇ.

سودىگەر ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ:

ــ بـۇ ئىشـلار ھەممىمىزگـە ئىبـرەت بولسـۇن. كويزا-كىشـەندىن قۇتۇلـۇش ئۈچـۈن ئەقىلنـى ئىشـلىتىش لازىـم. مېنىـڭ روھىـم، ئۇ شـاتۇتىنىڭكىدىن تـۆۋەن ئەمـەس. باشـقا قۇشـلارنىمۇ قويۇۋېتـەي.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

راست سۆز تاش ۋە تۆمۈردەكتۇر.

ئەگەر ئۇلار ھەركەتكە كەلسە، ئەتراپقا ئوت چاچار.

تاش ۋە تۆمۈرنى ئورۇنسىز يەرگە ئۇرما.

ئويلىماستىن سۆزلىمە.

ئېغىزىڭدىن چىققان سۆز، يادىن چىققان ئوققا ئوخشاش.

ئېتىلغان ئوق ئارقىغا قايتماس. ئۇدۇلدا كىم بولسا شۇنىڭغا تېگىدۇ.

بۇ قاراڭغۇ جاھان پاختازارلىققا ئوخشايدۇ.

پاختا ئىچىدە ئوت تۇرالامتى؟

ئەگەر نەمرۇد بولساڭ ئوتتىن ئۆلگىدەك قورق.

ئوتقا كىرمەكچى بولساڭ ئەگەر، ئالدى بىلەن ئىبراھىمدەك بول.

قۇيـاش ھـەر سـەھەر شـەرقتىن چىققانـدا، سېنىڭ گۈزەللىكىـڭ ئۇنىڭدىـن نـۇر ئالىدۇ.

ئۆتـۈنـۈپ قـالاي! گـۈل توغرىلـىق سـۆزلىمە، گۈلدىـن ئايرىلغـان بۇلبۇلدىـن سـۆز ئاچ.

باھار مەۋسـۇمىدا زىرائەتتىن خەۋەرسىـز كىشىنىڭ ئالدىدا، پەسلىنىڭ ئەتىۋارى بولمايدۇ.

دائىم ھەقنى باشپاناھ قىلىش كېرەك. چۈنكى روھلار ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ھەقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولساڭ، سۇ بىلەن ئوت يامانلىقىڭ بولىدۇ.

دېڭىز، نۇھ بىلەن مۇساغا بۇ سەۋەبتىن دوست بولدى ۋە دۈشمەنلىرىنى يوق قىلدى.

ئوت، نەمرۇدنىڭ پەسكەشلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىبراھىمغا بىر قەلئە بولدى.

سۈيىقەستچىلەردىن قوغداش ئۈچۈن، تاغ ھەزرىتى يەھيانى يېنىغا چاقىردى.

"ئەي يەھيا! يېنىمغا كەل، سېنى قىلىچلاردىن قوغدايمەن" دېدى.

سېنىڭ ئەتراپىڭدا شۇنداق تەملىك نەرسىلەر باركى، جاھان خەلقى بىر ئىلتىپاتىڭ ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ.

## باققال بىلەن شاتۇت

بىر يات بىلەن سۆزلەشسەڭ مىڭ ھالى بولۇر،

تۇغرا تۈي، ئال خوش خەۋەر، دوست لالە بولۇر.

ئۈي ۋە ھەرە ساندۇقنى ياتلاردىن پاكلىساڭ ئەگەر،

ئۆي بىلەن ھەرە ساندۇقۇڭ تەلتۆكۈس بالغا تولۇر.

بىر دۇكاندارنىڭ بىر خۇش ئاۋازلىق شاتۇتى بار ئىكەن.

بۇ شاتۇتى دۇكانغا قارايدىكەن. كەلگەن خېرىدارلارغا يېقىملىق پىچىرلايدىكەن. ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىدىكەن. خېرىدارلار ماللارنىڭ باھاسىنى سورىسا، ئادەمدەكلا تۇغرا جاۋاپ بېرىدىكەن.

دۇكاندار بىر كۈنى ئۆيگە كېتىپتۇ. شاتۇتى دۇكانغا قاراپ قاپتۇ. بىر مۈشۈك بىر چاشقاننى قوغلاپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. مۈشۈكنى كۆرگەن

شاتۇتى شۇنداق قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ، دۇكاننىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى گۈلماي قاچىسىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ.

دۇكاندار ئۆيدىن كېلىپ، خاتىرجەم ئولتۇراي دەپ شۇنداق قارىسا، دۇكاننىڭ ھەر يېرى مايغا چىلىشىپ تۇرغان. بۇنى شاتۇتىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپتۇ-دە، شاتۇتىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، پەيلىرىنى توزىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ گۈزەل شاتۇتى تاز بولۇپ قاپتۇ.

تاز شاتۇتى ھېچ سايرىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. دۇكاندار بۇ ھالنى كۆرۈپ، قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. پۇشايمىنىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي، " ھەي ئېسىت! سودام ئازىيىدىغان بولدى. كاشكى بۇ قولۇم سۇنۇپ كەتكەن بولسا، شۇ يېقىملىق ئاۋازى بار قۇشۇمنى ئۇرمىغان بولار ئىدىم" - دەپ نالە قىپتۇ.

شاتۇتى قايتا سايراپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ، يېتىم-يېسىرلارغا سەدىقە بېرىپتۇ. ئۈچ كېچە-كۈندۈز سايرىمىغاندىن كېيىن، دۇكاندار غەمگە پاتقان ھالدا دۇكاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ. دۇكاندار بېشىنى قاشلاپ، ـ بۇ قۇش ئەمدى قاچانمۇ سايرار؟ ياكى ئەمدى پەقەت سايرىماسمۇ؟ـ دەپ تۇرلۇك غەم-ئەندىشىنىڭ ئىچىگە غەرق بوپ، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر چاغدا دۇكاننىڭ ئالدىدىن بىر يالاڭ باش دەرۋىش ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ باشلىرى ئۇستىرا بىلەن پاكىز قىرىلغان بولۇپ، خۇددى پارقىراپ تۇرغان بىر پارچە تاشتەك پايىنەك ئىكەن.

شاتۇتى بۇ دەرۋىشنى كۆرۈپ دەرھال زۇۋانغا كېلىپ دەپتۇ:

ـ ئەي دوستۇم! ئەي پايىنەك باش، ساڭا نېمە بولدى؟ ياكى سەنمۇ قاچىدىكى گۈل مېيىنى تۆكۈۋەتتىڭمۇ؟

شاتۇتىنىڭ دەرۋىشنى ئۆزىگە ئوخشىتىشىنى ئاڭلىغان ئەتراپتىكى كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

شاتۇتىنىڭ ئۆزىنى دەرۋىش بىلەن سېلىشتۇرۇشى خەلقنى كۈلدۈرگەن. چۈنكى قىياس ھەركىمنىڭ تەجرىبىسىگە، بىلىمگە، مۇھتقا قاراپ ئۆزگىرىشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قىياس ئارقىلىق ھەقىقەتنى تولۇق كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بەزىدە قىياس، ئادەمنى ئاسانلا خاتالاشتۇرىدۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەقىقەتنى تونۇمىغان، شۈبھىسىز تەڭرى يولىدىن يىراقلىشىدۇ.

ئىككى ھەرە ئوخشاش بىر چىمەنلىكتە ئوزۇقلانسىمۇ، ئەمما بىرسىدىن زەھەر، بىرسىدىن ھەسەل چىقىدۇ.

ئوخشاش ئىككى جەرەن بىر يەردىن سۇ ئىچىپ، ئوخشاش ئوتلاقتا ئوتلىسىمۇ، بىرسىدىن ئېپار ، يەنە بىرسىدىن ماياق چىقىدۇ.

ئىككى قومۇش ئوخشاش سۇدا ئۆسسىمۇ، بىرسىدىن شېكەر چىقسا، بىرسىدىن چىقمايدۇ.

ئوزۇقلۇق بىرسىنىڭ قارنىنى تويدۇرسا، باشقا بىرسىنى ئاللاھنىڭ نۇرىغا ئىگە قىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ يېگىنىدىن پىخسىقلىق ۋە ھەسەت پەيدا بولسا، بەزىلەرنىڭكىدىن تەڭرى ئىشقى ھاسىل بولىدۇ.

كۆرۈنۈشتە بىر-بىرىگە ئوخشىسىمۇ، تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىق سۇ ئارىسىدا زور پەرق بار.

تاتلىق سۇ بىلەن تۇزلۇق (ئاچچىق) سۇ ئوخشاشمۇ؟ بۇنى سۇنى ئىچكەن كىشى بىلىدۇ.

مۇسانىڭ ھاسىسى بىلەن بۇ ھاسىلارنىڭ پەرقى چوڭدۇر. مۇسانىڭ ھاسىسىدىكى خاسىيەتلەرنىڭ ھېچ بىرى بۇلاردا يوق.

بۇ ھاسىلارنىڭ ئارقىسىدا تەڭرىنىڭ لەنىتى بولسا مۇسا ھاسىسىنىڭ ئارقىسىدا ھەقنىڭ رەھمىتى باردۇر.

مايمۇنلار ئىنسانلاردا نېمىنى كۆرسە، شۇنى دوراپ زوقلىنىدۇ.

ئۇ "مەنمۇ ئىنساننىڭ قىلغىنىنى قىلدىم" دەپ ئويلايدۇ-يۇ، ئەمما ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ.

ئىبادەت مۆئمىنلەرگە مەڭگۈلۈك ھۇزۇر. مۇناپىقلار بولسا جان كويىدا.

مۇناپىق دېگەن سۆز دوزاخ دېگەن سۆزدىن كەلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇنىڭدا

دوزاخنىڭ تەمى بولمىغان بولاتتى.

سۆزنىڭ كونىلىقى ھەرپتىن ئەمەس، دېڭىز سۈيىنىڭ ئاچچىقلىقى ئۇسسۇلغان قاچىنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەس.

ئاچچىق ۋە تاتلىق سۇلۇق دېڭىزلار بار. ئارىسىدىكى پەردە سەۋەبىدىن بىر-بىرلىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.

دېڭىز ئىككى ئەمما ماھىيىتى بىر. سەن ئىككىدىن ۋاز كېچىپ، ماھىيەتكە ئېرىش.

بىرسېنىڭ ئاغزىدا چۆپ بولسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىغىچە راھەت بولالمايدۇ.

ئېسىل تاماقلىرىڭدىكى بىر تال قىل سېنى بىئارام قىلىشقا يېتەرلىك.

دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىڭ يەرگە شوتا بولسا، ئاخىرەتكە بولغان ھېرىسمەنلىكىڭ كۆكلەرگە شوتا بولىدۇ.

بەدەندىكى راھەتسىزلىكنى تېۋىپتىن سورا. ئەگەر روھى جەھەتتە راھەتسىز بولساڭ ھەزرىتى مۇھەممەد (س.ئە.ۋ) تىن سورا.

بەزى ياخشىلىق بەزىدە دۈشمەنلىكتەك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىللار بۇ ئىشلارغا ھەيراندۇر.

بۇ يولدىكى ھەيرانلىق، سۆيگۈسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن بىھۇش بولۇپ ھاڭ-تاڭ بولغانلىقىدىندۇر.

ئىنسان شەكلىدىكى نۇرغۇن شەيتانلار بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قولغا ئېسىلما.

ئوۋچىنىڭ ئىسقىرتىشى قۇشنى تۇتۇش ئۈچۈندۇر

ئۆزىگە ئوخشاش قۇشنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىغان قۇش يەرگە قونۇپ، قىلتاققا چۈشىدۇ.

مەرت ئىنسانلار بەختلىكتۇر.

نامەردلەر ھامان بىر كۈنى زىيان تارتىدۇ.

## تىلشۇناس

ئۇپۇقنى نۇر قاپلىدى، قەندىل سەۋەبتىن،
قەيەردە ھەق دوستى ئەي دوست، بىل سەۋەبتىن.
بارىدىغان يەر ئاخىرى رەببىل ئالەمىيندۇر ،
قۇل تارتىدۇ مىڭبىر بالا، تىل سەۋەبىدىن.

بىر تىلچى ساياھەت ئۈچۈن كېمىگە چىقىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك دەپ ئويلايدىكەن، باشقا كىشىلەرنى ياراتمايدىكەن. كېمە چەكسىز دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، تىلشۇناس كېمىچىنى مەنسىتمىگەن بىر قىياپەتتە:

ـ ھەي كېمىچى، سەن گراممانىكىنى بىلەمسەن؟ـ دەپ سوراپتۇ. كېمىچى: ياق بىلمەيمەن، ھېچ ئوقۇمىغانتىم. دەپتۇ.

تىلچى: ـ ئىسست، ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمى بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كېمىچى خاپا بوپتۇ. ئەمما، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۈن تىن قىلماپتۇ. تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ، دېڭىز دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ–دە، كېمە خەتەر ئىچىدە قاپتۇ.

كېمىچى ئۇ تىلچىغا ۋارقىراپ: ـ سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟

تىلچى قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ:ـئەي يىگىت، بىلمەيمەن!ـ دەپتۇ.

كېمىچى:ـ ئەي تىلچى، ئۇنداقتا سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ! بىرئازدىن كېيىن كېمە چۆكىدۇ، سېنىڭ ئۇ بىلىملىرىڭنىڭ ھېچ بىرى كارغا كەلمەيدۇ، ـدەپتۇ. تىلچىنىڭ ھېكايىسى سىزگە ھالاك بولماسلىقنىڭ يولىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىر دەرستۇر.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تەكەببۇرلىقدىن باشقىلارنى مەنسىتمىگەنلەر، بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلەردۇر.

ئەي ئوغۇل! بۇ يەردە سۆزنىڭ گراماتىكىلىرى ئەسقاتمايدۇ، سۇ ئۈزۈشنى بىلىشىڭ لازىم . ئۇنى بىلسەڭ سۇدىن ھېچ قورقمايسەن.

دېڭىز ئۆلۈكنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ، تىرىكنىڭ قۇتۇلۇشى قىيىندۇر.

سەن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىش نۇقتىسىدىن ئۆلۈكتەكسەن؛ ئۇنىڭ ئۈچۈن سىرلار دېڭىزىنىڭ بېشىدا ئولتۇرىسەن.

ئەي كىبىرلىكتىن خەلقنى "ئېشەك" دېگەن ئىنسان! ئەمدى سەن مۇز ئۈستىدە قالغان ئېشەكتەك بولدۇڭ.

قەلب ئەھلىنىڭ ئىلمى پايدىلىق بولۇر.

تەن ئەھلىنىڭ ئىلمى پەقەت بىر يۈكتۇر.

ئىلىم قەلبتىن بولسا ، ئىگىسىگە يار بولۇر.

تېنى زەھەر بولغاننىڭ ئىگىسى ھەم خار بولۇر.

تەڭرى:ـ ئۇلار كىتاب يۈدۈۋالغان ئېشەككە ئوخشايدۇ دېدى. سەندە پايدىلىق ئىلىم بولمىسا، باشقا ھەممىسى ساڭا يۈكتۇر. ئەسقاتىدىغان بىلىم بولمىسا، ئۇ كىيىننى ياساش ئۈچۈن سۈرگەن گىرىمدەك ئەبەدى بولمايدۇ.

مال-دۇنيانى دەپ بىلىم ئىگەللىمە.

## ياشانغان سازەندە

ئەي يار، كەتسە ھەركىم كەتسۇن، سەن زىنھاركەتمە،
ساقلا دوستۇم، ساقلا ئولتۇر، مېنى تاشلاپ سەن كەتمە.
گۈل-شېكەر ئۆرنىكىدۇر، تولدۇر قەدەھكە ساپ شاراپ،
بۇ بەزمىدە قالدۇر ئىزىڭنى، ئەي گۈزىلىم سەن كەتمە.

ئاڭلىدىڭلارمىكىن، ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا ئاجايىپ مۇڭلۇق قالۇن چالىدىغان بىر سازەندە ئۆتكەن ئىكەن. بۇلبۇلمۇ ئۇنىڭ چالغان قالۇنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا بىھوش بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇ ئاجايىپ مۇڭنى ئاڭلىغان ھەر كىشىنىڭ يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىدىكەن. مەشرەپلەر، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ مۇڭى

بىلەن ۋايىغا يېتىدىكەن. ئېيتقان ناخشىلىرىدىن، چالغان سازلىرىدىن سورۇنلار ئاجايىپ قىززىپ كېتىدىكەن. ئۇنى ئاڭلىغانلار ئاجايىپ بىر خىياللارغا غەرق بولىدىكەن.

ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. سازەندىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ. كۆڭۈللەرنى ئوۋلىغان بۇ بۇركۈت ئەمدى ئاجىزلاپ، چىۋىن ئوۋلاشقا باشلاپتۇ . قىران قامىتى يايدەك ئېگىلىپتۇ. ئۈسكۈلەك قاشلىرى ساڭگىلاپ، نۇرسىز كۆزلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. جانغا جان قوشىدىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ئۆز خاسىيىتىنى يوقىتىپتۇ. گاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋازى كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن زېرىكىشكە باشلاپتۇ. زادى قايسى بىر خوشاللىق باركى، مەڭگۈلۈك قالىدىغان؟ قايسى بىر قەسىر باركى، يىقىلىپ تۇپراققا ئايلانمايدىغان؟

يىللار ئارقا-ئارقىدىن سۇدەك ئېقىپتۇ. سازەندە بەكمۇ قېرىپ، مۈكچىيىپلا قاپتۇ. كۈچىدىن قېلىپ، بىر بۇردا نانغا مۇھتاج بوپتۇ.

بىر كۈنى ئىچى ئۆرتىنىپ، جانابى ھەققە يالۋۇرۇپ ندا قىپتۇ:

ــ ئۇلۇغ تەڭرىم، ماڭا ئۇزۇن بىر ئۆمۈر ئاتا قىلدىڭ. مېنىڭدەك بىر ئەرزىمەس بەندەڭگە ئاجايىپ ياخشىلىق، ئېھسانلارنى قىلدىڭ. 70 يىل گۇناھ قىلىپ ئۆتتۈم. بىر كۈنمۇ رىزقىمنى كەسمىدىڭ، نېمىتىڭنى ئايىمىدىڭ. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كىرىمىم يوق، قولۇم ئېگىلمەس، كۈچۈم يەتمەس بوپ قالدىم. مەن، بۈگۈن سېنىڭ مېھمىنىڭ. بۇندىن كېيىن پەقەت سەن ئۈچۈنلا ساز چالىمەن.

قالۇننى ئاپتۇ. تەڭرىنى باشپاناھ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ قالۇن چېلىش ئۈچۈن مەدىنە مازارلىقىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆز-ئۆزىگە دەپتۇ:

ـ مەن چالىمەن، چالغان سازىمنىڭ ھەققىنى تەڭرىمدىن سورايمەن. چۈنكى ئۇ رىزىق بەرگۈچىدۇر.

بىردەم چېلىپ، ئاندىن يىغلاپتۇ. كېيىن قالۇننى بېشىغا ياستۇق قىلىپ، بىر مازارنىڭ يېنىدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. جان قۇشى قەپەزدىن قۇتۇلۇپ، سازنى تاشلاپ ، سازەندىلىكتىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

سازەندىنىڭ جېنى، مەنىۋى ئالەمدە خىيال سۈرۈپتۇ:

”مېنى بۇ يەرگە قويۇپ قويساڭلار؛ ماڭا بۇ يەردە يەر، ماكان بەرسە، ئاجايىپ ياخشى بولاتتى. جېنىم بۇ باغدا، بۇ باھار پەسلىدە ئاجايىپ يايرىغان بولاتتى. بۇ ئۈۋىدا، بۇ ئالەمنىڭ لالەزار باغچىسىدا مەست بولۇپ كېتەتتى. بۇ يەردە، بۇ مەنىۋى ئالەمدە باشسىز، پۇتسىز سەپەر قىلاتتىم. لەۋسىز، چىشسىز قەنت-ناۋات يەيتتىم. دۇنيا مەشغۇلىيەتلىرىدىن، ئاۋارىچىلىقلىرىدىن قۇتۇلاتتىم— دە، پۈتۈن ئىخلاسىم بىلەن دوستۇمنى زىكىر قىلاتتىم، ئۇنى ئويلايتتىم. كۆك يۈزىنى ماكان قىلغان پەرىشتىلەر بىلەن سىرداش بولاتتىم. كۆزلىرىم يېپىق ھالەتتە، بىر دۇنيا كۆردۇم. قولسىز تۇرۇپ ئەتىر گۈللەرنى ئۈزدۇم. چۈشۈمدە كۆرۈنگەن بۇ ئالەم، شۇنداق بىر ئالەمكى، ھەيرانلىقتىن قول—قاناتلىرىم ئېچىلدى“.

ئەگەر ئۇ مەنىۋى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ يولىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولسا ئىدى، بۇ دۇنيادا ھېچكىم بىر مىنۇتمۇ تۇرمايتتى.

ياشانغان سازەندىگە: "بۇ يەردە قېلىشقا ھەۋەس قىلما، ئاچكۆزلۈك قىلما. مادامكى پۇتلىرىڭدىكى تىكەن چىقىپ كەتكەن ئىكەن ، قورقما، قېنى كەت!"- دەپ بۇيرۇق كەپتۇ.

سازەندىنىڭ روھى: "تەڭرىنىڭ مەرھەمەت ۋە ئېھسان ماكانىدا تۇرالىغانغا قەدەر تۇر، ئۇ يەردىن ئايرىلما" دەپتۇ.

دەل شۇچاغدا جانابى ھەق، ھەزرىتى ئۆمەرگە شۇنداق بىر ئۇيقۇ بەرگەن ئىكەنكى، بۇ ئۇيقۇدىن باشلىرىنى كۆتۈرەلمەپتۇ. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ ئەھۋالغا ھەيران قاپتۇ. ئۇ : "بۇنداق بىر ئۇيقۇغا ئادەتلەنگەن ئەمەس ئىدىم. بۇ ئۇيقۇ سەۋەپسىز ئەمەس. ھەرھالدا سىرلىق بىر ئالەمدىن كەلدى." دەپ ئويلاپتۇ.

بېشىنى قويۇپتۇ، يەنە ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھەق تەرەپتىن بىر ئاۋاز كەپتۇ. بۇ ئاۋازنى روھى ئاڭلاپتۇ.

ھەزرىتى ئۆمەرگە يەنە غايىپتىن بىر سادا كەپتۇ:

”ئەي ئۆمەر، بىزنىڭ بەندىلىرىمىزنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇز. بىزنىڭ خاس ۋە مۆھتەرەم بىر بەندىمىز بار. ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن، مازارلىققا كەلگىچە تارتىدىغان جاپاغا چىدا. ئەي ئۆمەر، ھەركىمنىڭ ھەققى بار بەيتۇل مالدىن 700 دىنار ئال. ئۇ پۇلنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بېرىپ، مۇنداق دېگىن:- ھەي يوقسۇل ئىنسان،

ھازىرچە مۇشۇنچىلىك ئەكەلدىم. بۇ پۇلنى ئال ۋە بىزنى ئەپۇ قىل. بۇنچىلىك پۇل سېنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجلىرىڭغا يېتىدۇ. بۇ پۇلنى خەجلە، تۈگىگەندە يەنە مۇشۇ يەرگە كەل".

ھەزرىتى ئۆمەر چۈشىدە ئاڭلىغان ئاۋازنىڭ ھەيۋىسىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ-دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ۋە بۇ خىزمەتنى دەرھال قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىپتۇ. پۇلنى سالغان قاپچۇقنى قولتۇقىغا قىسىپ، مازارلىققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. تەڭرىنىڭ بۇ خاس بەندىسىنىڭ قېشىغا ئىتتىكرەك بېرىش ئۈچۈن يۈگرەپتۇ. مازارلىققا كېلىپ، ئۇياق-بۇياققا قاراپتۇ ۋە ئەتراپنى بىر قۇر ئايلىنىپتۇ. پەقەت ھېلىقى ياتقان سازەندە بوۋايدىن باشقا بىر ئادەم كۆرمەپتۇ. ئۆز-ئۆزىگە: " بەلكى بۇ كىشى بولسا كېرەك" دەپتۇ. ئەمما، يەنە بىر قاراپ بېقىش ئۈچۈن، ئەتراپنى ئايلىنىپتۇ. ئۇياق-بۇياققا تولا مېڭىپ، ھېرىپمۇ قاپتۇ . ئۇ مازارلىقتا بوۋايدىن باشقا ئىنسى-جىن يوق ئىكەن.

جانابى ھەق مۇنداق دېگەن ئىكەن: _ھەققە ئاشىق بىر قۇلۇم بار.

بۇ قېرى سازەندە، قانداق بولۇپ تەڭرىنىڭ خاس قۇللىرىدىن بولۇپ قالدۇ؟

ئۇ يەنە بىر قېتىم مازارلىقنى ئايلىنىپتۇ، ئۇياق-بۇياققا قاراپ تەڭرىنىڭ ياخشى بەندىسىنى ئىزدەپتۇ. ئۇ خۇددى چۆلنىڭ ئەتراپىدا ئوۋ ئىزدىگەن ئارسلاندەك بوپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردە ئۇ بوۋايدىن باشقا ھېچكىم يوقلۇقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئۆز-ئۆزىگە:" قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قانچىلىغان نۇرلانغان كۆڭۈللەر بار-ھە!" دەپتۇ.

ئاندىن سازەندە بوۋاينىڭ يېنىغا كەپتۇ، سەممىي بىر ھۆرمەت بىلەن ئاستا يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر چۈشكۈرۈپتۇ. چۈشكۈرگەن ئاۋازدىن بوۋاي ئويغىنىپتۇ-دە، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە بۇ يەردىن كېتىشكە تەمشىلىپتۇ، ئەمما ۋۇجۇدىنى بىر تىترەك بېسىپتۇ. بوۋاي ئويلاپتۇ:

"يا رەببىم سەن ماڭا ياردەم قىل! قانداق بولۇپ، مېنىڭدەك بىر قېرى سازەندىگە بىر مۇساپىر كېلىپ سوقۇلدى؟"

ھەزرىتى ئۆمەر بوۋاينىڭ يۈزىگە قارىغان چاغدا، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىدىكى

خىجىللىقنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا:ــ مەندىن قورقما، ساڭا ھەق تەرەپتىن بىر خۇش-خەۋەر ئەكەلدىم. ئاللاھ، سېنىڭ خۇيۇڭنى شۇنچىلىك مەدھىيىلىدىكى، ئۆمەر سېنىڭ يۈزۈڭگە مەپتۇن بولدى. كەل، يېنىمدا ئولتۇر. مېنىڭدىن قاچما، ھەقنىڭ ساڭا سالامى بار. سېنىڭ ھال-ئەھۋالىڭنى سورىدى. مۇشەققەتلەر، غەم-ئەندىشىلەر سەۋەبىدىن قانداق بىر ھالدىدۇر دەپ سورىدى. شۇنىڭدەك جىددى ئېھتىياجلىرىڭ ئۈچۈن، ماۋۇ بىرقانچە ئالتۇننى ئەكەلدىم. بۇلارنى ئال، خەجلە. تۈگىگەندە يەنە مۇشۇ يەرگە كەل.

بوۋاي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، تىترەپ كېتىپتۇ ۋە قوللىرى بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە:ــ ئەي تەڭداشسىز، قۇدرەتلىك تەڭرىم! بۇ بىچارە قېرى بەندەڭ ئىزادىن يەرنىڭ تېگىگە كىرگۈدەك بولدى، ــ دەپ ئاھۇ -پەرياد ئۇرۇپتۇ.

بىر ھازا ئۆكسۈپ يىغلاپتۇ. ئاھۇ-زارلىرى، پىغانلىرى ھەر يەرنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئاخىرى قالۇننى يەرگە ئۇرۇپ، پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. پارە-پارە بولغان قالۇن زۇۋانغا كېلىپ مۇنداق نىدا قىپتۇ: ئەي رەببىم بىلەن ئارامغا پەردە بولغان، ئەي ھەق يولدا مېنى ئازدۇرغان، ئەي مېنىڭ يولۇمنى كەسكەن! ئەي يەتمىش يىلدىن بېرى قېنىمنى ئىچكەن، ئىنسانلار يېنىدا مېنى تۆۋەن چۈشۈرمە، يۈزۈمنى قارا قىلما! جاپالار، گۇناھلار بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈمگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن. تەڭرى ماڭا شۇنداق بىر ئۆمۈر بەخش ئەتتىكى، ئۇ ئۆمۈرنىڭ بىر كۈنىنىڭمۇ قىممىتىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ بىباھادۇر. مەن بولسام بۇ ھاياتىمنى، قىممەتلىك ئۆمرۈمنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ماڭا ئاتا قىلغان چەكلىك مۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى تېز ۋە تۆۋەن ئاۋازلار بىلەن تۈگىتىۋەتتىم. مەن نەغمىلەر بىلەن ھەپىلەشكەندە، ئىراق پەدىسىنى ئويلىغاندا، جۇدالىق ۋاقىتلىرىنى ئويلىيالمىدىم. يەنى دۇنيادىن ئايرىلىدىغان چاغدىكى ئازاپلار ئېسىمدىن چىقىپ كەتتى. مىڭ ئەپسۇس زىل تارىلاردىن چىققان پىغان- مۇزىكىلارنىڭ مۇڭزارلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولغان بولسام، كۆڭلۈمنىڭ ئېكىنزارلىقى كۆڭلۈمدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان تۇيغۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەمدى كۆڭلۈم ئۆلدى. ئامال قانچە، مۇشۇ يىگىرمە تۆت پەدىنىڭ ئاۋازى بىلەن پۈتۈن ئۆمرۈم كارۋاندەك ئۆتۈپ كەتتى. كۈن تۈگىدى، ئاخشام بولدى. تەڭرىنىڭ بەرگەنلىرىگە رازى بولمىغان، نازلىنىپ تۇرغان، پەرياد قىلغان نەپسىمنىڭ قولىدا پەرياد قىلمەن. باشقىلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلمايمەن. سەندىن نەپسىم ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغان

ئۆزۈم ئۈستىدىن ساڭا شىكايەت قىلمەن. ئادالەت تىلەيمەن. ھېچكىمدىن ئادالەت كۈتمەيمەن. دەردىمگە چارە تېپىش ئۈچۈن پەقەت ماڭا يېقىن بولغاندىن ئادالەت كۈتىمەن. شۇنداق بولغاندىلا دەردىمگە دەرمان تاپىمەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتى ئۆمەر سازەندىگە قاراپ دەپتۇ:ـ سېنىڭ بۇ يىغلاپ، زارلىنىشىڭ ئۆز-ئۆزۈڭنى تونۇغانلىقىڭ ۋە ئەقلى-ھوشۇڭنى تاپقانلىقىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئەگەر ئىشقىدا پانى بولغان، ئۆزىدىن كەچكەن، ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەرنىڭ يولى باشقا بىر يولدۇر. بۇ سەۋەپتىن ئەقلى-ھوشى جايىدا بولۇشنىڭ ئۆزى بىر گۇناھ ھېساپلانغاندۇر.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سازەندە، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇبارەك يۈزىگە قايىل بولغان ھالدا قاراپلا قاپتۇ . . .

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەقنىڭ ساداسىغا قۇلاق ياققىن.

بۇ ئاۋاز ھەر ئاۋازنىڭ ئەسلىدۇر. ئەسلى ئاۋاز ئۇ ئاۋازدۇر. قالغانلىرى ئەكسىدۇر.

بۇ سادانى يالغۇز مۇئمىنلەر ئەمەس، بەلكى يەنە پۈتۈن ئورمانلار، تاغلار، چۆللەر ئاڭلايدۇ.

قۇياشنىڭ نۇرى پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۈستىگە چۈشسە كىرلەشمەيدۇ، ئۇ يەنىلا چاقناپ تۇرىدۇ.

ئەي مەنىۋى قۇياش! سەن بۇ كونا جاھانغا بىر يېڭىلىق، پاكلىق كۆرسەت.

ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بۇ روھ، غايىب ئالەمنىڭ بىر ھەدىيەسى بولۇپ ئاقار سۇدەك ئاقىدۇ.

قىينچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدى ئىماندىن كېلىدۇ.

ئىمانى زەئىپ بولغان كىشى ئۈمىدسىز كېلىدۇ.

## رەسىم چەكتۈرۈش

شۇ كۆڭۈل بىلگىنكى سىرنىڭ خانەسىدۇر،
جاننى سورىساڭ، ساچىنىڭ ئويناشىدۇر.
سۆ ئىچسەم ئەگەر، بىلمەن ئەينەك نەدۇر،
يۈزىدۇر سۆيۈملۈكنىڭ، ياي قاشىدۇر.

ئىراننىڭ قەزۋىن دىگەن يېرىدىكى كىشىلەرنىڭ دۈمبىلىرىگە، قوللىرىغا ۋە بەدەنلىرىگە يىڭنە بىلەن رەسىم چەكتۈرۈۋالىدىغان ئادەتلىرى بار ئىكەن. قەزۋىنلىق بىر يىگىت بىر تەللاق (مۇنچا ۋە سەرراپلاردا كىشىلەرنى يۇيۇپ قويىغۇچى ئەر) نىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـكەل، جېنىمنى ئاغرىتماي تۇرۇپ ماڭا بىر رەسىم چېكىپ قوي.

ـ ئەي يىگىت، قانداق بىر رەسىم بولسۇن؟

ـ ئېتىلىپ تۇرغان بىر ئارسلاننى چەك. ئارسلان ماڭا تەلەي ئەكىلىدۇ.

ـقەيىرىڭگە چېكىمەن؟

ـمۈرەمگە

تەللاق يىڭنىنى شۇنداقلا سانجىشى بىلەن، يىڭنىنىڭ ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن يىگىت ئاغرىقتىن ئىڭىلىپ كېتىپتۇ.

يىگىت:ـ ھەي ئۇستا، ئۆلتۈرۈپ قويما مېنى. قانداق بىر رەسىمنى چېكىۋاتىسەن؟

ـئارسلاننى چەك، دېدىڭغۇ؟!

ـقايسى قىسمىدىن باشلىدىڭ؟

قۇيرۇقىدىن باشلىدىم.

يىگىت:ـھەي، بولدى قىل ئۇ قۇيرۇقنى. قۇيرۇقسىز بىر ئارسلان چەك. يىڭنىنىڭ ئۇچى يۈرىكىمگە سانجىلدى. ھوشۇمدىن كېتەي دەۋاتىمەن، ـ دەپ،

زارلىنىپتۇ.

ئۇستا، يىگىتكە ھېچ ئىچ ئاغرىتماستىن، ئارسلاننىڭ باشقا بىر يېرىنى چېكىش ئۈچۈن يىڭنىنى يەنە سانجىپتۇ.

ـ ئەمدى بۇ قايسى يېرى؟

ـ بۇ قۇلىقى

ـ بولدى. قۇلىقى بولمىسۇن. قۇلاقنى چەكمە. ئىشىڭنى قىسقارت

ئۇستا، بۇ قېتىم يەنە باشقا بىر ئەزانى چېكىشكە باشلاپتۇ.

يىگىت يەنە دات-پەرياد قىلىپ، ۋاقىراپ سوراپتۇ:

ـ ئەمدى بۇ قايسى يېرى؟

ئۇستا:ـ بۇ قورسىقى.

ـقورساقسىز بىر ئارسلان بولسۇن. يىڭنىنى سىلىق سانجىغىن.

چەككۈچى ئۇستا ھاڭ-تاڭ قاپتۇ، ئاندىن بىر ۋاخقىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئاچچىقىدا يىڭنىنى يەرگە ئېتىپتۇ ۋە نەدىمۇ بۇنداق ئىش بولسۇن؟ قۇيرۇقسىز، باشسىز، گەۋدىسىز ئارسلاننى كىم كۆرۈپتۇ؟ تەڭرىمۇ مۇنداق بىر ئارسلاننى ياراتقان ئەمەس دەپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەي قېرىنداش! يىڭنىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىغىنىكى، ئۆز نەپسى- خاھىشىڭنىڭ يىڭنىسى سۇنسۇن.

بارلىقنى تەرك ئەتكەنلەر، كۆكتە، قۇياشتا، ئايدا سەجدە قىلىدۇ.

بارلىقىڭنى ھەقنىڭ بارلىقى ئىچىدە يوق قىل.

كۆڭۈل چىرىغى يېنىپ تۇرغان كىشنى، قۇياشمۇ كۆيدۈرەلمەيدۇ.

كۆرگەنسەن، تەڭرىنىڭ ئەسھابۇل كەھفنى قۇياشنىڭ ئىسسىق ھارارىتىدىن قانداق قوغدىغانلىقىنى.

گۈلنىڭ گۈزەللىكى سەۋەبىدىن تىكەننى كەچۈرۈۋېتىمىز.

كۈندۈزدەك يورۇق بولۇشنى ئويلىساڭ، كېچىگە ئوخشايدىغان بارلىقنى ئۇنتۇ ئات!

بىز ۋە مەن داۋاسى بىزگە ئەسقاتمايدۇ. مۈلك ــ مۈلكنىڭ ئىگىسىگە لايىقتۇر.

كۆڭۈلدىكى ئويلىغان سىرلىرىڭ ئاپئاق سۈتتىكى قارا قىلدەك ئاشكارە بولىدۇ.

## بەدەۋى

ئۆز ۋاقتىدا بىر خەلىپە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ناھايىتى مەرت ئىكەن. بۇ خەلىپەنىڭ باشقىلارغا قىلغان ھەدىيەلىرى ھېساپسىز بولۇپ، ئىشىكى خەلقنىڭ ھاجەت قىبلەسى ئىكەن. مەرتلىكى، ياخشىلىقى جاھانغا پۇر كەتكەن ئىكەن. سېخىلىكى ۋە ئېھسانى دېڭىزدەك بولۇپ، ئادالىتى پۈتۈن جاھاننى قاپلىغان ئىكەن.

مانا شۇ چاغلاردا بىر بەدەۋى (چۆلدە ياشايدىغان نامرات پادىچى)، ئايالى بىلەن بىرگە چۆلدە ياشايدىكەن. ئايالى داۋاملىق كەمبەغەللىكتىن ۋايسايدىكەن، شىكايەت قىلىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى زىندان قىلىدىكەن دەپتۇ.

بەدەۋى ئايالىغا نەسىھەت قىلسىمۇ، بۇ نەسىھەتلەر ئايالىغا ھېچ تەسىر قىلمايدىكەن.

ئايال داۋاملىق يىغلاپ قاخشاپ، ئېرىغا خەلىپەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەھۋالنى سۆزلەشنى، خەلىپەنىڭ يوقسۇللارغا ياردەم قىلىدىغانلىغىنى، خەلىپىگىمۇ كىشىلەر ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ ھەدىيەلىرىنى ئاپىرىپ بېرىدىغانلىغىنى ئېيتىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالىنىڭ ۋايساشلىرىدىن جاق تويغان بەدەۋى دەپتۇ:

ــ خەلىپەنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ ئاپىرىدىغان ھەدىيەممۇ يوق.

ئايالى:ــ سەن خەلىپەگە بىر قاچا يامغۇر سۈيى ئېلىپ بار. بۇ بىزنىڭ بارلىق مال-دۇنيارىمىزدۇر. تاتلىق سۇ، ئۇ يەرلەردە بەكمۇ ئەتىۋارلىقكەن" دەپتۇ.

ئايالى ئۇ يەرلەرنى كۆرمىگەچكە، ئۇ يەردە تاتلىق دەريا سۈيىنىڭ بارلىقنى بىلمەيدىكەن.

ئاخىرى بەدەۋى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ ۋە يولغا چىقىپتۇ. يولدا ئۇ كومزەكتىكى سۇنى بۇزۇلۇپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق ئاۋايلاپ بېشىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، خەلىپەنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ.

خەلىپەنىڭ ئوردا-سارايلىرى دەجلە دەرياسىنىڭ بويىدا ئىكەن. خەلىپە چۆلدىن كەلگەن بەدەۋىنى قوبۇل قىلىپ، دەرت-ھالىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ھەدىيەسىنى قوبۇل قىپتۇ. ئاخىرىدا يامغۇر سۈيى ئەكەلگەن كومزەكنىڭ ئىچىگە لىق ئالتۇن تولدۇرۇپ بېرىپتۇ.

خەلىپە ئوردا خىزمەتكارلىرىغا: — چۆل يوللىرى ئۇزۇن، بەدەۋىنى كېمە بىلەن دەريا ئارقىلىق يولغا سېلىپ قويۇڭلار!— دەپ پەرمان بېرىپتۇ.

خەلىپەنىڭ خىزمەتكارلىرى بەدەۋىنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن، دەريا بويىغا ئەكەپتۇ. بەدەۋى دەريادا لىقمۇ-لىق تاتلىق سۇ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۇرۇپلا قاپتۇ ۋە تەسىرلەنگەنلىكىدىن:

ئەي نۇرلۇق چىراي ئىگىسى! پۈتۈن مال-مۈلۈك مەرتىلىكىڭ ئۈچۈن پىدا بولسۇن!

بۇ يەرگە پۇل سوراپ كەلگەن ئىدىم ئەمما، يۈزۈڭنىڭ گۈزەللىكىدىن بىھوش بولدۇم.

بۈيۈكلۈكنىڭ ئالامەتلىرى ئېھساندۇر.

ئېھسان قىلمىغان سۇلتان بولسىمۇ، ئەرزىمەس بىرسىدۇر.

### ► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

نان سوراپ كەلگەن بىرسى، ناۋاينىڭ گۈزەل خىسلىتىگە جېنىنى بەردى.

باغقا بارغان ئادەم، باغۋەننىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلدى.

بىرسى قۇدۇقتىن سۇ ئالماقچى بولدى. ئەمما، ئۇ يەردە يۈسۈپنىڭ جامالى كۆرۈندى.

مۇسا ئوتنى تۇتماقچى بولدى. ئەمما، ئۇنىڭغا باشقا بىر ئوت تۇتاشتى.

ئەيسا دۈشمەنلىرىدىن قاچماقچى بولدى. بۇ سەۋەپتىن تۆتىنچى پەلەك

ئۇنىڭ ماكانى بولدى.

بۇغداي باشقى ئادەم ئۈچۈن بىر تۇزاق ئىدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۆزى ئىنسانلارغا باشاق بولدى.

بۇلۇت كۆك يۈزىدىن يامغۇر بولۇپ يەرگە چۈشۈپ، ھەقنىڭ ئېھسانىغا نائىل بولغان.

مەرتلىك يوقسۇلغا مۇھتاج، يوقسۇل ئۇنىڭغا.

گۈزەللەر ئەينەك ئىستىگەندەك، مەرتمۇ يوقسۇلنى ئىزدەيدۇ.

چىرايلىقنىڭ جامالى ئەينەكتە كۆرىنىدۇ. يوقسۇلغا مەرتلىك قىلغاننىڭ گۈزەللىكى ئاشىدۇ.

يوقسۇلنىڭ كۆڭلى، سېخىنىڭ ئەينىكىدۇر.

بىر نەرسىنىڭ ئەتىۋارلىق بولۇشى، ئۇنىڭ ئازلىقى بىلەن ئوڭ تاناسىپتۇر.

ھەق يولىدىكىلەر مەرت كېلىدۇ.

ئۆزىدە نۇر بولمىغان، باشقىلارنى نۇرلاندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قارغۇ تۇرۇپ، قارغۇنى داۋالايمەن دېگەن كاززاپتۇر.

ساقايماس بىر كېسەلگە سەۋر قىلساڭ، ھەق ئۆلۈمنى ساڭا ئاسان قىلىدۇ.

بەدىنىڭدىكى كېسەل ساڭا ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسىدىن يۈزۈڭنى ئۆرۈمە.

جىسمىغا ئىشەنگەننىڭ روھى ئۈچۈن قۇتۇلۇش يوقتۇر.

يايلاقتا ئوتلىغان قايسى قوي سەمرىسە، ئۇنى ئەكىلىپ بوغۇزلايدۇ.

تەكەببۇرلۇق ئىنسانغا ھېچ ياراشمايدۇ، بولۇپمۇ يوقسۇللارغا تېخىمۇ ھەم شۇنداق. تەكەببۇرلۇق قار ياغقان سوغۇق بىر كۈندە كىيۋالغان ھۆل چاپانغا ئوخشايدۇ.

شۇكرى-قانائەت جاننىڭ ھۇزۇرى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر:" قانائەت بىر خەزىنەدۇر. سەن بولساڭ خەزىنە بىلەن

مېھنەتنى ئايرىمايۋاتسەن" دېگەن.

مال-دۇنيا باشتىكى تۇماققا ئوخشايدۇ. پەقەت تازلا تۇماققا يوشۇرۇنىدۇ.

چاچلىرى گۈزەل ۋە بۇدرە بولغان تۇماقسىزمۇ گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

ئايىقنىڭ قىستىسا، يالاڭ ئاياق يۈرگەن ياخشى.

ۋەتىنىڭنى ئۈرۈش ئوتى قاپلىغان بولسا، قوشنا ئەللەر ياخشىدۇر.

ئەقىلسىز قارغا ئۆزىنىڭ سەتلىكىنى بىلسە ئىدى، دەرت- ئەلەم ئىچىدە مۇزدەك ئېرىپ كەتكەن بولاتتى.

بالا-قازا كەلگەندە كۆز كور بولىدۇ. ئەقىل باش بىلەن ئاياقنى پەرق قىلالمايدۇ.

بالا- قازا ئۆتۈپ كەتكەندە كۆز ئېچىلىدۇ. ئۆزىنى ئەيىپلىگەن قوللار ياقىلارنى يىرتىدۇ.

كاشكى جېنىمنى پىدا قىلغۇزغان روھنىڭ، روھىمنىڭ سىرىنى بىلگەن بولسا.

ئىتنىڭ رەسمىگە ئۇستىخان تاشلىما.

بەرگەن قول، ئالغان قولدىن ئۈستۈندۇر.(ھەدىس)

## بۆرە، تۈلكە ۋە ئارسلان

تىكەن تىكسەڭ، يوق ئۈمىد گۈلدىن يەنە،
گۈل تىكسەڭ، كۈلۈمسەر غۇنچە ساڭا.
بىر تۈگمەندە ئۈگۈتتەك يەنچىلسەن،
ئۇن ئەمەس، ئەلبەتتە تۇپراق بېرەر يەنە.

بىر ئارسلان، بۆرە ۋە تۈلكە بىلەن ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن تاغقا چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئۆز-ئارا ياردەملىشىپ، بىر-بىرىگە ماسلىشىپ ھايۋانلارنى كۆپرەك ئوۋلاش ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچى ئوۋ ئىزدەپ، ئۇياق-بۇياقنى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. گەرچە

بۇ ئىش ئارسلان ئۈچۈن بىر ئاز خىجىل بولىدىغان ئىشتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ يۈزىنى قىلىپ، ئۇلارغا ھەمرا بوپتۇ. تۈلكە بىلەن بۆرە بولسا ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن تاغقا قاراپ، خۇشال مېڭىپتۇ.

ئۇلار ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن بىر ياۋا ئۆكۈز، بىر تاغ ئۆچكىسى ۋە بىر توشقان ئوۋلاپتۇ ۋە ئۇلارنى تاغدىن سۆرەپ چۈشۈپ، تۈزلەڭلىكتىكى ئورماننىڭ ئىچىگە ئەكىرىپتۇ. ئوۋلارنىڭ ھەممە يېرى قان بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ئىكەن. تۈلكە بىلە بۆرە "بۇ ئوۋلارنى ئارسلان شاھ ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە لايىق بىر شەكىلدە تەقسىملەيدۇ" دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەمەخورلۇق بىلەن ئويلىغان ئويلىرىنى ئارسلان ئاللى بۇرۇن سېزىۋالغان ئىكەن.

ئارسلان بۆرىنى قېشىغا چاقىرىپ، ـ سەن بۇ ئوۋلىغان ھايۋانلارنى بىر قوللۇق تەخسىم قىل. پەقەت شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنكى، ھەر ۋاقىت ئادىل بول" دەپتۇ.

بۆرە: "ئەي ئۇلۇغ شاھىم! ياۋا ئۆكۈز ئەلۋەتتە سىزدەك بىر پادىشاھقا لايىق بىر لوقمىدۇر. ئۆچكە بولسا ئوتتۇراھال چوڭلۇقتا، مەنمۇ ھەم شۇنداق. تۈلكىگە ئەلۋەتتە توشقان لايىقتۇر" دەپتۇ.

بۆرە بىر ئىت نەسلىگە مەنسۇپ بىر مەخلۇقتۇر، ئۆزىچە ئۆزىنى بىر مۇستەقىل بارلىق ھېساپلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك ئارسلاننىڭ ھۇزۇرىدا قانداقمۇ سۆزىنى ئۆتكۈزەلىسۇن دەيسىز.

ئارسلان، بۆرىنىڭ بۇ تەقسىماتىدىن قاتتىق نارازى بوپتۇ ۋە : ـ ھەي پەسكەش بۆرە! نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن! مەن تۇرسام "بىز ۋە مەن" دېگىنىڭ نېمىسى ـ ھە؟" دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئارسلان، بۆرىدىن ئۆزى رازى بولىدىغان بىر ئەقلىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپتۇ ـ دە، بىر كاچات بىلەن ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۈچۈرۋېتىپتۇ ۋە كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، تېرىسىنى تەتۈر سويۇپتۇ. ئاندىن مۇنداق خىتاپ قىپتۇ:

ـ ماڭا قارشى ئۆزەڭنى بىر بارلىق ھېساپلىدىڭ. سېنىڭدەكلەرنىڭ ھايات ياشىغىنىدىن، ئۆلگىنى ياخشى. مادامكى ھوزۇرۇمدىن يوقالمىدىڭ، ئۇنداقتا ھۆكۈمۈم كاللاڭنى ئالماقتۇر.

ئارسلان تۈلكىگە قاراپ دەپتۇ:_ئەمدى تەقسىمات نۆۋىتى ساڭا كەلدى.

تۈلكە ئارسلانغا باش ئېگىپ تۇرۇپ: _ بۇ سىزنىڭ ئۆكۈز پادىشاھىمىنىڭ ئەتىگەنلىك غىزاسى بولسۇن. بۇ ئۆچكە بولسا، تەلەيلىك پادىشاھىمىز ئۈچۈن چۈشلۈك تاماق بولسۇن. بۇ پاكىز توشقان بولسا شاھىمىز ئۈچۈن كەچلىك مېزىلىك بىر ۋاقلىق تاماق بولۇشقا ماس كېلىدۇ" دەپ تەقسىماتنى پۈتتۈرۈپتۇ.

بۇ تەقسىماتتىن مەمنۇن بولغان ئارسلان:_ھەي تۈلكە! شۇنداق ئادىل تەخسىم قىلدىڭ. بۇنداق ئادىل تەقسىماتنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ _ دەپتۇ.

تۈلكە بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:_ ئەي، ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى! بۆرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆگەندىم، _ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغان ئارسلان:_ئىشنى توغرا قىلدىڭ. بۇ ئوۋنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم. قېنى ئال ھەممىنى. ھەي تۈلكە سەن بىزگە سادىق بولدۇڭ. شۇڭا سېنى رەنجىتسەك ئادىل بولمايدۇ. بۆرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئاپسەن. سەن ھازىر تۈلكە ئەمەس، بەلكى بىر ئارسلاندەك بولدۇڭ.

بۇ ماختاش، مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغان تۈلكە، ئارسلانغا ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە ئىچىدە يۈز مىڭ شۈكرى ئېيتىپ: ئەگەر باشتىلا ماڭا ئوۋلارنى تەقسىم قىلىشنى بۇيرىغان بولسا، جېنىمنى قۇتقۇزۇشقا ئىمكان يوقتى." دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئۇنداقتا بىزمۇ تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكۈر قىلمىزكى، ئەجداتلىرىمىز نىڭ قان-تەرى بەدىلىگە كەلگەن ۋەتەندە ھۆر ياشىماقتىمىز.

ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلارنىڭ ھەقنىڭ قەھرى ۋە ئادالىتىدىن، قانداق جازالارغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلىدۇق.

ئىبرەت ئىگىسى ئىشنىڭ ماھىيىتىگە يېتىدۇ. بولمىسا ھالى باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت بولىدۇ.

► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

جامائەت رەھمەتتۇر.

پۈتۈن دانىشمەنلەر پەيغەمبەرنىڭ پىكرىگە مۇھتاج تۇرسىمۇ، ئۇ "ئۇلار

بىلەن كېڭەش" دېگەن ئەمرنى ئالدى.

ئارپا تارازىدا ئالتۇن بىلەن تەڭمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ ئارپىنىڭ ئالتۇندەك قىممىتى بار دەپ قالما.

ھازىرچە تەن روھقا يولداشتۇر.

ئىتمۇ بىر مەزگىل دەرۋازىنىڭ كۆزەتچىسى.

دانانىڭ ئالدىدا، قەلبىڭدىكىگە دىققەت قىل.

رەسىم، رەسسامغا قانداقمۇ كۆرەڭلىسۇن؟ چۈنكى ئۆزىنى سىزغان ئۇ تۇرسا.

ھىجايغان ئارسلانغا ھەرگىز ئىشەنمە.

دۇنيا مېلى ئارسلاننىڭ تەبەسسۇمىدۇر.

ھەقتىن باشقا ھەممە نەرسە يوق بولىدۇ. ھەقىقەت، ھەقنىڭ بارلىقىدا يوق بولماقتىدۇر.

دەرگاھتا "بىز ۋە مەن" دىن سۆز ئاچقان قوغلىنىدۇ. شاھنىڭ ئالدىدا ئەتىۋارى بولمايدۇ.

ئەقىللىق كىشى باشقىلارنىڭ ھالىدىن ئىبرەت ئالىدۇ.

## ھەقىقى مۇھەببەت

سۆيگۈنۈم جانىمسەن مەشۇقىم يانا،
بىر قەدەمچىلىك تۇپراق بوپتىمەن ساڭا.
مەزھەبىم ئاشىق، سەندىن كۆردۈم ئالەمنى،
سەنسەن ئەلبەت جان كۆزۈم بىر ماڭا قارىغىنا !
بىرسى مەشۇقىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ،
مەشۇقى: "ئىشىكتىكى كىم؟ جاۋاپ بەر" دەپتۇ.

"مەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. "مەن" دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان مەشۇقى دەپتۇ:

– ماڭ كەت! ھازىر ۋاقتى ئەمەس. بۇ يەرگە پىشقان كۆڭۈل كېرەك، خام ئەمەس.

چۈنكى سەندە مەنلىك ئالامەتلىرى بار. ساڭا ئوتتىن باشقا ياخشى بىر يەر يوق.

ـخاملىقتىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن، ئايرىلىش ئوتىدا كۆيۈشۈڭ كېرەك، ـ دەپتۇ.

ئۇ بىچارە كېتىپتۇ. بىر يىل پىقىراپ يۈرۈپتۇ. مەشۇقىنىڭ ئىشقى ئوتىدا كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپتۇ.

ئايرىلىش ئوتىدا كۆيۈپ-پىشقاندىن كېيىن، مەشۇقىنىڭ دىيارىغا قايتىپ كەپتۇ.

بىر كۈنى ئېغىزىمدىن خاتا بىر سۆز چىقىپ كەتمىسۇن يەنە دەپ قورقۇنچ، ئەندىشە ۋە ئەدەپ بىلەن سۆيگۈسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

ئۆيدىن"كىم؟" دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئاۋازنى ئاڭلىغان يىگىت: "بۇ ئاۋاز سېنىڭ ھۇزۇرىڭدىندۇر" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مەشۇقى :ـكەل، ئىچىگە كىر. گۈش بىلەن ياغ ئايرىلماس.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

يىڭنىدىن ئىككىگە ئايرىلغان يىپ ئۆتمەيدۇ. چۈنكى يىڭنىنىڭ تۆشۈكى يالغۇز بىر.

يىپ بىلەن يىڭنىنىڭ بىر مۇناسىۋىتى بار.

تەڭرى"تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتمىگىچە جەننەتكە كىرەلمەس" دەپ بۇيرىدى.

سالىھ ئەمەللىرى بولغان تەقدىردىمۇ، تۆگىنىڭ جىسمى قانداقمۇ يىڭنىنىڭ شۇنداق كىچىك تۆشۈكىدىن ئۆتەلەيدۇ؟ بۇ پەقەت تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەر ئىمكانسىزلىق ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.

ھەر ئىمكانسىزلىقنى ئۇنىڭ قۇدرىتى مۇمكىن قىلىدۇ. ھەر ئاسىينى غەزىپى بىلەن ئىتائەتكار قىلىدۇ.

يىگىتلەر پادىشاھنىڭ سولىدا تۇرىدۇ. چۈنكى يۈرەك سول تەرەپتە.

ئالىملار پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدە. چۈنكى خەت يازغان ئوڭ قولدۇر.

سوپىلارنىڭ يېرى ئالدىدا، چۈنكى ئۇلارنىڭ جېنى ۋە قەلبى بىر ئەينەكتۇر.

ھېكمەت سۈرىتى ئۇ ئەينەكتە كۆرۈنۈشى ئۈچۈن، كۆڭۈللەر زىكىر ۋە پىكىرلەر جۇلالانغان بولۇشى لازىم.

گۈزەل يۈز ئەينەككە ئاشىقتۇر. جاننىڭ جۇلاسى كۆڭۈللەرنىڭ تەقۋاسىدۇر.

## گاسنىڭ كېسەل يوقلىشى

بىر گاس قوشنىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەردار بوپتۇ.

گاس كېسەل قوشنىسىنى يوقلاپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانى بۇرچى،قوشنا ھەققى دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما، ئەقلىدىن مۇنداق ئويلار كېچىپتۇ:

”مەن قۇلىقى ئاڭلىماس گاس تۇرسام، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قانداقمۇ ئاڭلىيالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنام ئېغىر ئاغرىق تۇرسا، ئاغرىق كىشىنىڭ ئاۋازى پەس چىقىدۇ. بوپتۇ نېمە ئامال، يوقلاپ قوياي. ئۇ گەپ قىلغاندا لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاشلىرىغا قاراپ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى تەخمىن قىلارمەن. مەن ئۇنىڭغا "ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ قوشنام" دېسەم ، ئۇ ماڭا "خۇداغا مىڭ شۈكرى. ياخشى تۇردۇم" دەيدۇ ھەقاچان. ئاندىن كېيىن نېمىلەرنى يەپ-ئىچىۋاتقانلىقىنى سورىسام. ئۇ ماڭا "پۇرچاق شورپىسى ۋە ياكى شەربەت" ئىچكەنلىكىنى دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا "ئاش بولسۇن!" دەيمەن ۋە قايسى تېۋىپقا داۋالىتىۋاتقانلىقىنى سورىسام، ئەلۋەتتە ئۇ ئۇقۇمۇشلۇق، تەربىيە كۆرگەن كىشى بولغاندىكىن تەمتىرىمەيلا "پالان- پوكۇن" دەيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا " ئۇ تېۋىپنىڭ قولى شىپالىق، ساقايتالمايدىغان كېسىلى يوق. مەنمۇ ئۇ تېۋىپقا كۆرۈنگەن. بەكمۇ ئېسىل ئادەم. قەدىمى تەككەن يەردىن كېسەل قاچىدۇ، مەقسەد-مۇرادى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

گاس ئەنە ئاشۇنداق خىياللارنى، سورايدىغان سوئال ۋە جاۋاپلارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن كېسەل قوشنىسىنى يوقلاپ كىرىپتۇ.

سالامدىن كېيىن، گاس ئۆزى تەييارلىق قىلىۋالغان بويىچە:

ـئەھۋالىڭ قانداقراق؟ قوشنام، ـدەپ سوراپتۇ.

ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

گاس ئىچىدە، "ھەر ھالدا ياخشى" دەۋاتىدۇ ھەقاچان دەپ ئويلاپتۇ – دە، دەرھاللا "بەك ئوبدان بوپتۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ" دەپتۇ. ئاندىن ئۆلاپلا "نېمىلەرنى يەپ-ئىچىۋاتىسەن؟" دەپ سوراپتۇ.

ناھايىتى تېرىككەن قوشنىسى: ـ"زەھەر" دەپتۇ.

گاس بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ، ئۇ چوقۇم: "پۇرچاق شورپىسى ياكى ئاق ئاش..." دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ ۋە دەپتۇ: "ئاش بولسۇن، شىپا بولسۇن."

ئاخىرىدا يەنە "قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ.

جىلە بولۇپ، جان-پېنى چىققان ئاغرىق خوشنىسى: "ئەزرائىل" دەپتۇ.

گاس"ھەر ھالدا بىر تېۋىپنىڭ ئىسمىنى دېدى" دەپ ئويلاپ، قوشنىسىغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بېرىپ قويۇشنى ئويلاپ، ياخشى كۆڭلى بىلەن: "ئايىغى يارىشىدۇ ئۇنىڭ. پات ئارىدا سەللى-مازا ساقىيىپ كېتىسەن. ئۈمىدۋار بول" دەپتۇ ۋە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىدىن خۇش بوپ، خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپتۇ.

كېسەلنىڭ كۆڭلى گاسنىڭ سۆزلىرىدىن ئاچچىققا تولۇپتۇ. ئەمما، گاس "ياخشىلىق قىلدىم" دەپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ھالبۇكى ئۇ ئۆچكەن ئوتنى پۈۋلەپ، كېسەلنىڭ زەردىسىنى قايىنىتىپتۇ. گاسنىڭ ياخشى دەپ ئويلىغان قىياسى سەۋەبىدىن، ئون يىللىق قوشنىدارچىلىق ھاۋاغا ئۇچۇپتۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

كېسەلدىن ھال سوراش، تەسەللى ئۈچۈن.

رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىنغان تەسەللى كېسەلگە دۈشمەن.

ئىبادەت قىلىۋاتقان كۆپ مىڭ ئىنسان بار. ئەمما، ساداقەت بولمىسا ساۋاب يوق.

يانغان ئوتتىن ھەزەر ئەيلە. گۇناھ ئۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ.

قىياس بىلەن ھەقنىڭ ھوزۇرىغا چىققان كىشى شەيتانغا ئوخشايدۇ.

تۇپراقتىن يارىتىلغاننىڭ يۈزى ئايدەك. ئوتتىن يارىتىلغاننىڭ يۈزى قاپ-قارا.

قۇشنىڭ ئاۋازىنى دورىغان بىلەن مەنىسىنى ھېچ چۈشەنمەيسەن.

سۈپەتلىرىنى قىياسلاپ، خىيالى نەرسىنى ھەقىقى ھېساپلىما.

قەيەردە مەي ئىچسەڭ، شۇ يەردە قال! تالاغا مەس چىقساڭ، باللارنىڭ مەسخىرىسى ۋە ئويۇنچۇقى بولۇپ قالىسەن. ھەق مەسلىكىنى ھەممە ئادەم چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار گۆدەك باللارغا ئوخشايدۇ.

روھ ۋە پەرىشتىلەر تەڭرىگە قاراپ ئۆرلىسە، كۆك ئاسمانمۇ تىترەيدۇ.

نام-ئابروينىڭ كەيپى خىيالدۇر،
ئىسمىنى بىلسەڭ، ئىسمىنى قويغاننى تاپ.
ئەينەكنى سۈرت، ئۇنىڭدا پاك بارلىقنى كۆر.

## ئۆزەمنى بىلىمەن

ئاشىق يولچىسىنىڭ كۆڭلى سىغماس كېمىگە،
جاندىن چاپان كىيگەننى، ھەرگىز دۈشمەن چاغلىما.
تېيىز دېڭىز، تېگى يوق قەدەھ بوپتۇ دەپ ئويلىما،
سۆز ئۇنىڭ، نام ئۇنىڭ، ھەرگىز ئەمدى سۆز قىلما.

تەكەببۇر بىر ئادەم، بىر كۈنى يوقسۇل بىرىسىگە مۇنداق دەپتۇ:

– بۇ يەردە سېنى ھېچكىم تونۇمايدۇ.

يوقسۇل:

– مەن بۇ يەرگە يات بىرىسىمەن. بەلكى مېنى تونۇماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئەڭ مۇھىمى مەن ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىمەن. ئەڭ مۇھىمى مانا بۇ. ئەگەر ئەكسىچە بولىدىغان بولسا ئىدى، دەردلەر، تۆھمەتلەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن بولاتتىم. خەلق ئالەم تونۇغان بىلەن، مەن ئۆزەمنى ئۆزەم تونۇمىغان بولسام قانداق قىلاتتىم؟

## ياخشىلىقىڭ مۇشۇنداق بولسا

بىر پادىشاھ مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. خىزمەتكارلىرى ۋە قولىغا توقماق تۇتقان مەشئاۋۇللىرى خەلقنى دۇمبالاپ يول ئېچىپتۇ. مانا شۇ قالايمىقانچىلىقتا، بىر يوقسۇل، گۇناھسىز ئادەم پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن ئون توقماق يەپتۇ ۋە باش-كۆزى قانغا بويالغان ھالدا پادىشاھ ئالدىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

ـ ئەي جامگە ماڭغان ئازغۇن! سېنىڭ ياخشىلىق ئۈچۈن قىلغان ئىشىڭ بۇ بولسا، غەزىپىڭ ۋە يامانلىقىڭ قانچىلىكتۇ؟

## ئاغرىقنى ھېس قىلىش

باشتا بىر ئىشقسىزلىقتا ساتتى مېنى،

كېيىن تېزلا مىڭ دەردكە ئاتتى مېنى.

سۆيگۈ لەرزان ئويناپ، تۇردى شۇنچە،

تامامەن ئۆلدۈم، پىقىرتىپ ئاتتى مېنى.

بىر ئادەم كېلىپ بىر زاھىدنى ئۇرۇپتۇ. تاياق يېگەن زاھىد جىلە بولۇپ، ئۇرغان ئادەمگە قول كۆتۈرۈپتۇ.

ئادەم:ـتوختا، سەندىن بىر سوئال سورايمەن. جاۋابىنى بېرىپ، ئاندىن مېنى ئۇر دەپتۇ ۋە سېنىڭ بېشىڭغا ئۇرغان چېغىمدا "شاراق" قىلىپ بىر ئاۋاز چىقتى. ئەمدى مېنىڭ سېنىڭدىن دوستانە سورايدىغان سوئالىم شۇ:- بۇ "شاراق" قىلغان ئاۋاز مېنىڭ قولۇمدىن چىقتىمۇ ياكى سېنىڭ بېشىڭدىن چىقتىمۇ؟ ئەي ئاشىق!

## لەيلىنىڭ جاۋابى

بولما ئەي دوست، بولما دۇنيادىن تىرىك،

قىل ئىزا، كۆڭۈلدىن ھەم تەندىن جان تىرىك.

ئاشىقسىز بولمساڭ گەر يوقتۇر ئۆلۈم،
ئاشىق بول، جان قالىدۇ ھەر ۋاقىت تىرىك.

بىر پادىشاھ مەجنۇننىڭ لەيلىنىڭ دەردىدە سەرسان-سەرگەندار بولۇپ، چۆللەردە يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ ۋە لەيلىگە قىزىقىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ لەيلىنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. پادىشاھ ھوزۇرىدا لەيلىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

– مەجنۇن ساڭا ئاشىق بولۇپ، سېنىڭ دەردىڭدە سەرگەندار بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ چۆل-باياۋان، تاغ-دەريالارنى كېزىپ يۈرۈيدۇ. مەجنۇن ئاشىق بولغان لەيلى راستىنلا سەن بولامسەن؟ سەن ئۇنچىلىك چىرايلىقمۇ ئەمەسكەنسەن. ئادەتتىكى بىر ئايالدىن ھېچ بىر پەرقىڭمۇ يوق ئىكەن. ئەمەلىيەت مانا بۇ تۇرسا، قانداق بولۇپ مەجنۇن سېنىڭ دەردىڭدە ئۆزىنى يوقىتىپ، مەستانە بولۇپ كەتتى؟

لەيلى، پادىشاھنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن شۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

”پادىشاھىم بولدى سۆزلىمەڭ! چۈنكى سىز مەجنۇن ئەمەس. مەندىكى بۇ گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۈچۈن سىزدە مەجنۇننىڭ كۆزلىرى بولۇشى كېرەك“.

پادىشاھ بۇ جاۋاپلارنىڭ ئالدىدا گەپ تاپالماي، ئاغزىنى تۇتۇپلا قاپتۇ.

## ھەزرىتى لوقماننىڭ تۆھمەتكە ئۇچرىشى

ئۆز زامانىسىدا ھەزرىتى لوقمان، خوجايىنىنىڭ ئالدىدا باشقا قۇللارغا قارىغاندا ئەتىۋارسىز ئىكەن. بىر كۈنى خوجايىن، قۇللىرىنى ئەڭ ياخشى مېۋىلەرنى ئەكىلىش ئۈچۈن باغقا ئەۋەتىپتۇ.

لوقمان ئۇ قۇللارنىڭ ئارىسىدا تەييارتاپ بىرسىدەك مۇئامىلىگە ئۇچرايدىكەن. قۇللار باغدا يىغقان مېۋىلەرنى يەپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ، ھۇزۇر سۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۆزلىرى يېگەن مېۋىلەرنى "لوقمان يېدى" دەپ، دۆڭگەپ قويۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن خوجايىن لوقمانغا يامان كۆز بىلەن قاراپتۇ. لوقمان بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا كىرىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا خوجايىن لوقماننى ئەيىبلەش

ئۇچۇن ئاغزىنى ئاچاي دېگەندە، لوقمان دەپتۇ:

ـ ئەي خوجايىن! خائىن قۇلدىن جانابى ھەق رازى بولمايدۇ.

ـئەي خوجايىن! سەن ھەممىمىزنى سىناپ، بىزگە ئىسسىق سۇ ئىچكۈز. سەن ئاتلىق، بىز پىيادە بىر كەڭ مەيداندا يۈگۈرەيلى. شۇ چاغدا نىيىتى يامان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سىرلار ئاشكارىلىنىدۇ. ھەقىقەت كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن خوجايىن قۇللارغا ئىسسىق سۇ ئىچكۈزۈپتۇ ۋە كەڭ بىر مەيداندا يۈگۈرۈتىپتۇ. شۇنداق ئۇزۇن يۈگۈرۈتۈپتۇكى، ھەممىسىنىڭ ئىچى ئېلىشىپ قۇسۇشقا باشلاپتۇ. ئىسسىق سۇ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى مېۋىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىرتقا ھەيدەپتۇ ۋە كىمنىڭ مېۋە يېگەنلىكى ئاشكارە بوپتۇ. ھېكمەتكە ئىگە بولغان لوقمانمۇ قۇسۇپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ پاكلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان سۈزۈك سۇنى قۇسۇپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

لوقماندا شۇنچىلىك ھېكمەت كۆرۈلگەن بولسا، ئۇنداقتا پۈتۈن بارلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ھەقنىڭ ھېكمىتىنى تونۇپ يەت.

يامانلارغا سەمىمىيلىك بىلەن نەسىھەت قىلساڭمۇ، بۇ تاش كۆڭۈللەرگە تەسىر قىلمايدۇ.

كونا بىر يارىغا كونا بىر مەلھەم لازىم. ئىتقا بولسا ئېشەكنىڭ سۆڭىكى لايىق.

پاسكىنا نەرسىلەر پاسكىنا بولغانلار ئۇچۇندۇر. يامان يامانغا دوست ھەم سىرداش.

ئەگەر نۇرنى ئىستىسەڭ، نۇرغا مايىل بول. ئەگەر مال-دۇنيا ئىستىسەڭ نۇردىن يىراق تۇر.

ئۇمىد ئىگىلىرى، ئۇمىد ئىشىكىنى باشپاناھ قىلىپ، ئىبادەت قىلسۇن.

قورقۇنچ ۋە ئۇمىد قۇللارغا بىر پەردىدۇر. ھەركىم بۇ پەردىنىڭ ئارقىسىدا ياشايدۇ.

بۇ قاراڭغۇلۇقتا تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەر، ھەر بىرى بىر ئارزۇنىڭ كەينىدىن

ماڭىدۇ.

ھازىر بولمىغانلار ئۈچۈن قىلىنغان زەررىچىلىك ئىش، ھازىر بولغانلارغا قىلغان مىڭ ئىشقا بەدەل.

ھەر ئادەم ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئۆزىدەك بىر پەرىشتىگە دوستتۇر.

كۆزى كېسەللەر بولغان قۇياشقا ئاشنا بولمايدۇ.

ئۇ كۆز، ئۇ كۈچ ھەر كىمدە بولسا ئىدى، ئۇلار قۇياش نۇرىنىڭ پەيزىنى سۇرەتتى.

ھەقتىن باشقا ھەر نەرسە، بال بولسىمۇ، ئۇ يىلان زەھەرىدۇر.

كېچىنىڭ قاراڭغۇلىقىدا كۈندۈزنى ئىستە. قاراڭغۇلۇقلارنى يوقاتقان ئەقلنى ئۆزەڭگە دوست تۇت.

ساڭا كىملەرنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ھالبۇكى ئوتتىن تۆرەلگەنلەر، تۇپراقتىن يارىتىلغانلارغا ئاداۋەت ساقلايدۇ.

ياقىدىغان ئوتتۇن بولمىسا، ئوتمۇ ئۆچىدۇ. گۇناھتىن ساقلانغانلار شەھۋەتنى يېڭىدۇ.

ئىشلىرىم دىنىمغا گۇۋاھتۇر.

## بەدەن ۋە روھ

قاغىلار قىش پەسلىدە بەكرەك قاقىلدار،
بۇلبۇللار مەيداننى سۈكۈت باسار.

بەدەن بىلەن روھ ئۆز-ئارا پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بەدەن ئۆز گۈزەللىكىگە ئىشىنىپ، مەغرۇر ھالدا دەپتۇ:

—مەن سەندىن تېخىمۇ ئەتىۋارلىق. ماڭا قاراپ باق ، ھەممە كىشى ماڭا ھەيران ۋە مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

روھ بەدەنگە دەپتۇ:

ــ هەي چۈپرەندە! سەن كىمتىڭ؟ مەن سەندىن ئايرىلىپ باقاي، ئۇ ۋاقىت كۆرگۈلۈكىڭنى كۆرىسەن.

هەسەتخورلار ساڭا گۆر كولايدۇ. ئىككى كۆنمۇ سېنى ساقلىمايدۇ. چۈنكى سەن چىرىپ سېسىيسەن. سېنىڭدىن چىققان سېسىقچىلىقتا ھېچكىم چىدىماي، ئاغزى-بۇرۇنلىرىنى ئېتىشىدۇ. سېنى ئۆز ۋاقتىدا ۋاي دەپ باشلىرىدا كۆتۈرگەنلەر، بۇ سېسىق بەدەندىن تېز قۇتۇلۇش ئۈچۈن سېنى توپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈشكە ئالدىرايدۇ. سەن قارا تۇپراقنىڭ ئاستىدا قۇرت-قوڭغۇزلارغا يەم بولىسەن.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

روھ ئىلىم ۋە ئەقىلگە دوستتۇر.

كۆڭۈل ئەينىكى پاكىزە بولسا، ئۇنىڭدا سۇ ۋە تۇپراقتىن باشقا سۈرەتلەر كۆرۈنىدۇ.

مەن گۈزەل بولسام، بۇنى ئۇ ئېھسان ئەيلىدى.

سەت بولسام شەيتان مېنى  مەسخىرە ئەيلىدى.

ھەممە گۈزەلنى ئىستەر، گۈزەللەر گۈزەلگە نىسىپ بولۇر.

ھەر جىنس خىلنى ئىستەر، ئىسسىق ئىسسىقنى، سوغۇق سوغۇقنى.

ئەي قۇياش! سەن ئەمدى گۈل باغچىسىدىن ئايرىلىپ، يەر ئاستىنى يورۇتقىن.

مەرىپەت قۇياشى پاتمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقىل، روھ ۋە قەلبتىن چىققان.

بوۋاق تۇغۇلمىغىچە، قان تاتلىق بىر سۈتكە ئايلانمايدۇ.

## خىيالىدا ھىلال ئاينى كۆرۈش

گۈل باغچىسى بولمىسا، بۇلبۇل سايرىماس،

ئەگەر قۇياش پاتمىسا، بۇلبۇلنىڭ ئۇيقۇسى زىنھار كەلمەس.

ھەزرىتى ئۆمەر زامانىدا، بىرقانچە مۆتىۋەر روزا ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى تاغقا چىقىپتۇ. ئۇلار تاكى روزا ئېيىدا كۆرۈنىدىغان ھىلال ئاينىڭ چىقىشىنى ساقلاپ،

تاغدا تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى: -ۋاي ئەنە، مەن ھىلالنى كۆردۈم دەپتۇ ۋە تاغدىن چۈشۈپ ھەزرىتى ئۆمەرگىمۇ ھىلال ئاينى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە لېكىن، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ ھىلالنى كۆرمەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

– ئۇ ئاي، سېنىڭ خىيالىڭدۇر. پۈتۈن كۆك ئاسمان ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسا، ئەجەپ مەن ئۇ پارلاق ھىلال ئاينى كۆرمىدىمغۇ؟ قولۇڭنى ھۆلدەپ قېشىڭنى سىلا، ئاندىن قايتىلاپ كۆككە قارا !

ئادەم ھۆل قولى بىلەن قېشىنى سۈرتۈپ، نەمدەپتۇ، ئاندىن كېيىن قايتا ئاسمانغا قارىغان ئىكەن، ھىلال ئاي كۆزىگە كۆرۈنمەپتۇ.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دەپتۇ:

– شۈبھىسىزكى، قاشلىرىڭدىن بىر قىل، ساڭا ئوقيادىن ئېتىلغان ئوق بوپتۇ. ئۇ قىل كۆزۈڭنى توسۇپ تۇرسا، سەن ئۇنى ھىلال چاغلاپ قاپسەن.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەممە نەرسەڭلارنى، توغرا ئۆلچەمگە ئاساسەن توغرىلاڭلار !

توغرىلارنىڭ نۇرلىرى بار يەرلەرنى ۋەتەن دەپ بىلىڭلار.

ئەگەر كۆزدە غەپلەت قىلى بولسا، گۆھەرمۇ  تاشتەك كۆرىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئادەم توغرا يولدا ماڭمىغانلار بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆلچىسە ھەمدە ئۇلار بىلەن دوست بولسا، ئىشلىرى خاتا بولۇپ، ئەقلى ئادىشىپ كېتىدۇ. چىن دوستلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. چۈنكى تىكەنلەر گۈللەرگە دۈشمەندۇر.

ئالىم ئۇيقۇدا شۈبھىسىز بىدار(ھۇشيار)دۇر. ۋاي ئىست ! ئۇ نادان، بىلىمسىزلەر بىلەن دوست بولغان بىدارلارغا.

ئەقىل، باشقا بىر ئەقىل بىلەن بىرلەشسە كۈچلىنىدۇ. تېخىمۇ نۇرلىنىپ، يول تېخىمۇ ئېنىق كۆرىنىدۇ.

نەپسى باشقا بىر نەپسى بىلەن قوشۇلسا تېخىمۇ قاراڭغۇ بولىدۇ. يول كۆرۈنمەيدۇ.

ئەي ئوۋچى! سېنىڭ دوستۇڭ كۆزدۇر. ئۇنى ياخشى ئاسرا.

تىل سۈپۈرگىسى بىلەن كۆزگە توپا چاچما.

ياخشى ياخشىنىڭ ئەينىكىدۇر.

دوست، روھنىڭ ئەينىكىدۇر. دىققەت قىل، نەپسىڭ ئۇنى بۇلغىمىسۇن.

كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپ كۆڭلۈڭ خوش بولمىسا، بىلگىنكى قەلب كۆزۈڭ يۇمۇق دېگەن گەپ، ئۇنى ئاچ.

دۇنيادا نۇرغۇن يامان خۇيلار شۆپۈكتەك گېلىڭغا چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇ شۆپۈك گېلىڭدە شۇنچە يىللار قالىدۇ. ئۇ شۆپۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ ـ نام-شۆھرەت، مەنسەپ ۋە مال-دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. بۇلار خۇددى شۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ ساڭا باقى ئەمەس. ئۇ گېلىڭدىلا بولىدىكەن، ئابىھاياتنى ئىچىشىڭگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئادەم ئەلەيھىسسالام نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر قەدەمنى خاتا باستى. شۇ سەۋەپتىن جەننەت جۇدالىقى بوينىغا تاقاق بولدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن قاچتى. بىرسېنىڭ سەۋەبىدىن ئۇزۇنغىچە زار يىغلىدى.

گەرچە ئۇنىڭ گۇناھى قىلچىلىك بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئىككى كۆزدە كۆرۈنگەن قىل ئىدى. ئادەم ، ھەق نۇرىنىڭ كۆزى بولغان ئىدى. كۆزدىكى بىر قىل، چوڭ داغ پەيدا قىلغان ئىدى.

يېگانىلىق كوچىسىدا سەن زۆھرە يۇلتۇزدەك. نىگارىڭنىڭ سايىسىدە گويا قۇياشتەك.

ئىستىقامەتتە تۇرۇپ، كۆزۈڭنى يۇمغاندا بۇنى جان دوست ئۇگۇتىدۇ.

## يىلان ئوغرىسى

بىر يىلانچى يەنە بىر يىلانچىنىڭ يىلىنىنى ئوغرىلىۋېلىپ، ھاماقەتلەرچە ناھايىتى خوش بوپتۇ.

ئەمما، يىلان ئوغرىلىغان يىلانچىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. يىلاننى

ئوغرىغا بېرىپ قويغان يىلانچى بولسا يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

يىلانى ئوغرىلانغان يىلانچى، يىلان چېقىپ ئۆلگەن يىلانچىنى كۆرۈپ دەپتۇ:

– مەن يىلاننى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئوغرىنى تۇتۇپ، يىلاننى قايتۇرۇۋالسام دەپ توختىماي دۇئا قىلغان ئىدىم، ھەمدە "دۇئالىرىم نېمە ئۈچۈن قوبۇل بولمايدۇ" دەپ كۆپ قايغۇرغان ئىدىم. ھازىر تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكرى قىلىمەن. ھېلىمۇ ياخشى دۇئالىرىم قوبۇل بولماپتۇ. زەھەرلىك يىلان ئوغرىنىڭ جېنىنى ئاپتۇ. مەن ئۆزۈمنى زىيان تارتتىم دېسەم، ئەسلىدە پايدىغا ئېرىشكۈچى بوپتىمەن.

دۇئا قىلغۇچىلارغا بالا-قازا ئەكىلىدىغان شۇنداق بىر دۇئالار باركى، جانابى ھەقنىڭ ھېكمىتى بىلەن ئۇ دۇئالار قوبۇل بولمايدۇ.

## ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش

ئۆز زامانىدا، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا بىر ئەخمەق يولداش بوپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ئازگالدا ئۇستى ئېچىلىپ قالغان ئۇستىخانلارنى كۆرگەن ئەخمەق، ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا قاراپ دەپتۇ:

– ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغان چاغدا سەن ئوقۇيدىغان دۇئانى ماڭىمۇ دەپ بەرسەڭ. ئۇنى ئوقۇپ، ئۇ سۆڭەكلەرنىڭ ئىگىلىرىنى تىرىلدۈرەي دەيمەن.

ھەزرىتى ئەيسا: – ئاغزىڭنى يۇم! بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. سېنىڭ بۇ زۇۋانىڭ، بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن بۇ مۆجىزىلەر ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنداق بىر ئېغىز بولۇش كېرەككى، ئۇ ھەممە نەرسىدىن پاك بولغان نەپەستىن چىقىشى كېرەك. قولۇمدىكى بۇ تاياقنى سېنىڭ قولۇڭغا تۇتقۇزغىنىم بىلەن، سېنىڭ قولۇڭدا مۇسانىڭ سېھىرلىرىدىن بىرەر بېشارەت بارمۇ ؟

ئۇ ئەخمەق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەپتۇ

– مەن ئۇ سېھىرغا ئېرىشمىگەن. ئۇنداقتا سۆڭەكلەرگە بۇ سېھىرنىڭ كارامىتىنى كۆرسەت !

ھەزرىتى ئەيسا: – يا رەببىم! بۇ نېمە سىردۇر؟ بۇ كالۋانىڭ كۆڭلىدىكى

ئىستەك زادى نېمە؟ بۇ كېسەل ئۆز بەدىنىنى بىلمەيدۇ. ئۆز جېنىنىڭ كويىدا ئەمەس، باشقا ئىشلارنىڭ كويىدا. ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ھالىغا قارىماي، باشقا بىر ئۆلۈككە دەرمان ئىزدەۋاتىدۇ، ــ دەپ ھەققە ئىلتىجا قىپتۇ.

ھەقتىن ندا كەپتۇ:

ــ چۈشكۈن چۈشكۈنلۈكنى ئىزدەيدۇ تىكەن تىككەن، تىكەنگە ئىگە بولىدۇ.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۆڭەكلەر ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ ۋە ئۇ ئەخمەقنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. ئۇلۇغ ئىگەمنىڭ قۇدرىتى بىلەن سۆڭەكلەرنىڭ ئىگىسى تىرىلىپتۇ. ۋە ئالقىنى بىلەن ئەخمەقنى بىر قويۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ قاتتىق كاچات ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ چوڭلۇقى ياڭاق مېغىزىچىلىكلا ئىكەن. ئەسلىدە بۇلار قارا ئارسلاننىڭ ئۇستىخنى ئىكەن.

ئەيسا ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئارسلانغا دەپتۇ:

ــ سەن ئۇ ئەخمەقنى نېمە ئۈچۈن تېزلا پارچىلاپ تاشلىدىڭ؟

ئارسلان:

ــ چۈنكى ئۇ سېنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋەتتى.

ــ ئۇنىڭ قېنىنى نېمىشقا ئىچمىدىڭ؟

ــ ئۇ مېنىڭ تەلىيىم. رىزقىم ئەمەس. بۇ ئوۋ، مۇتلەق نەسىھەت ۋە ئىبرەتنىڭ بېشارىتى. ئەگەر مېنىڭ دۇنيادا تەلىيىم بولسا ئىدى، ئۇ ئۆلۈكلەر بىلەن بىرگە بولمىغان بولاتتىم.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تىكەن ئۇرۇقى چاشقاننىڭ ھويلىسىدا، گۈل باغچىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قانچىلىغان ئادەملەر بۇ دۇنيادا ئاشۇ ھۆركىرەپ ئېتىلىپ تۇرىدىغان ئارسلاندەك بولسىمۇ، ئەمما ئوۋنى يېمەي بۇ ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

بەزىلەرنىڭ خىرىسى تاغدەك بولغىنى بىلەن، تەلىيى سامانچىلىك.

ھەققە يۈزلەنمىگەن، خەلق ئىچىدە ئېتىبار قازىنالمايدۇ.

ئەي ئاجىزلارغا ئېھسان قىلىدىغان رەببىم ! بىزنى ئاچكۆزلۈكتىن، غەپلەتتىن ساقلىغىن.

رىزىق كۆرۈنگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ئاستىدا تۇزاق بار.

پاكىز سۇنى تاپقاندا ئىچمەي ئېشەكتەك ھاڭرىساڭ، ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ.

پاكىز سۇنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئېشەك، بېشىنىڭ ئورنىغا پۇتىنى سۇنىدۇ.

ئىتتەك نەپسىڭنىڭ تىرىلىشىدىن ساقلان. ئۇ سېنىڭ دۈشمىنىڭ. ساڭا زىيان يەتكۈزىدۇ.

دائىم باشقىلار ئۆلگەندە يىغلىماي، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئاززاق ئۆزۈڭ ئۈچۈنمۇ يىغلاپ قوي.

دەل-دەرەخلەرنىڭ ياپ-يېشىل ياشناپ تۇرۇشى، بۇلۇتلارنىڭ يىغىسىدىندۇر.

يىغا ئارقىلىق شاملار نۇرلىنىدۇ.

نەدە يېڭىلگەن بولساڭ شۇ يەردە ئولتۇر. چۈنكى يېڭىلىش سېنىڭ ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

دوراش ھەر شەرەپلىك ئىشقا ئاپەت بولىدۇ. دوراش بولغان يەردە تاغمۇ ساماندەك بولىدۇ.

ھەقىقەتچىنىڭ سۆزىنىڭ مەنبەسى، كۆڭلىنىڭ قايغۇلىرىدۇر.

دورامچىنىڭ سۆزلىرى ھىلە-مىكىرگە تولغاندۇر.

مەنپەئەت ئۈچۈن، تەڭرىنىڭ ئىسمىنى ئاغزىدا تەكرارلاپ تۇرىدىغان ئادەم، سامان ئۈچۈن كىتاب توشۇغان ئېشەككە ئوخشايدۇ.

## ئارسلاننى ئۆكۈز دەپ قېلىش

سۆيگۈنۈم پۈتۈن جاھاندىن يوشۇرۇن،

تۇيغۇدىن ۋە ھەممە گۇماندىن يوشۇرۇن.
پارلاقتۇر كۆڭلۈمدە خۇددى بىر ئايدەك،
جان تەندە ، تەن ۋە جاندىنمۇ يوشۇرۇن.

بىر دېھقاننىڭ ئېغىلغا باغلاپ قويغان بىر ئۆكۈزى بار ئىكەن. بىر كۈنى قاراڭغۇ كېچىدە، بىر ئارسلان ئېغىلغا كىرىپ، ئۆكۈزنى يەۋېتىپتۇ ۋە ئۆكۈزنىڭ ياتقان يېرىدە يېتىۋاپتۇ. دېھقان ئۇ كېچە قانداقتۇ بىر شەپىنى تۇيغاندەك قىلىپ، ئۆكۈزگە قاراپ باقماقچى بولۇپ، ئېغىلغا كىرىپتۇ. قاپ-قاراڭغۇ ئېغىلنىڭ ئىچىدە چاندۇرماي ياتقان ئارسلاننىڭ ھەممە يېرىنى قولى بىلەن سىلاپ چىقىپتۇ. بۇ ھالدىن ئىچى سىقىلغان ئارسلان ئىچىدە مۇنداق ئويلاپتۇ:

"ئەگەر يورۇق بولغان بولسا ئىدى، قورقىنىڭدىن يۈرىكىڭ يېرىلىپ كەتكەن بولاتتى. سېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ئەپتىڭنى كۆرگەن بولاتتىم. ئەي خام ئادەم ! كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا مېنى ئۆكۈز دەپ قالدىڭ. شۇڭا سەن ئەدەپسىزلىك بىلەن ھەممە يېرىمگە قول تەككۈزدۈڭ"

## ئېشەك كەتتى

سەپەر ئۈستىدىكى بىر سوپى، كەچتە قونماقچى بولۇپ، بىر خانىقاغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئېشىكىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئوقۇرغا باغلاپتۇ. ئېشىكىگە سۇ ۋە بوغۇزنى بېرىپتۇ. ئاندىن خانىقا خىزمەتچىسىگە ئېشىكىگە ئوبدان قاراپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

بۇ خانىقادىكى سوپىلار ناھايىتى نامرات ئىكەن. يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدىن ھەق يولدىن ئازغىلى تاس قالغان ئىكەن.

مېھمان سوپى خانىقانىڭ بىر ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتقاندا، بۇ مۇھتاجلىق ئىچىدىكى گاداي سوپىلار بىرلىشىپ، ئېشەكنى سېتىپ، پۇلغا يېمەك-ئىچمەك ۋە شام ئاپتۇ.

بۇ كېچە تويغۇدەك يەپ، قانغۇدەك ئىچكەن سوپىلارنىڭ كۆڭۈللىرى يايراپ، ئىشىق ئوتى تۇتىشىپ، ساما ئويناشقا باشلاپتۇ. تازا قىزىغان سوپىلار بىزمۇ

ئادەم، بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز بار دەپ، خانىقادىكى ئۇزۇن يولدىن كەلگەن سوپىنى چاقىرىپ، ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىپ، راسا مېھمان قىپتۇ.

مېھمان سوپى، بۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك مېھماندارچىلىقنى، ئۆزىگە قىلىنغان ھۆرمەت، ئىكراملارنى، كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرنى كۆرۈپ: – بۈگۈن ئوينىماي قاچان ئوينايتتۇق؟ – دەپتۇ.

تويغىدەك تاماق يەپ، ساماغا چۈشۈپ تازا ئويناپتۇ. خانىقانىڭ توپىسى تورۇسقىچە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە يەرنى چاڭ-توزاڭ قاپلاپتۇ. بىر تەرەپتىن ئاشخانىدىن چىققان تاماقنىڭ پۇراقلىرى، بىر تەرەپتىن "ھۇم ئاللاھ! ھۇم" دەپ توۋلاپ تۇرۇپ ئۇرغان پۇتلارنىڭ ئاستىدىن چىققان چاڭ-توزان، يەنە بىر تەرەپتىن سوپىلارنىڭ ھەسرەت، ئازاپ بىلەن ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، ھوشىدىن كېتىشلىرى بۇ سورۇننى ئوڭتەي-توڭتەي قىلىۋېتىپتۇ. سوپىلار گاھ قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، پۇتلىرىنى " گۈپ، گۈپ " قىلىپ يەرگە ئۇرسا، گاھ يەرگە سەجدە قىلىپ ، يۈز-كۆزىنى توپىغا مىلەپ، ھەممە يېرىنى توپا-چاڭغا مىلەپتۇ.

ساما تازا يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، سازەندە سوپىلار غەزەللىرىنى باشلاپتۇ. غەزەلنىڭ مەلۇم يېرىگە كەلگەندە ھەممىسى" ئېشەك كەتتى، ئېشەك كەتتى" دەپ توۋلاشقا باشلاپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، بۇ تازا قىززىغان نەغمىگە چۈشۈرۈپ تاڭ ئاتقىچە ھەممىسى: – ھەي ئوغۇل، ئېشەك كەتتى، ئېشەك كەتتى! – دەپ بىر تەرەپتىن توۋلاپ، بىر تەرەپتىن ساما ئويناپتۇ. مېھمان سوپىمۇ باشقا سوپىلار بىلەن بىرگە " ئېشەك كەتتى!" دەپ بولۇشىغا ۋارقىراپ تۇرۇپ ساماغا ئويناپ، سورۇندىن چۈشمەپتۇ.

تاڭ ئاتقاندا ھەممىسى خوشلىشىپ تارقىلىپتۇ. خانىقادا يولۇچى سوپىدىن باشقا ئىنس-جىن قالماپتۇ. ئۇ ئۈستى-بېشىدىكى، خورجۇنلىرىدىكى توپا-چاڭلارنى قېقىپ، نەرسىلەرنى تېشىغا ئېلىپ چىقىپ ۋە ئېشىكىگە ئارتىپ يولغا راۋان بولماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېغىلغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەمما، ئېغىلدا ئېشەك يوق ئىكەن. سوپى: "بەلكى خانىقانىڭ خىزمەتچىسى ئېشەكنى سۇغارغىلى ئەكەتكەن ئوخشايدۇ. تۈنۈگۈن كەچ بەك ئازلا سۇ ئىچكەن ئىدى" دەپ ئويلاپتۇ ئىچىدە.

خىزمەتچى كەلگەندە، سوپى: ـ ئېشەك قېنى، ـ دەپ سوراپتۇ.

خىزمەتچى:ـ بولدى، مېنى ئەخمەق قىلما! ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

سوپى: ـ مەن ئېشەكنى ساڭا ئامانەت قىلىپ بەرگەن ئىدىم. سەن ئېشەكنى تېپىپ، ماڭا ئەكىلىپ بەر. پەيغەمبىرىمىز (س.ئە.ۋ) مۇنداق دېگەن: "قولۇڭ بىلەن ئالغاننى، قولۇڭ بىلەن قايتۇرۇشۇڭ كېرەك". ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ، قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سېنىڭ ئۈستۈڭدىن شىكايەت قىلىمەن. ماڭ! قازىنىڭ ئالدىغا، ـ دەپ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپتۇ.

خىزمەتچى:ـ سوپىلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ، ماڭا قارشى تۇردى. مەن ئامالسىز قالدىم . سەن بىر جىگەر پارچىسىنى مۈشۈكلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئاندىن ئۇنى ئىزدەشكە باشلايدىغان ئەخمەق بىرسى ئىكەنسەن. سەن ئۆزەڭ يۈزلىگەن ئاچ قالغانلارنىڭ ئالدىغا بىر پارچە ناننى ئاتتىڭ. يۈزلىگەن ئىتنىڭ ئارىسىغا بىر بىچارە مۈشۈكنى قويۇپ قويدۇڭ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سوپى: ـ نېمە ئۈچۈن، ئاخشام مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، "ئەي غېرىپ ! سەن مۇنداق بىر پالاكەتكە يولۇقتۇڭ" ـدەپ خەۋەر قىلمىدىڭ؟ ـ دەپ خىزمەتچىنى سوراققا تارتىپتۇ.

خىزمەتچى: ـئەزبىرايى خۇدا، قانچە قېتىم قېشىڭغا كېلىپ، بۇ ئىشلارنى ساڭا دېمەكچى بولدۇم. ئەمما، سەن " ئەي ئوغۇل، ئېشەك كەتتى!"ـدەپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە سازغا چۈشۈرۈپ توۋلىدىڭ. ھەتتا بۇ سۆزنى ھەممىسىدىن بەكرەك سەن ئىشتىياقىڭ بىلەن توۋلىدىڭ. شۇڭا مەن "ھە، بۇ ئىشنى ئۇمۇ بىلىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ ئىشقا ئۆزى رازى بوپتۇـدە، ئەجەپمۇ سېخىي ئادەم ئىكەن" دەپ ئويلاپ ئارقامغا ياندىم، ـ دەپتۇ.

سوپى:ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى خۇشال ئېيتىشقانتى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ غەزەللىرىدىن ھوزۇرلىنىپ، ئۇلارنى دوراپتىمەن. بۇ دوراش مېنىڭ بېشىمغا چىقتى. ئۇ دوراشقا مىڭلارچە لەنەت بولسۇن! ـ دەپ بېشىنى تۇتۇپ، ئاھ ئۇرۇپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەي باي! كىيىم-كېچەكلىرى جۇل-جۇل يوقسۇل بىر خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئۇنى ماكانىڭدىن قوغلىما.

مۇھتاجلىقتا، لەشمۇ مۇباھ بولىدۇ. بۇ سەۋەپتىن يامانىى، ياخشى دەپ بىلىدۇ.

ھەقىقەتنى بىلمەي تۇرۇپ، دوستلاردىن ۋاز كەچمە.

سەدەپ بولمىسا، تامچىلار ئۈنچە بولمايدۇ.

ساغلام بىر كۆز، ئەقىل ۋە قۇلاق لازىم بولسا، چوقۇم تاماخورلۇق پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلا ! چۈنكى، دورامچىلىق تامادىن بولىدۇ. ئەقىلنىڭ نۇرى مۇشۇ سەۋەپتىن پەردىلىنىدۇ.

تاماق، ھوزۇر ۋە ساماغا ھېرىسمەنلىك ئەقىلنى كور قىلىدۇ.

تارازىنىڭ مالغا مەيلى بولسا، ئۇ توغرا تارتالمايدۇ.

كىم تاماخور بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە شادلىق بولمايدۇ.

كۆزى ۋە كۆڭلى تاما بىلەن تويمايدۇ.

تاماخورنىڭ ھوقۇق ۋە مال-دۇنيا توغرىسىدىكى ئويلىرى، شۈبھىسىز كۆزنىڭ ئىچىگە كىرگەن قىلغا ئوخشايدۇ.

ھەققە ئاشىق بولغان، مال- دۇنياغا ھېرىس بولمايدۇ.

بۇ ئاشىقلىقتىن ئۇزاق سوپى، ھېرىسلىك سەۋەبىدىن كېچىدە كور بولىدۇ.

## ۋەيران بولغان سودىگەر

تىجارەتتە ۋەيران بولغان، ئۆي-ماكانسىز بىر سودىگەر قەرزگە بوغۇلۇپ زىندانغا كىرىپ قاپتۇ. زىنداندىن بەرگەن تاماقتا تويماي، باشقىسىنىڭ يەيدىغان نەرسىسىگە قول سالىدىكەن.

سودىگەرنىڭ بۇ بەدقىلىقىدىن جىق تويغان زىندان ئەھلى، قازىنىڭ ۋەكىلىگە شىكايەت قىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ: _ قازىغا بىرىپ بىزنىڭ ئەرزىمىزنى بايان قىل. بىز بۇ ۋەيرانە سودىگەردىن رازى ئەمەس. ئۇ ناھايىتى ئاچكۆز، يالغانچى، جاھىل ۋە رەزىل ئىكەن. ئۇ زىنداندا داۋاملىق قىلىشنى خالايدىكەن. تاماق ۋاقتىدا چىۋىندەكلا كېلىپ تامىقىمىزغا قونىدۇ. ھېچكىم ئۇنى خالىمىسىمۇ، ئۇنىڭ پەرۋايى

پەلەك. ئاتمىش كىشىنىڭ تامقى ئۇنىڭغا ئاز كەپ قىلىۋاتىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ غەزىپى كەلسىمۇ، ئۇ يەنىلا تاماقتىن قولىنى تارتمايدۇ. زىندان ئەھلىگە ئاززاق نان كېلىپ قالسا، ئۇ تۈرلۈك ھىلە ئىشلىتىپ ئۇنى ئېلىۋالىدۇ. يا ئۇ ئۆكۈز زىنداندىن كەتسۇن، يا ئۇنىڭغا ۋەخپىدىن مەخسۇس تاماق بېرىلسۇن!

ۋەكىل قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، زىنداندىكىلەرنىڭ بۇ شىكايەتلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىپتۇ. بۇ شىكايەتلەرنى ئاڭلىغان قازى، سودىگەرنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنى تونۇش بىلىشلەردىن ئىگەللەپتۇ. زىندان ئەھلىنىڭ ئەرزى قازىغا ئايان بوپتۇ.

قازى سودىگەرگە دەپتۇ:

– ھەي تەييارتاپ، ئەمدى سەن زىندانغا ئاياق باسقۇچى بولما، ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كەت !

ۋەيران بولغان سودىگەر جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

–ئۆيگە كەتكۈم يوق. باش تىققۇدەك ئۆيۈممۇ يوق. مەن پۈتۈنلەي قاقسەنەم بولغان ئادەم. زىندان ماڭا جەننەت بولدى. سەن مېنى زىنداندىن قوغلىما، بولمىسا مەن يوقسۇللۇق ۋە جاپادا ھالاك بولىمەن.

قازى: –ئۇنداقتا، بۇنى قانداق ئىسپاتلايسەن!

ۋەيران بولغۇچى :– بۇنىڭغا زىنداندىكىلەر گۇۋاھ.

قازى: –ئۇلار سەندىن نارازى. ھەممىسى سېنىڭ جاپايىڭدىن قېچىۋاتىدۇ. سېنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئاماللارنى ئىزدەۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار ساڭا يالغاندىن گۇۋاھ بولۇشى مۇمكىن.

قازىنىڭ ھوزۇرىدىكى ھەممە كىشى بىردەك: – بىز ئۇنىڭ ۋەيران بولغان بىرسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، – دەپتۇ.

قازى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كىمدىن سورىسا، ھەممىسى ئوخشاشلا "ئۇ ھەممە مال-دۇنياسىنى يوقاتقان كىشى" دەپتۇ.

قازى دەپتۇ: – بۇ ئىشنى پۈتۈن ئالەمگە ئاڭلىتىش كېرەك. پۈتۈن بايلار، ئىقتىسادى ۋەيرانچىلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسۇن. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن.

ھەر تەرەپتە جاكارچىلار بۇ ھالنى ئاڭلاتسۇن. پۈتۈن يەرنى جاكارچىلارنىڭ دۇمباق ئاۋازلىرى قاپلىسۇن. ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن سودا سېتىق قىلمىسۇن. ئۇنىڭغا قەرز بەرمىسۇن. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىدىن داۋا قىلغۇچىلار بولسا بىلسۇنكى، ئۇنى ھەرگىز زىندانغا ئاتمايمەن. ئۇنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن ۋەيران بولغانلىقى خەلقى-ئالەمگە ئايان. ئۇنىڭ ئىلكىدە يىڭنىچىلىك مال مۈلۈك يوق. ۋەيران بولغانغا مال بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بىر تال دانىنى قايتۇرۇپ ئالالمايسەن!

جاكارچىلار بازارغا ئوتۇن ساتقىلى كىرگەن ئوتۇنچى كۈرتنىڭ تۆگىسىنى ئېلىپ، ۋەيران بولغان سودىگەرنى ئۇنىڭغا مىندۈرۈپ كوچىدا سازايى قىلماقچى بوپتۇ . ئەمما ئوتۇنچى كۈرت تۆگىسىنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. لېكىن ياساۋۇللار ئۇنىڭ تۆگىسىنى مەجبۇرى تارتىۋاپتۇ . ئوتۇنچى ئازراق پارا بېرىپ تۆگىسىنى قايتۇرۇپ ئالماقچى بوپتۇ-يۇ ئەمما، بۇ كارغا كەلمەپتۇ. ئاخىرى ئوتۇنچى كەچ كىرگۈچە سەۋر قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. سودىگەرنى تۆگىگە مىندۈرۈپتۇ، تۆگىنىڭ ئىگىسىمۇ ئارقىسىدىن ۋاقىراپ مېڭىپتۇ. بازارنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئايلاندۇرۇپتۇ. پۈتۈن شەھەر خەلقى ۋەيران بولغۇچىنى تونۇپتۇ. تۈرك، كۈرت ۋە رۇملاردىن تەشكىل تاپقان ئون جاكارچى بار ئاۋازى بىلەن توۋلاپتۇ:

_ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلاركى ئاموخاس! بۇ ھېچ بىر نەرسىسى قالمىغان، ۋەيران بولغان بىر تىجارەتچىدۇر. ھېچكىم ئۇنىڭغا بەرمىسۇن. ئۇنىڭ نەق ياكى نېسى مال-دۇنياسى يوق. ئۇ ھېچنىمىسى يوق بىر گاداي. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم دوستىمۇ بولمىسۇن. ھەركىم ئۆكۈزىنى، ئېشىكىنى قوزۇقىغا چىڭ باغلىسۇن. قازى ئۇنىڭ دائىم ئالدىغا كېلىشىدىن جاق تويۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى زىندانغىمۇ ئاتمايدۇ. ھەركىم ئاگاھ بولسۇن!

كەچ بولغاندا سودىگەر تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپتۇ.

كۈرت ئوتۇنچى، خەلقى-ئالەمگە ئىبرەت ئۈچۈن سازايە قىلىنغان سودىگەرگە:
_ باردىغان يېرىم ئۇزاق، كەچ بوپ كەتتى. تۆگىگە شۇنچە ئۇزاق مىندىڭ. تۆگىگە سامان كېرەك. ئەمما پۇل يوق، _دەپ ۋەيران بولغان سودىگەرگە تاپا-تەنە قىپتۇ.

سودىگەر:_كەچكىچە ئايلاندۇق. ئەھۋالىمنى كۆردۇڭ. ئەمدى نېمە دەيمەن؟ يەتتە قات ئاسمانمۇ مېنىڭ ۋەيران بولغانلىقىمنى ئاڭلىدى. سېنىڭ

بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ ئوي-خىيالىڭ ۋە ئەقلىڭ تامادا ئىكەن. تاماخورلۇق ئادەمنى كور ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ. مېنىڭ ھالىمنى تاش ۋە كېسەكمۇ ئاڭلىدى. ئەي نومۇسسىز! مەن بىر ۋەيران بولغان گادايمەن. مەندە پۇل نېمە قىلسۇن!

ئەپسۇس، بۇ سۆزلەرنى جاكارچىلار بىر كۈن كەچكىچە توۋلىغان بولسىمۇ، تۆگىنىڭ ئىگىسى بولغان كۈرت ئوتۇنچىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەن ئىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقى ھېرس ۋە تاما بىلەن تولغان ئىكەن.

قانچىلىغان قۇلاق ۋە كۆزلەر تەڭرىنىڭ تامغىسى بىلەن پېچەتلەنگەن. قانچىلىغان سۈرەتلەر خجالەتتە قالغان، ھە !

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ھەقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن كىشى پادىشاھ بولسىمۇ كۆزى ئاچتۇر.

بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ زىندان كوچىسى، ھەر تۈرلۈك جاپا-مۇشەققەت، دەرد-ئەلەم بىلەن تولغان.

ئەگەر بالا كەلمەكچى بولسا، چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە مۆكۈنسەڭمۇ، مۈشۈك كېلىپ، قولى بىلەن ساڭا زەھەر ئىچكۈزىدۇ.

شېرىن خىياللار سەۋرنى تاتلىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلار سېنىڭ كۆڭلۈڭنى راھەتلەندۈرىدۇ.

كۆڭۈل خوشلۇقى، ئۈمىد ئىماندىن كېلىدۇ. ئىمانى زەئىپ بولغان ئۈمىدسىز، كۆڭۈلسىز كېلىدۇ.

سەۋر ۋە ئىمان سەۋەبىدىن باش تاج بولىدۇ. سەۋرسىزنىڭ ئىمانى يوق.

يۈسۈف، قېرىنداشلىرىنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغىنى بىلەن، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى ئىدى.

كۆرۈنۈشتىكى بۇ كۆز ئەسلى كۆزنىڭ كۆلەڭگىسىدۇر. ئۇ نېمىنى كۆرسە، بۇمۇ ئۇنى كۆرىدۇ.

سەن ماكاندا سەن، ئەسلىڭ ماكانسىزلىقتا. بۇ دۇكاننى تاقاپ، ئەسلى دۇكانغا قايت.

كىم سېنى ھەقتىن سوۋۇتماقچى بولسا، شەيتان ئۇنىڭ ئىچىدە. شەيتان ۋە ھىلە ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندۇر.

ھال ئىگىلىرى كۆزنىڭ ئىگىسى بولۇشقا تىرىشسا، جانابى ھەق ئۇلارغا گۈزەللىكنى، كامالەتنى كۆرسىتىدۇ.

دەردكە ھەقتىن بىر دەۋا بولمىسا، ئۇ دەرمان ساڭا لايىق بولمايدۇ.

بۇ جاھان، تەرەپسىز ئالەمدىن پەيدا بولدى. بۇ ماكان، ماكانسىزلىقتىن كەلدى.

دۇئالىرىمىزمۇ، ئۇنىڭ قوبۇلىمۇ سەندىن. خاتىرجەملىك، قورقۇنچمۇ سەندىن.

سۇ ۋە تۇپراققا ياخشى بىر خۇي ئاتا قىلدىڭ. ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ سۇرىتى گۈزەللىككە ئېرىشتى.

ئۇنى جۆرگە، ئۇرۇق-تۇققانغا ئىگە قىلدىڭ. ئۇنىڭغا سۆيگۈ ۋە غەم چۈشەنچىسىنى ئاتا قىلدىڭ.

قۇياشنىڭ نۇرى تامغا بىر پارقىراقلىق ئاتا قىلغان بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، بۇ پارقىراقلىق ئۆتكۈنچىدۇر.

ئەي ئەقىللىق ئىنسان! كېسەك ۋە تاشقا كۆڭۈل بەرمە. ئۆچمەس باقى نۇرنىڭ ئىستىكىدە بول.

ئەي ئەقىل بىلەن ئاشىق داۋاسى قىلغان! كۆرۈنۈشكە بېرىلگەنلەر بىلەن بىللە بولما.

## مېنى سۆزلەتمە

بىر بالا، ئۆز ئاچچىقىنى باسالماي ئانىسىنى ئۇرۇپ، پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇ پاجىئەلىك ۋەقەگە شاھىت بولغان بىرسى ئۇنىڭغا:

-خۇي-پەيلىڭ ئەجەپمۇ يامان بىر مەخلۇق ئىكەنسەن! ئاناڭنىڭ سېنى قانچىلىك جاپادا بېقىپ چوڭ قىلغانلىقىنى، ئۇستىۇڭدە قانچىلىك ئەجرىنىڭ بارلىقىنى ئەقلىڭگە كەلتۈرمىدىڭمۇ ؟ ئېپلاس! ئاناڭنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ ئۇ ئانا، ساڭا

زادى نېمە قىلدى؟

بالا:ــ ئائىلىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان بىر ئىش قىلدى، ئۆز تېنىنى ساتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۆلتۈردۈم. ئەمدى قىلغان يامانلىكلىرى تۇپراققا كۆمۈلدى، ــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بىرسى:ــ ھەي ۋاپاسىز، ئاناڭنى ئۆلتۈرگەننىڭ ئورنىغا، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرسەڭ بولمامتى؟ دېيىشىگە، ئۇ بالا مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

ــ ھەر كۈنى بىرسىنى ئۆلتۈرسەم بولامتى؟ شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈردۈم . كۆپچىلىككە ئۇۋال قىلىشتىن قۇتۇلدۇم. بىرمۇنچە ئادەمنى ئۆلتۈر گەننىڭ ئورنىغا، بىرنى ئۆلتۈرگەن ياخشىدۇ!

يامان خۇيلۇق ئۇ ئانا، سېنىڭ نەپسىڭدۇر. ھەممە تەرەپكە يېيىلغان بۇ يامانلىكمۇ سېنىڭ نەپسىڭ. سەن ئۇ نەپسىڭنى ئۆلتۈر. ئېبلاس نەپسىڭ سەۋەبىدىن شۇ تاپتا ئەزىزلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىسەن. ھوشۇڭنى تېپىپ، نەپسىڭنى ئۆلتۈر! ئۇنىڭ سەۋەبىدىن بۇ گۈزەل دۇنيا ساڭا تار كەلدى. ئۇنىڭ سەۋەبىدىن تەڭرى بىلەنمۇ سوقۇشۇۋاتىسەن، خەلق بىلەنمۇ. نەپسىڭنى ئۆلتۈرسەڭ بۇ دۇنيادا ھېچ بىر دۈشمىنىڭ قالمايدۇ . ھەممىسى ساڭا دوست بولىدۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بىرسى قۇياشنى پارچىلىۋەتسىمۇ، ئۇنى دۈشمەن دەپ بىلمە. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە دۈشمەندۇر. ئۆز-ئۆزىنى ئازاپلايدۇ.

ئەگەر بىر بىمار دوختۇرنى دۈشمەن دەپ قارىسا، ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىغا ئۆچمەنلىك قىلسا، ھەقىقەتەن ئۆز-ئۆزىگە دۈشمەن بولغان بولىدۇ، ئاقىۋەتتە ئەقلى ۋە جېنىنىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

كىر يۇغۇچى قۇياشقا تىرىكسە، بېلىق سۇغا دۈشمەن بولسا، كىمگە زىيان؟

جانابى ھەق سېنى كۆرۈمسىز ياراتقان بولسا، مەن سەت دەپ، يامان خۇيلۇق بولما.

ھەسەت بولسا كەمچىلىك ۋە يامانلىقنىڭ خېمىرتۇرۇچى. شۈبھىسىز ئۇ ئەڭ كۈچلۈك زەھەر.

شەيتاننىڭ ئۆزىنى ئۈستۈن كۆرگەن تەبىئىتى، قىيامەتكە قەدەر قۇيرۇقىنى بالاغا باغلىدى.

ئۇ ھەسەتخورلۇقىدىن يۇقىرى مەرتىۋە تىلىدى . بۇ سەۋەپتىن قىيامەت كۈنىگىچە لەنەتلەندى.

پۈتۈن جاھاننى كېزىپ، ياخشى خۇلقتىن باشقا بىر ياخشى نەرسە كۆرمىدىم

ئابروي ۋە شۆھرەتكە كۆڭۈل قويما، ئۇلاردىن ۋاز كەچ. ئەڭ ياخشى ئىش بولسا، ياخشى ئەخلاق ۋە خىزمەتتىدۇر.

گۈزەل خۇلق ئىگىسى نىجات تاپىدۇ، يامانلار شېشىدەك چېقىلىدۇ.

ھەقنىڭ نۇرىدا يەتمىش مىڭ پەردە بار. ئۇنىڭ يورۇقلۇقىدا نۇر ۋە زۇلمەت ئايرىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى سەپتىكىلەر كۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ئالدىدىكىلەرنىڭ نۇرىغا قاراشقا پېتىنالمايدۇ.

تۆمۈر كۈچلۈك ئوت ئىچىدە تاۋلىنىدۇ، ساپلىشىدۇ. ئۇ جاپا تارتقان يوقسۇلغا ئوخشايدۇ.

ئوت ۋە بازغان بەختتىن بېشارەت بېرىدۇ.

ھەقىقەتنى ساختىلىقتىن، شاراپنىڭ رەڭگىنى قەدەھنىڭكىدىن ئايرىغىن.

باھار كەلگەندە، پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەر:

– بىز ئۆزلۈكىمىزدىن ياشىرىپ يېشىل بولدۇق. ھەممىدىن مەنئۇن بىز ، –دەيدۇ.

ياز ئۇلارغا دەيدۇكى:" ئەي مەۋجۇداتلار، مەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالىڭلارغا ۋاي!"

## پادىشاھنىڭ قۇللىرىنى سىنىشى

بىر زامانلاردا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھ بىر كۈنى ئۆز خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان ئىككى قۇلنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ ۋە قۇللارنىڭ بىرسى بىلەن ئازراق پاراڭلىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا، ئورۇنلۇق سۆز قىلىدىغان بىر قۇل ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. چۈنكى قۇل شۇنچىلىك پاساھەتلىك سۆزلەر نى قىپتۇكى، مەن-مەن دېگەن دانىشمەنلەرنىڭ ئېغىزىدىنمۇ بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ چىقىشى تەس ئىكەن. پادىشاھ ئىچىدە ھەتتا مۇنداق ئويلاپتۇ :

ئەجەبا بۇ قۇلنىڭ ئىچى ئىلىم كانىمۇ؟

پادىشاھ مانا مۇشۇنداق خىياللارنى قىلىپ، ئازراق ئويلىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قۇلنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.

ئۇ قۇل پادىشاھنىڭ يېنىغا كەپتۇ. بۇ قۇلنىڭ ئاغزى پۇرايدىكەن، چىشلىرى قارىداپ كەتكەن ئىكەن. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۇنى ئانچە ياقتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەخلاقىنى، نىيىتىنى بىر سىناپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىڭغا:

ـ ئاغزىڭ سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ، بىر ئاز يىراقراق تۇر. مېنىڭ دېگەنلىرىمنى قىلىپ، ياخشى خىزمەت قىلساڭ، سېنىڭ بىلەن دوستتەك ئۆتىمىز، سەن ماڭا ياخشى بىر ھەمرا بولساڭ، كەلگۈسۈڭ پارلاق بولىدۇ.

ـ سەن مەجلىسىمىزگە قاتنىشىپ ئازراق سۆز قىل. ئاندىن ئەقلىڭنىڭ قانچىلىكلىكى ئاشكارە بولىدۇ، ـدەپتۇ ۋە يەنە بىر گەپدان قۇلغا: ـ ماڭ، مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كەل، ـ دەپ كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئاندىن يېنىدىكى ئاغزى پۇرايدىغان قۇلغا قاراپ:

ـ ئەسلىدە سەن ناھايىتى ئەقىللىق بىر قۇل ئىكەنسەن. سېنىڭدەك قۇلنى يۈز قۇلغا تەڭ قىلمايمەن. لېكىن ئۇ ھەسەتخور ئاغىنەڭ، بىزنى سەندىن سوۋۇتتى. ئۇ سەن توغرىلىق " ئۇ دېگەن ئوغرى، توغرا يولدا ماڭمايدۇ. ئۇ ئۇنداق، ئۇ مۇنداق" دەپ سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلدى" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان قۇل مۇنداق دەپتۇ:

ـئۇ دائىم راست گەپ قىلىدۇ. مەن تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنداق راست گەپ

قىلدىغان بىرسىنى كۆرمىدىم. ئۇ شۇنداق راستچىل. شۇڭا ئۇ نېمە دېسە ئىشىنىمەن. مەن ئۇنىڭ بىر يامانلىقىنى كۆرمىدىم. ئەگەر بىر خاتالىق بار دېسەك، بەلكى ئۇ مەندىكى خاتالىق بولۇشى مۇمكىن.

— ھەر كىم ئۆز خاتالىقلىرىنى كۆرگەن بولسا ئىدى، ئۇنى تۈزىتىشنىڭ ئامالىنى قىلغان بولاتتى.

بۇ سۆزلەرنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلىغان پادىشاھ، قۇلغا يەر ئاستىدىن بىر قاراپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

—ئۇ سېنىڭ كەمچىلىكلىرىڭنى قانداق ئاشكارىلىغان بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭكىنى شۇنداق ئاشكارىلا. سەن دوستۇم بول، دۆلىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىل.

قۇل كەمسىنىلىك بىلەن دەپتۇ:

— مەن بىر قۇل بولۇش سۈپىتىم بىلەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

"ئەيىبى" — ئادىمىيلىك، سۆيگۈ، ۋاپا ۋە راستچىللىقىدۇر. ئالاھىدىلىكى، مەرتلىك ۋە ياردەم سۆيەرلىكىدۇر. ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي باشقىلار ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلىدۇ. لېكىن بۇ پىداكارلىق مەرت بولمىغان كىشىدە يوق. كىم ھەق ئۈچۈن، ئۆزىنى بېغىشلىسا، ئۇنىڭدا قورقۇش بولمايدۇ ۋە چوقۇم ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ.

پادىشاھ: — دوستۇڭنى بەكمۇ ماختاپ كەتمە. ئۇنى ماختىغان بولۇپ ئۆزۈڭنى ماختىما، — دەپتۇ.

قۇل دەپتۇ:

—پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ھەرگىز ئۇنداق بىر نىيىتىم يوق. ھەق ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە رەھمىتىدىن ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. بۇ قارا شور تۇپراقلاردا مۇشۇنداق ئىنسانلارنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇلارنى تۇپراقتىن تۆرەلگەنلەردىن، كۆكتىكىلەردىن ئۈستۈن قىلدى. ئوتتىن بىر نۇر ھاسىل قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن نۇرلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ئۇ چاقماقنىڭ چېقىشى جانغا نۇر بېغىشلىدى. ئادەم

ئۇ نـۇر بىلـەن ئىلھاملانـدى. ئادەملـەر زېمىنغـا خەلىپـە بولـدى. ئۇ نـۇر ئىبراھىمنىـڭ جېنىنـى قوغدىـدى . ئۇ قورقماسـتىن نەمـرۇد ياققـان ئوتنىـڭ ئىچىگـە كىـردى. ئۇ نۇر ئىسـمائىلغا دالـدا بولـدى. بـۇ سـەۋەپتىن پىچاققـا بويىننـى تۇتـۇپ بـەردى. داۋۇتنىڭ جېنـى ئۇ نۇردىـن بەھرىمەن بولدى. شـۇنىڭ ئۈچۈن قولـى بىلەن تۆمۈرنى خېمىردەك يۇمشـىتىۋەتتى. سـۇلايمان ئۇ نۇرغا ئىگە بولغاچقا، ئىنسـانلار بىلەن جىنلار ئۇنىڭغا بـوي سـۇندى. ياقـۇپ ئۇ نۇرغـا ئاشـنا بولغانلىقىدىـن، كـۆزى كۆرىدىغـان بولـدى. هاسـا، مۇسـانىڭ قولـدا نۇرلانغاچقـا، پىرئەۋنىنـىڭ سـەلتەنەتى بىتچىـت بولـدى. مەريەمنىـڭ ئوغلـى ئەيسـا يولنـى تاپقاچقـا، تۆتىنچـى قـات ئاسـمانغا چىقىـپ كەتتى. ھەزرىتى مۇھەممەدتە ئۇ نۇر كۆپرەك بولغاچقا، بىر ئىشـارەت بىلەن ئاينى ئىككىگە بۆلۈۋەتتـى. ھەزرىتـى ئەبۇبەكرىنىـڭ مەقسـىتى توغـرا يولنـى تېپىـش ئىـدى. شـۇڭا ئۇ ئەنـە شـۇنداق بىـر پەيغەمبەرگـە يولـداش ۋە قوللىغۇچـى بولـدى. ئۆمـەر ھەققـە ئاشـىق بولغانلىقتىـن ھـەق بىلـەن باتىلنىـڭ ئوتتۇرىسـىنى ئايرىغۇچـى بولـدى.

ئەلىمۇ تازا يۈز-ئابروي تاپتى، تەقدىرىگە تەڭرىنىڭ ئارسلانى دەپ يېزىلدى.

سـۆزنىڭ قىسقىسـى، مېنىـڭ بـۇ دوسـتۇم سـۆزلىگەنلىرىمدىن يـۈز ھەسسـە ياخشـى.

پادىشاھ بۇ مەدھىيەلەرنى ئاڭلاپ دەپتۇ:

- بولـدى. ئەمـدى ئۆز ئەھۋالىڭدىـن گـەپ ئاچ. قاچانغىچـە ئۇنىـڭ، بۇنىـڭ ئالاھىدىلىكلىرىنـى سـۆزلەپ يۈرۈيسـەن؟ سېنىڭ بىلىدىغـان بىـرەر ھۈنىرىڭ بارمۇ؟ تۇپراقنىـڭ ئاسـتىغا كىرگەنـدە، قەبرىنـى يورۇتىدىغـان نـۇرۇڭ بارمـۇ؟

پۈت-قولۇڭدىن ماغدۇر كەتكەندە، ئۈچىدىغان قانىتىڭ بارمۇ؟

قۇل پادىشاھنىڭ بۇ تۇگىمەس ھېكمەتلىرىنى ئاڭلاپ دەپتۇ:

- ئەي شاھ! ھـەر ئىشـارەتنىڭ شـەكلى ۋە رەڭگـى باشـقا بولىدۇ. يـوق بولۇش ئۈچـۈن تـوپلىنىـدۇ. ھـەر نەرسـە ئۆزى مـاس كېلىدىغـان نەرسـىگە ئايلىنىـدۇ. پادىمـۇ پادىچىغـا ئۈيغۇنلىشـىدۇ. مەھشـەردە ھـەر ئىشـارەتلەر بىـر سـۈرەتتۇر. سـۈرەتنىڭ بىر-بىرىگـە ئوخشـاش كۆرۈنۈشـىنىڭ ئۆزى، بىـر شـەكلىدىن ئىبـارەت. ئۆزەڭگـە قـارا، سـەنمۇ بىـر ئىشـارەتتىن ئىبـارەت. بۇنىڭدىكـى مەقسـەت بىـر ئىشـقا ۋەكىـل بولۇشـىڭدۇر. ئۆيلەرگـە، ئوردا-سارايلارغا قـارا، ئۇلارنـى قۇرۇلـۇش ھۈنەرۋەنلـىرى

لايىھىلىگەن. كۆرۈۋاتقان باشقا سارايغىمۇ قاراپ باق. ئۇلار نېمە دېگەن گۈزەل. ھەر ئىشنىڭ، ھەر پىكىرنىڭ ئەسلى ئاساسى بولسا خىيال، تەسەۋۋۇر ۋە چۈشەنچىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرگە ئىختىيارى بىر قاراپ باق ، سەۋەبلەر دائىم ئىشارەتلەردۇر. باشتا پىكىر، ئاندىن كېيىن ئىش. ئەزەلدىن بېرى ئاللەمنىڭ يارىتىلىش قانۇنىيىتى مۇشۇنداق. كۆڭلىمىزدە ئالدى بىلەن پىكىر بولىدۇ. كېيىن ئۇ ئىش مەيدانغا كېلىدۇ. كۆچەت تىكىشتىكى مەقسەت، ئۇنىڭدىن مېۋە ئېلىشتۇر. گەرچە بىخ، تال ۋە ياپراقلار باشتا چىقسىمۇ، ئەمما ئۇلاردىنمۇ قىممەتلىكى ئۇنىڭ مېۋىسى. بۇ گەپ-سۆزلەرنى ئىشارەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن سۆزلىدىم. ئەي شاھ! پۈتۈن ئالەم ئىشارەتتۇر. بۇ ئىشارەتلەر سۈرەتتىن تۇغۇلدى. سۈرەت بولسا تەپەككۇردىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ جاھان بىر پىكىر بىلەن سىزىپ چىقىلغان بولۇپ، ئەقىل پادىشاھ بولدى، سۈرەتلەر پەيغەمبەرلەردۇر. بىرىنچى ئالەم ئىمتىھان ئالىمىدۇر. ئىككىنچى ئالەم بولسا ئىنسانلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدىغان ئالەمدۇر. ئەي شاھ! قۇل ساڭا خىيانەت قىلسا بۇ ئىشارەت ئۇنىڭ ئۈچۈن زەنجىر ۋە زىنداندۇر. ئۇ لايىقىدا ياخشى خىزمەت قىلسا، ئىشارەت بولماي بەلكى ئىناۋىتى ئاشىدۇ.

پادىشاھ قۇلنىڭ بۇ پاساھەتلىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دەپتۇ:

– بوپتۇ سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. ئەمما سېنىڭ ئىشارەتلىرىڭدىن بىر جەۋھەر كۆرەلمىدىم.

قۇل دەپتۇ :

– ئەگەر ئۇيلارنىڭ سۈرەتلىرى ئوتتۇرىغا چىققان بولسا پۈتۈن ئىنسانلار ھەقنىڭ يولىنى تۇتقان بولاتتى. ئەي شاھ! بۇ بىلىنمىگەن ئالەم بىلىنگەن بولسا ئىدى، ئىمان ۋە ئىمانسىزلىق سۈرىتى پېشانىلىرىگە سىزىلغان بولاتتى. بۇ پانىي دۇنيادا ھېچكىم بىر گۇناھ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى.

پادىشاھ:

–ئاللەمنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى ھېكمەت، ھەق ئىلمىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئويلىرىدىن باشقىچە مەلۇم بولغانلىقىدۇر. ھەقىقەت بۇ دۇنيادا مەيدانغا چىققىچە باي ۋە گاداي مەۋجۇت بولىدۇ. سەن ياخشى ۋە يامانلىق قىلماي تۇرالمايسەن.

جىنىڭ خالىسا بىر ئىشنى قىلسەن. سەۋەپ ئانىسى بولسا، ئەسەر ئۇنىڭ بالىسىدۇر. بۇ سەۋەبلەرنىڭ نەسلى بىر، لېكىن ئۇ نەسىلنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن كۆز كېرەك.

پادىشاھ مانا مۇشۇلارنى دەۋاتقاندا يەنە بىر قۇل مۇنچىدىن چىقىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ قۇلنى يېنىغا چاقىرىپ دەپتۇ:

ــ سالامەتلىك ۋە ھۇزۇر ساڭا يار بولسۇن. رەڭگى-روھىڭ كۆتۈرەڭگۈ تۇرىدۇ. مىڭ ئەپسۇس ئاغىنەڭ دېگەن خۇيلار سەندە بولمىغان بولسا ئىدى، يۈزۈڭنى كۆرگەنلەر خۇشال بولۇپ، سېنىڭ بىلەن دوست بولاتتى.

بۇ تەنە سۆزلەرنى ئاڭلىغان قۇل دەپتۇ:

ــ پادىشاھىم! ئۇ دىنسىز، نىيتى يامان، مەن توغرىلىق زادى نېمە دېدى؟ دېگەنلىرىدىن مېنى ئازراق خەۋەردار قىلغان بولسila.

پادىشاھ:

ــ ئالدى بىلەن سېنى ئىككى يۈزلىمچى، كۆرۈنۈشتە ياخشىدەك قىلغان بىلەن ئىچى زەھەر، باشقا بالادۇر، ــ دېدى.

پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان قۇل، دەرھال غەزەپكە كېلىپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپتۇ. ئاچچىقتىن كۆزلىرىگە قان تولۇپتۇ ۋە :

ــ ئۇ مەن بىلەن ياخشى دوست. بىراق ئىتتەك يامان خۇيى بار. ھارام نەرسىلەرنى يەيدۇ، ــ دەپ ئۇنى تىللاشقا باشلاپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاشقا ھېچ تاقىتى قالمىغان پادىشاھ:

ــ بولدى بەس! سېنىڭ قانداقلىقىڭنى بىلدىم. گەرچە ئۇنىڭ ئاغزى پۇرىغان بىلەن سېنىڭ روھىڭ سېسىق پۇرايدىكەن. نېرى تۇر. ئۇنداق مەغرۇر تۇرما! بۇندىن كېيىن ئۇ سېنىڭ غوجدارىڭ. سەن ئۇنىڭ چاكىرى، ــ دەپ ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى بېرىپتۇ ۋە مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ: ــ دۇنيا قارىشى توغرا بولغان كىشىلەر، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى تىلى ئارقىلىق قوغداشنى بىلىدۇ. تېشى پال-پال ئىچى غال-غال بولغانلاردىن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەك.

بۇ ھېكايە مەيلى راست، مەيلى يالغان بولسۇن، ھەر ۋاقىت ياخشى

ئادەملەرگـە نەسـىھەتتۇر.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

شېكەردەك لەۋلەردىن، شەربەتتەك سۆزلەر تۆكۈلىدۇ.

ئادەمنىڭ كىملىكى تىلىنىڭ ئاستىدا.

تـىل جانىنىڭ پەردىسىدۇر. ئەگـەر ئۇ پـەردە شامالدا قايرىلسا، كـۆز ئۆيىنىڭ ئىچىدىكـى سـىرلاردىن خـەۋەردار بولـىدۇ. ئۆيـدە ئۈنچە-مەرۋايـىت بارمـۇ ياكـى بۇغدايمـۇ؟ ئالتـۇن خەزىنىمـۇ ياكـى يىـلان بىلـەن چايانمـۇ؟ ئەگـەر خەزىنـە بولسـا، يىلانچـۇ؟ چۈنكـى خەزىنىگـە كۆزەتچـى لازىـم.

ئۈنچىدەك سۆزلەردىن چاقنىغان ھەر بىر نۇر ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيدۇ.

ئۇ ئۈنچىنىڭ نـۇرى كۆزىمىزنـىڭ نۇرى بولغان بولسا ئىدى، سوئالمۇ، جاۋابمۇ بىـزدە بولاتتى.

سـىڭايان قارىساڭ، ئاي ئىككـى كۆرۈنـىدۇ. ئۇدۇل قـارا، ئاي بىـر كۆرۈنسـۇن. ئىزدىگـەن جاۋابنـى ئاندىـن تاپىسـەن.

پىكىردىـن ئاغمـا، ياخشـى قـارا. بىلگىنكـى ئۈنچىنـىڭ نـۇرى سـېنىڭ ئوي-پىكىرىڭـدۇر.

قـۇلاق ۋاسـىتىلىك ئاڭلايـدۇ، كـۆز بولسـا بىۋاسـتە كۆرىـدۇ. كـۆز كۆزىتـىدۇ، قـۇلاق غەيـۋەت ئەھلـى.

قۇلاق ھەقىقەتنى ئاڭلىسا كـۆزدەك بولـىدۇ، بولمىسا غەيۋەتكـە شۇڭغۇغان بولىدۇ.

ھـەر كىـم ئۆزىنـىڭ يۈزىگـە ئۆزى قارالمايـدۇ. سـەن مېنىڭكىگـە قارايسـەن، مـەن سـېنىڭكىگە.

ھـەر كىـم ئۆزىدىـن پۈتۈنلـەي خەۋەرسىز بولغانلىغى ئۈچـۈن، داۋاملىـق بىـر-بىرىنىڭ ئەيىبىنى سـۆزلەيدۇ.

خەسـىس ھـەم قورقۇنچـاق كىشـى ئەجىردىـن، ياخشـىلىقتىن قـورۇق قالـىدۇ. دېڭىزنـىڭ تېگىگـە شۇڭغۇشـنى ياخشـى كۆرگەنلـەر ئۈنچىنـى ئالـىدۇ.

قىلغان مەرتىلىكنىڭ نەتىجىسى دەرھال كۆرۈلگەن بولسا، دۇنيادا خەسىس قالمىغان بولاتتى.

مەرتلىك كۆزدىن بولىدۇ، قولدىن ئەمەس. غەلىبە ئۈچۈن كۆز كېرەك.

ھېس-تۇيغۇلار ئۈلسە كارغا كەلمەيدۇ. جان نۇرى كېرەككى كۆڭۈل دوستى بولسۇن.

كۆرۈنۈشى قانچىلىك گۈزەل بولسىمۇ، خۇيى يامان بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى بىر تال ئارپىچىلىكمۇ بولمايدۇ.

كۆرۈنۈشى شۇنچىلىك ھەقىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى گۈزەل بولسا، ئۇ يەنىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ.

كۆرۈنگەن سۈرەت پانىيدۇر. مەنە ئالىمى بولسا باقىيدۇر.

قاچانغىچە كومزەكنىڭ چىرايلىقىغا ئالدىنىسەن؟ كومزەكنىڭ زىننىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۇغا نەزەر سال.

سۈرەت بولسا مەنە ئالەمدە بىر پەردە. سەدەپنى ئويلىماي ئۈنچىنى قولغا كەلتۈر.

شۈبھىسىز شۇنچە كۆپ سەدەپتەك قەلبلەر ئۇنىڭ دەريالىرىدا يېتىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر سەدەپنىڭ ئىچىدە ئۈنچە بولمايدۇ. شۇڭا ھەر بىرىنىڭ ئىچىگە ئوبدان قارا. چۈنكى قىممەت باھالىق ئۈنچە ئاز ئۇچرايدۇ.

كۆڭلىدە ئىرادىسى بولغان، ۋاقتى كەلسە جاھاننى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

تېشى بىلەن ئىچى بىر بولغان پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن يۈز مىڭلارچە ئەسكەر ئەگىشىدۇ.

چۈنكى ئۇ پادىشاھنىڭ بارلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىگە بىر ئاقىل يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

خەلق بىر ئىدىيەنىڭ سەۋەبىدىن سەلدەك ھەر تەرەپكە ئېقىپ كېتىدۇ . خەلق ئۇ ئىدىيەگە ئېتىبارسىز قارايدۇ. ئەمما، ئۇ ئىدىيە جاھانغا سەلدەك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ھەر ئىشنىڭ نېگىزى ئىدىيەدە، پىكىردە، چۈشەنچىدە. ئىشنىڭ ئالدىدا ئۇ مەيدانغا كېلىدۇ.

شۇنچە ھەيۋەتلىك قەسىرلەر، سارايلار، شەھەرلەر، شۇنچە ئېگىز تاغلار، جىلغىلار، ئويمانلىقلار ۋە دەريالار، بېلىقنىڭ دېڭىزدىكى ھاياتلىرىدەك، يەرمۇ، دېڭىزمۇ، كۈنمۇ، ئايمۇ ۋە ئاسمانمۇ ئۇنىڭ سەۋەبىدىن مەۋجۇت.

پىكىر دۇنياسىدا ئېشەكتەك دائىم بىخۇت ۋە خەۋەرسىز يۈرمە.

بىلىمسىزلىككە رازى بولۇپ، ئەقلىنىڭ دۈشمىنى بولما.

سۈرىتىڭ ئادەم. ئەمما، ئەقىل-ئىدرىكىڭ يوق.

بىر كۈن ئۇ پىكىر ۋە ئويلار قانات كېرىپ، پەردىدىن چىقار ئالدىڭغا.

ئۇ ۋاقىت ئۇ ئېگىز تاغلار پاختىدەك توزۇپ، كۆكۈم-تالقان بولىدۇ.

يۇلتۇزلار، ئاسمانلار گۇمران بولىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئىگىسى، دائىم تىرىك ۋە يالغۇز بولغان ھەقتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ.

## قۇللارنىڭ ھەسەت قىلىشى

زاماننىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ نۇرغۇن قۇللىرى بار ئىكەن. پادىشاھ بۇ قۇللارنىڭ ئىچىدىكى بىر قۇلغا ناھايىتى ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن ۋە ئۇ قۇلنى باشقا قۇللاردىن ئۈستۈن كۆرىدىكەن. ھەتتا ئوردىدىكى مەنمەن دېگەن ۋەزىرلەرمۇ ئۇ قۇل ئالىدىغان پۇلنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ ئالالمايدىكەن.

پادىشاھنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىق قۇلغا باشقا خىزمەتكارلار ھەسەت قىلىدىكەن. ھەسەتتىن تېرىكىپ جىلە بولىدىكەن. بۇ پەسكەش ھەسەتخورلار ھەر ۋاقىت بۇ قۇلنىڭ بىر بالا-قازاغا ئۇچرىشىنى تىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆرۈۋقىنىڭ بۇ دۇنيادا قۇرۇپ كېتىشىنى خالايدىكەن. ئەمما، ھەقنىڭ قوغدىشىغا مۇيەسسەر بولغان بىر جان، ئۇنداق ئاسان يوق بولۇپ كېتەمتى؟ پادىشاھ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىكەن. ئەمما، ئۇنىنى چىقارماي، جىم تۇرۇۋالىدىكەن. ھەسەتخورلار ھىلە ئىشلىتىپ پادىشاھنى تۇزاققا چۈشۈرمەكچى بوپتۇ . ئەمما،

ئۇلار دانىشمەن پادىشاھنىڭ ئاسان تۇزاققا چۈشمەيدىغانلىقىنى ئويلىماپتۇ. بۇ تۇزاقنى قۇرغۇچىلارغا ئەقىللىق پادىشاھ ھەقىقى تۇزاقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. روھ ياپراقلىرى سارغىيىپ، قارىدىغان چاغدا پادىشاھنىڭ غەزىپى ئالەمنى قاپلاپ، ھەسەتخورلار قىلتاق يىپلىرىدا بوغۇلۇپتۇ.

(بۇ ھېكايىدە قۇرغان تۇزاقنىڭ قانداق بىر تۇزاق ئىكەنلىكى قەيت قىلىنمىغان)

## ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بىلىملىك كىشى ئىشنى توغرا قىلىدۇ. دائىم يىراقنى كۆرەلەيدۇ.

بىرلىرى بۇغداي تېرىسا، بىرلىرى ئارپا تېرىيدۇ. كېچە-كۈندۈز كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىدۇ.

ئۆچكە نېمىگە قوساق كۆتەرسە، شۇنى تۇغىدۇ.

دائىم ھەقتىن ئەقىل تىلە. ھەقىقى تەدبىر ھەقتىن كېلىدۇ.

ھەقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن ئىش غەلىبىلىك بولىدۇ.

نېمە قىلساڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىل. ئاشىق بولساڭ سۆيگىنىڭنىڭ ئىستىكىگە ئەمەل قىل.

تويماس نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە. ھەق ئۈچۈن بولمىغان ئىشنى قىلما.

يۇسۇپنىڭ قېرىنداشلىرى، ئۇنىڭ گۈزەل يۈزىنى پايدىسىز دەپ قارىدى ، ئەمما، پايدىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

داۋۇتنىڭ ئاۋازى ئادەمگە غەيرەت ئاتا قىلاتتى. ئەمما، ئاڭلىيالمىغانلار ئۇنى بىر شاۋقۇن دەپ بىلدى.

نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ئابھاياتتىن تاتلىق ئىدى. ئەمما، مەھرۇملار ئۈچۈن قان ئىدى، قان ...

بىر قەۋمدە ئېھسان بولمىسا، ئۇ قوۋمنىڭ رىزقى كەم بولىدۇ.

ئۆكۈز بىلەن ئېشەككە شېكەردىن بىر پايدا يوق. ئەمما، باشقىلارغا جان

ئوزۇقى بولىدۇ.

يۈرەك ھەر بىر دوستتىن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر بىر ئىلىم ئايرىم ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

يۈلتۈزغا يۈلتۈز يېقىن تۇرسا تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ.

تۇپراقتا يامغۇر چۈشسە، دەل-دەرەخلەر، مېۋىلەر ۋە گۈللەر پەرۋىشلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ گۈل-گىياھلار ئارىسىدا كۆڭلى يايرايدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلى خوش بولسا ئۇنىڭدا ياخشىلىق، ئېھسانىنىڭ ئۇرۇقى بىخ ئۇرىدۇ.

قۇياشتا ھەسەت قىلغان، ئۇنىڭ نۇرلىرىدىن راھەتسىز بولىدۇ.

ئۆتمە-تۆشۈك گىلەمدەك بولۇپ كەتكەن يامان يۈرەكلەر، ھېچ بىر ۋاقىت ياخشىلارنىڭ كۆزىگە پەردە بولالمايدۇ.

قەلبىڭ مىننەتدارلىقتا تولسا، ئىزىڭدىن خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىدۇ.

## بۈركۈتنىڭ خارابىلىقتا قونۇشى

بىر زامانلاردا ئادىل بىر پادىشاھنىڭ بىر كور بۈركۈتى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بۈركۈت يولىدىن ئېزىقىپ قېلىپ، ھۇقۇشلار ماكان قىلغان بىر خارابىلىققا كېلىپ قونۇپتۇ. كور بۈركۈت بۇ خارابىلىققا قونۇشى بىلەن ھۇقۇشلار ئۇنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، يولىنى تېخىمۇ تاپالماس قىلىپ قويۇپتۇ. تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ھەممىسى بۈركۈتكە ھۇجۇم قىپتۇ، قانات-قۇيرۇقلىرىنى يۇلماقچى بوپتۇ.

ھۇقۇشلار "بۇ بۈركۈت بىزنىڭ ماكانىمىزغا يەرلىشىش ئۈچۈن كەلدى" دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ئۇلار دەھشەت قورقۇش ئىچىدە، غالجىرلاشقان لالما ئىتلاردەك غېرىپ بۈركۈتنىڭ پەيلىرىنى يۇلماقچى بولۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئەتراپىنى ئورىۋاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن مۇساپىر بۈركۈت ئۇلارغا قاراپ:

– سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار ماڭا راۋا ئەمەس. ئەگەر ھەقىقەتەن مېنىڭ نىيىتىم توغرا بولمىسا، بۇ جېنىم سىلەرگە پىدا بولسۇن. مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش نىيىتىم يوق. مەقسىتىم بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ماكانىغا كېتىش. مەقسىتىم ئېنىق ئىكەن، سىلەرنىڭ بۇنداق قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشۇڭلارنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. مەن بۇ يەردە قالمايمەن. ئۆز ۋەتىنىمگە كېتىمەن. بۇ ۋەيرانە خارابىلىك ھۇقۇشلار ئۈچۈن ياخشى بىر يەر بولغىنى بىلەن، مېنىڭ كۆڭلۈم سۇ ئىچىدىغان يەر پادىشاھنىڭ ئايىغى تەككەن يەردۇر.

بۇركۇتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ھۇقۇشلار:

– بۇ سۆزلىرىڭ يالغان. سەن بىزگە ھىلە ئىشلىتىپ، ماكانىمىزدىن قوغلىماقچى بولۇۋاتىسەن. ئۇۋىلىرىمىزنى بۇزۇپ، ئورنىغا ئۆزۈڭ تۇرالغۇ سالماقچىمۇ سەن؟ بىزنى ئالدىما. تۇخۇمدىن چىققان بىر قۇش قانداق بولۇپ بىر پادىشاھ بىلەن تەڭ بولىدۇ؟ ئەقلى بار ھەر كىم بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. پادىشاھنىڭ نەسلىدىن ۋە ياكى ۋەزىرىنىڭ نەسلىدىن بولمىغان بىرسى خۇددى بادام ھالۋىسىغا سامساق لايىق بولمىغاندەك، لايىق بولالايتتىمۇ؟ پادىشاھ ۋە ئەسكەرلىرى توغرىسىدا دېگەن سۆزلىرىڭمۇ يالغان. بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچ بىر ئاساسى يوق. ئۇنىڭغا ئىشىنىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىقتۇر. سېنىڭدەك بىر قۇشنىڭ پادىشاھ بىلەن دوست بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سېنىڭ مېڭەڭ بىزگە لوقما بولغان ھالەتتىمۇ، پادىشاھ ساڭا ياردەم قىلارمۇ؟

سەۋر تاقەت بىلەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بۇركۇت

– ئەگەر مېنىڭ بىر تال تۈكۈمگە زىيان-زەخمەت يەتسە، پادىشاھ بۇ يەردىكى ئۇۋىلارنى چۇۋۇۋېتىدۇ. سەنلەردەك ئەرزىمەس ھوقۇشلار ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىتى؟ مەن پادىشاھنىڭ قەدىناسى بولىمەن.. خىياللىرىم سۇلتانىمنىڭ قەلبىدە، بۇ ھىجرانلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى لەختە-لەختە قىلىدۇ. ئۇ مېنى ئۇچۇرسا، مەن ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، پەرۋاز قىلىمەن. شۇنداق بىر بۇركۇتمەنكى ماڭا جاھاندا ھەر كىم ھەيراندۇر. ھۇقۇش كىمكى، مېنىڭ بۇ سىرلىرىمغا ئاشنا بولسۇن؟ پادىشاھ مېنىڭ ئۈچۈن يۈز مىڭلارچە مەھكۇمنى زىنداندىن ئازات قىلىدۇ. مېنى بۇنداق خارلىماڭلار، ئەتىۋارلىقمەن. گەرچە پادىشاھ بىلەن بىر نەسلىدىن بولمىساممۇ، پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنمەن. بۇ نەسل

مەسىلىسىدە شەكىل ۋە ماھىيەت جەھەتتە ئايرىمچىلىق يوقتۇر. سۇ، زىرائەتلەرنى تۇپراقتىن. شامال بولسا ھەر دائىم ئوتقا قۇۋۋەتتۇر. خاراكتېر ئۈچۈن ئوخشاش بىر نەسىلدىن بولۇش ھاجەتسىز. نەسلىمىزنىڭ پادىشاھ نەسلىدىن بولۇشى ئىمكانسىز. ئۇ ئەبەدىيلىككە مەنسۇپ، بىز يوقلۇققا مەھكۇم. بىز يوقلۇق ئىچىدە يوق. ئۇ يالغۇز بىر پادىشاھ. ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالدىدا بىز چاڭ-توزاندەك توزۇپ كېتىمىز. بەدەن تۇپراق بولىدۇ، جانىنىڭ ئالامەتلىرى قالىدۇ. يولدا ماڭغانىنىڭ ئاياق ئىزلىرى كۆرۈنىدۇ.

بۇ ھېكمەتكە باي سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھۇقۇشلار بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ، بۈركۈتكە دوستانە مۇئامىلىدە بوپتۇ. بۈركۈتمۇ ئۇلارغا ئۆز يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار بۈركۈتنىڭ ئۇچۇشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشىنىپتۇ. بۈركۈتنى ئۆزىگە ئۈلگە قىپتۇ. بۈركۈتنى ئۈلگە قىلغان بۇ ھۇقۇشلارمۇ ئاسمان قەھرىگە ئۆرلەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارمۇ ئاشۇ ئادىل پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بوپ قاپتۇ ۋە نەگە بارسا ھېچ غېرىبلىق ھېس قىلماپتۇ. پادىشاھمۇ كىمنىڭ دەردى بولسا ئۇنىڭغا دەرمان بولماقچى بولۇپ، خۇددى نەي ساداسىدەك ئۆز ئادالىتىنى جاھانغا ياڭرىتىپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

باش تاجىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ كېچە-كۈندۈز ئىبادەت يولىنىڭ تۇپرىقى بول.

تاشقى كۆرۈنۈشكە ئالدانما. نەپسىڭگە بېرىلمە.

دېگەنلىرىگە كۆڭۈل قويماي تۇرۇپ، زاكۇسكىنى يېمە، مەينى ئىچمە.

قانچىلىغان سۇرەتلەر سېنىڭ يولۇڭنى توسىدۇ. سۇرەتتە قەست، ھەقتە ئىلتىپات.

كۆز نۇرى، ياغ ئىچىدە مەيدانغا كەلدى. كۆڭۈل نۇرى، بىر تامچە قاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىدى.

خوشاللىقنىڭ ئورنى كۆڭۈل. غەمنىڭ ماكانى جىگەردۇر. ئەقىل بولسا مېڭىنىڭ ئىچىدىكى شامغا ئوخشايدۇ.

بۇ جاھاندىن باشقا بىر جاھان تۇغۇلدۇ. مەھشەر ئۇنىڭ مەيدانغا چىقىدىغان

جايىدۇر.

## ئۇسسىغان ئادەم

بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ قىرغىقىغا ئېگىز تاملار قوپۇرۇلغان ئىكەن. ئاشۇ ھەيۋەتلىك قوپۇرۇلغان ئېگىز تاملارنىڭ ئۈستىدە سۇسىزلىقتىن دەھشەت ئۇسساپ كەتكەن بىر ئادەم، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەرياغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئېگىز تام بۇ دەرتلىك ئادەمنىڭ دەريادىن سۇ ئېلىشىنى توسۇپ قويغاچقا، ئادەم سۇغا تەلمۈرگەن بېلىقتەك تىپىرلاپ، ئامالسىز قاپتۇ ۋە ئاخىرى ھەسرەت بىلەن قولىغا بىر كېسەكنى ئېلىپ دەرياغا قارىتىپ ئېتىپتۇ. كېسەكنىڭ سۇغا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا ئادەمنىڭ قۇلىقىغا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. بۇ ئاۋاز ئاجايىپ مۇڭلۇق بولۇپ خۇددى جانانىنىڭ ئاۋازىدەكلا ئىكەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئادەم خورما شارابىنى ئىچكەندەكلا مەس بوپتۇ. ئۇ شېرىن ئاۋازدىن بىھوش بولغان ئادەم بۇنىڭ بىلەن دەرياغا ئۈزلۈكسىز كېسەك ئېتىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى دەريادىن مۇنداق سادا كەپتۇ:

— ئەي ئۇسسىغۇز ئادەم! بۇنداق كېسەك ئېتىشىڭنىڭ ماڭا ۋە ساڭا نېمە پايدىسى بار؟

بۇ سوئالنى ئاڭلىغان ئادەم، دەرياغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ:

— ھازىر مېنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشى بىر ئىش يوق. چۈنكى ئۇسسىغۇز بىر ئادەم ئۈچۈن سۇدىن چىققان مۇنداق بىر مۇڭ، راۋاپتىن چىققان مۇڭدىنمۇ بەك يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. بۇ سادا خۇددى باغلارغا گۈزەللىك بېغىشلىغان باھار يامغۇرىنى ئەكىلىدىغان گۈلدۈر-قاراسلارغا ئوخشايدۇ. يەنە بىر پايدىسى شۇكى، تامدىن قومۇرۇپ سۇغا ئاتقان ھەربىر كېسەك بولسا يۈرىكىمدىن يۇلۇپ ئالغان دەرتلىرىمگە ئوخشايدۇ. ھەمدە كېسەكنى قومۇرغانسېرى تام پەسلەيدۇ. تام پەسلىگەنسېرى مېنىڭ مۇرادىمغا يەتمىكىممۇ ئاسانلىشىدۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بۇ ھاياتتا ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئىللەتلەرنى قومۇرۇپ ئاتمىغىچە ھەققە يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئايەتتە "سەجدە قىلىپ

يېقىنلاش!" دېگەندەك، يېقىنلىشىشقا سەۋەپ بولىدىغان سەجدىگە ئوخشايدۇ.

نەپسىڭ ئېگىزلىگەنسېرى، بېشىڭنى ئېگىش تەسلىشىدۇ.

سۇنىڭ ئاۋازىغا ئاشىق بولغان، ھەر ۋاقىت تامنىڭ تاشلىرىغا دۈشمەندۇر.

ياشلىق چاغلىرىڭلارنى قەدىرلەڭلار، ئۇ خۇددى يازدىكى لەززەتلىك مېۋە ۋە خۇش پۇراق گۈل-گىياھلار بىلەن بېزەلگەن باغقا ئوخشايدۇ.

ياخشىلىق تاملىرى ئېگىز، تۈۋرۈكلىرى مەزمۇت ئۆيگە ئوخشايدۇ. قېرىپ ھالىڭدىن كەتكىچە، كۆزلىرىڭ تورلاشقىچە ياخشىلىقنى قەدىرلە. قېرىلىقتا دەرمانىڭ، شەھۋەتىڭ ئېرىقلىرى توختايدۇ. باشقىلاردىنمۇ، ئۆزەڭدىنمۇ پايدىلىنالمايسەن. قاشلىرىڭ چۈشۈپ، كۆزلىرىڭ قاراڭغۇلىشىپ ياخشى كۆرەلمەيسەن. يۈزلىرىڭ پۈرلىشىپ، تىللىرىڭ كالۋالىشىپ، چىشلىرىڭ چىرىيدۇ. ۋاقىت سۇدەك ئاققانسېرى ئاتلىرىڭ ئاقساق، يول ئۇزاق، قىلغان ئىشىڭ پايدىسىز بولىدۇ. نەپسىڭ بىخلىسا، ئۇنى يۇلۇپ تاشلىغۇدەك كۈچۈڭمۇ قالمايدۇ.

## پادىشاھ بىلەن شەيخ

زامانىنىڭ زامانىسىدا پەزىلەتلىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھ بىر كۈنى بىر شەيخكە مۇنداق دەپتۇ: " ئەي شەيخىم! سەن مەندىن بىرنەرسە تىلە. نېمە تىلىسەڭ شۇنى بېرىمەن."

شەيخ بۇ پەزىلەتلىك پادىشاھنىڭ سۆزىگە مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

– ئەي ئادالەتلىك پادىشاھ! سەن ماڭا بۇنداق دېيىشتىن نومۇس قىلمامسەن؟ مېنىڭ ئىككى قۇلۇم بار. سەن ئۇ ئىككى قۇلۇمدىن بەتەر پەس ئىكەنسەن. پۇت-قولۇڭ باغلاقلىق ئەسىر ئىكەنسەن.

پادىشاھ بۇ ھاقارەتكە تولغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دەرھال:

–ئۇ ئىككى قۇلۇڭ زادى كىم؟ – دەپ سوراپتۇ.

شەيخ: – بىرسى غەزەپ، يەنە بىرسى شەھۋەت، – دەپتۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەقىقى پادىشاھ بولسا  پادىشاھلىق تەختىگە ئالدانمىغاندۇر.

قۇياشسىز، ئايسىز ئۇ نۇر پەيدا بولغان يەردۇر.

دۆلەت شۆكى زاتى يوشۇرۇن بولغاندۇر. بار بولغان، بارلىقىغا دۈشمەن بولغاندۇر.

يۈرىكىڭ خىيالدەك يول يۈرىدۇ. ھالىڭنىڭ سىرلىرىنى ئۇ بىلىدۇ.

ھەقنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولغان، مەخلۇقاتنىڭ سىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ.

ئۆلۈم ۋاقتىدا دەرتلەر مەيدانىغا چىقىدۇ. سەن ئۇلار بىلەن مەشغۇل چاغدا جېنىڭنى ئالىدۇ.

كۆڭۈلمۇ بىر پىكىر بىلەن مەشغۇل بولغاندا، سېنىڭدىن مەخپىي بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭىدۇ.

نېمە تاپساڭ تاپ، ئۇنى تىقىپ ساقلىغان يېرىڭدىن ئوغرى ئالىدۇ.

مال-مۈلكۈڭ بەرىبىر ساڭا ئەسقاتمىغاندىكىن، پەس نەرسىلەرگە كۆز سالماي، ئەڭ ياخشى نەرسەڭنى قوغدا. يەنى ئىمانىڭنى قوغدا. شۇندىلا، قىيامەتتە ھەق ئالدىدا خىجالەتتە قالمايسەن.

ھەر خىل گۇناھلاردىن ساقلانساڭ، نەپسىڭ بىلەن شەيتان سېنىڭدىن بىر نەرسە تاما قىلالمايدۇ.

شۇڭا قىممىتى يۇقىرى بولغان نەرسە بىلەن ھەپىلەش.

ھەسەت كۆزىگە ئەبەدى تۇپراق چاچ. چۈنكى ھەسەت ئەقلىنىڭ دۈشمىنى.

مېۋىنىڭ پىشىشى ئۈچۈن كۈن نۇرى بىلەن يامغۇر كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن چاقماق بىلەن بۇلۇت كېرەك.

كۆڭۈل چاقمىقى ۋە كۆز بۇلۇتلىرى بولمىغىچە، تەھدىت ۋە ئازاب ئوتلىرى ئۆچمەيدۇ.

مەينىڭ تەمىنى مەي ئىچكەن بىلىدۇ. مەي ئىچمىگەن تەمدىن خەۋەرسىزدۇر.

## تىكەن تېرىغۇچى

ئېغىزىدىن شېرىن سۆزلەر چۈشمەيدىغان، ئەمەلىيەتتە ئىچىدىن ئوغا قايناپ يدىغان، ئىنتايىن يامان خۇيلۇق بىر ئادەم بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئادەم يولغا تىكەن تىكىشكە باشلاپتۇ. يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا نارازى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ: "ھەي ئىچى تار! نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بۇ تىكەنلىرىڭنى دەرھال يۇل ھەمدە تىكەن تىكىشتىن قولۇڭنى تارت."

بۇ ئادەم، كۆپچىلىكنىڭ نەسىھەتىنى نەدە ئاڭلايدۇ دەيسىز. كۆپچىلىكنىڭ قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىدىن كىرىپ يەنە بىرسىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە داۋاملىق تىكىۋېرىپتۇ. يول ئۈستى تىكەنگە تولۇپتۇ. يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشى تەسلىشىپتۇ. يولۇچىلارنىڭ پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ قاناپ كېتىپتۇ. كىيىم-كېچەكنى تىكەن ئىلىۋېلىپ، يىرتىۋېتىپتۇ. بولۇپمۇ ئاياغلىرى يوق كەمبەغەللەرنىڭ پۇتلىرىنى يارا قىلىۋېتىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئەھۋال شۇ يەرنىڭ ۋالىيسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە ۋالىي ئۇنىڭغا "بۇ تىكەنلەرنىڭ بىرىنى قويماي دەرھال يۇل" دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. ئۇ خۇيى يامان : "بولىدۇ، بىر كۈنى يۇلۇۋېتىمەن" دەپلا قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۇ داۋاملىق: "ئەتە چوقۇم يۇلۇۋېتىمەن" دەپ ئىشنى ئارقىغا سۈرەۋېرىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ يول ئۈستىدىكى تىكەنلەرمۇ چوڭىيىپ، شاخ-پۇتاق چىقىرىپ ئاۋۇپتۇ.

بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ۋالىي بىر كۈنى:

"ئەي سۆزىدە تۇرمايدىغان. ئالدىمغا كېلىپ سۆزۈمنى ئوبدان ئاڭلا ! مەن دېگەن ئىشنى ئارقىغا سۈرەۋەرمە"

– بولىدۇ بۈگۈن بولمىسا، ئەتە چوقۇم قىلىمەن.

– بولمايدۇ. دەرھال قىل. ئىشنى ئارقىغا سۈرمە. سەن داۋاملىق "ئەتە قىلىمەن" دەيسەن. ئەمما، شۇنى بىلگىنكى كۈننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ تىكەنلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ، بوي تارتىپ يوغىناۋاتىدۇ. سەن بولساڭ ئۇنىڭ ئەكسىچە

بارغانسېرى قېرىپ، كۈچ-قۇۋۋىتىڭ قالمايۋاتىدۇ. تىكەن بولسا ياشىرىۋاتىدۇ. سەن ئاجىزلاۋاتىسەن. تېز بول ۋاقتىنى قولدىن بەرمە.

ۋالى ئاخىردا يەنە: "يا پالتىنى قولۇڭغا ئال، ئوغۇل بالىدەك چاپ. ھەزرىتى ئەلىدەك خەيبەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىنى قومۇر. يا بولمىسا بۇ تىكەنلەرنى گۈل كۆچەتلىرىگە ئۇلاپ، مۇرادىغا يەتكۈز."

دېمەك يامان خۇيلار تىكەنگە ئوخشايدۇ. بۇ تىكەنلەر سېنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئاياغلىرىنى يارا قىلىدۇ. بۇ يامان مىجەزلەرنىڭ كاساپىتىدىن كۆڭلۈڭ دەرتكە تولىدۇ. بىراق بەزى ئىنسانلارنىڭ قۇلاقلىرى نەسىھەتنى ئاڭلىسا گاس بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا بۇ يامان خۇيلار بىلەن باشقىلارغا قانچە قېتىم ئازار بەرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالىدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئۆزىمىزنى ئايايلى، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئازار بەرمەيلى!

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

سەن دوزاخقا ئوخشىساڭ، نۇر ياخشى بەندىلەرگە ئوخشايدۇ. مۇئمىن ئوتنى ئۆچۈرىدۇ.

ئۇنىڭ نۇرى سېنىڭ ئوتۇڭنى ئۆچۈرسۇن. مەشۇقۇڭ بولسا تىكەنلىكىڭنى ئۆزىنىڭ گۈل باغچىسىغا ئايلاندۇرسۇن.

ياخشى ئىنسانلار_ مەرھەمەت سۈيىنىڭ بۇلىقى. ئابھايات بولسا ئېھسان ئىگىلىرىنىڭ روھىدۇر.

نەپسىڭ ئوت بولسا، ھەق ھېكمىتى سۇدۇر. ئوت ھەر ۋاقىت سۇدىن قاچىدۇ. چۈنكى سۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، يوق قىلىدۇ.

سېنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىڭ ۋە ئوي-پىكىرلىرىڭ ئوتتىن بولسا، ۋەلىلەرنىڭ پىكرى ۋە ھېسلىرى ئۇ يورۇق نۇردىن كەلدى.

ئەي يولۇچى، ۋاقىت ئۆتۈۋاتىدۇ. ھوشۇڭغا كەل. ئۆمۈر قۇياشىڭ پېتىشقا باشلىدى.

كۈچ-قۇۋۋىتىڭ بار ۋاقتىتا، ھاياتىڭدىن ياخشى پايدىلان.

”ئەتە قىلىمەن“ دېمە. ئەتىلەر كېتىدۇ. ئۆمرۈڭ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

نەسـىھەتنى ئاڭلا. تـەن چىداملـىق بـىر يىپقـا ئوخشـايدۇ. ئۇنىڭغـا ئارتىلغـان يامانلىـق تاشـلاپ، ياخشـىنى ئارت.

خەسىسلىك ئاغزىنى ياپ، مەرتلىك قولىنى ئاچ.

مەرت بول. لەززەت ۋە شـەھۋەتتىن يىراق تۇر. شـەھۋەتنىڭ كەينىگە كىرسـەڭ هالاك بولىسەن.

سـەن يۇسـۇپتەك بولسـاڭ، بـۇ هايـات قۇدۇقتـەك. هاياتتـا ئۆتكـەن ئىشـلارغا چىداملـىق يىپتـەك بـول.

ئەي يۇسۇپ! يىپنى ئىككى قولۇڭ بىلەن تۇت.

هەققـە يـۈز مىـڭ شـۈكرى. يىـپ سـاڭگىلىدى. مەرھەمـەت بىلـەن ياخشـىلىق بىرلەشـتى.

ئەسلىدە بـۇ دۇنيا يـوق، پەقـەت كۆرۈنۈشـلا بـار. ئەسـلى بـار بولغـان دۇنيا يوشـۇرۇن.

بىر-بىرىگـە ئاشـنا بولسـا ئات ئاتنـى تونۇيـدۇ. ئات مىنگەنىنـىڭ هالىنـى مىنگەن بىلىدۇ.

هېـس كـۆزى ئات. هەقنـىڭ نـۇرى بولسـا ئات مىنگۈچـىدۇر. مىنىۋالـسـىڭىزلا ئات هېـچ نېمـە قىلالمايـدۇ.

ئاتلىرىـڭ يامـان خۇيلـۇق بولمىسـۇن. ياخشـى كۆنـدۈرۈپ، ئېسـىل تەربىيەلـە بولمىسـا مەنزىلگـە يېتەلمەيسـەن.

ئاتقا يـول كۆرسـەتكەن سېنىڭ كۆزۈڭـدۇر. سـېنىڭ كـۆزۈڭ بولمىسـا ئاتنـىڭ كـۆزى كارغـا كەلمەيـدۇ. چۈنكـى ئاتنـىڭ كـۆزى پەقـەت ئوتلاقنـى كۆرىـدۇ . نەگـە بارسـا كـۆزى ئوتـلاق تەرەپتـە.

هېس نۇرىغا هەقنىڭ نۇرى مىنسە جان ئىختىيارسىز هەق يولغا ماڭىدۇ.

ئات ئۆزلۈكىدىن يول تاپالمايدۇ. بەلكى ئاتقا مىنگەن يولغا باشلايدۇ.

هېسلار مىنگۈچىنىڭ نۇرىدۇر. نۇر بولسا ئۇ هېسقا ماسلاشقان يولداشتۇر.

هېـس نۇرىنىـڭ خاسـىيىتى هەقنىـڭ نۇرىدىـن كەلگـەن. بـۇ "نـۇر ئۈسـتىگە نۇر"

دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسىدۇر.

ھېس نۇرى ئىزدىگەن يەر تۆۋەندە. ھەقنىڭ نۇرى بولسا داۋاملىق ئېگىزدىكى يەرلەرنى كۆرىدۇ.

ئىخلاسمەن كىشىلەر داۋاملىق نەپسىنى تەربىيەلىمىسە، خەتەر ئىچىدە قالىدۇ.

يولدا سانسىزلىغان قاراقچىلار بار. پەقەت ھەقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغانلارلا ئامان قالىدۇ.

بەزىلەر ئىخلاسمەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، قەلبىدە ئىخلاس يوق. ھەقىقى ئىخلاسمەن كۆڭلى پاك بولغاندۇر.

پىشىپ كۆڭلۈڭنىڭ كىرلىرىدىن قۇتۇل. ماڭ، ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بۇرھاندەك بىر نۇر بول. بارلىقتىن قۇتۇلساڭ بۇرھان بولىسەن. قۇللۇقتىن قۇتۇلساڭ سۇلتان بولىسەن.

ھەقنىڭ نۇرى ئايدەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنداق ھەيۋەتلىك سىنا تاغلىرىنىڭ تىلى تۇتۇلدى.

كىمدە شەپقەت بولسا ئۇ جازالانمايدۇ. چۈنكى بۇ ياخشىلىقى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى يۇيۇلىدۇ.

ھەق كۆپىنىڭ رەڭگى ھەقنىڭ بويىقىدۇر. ئۇنىڭدا ھەممە نەرسە پەقەت بىرلا رەڭدە بويىلىدۇ.

نېمە بىلمەكچى بولساڭ ئۇ كۆپىنىڭ ئىچىدە . ئەسلى مەسىلە "مەن كۆپمەن" داۋاسىدۇر.

"مەن كۆپمەن" دېگەنلىك "مەن ھەقمەن" دېگەنلىكنىڭ بىر ئىشارىتىدۇر. ئوتنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈرمۇ "مەن ئوت" دەيدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەمدى ئوت نېمە، تۆمۈر نېمە دىققەت قىل. دېڭىز دولقۇنلىرىغا ئۆزەڭنى ئاتماي، قىرغاقتا جىم تۇر.

ماكانىدا بولغان ئەدەپسىز، ماكانىدا بولمىغاندىن ياخشىدۇر. ھالقا ئەگرى. ئەمما، ئىشىككە مىخلاقلىق.

كۆڭۈل كۆلچەككە ئوخشايدۇ. دېڭىزغا ئۇنىڭدىن بىر مەخپى يول بار.

بۇ كۆلچەك پاكىزدۇر. ۋۇجۇدىنىڭ پاكلىقى ئۇنىڭ بىلەن قىممەتلىكتۇر.

پاكىز سۇ پاسكىنا ئادەمگە :"مېنىڭ يېنىمغا كەل" دەيدۇ.

پاسكىنا ئادەم: "سەندىن ئىزا تارتىمەن" دەيدۇ.

سۇ دەپتۇكى: "هەي تارتىنچاق. سېنى مەندىن باشقا كىم پاكىزلىيالايدۇ؟"

بەدەن، كۆڭۈل كۆلچىكىنى كىرلەشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا كۆڭۈل كۆلچىكىنىڭ سۈيى بەدەننى پاكىز يۇيىدۇ. شۇڭا هەر ۋاقىت كۆڭۈل كۆلچىكىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۈز. نەسىھەتنى ئاڭلاپ بەدەن كۆلچىكىدىن يىراقلاش.

ئىشلىرىڭنى مەيلى توغرا قىل مەيلى خاتا، زىنهار هەقنىڭ يولىدىن ئايرىلما.

ئىچىمىز ئىشىق بىلەن ئوچاقتەك ياناقتا. كىم بۇنداق بولمىسا ئۇ ئاشىق ئەمەس.

## سۆيگۈ ۋە ساداقەت

ئۆز زامانىسىدا هەزرىتى لوقمان ئۆز ئىشىنى ئوبدان ئورۇنلايدىغان ياخشى قۇللاردىن ئىكەن. گەرچە لوقمان بىر قۇل بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى هەرخىل ئارزۇ - هەۋەسلەردىن خالى ئىكەن. خوجايىن ئۇنىڭ سەمىمى ۋە ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئوغلىدىن بەك ياخشى كۆرىدىكەن ۋە قەدىرلەيدىكەن. هەتتا ئالدىغا تاماق كەلسە، دەرهال لوقماننى چاقىرىدىكەن ۋە لوقمان تائامغا قول سالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزى قول ئۇزىتىدىكەن. لوقمان يېمىسە خوجايىنمۇ يېمەيدىكەن. لوقمان يېسە، خوجايىن ئىشتىها بىلەن يەيدىكەن. كۆرۈنۈشتە ئۇ لوقماننىڭ خوجايىنى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە لوقمان ئۇنىڭ خوجايىنىدەك ئىكەن.

بىر كۈنى لوقماننىڭ خوجايىنى بىر تاۋۇز ئەكەپتۇ ۋە خىزمەتچىسىگە: ـ ماڭ! بېرىپ لوقماننى دەرهال چاقىرىپ كەل، ـ دەپتۇ. لوقمان كېلىشى بىلەنلا خوجايىن تاۋۇزنى پىچىپ، ئۇنىڭغا بىر تىلىم بېرىپتۇ. لوقمان بۇ بىر تىلىم تاۋۇزنى ئىشتىها بىلەن يەپتۇ. شۇنچىلىك هەۋەس بىلەن يەپتۇكى، بۇنى كۆرگەن

خوجايىن دەرھال ئىككىنچى تىلىمنى لوقمانغا سۇنۇپتۇ. لوقمان بۇ تاۋۇزدىن ئەڭ ئاخىرقى بىر تىلىم قالغۇچە شۇنداق يەپتۇ.

خوجايىن: "ئەمدى ئاخىرقى بىر تىلىمنى مەن يەپ، بىر تېتىپ باقاي. زادى قانچىلىك تاتلىق بىر تاۋۇزدۇ بۇ؟" دەپ ئويلاپتۇ. چۈنكى، لوقماننىڭ بۇ تاۋۇزنى شۇنچىلىك ئىشتىها بىلەن يېگىنىنى كۆرگەن خوجايىننىڭمۇ يېگۈسى كېلىپ، ئېغىزىغا شۆلگەيلىرى يىغىلغان ئىكەن. ھەتتا خوجايىن: "بۇنداق تاتلىق تاۋۇزدىن نېمە ئۈچۈن ماڭا بىر تىلىملا ئاشۇرۇپ قويىدى" دەپ، ئىچىدە سەل نارازىمۇ بولغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ خوجايىن ئاخىرقى بىر تىلىم تاۋۇزغا ئېغىز تېگىپتۇ. ئەمما، بۇ تاۋۇز شۇنچىلىك بەتتام ئىكەنكى، خوجايىن بىر چىشلەم ئېغىزىغا ئېلىپلا تۈكۈرىۋېتىپتۇ . ئازراق ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغان خوجايىن لوقمانغا دەپتۇ:

– ئەي دوستۇم، بۇنچىلىك بەتتام تاۋۇزنى قانداقمۇ تاتلىق يېگەندەك يېدىڭ ؟ نېمە ئۈچۈن "بۇ تاۋۇزنى يېگىلى بولمايدۇ" دېمىدىڭ ؟"

خوجايىننىڭ بۇ سوئاللىرىغا لوقمان مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: سىزنىڭ ئۆيۈڭىزدە كۆپ قېتىم ئېسىل غىزالاندىم. ئۆز قولۇڭىز بىلەن سۇنغان تاۋۇزنى "بۇ ئاچچىقكەن" دېيىشكە نومۇس قىلدىم. ئازراق ئاچچىققا چىدىمىسام، ماڭا بۇ جاندىن، بۇ تەندىن نېمە پايدا.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

سۆيگۈ زەھەرنى بال قىلىدۇ. مىسنى ئالتۇن قىلىدۇ.

مەينەت سۇلار سۆيگۈدىن ئۆتكۈزۈلسە، سۈپ-سۈزۈك بۇلاققا ئايلىنىدۇ.

سۆيگۈدىن دەرتمەنگە شىپا بولىدۇ.

سۆيگۈدىن ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ. سۆيگۈدىن پادىشاھمۇ قۇل بولىدۇ.

بۇ سۆيگۈ ئىلىمنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەمما، پەسلەرگە بۇنداق بىر ھۇزۇر نېسىپ بولمايدۇ.

ئەقىللىق ئاقىۋەتنى ئويلىشىدۇ. نەپسانىيەتچى ئاقىۋەتنى ھېچ ئويلىمايدۇ.

ئەقىل نەپسىگە بوي سۇنسا نەپسانىيەتچى بولىدۇ.

ئۇچۇش ئۇچۇن ئىككى قانات لازىم. يالغۇز بىر قانات بىلەن ئۇچالمايسەن.

## دۇئا

بىر كۈنى مۇسا ئەلەيھىسسالام يولدا كېتىۋېتىپ، بىر جاڭگالدا قوي باقىدىغان پادىچىنى كۆرۈپتۇ. پادىچى پۈتۈن زېھنى بىلەن دۇئا قىلىۋاتقان ئىكەن. ھەزرىتى مۇسا ئاستا پادىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپتۇ: "ئى ئۇلۇغ تەڭرى! سەن قەيەردە؟ ساڭا خىزمەت قىلسام. چورۇقۇڭنى تىكسەم. چاچلىرىڭنى تارىسام. كىرلىرىڭنى يۇيسام. سەھەر ئاخشام سۈتىڭنى تەييارلىسام. قوللىرىڭدىن ئۆپسەم. پۇتلىرىڭنى تۇتۇپ قويسام. ياتىدىغان يەرلىرىڭنى سۈپۈرۈپ، ئورنۇڭنى سالسام. بارلىق قوي، ئۆچكىلىرىم ساڭا پىدا بولسۇن. پۈتۈن بارلىقىم بىلەن ھەر ۋاقىت سېنى زىكىر قىلىمەن".

ھەزرىتى مۇسا، پادىچىنىڭ بۇ ئالجىغاق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سوراپتۇ:

"ئەي پادىچى! بۇ سۆزلەرنى كىمگە دەۋاتىسەن؟"

پادىچى: "بىزنى ياراتقان، يەر ۋە ئاسماننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن زاتقا"

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان مۇسا دەپتۇ:

"ۋاي ئېسىت! سەن ئالجىپسەن. ئەي قاپاقباش! ھىدايەتكە ئېرىشمەي، زاۋاللىققا يۈزلىنىپسەن. ئېغىزىڭدىن تۆكۈلۈۋاتقىنى نېمە دېگەن مەنىسىز سۆزلەر؟ نېمە دېگەن كۇپۇرلۇق؟ ئەمەلگە ئاشمايدىغان سەپسەتە. ئاغزىڭغا پاختا تىق. چورۇققىلا لايىقكەنسەن.جانابى ھەققە بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنىڭ لازىمى يوق. بۇنداق سۆزلەردىن تىلىڭنى تارت. جاھان ئوتتا يانمىسۇن. سەن بۇ سۆزلەرنى زادى كىمگە دەۋاتىسەن؟ تاغاڭغىمۇ يا؟

ھەقنىڭ سۈپەتلىرى مۇقەددەس. ئۆسۈپ چوڭ بولماقچى بولغانلار سۈت ئىچىدۇ. پۇتقا مۇھتاج بولغانلار چورۇق كىيىدۇ. بۇلار ھەقنىڭ بەندىلىرى ئۈچۈندۇر. رەب بۇلاردىن مۇستەسنادۇر.

ھەزرىتى مۇسانىڭ بۇ دانا سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پادىچى چوڭقۇر پۇشايمان ئىچىدە:

ــ ئەي مۇسا! ئاغزىمنى تۇۋاقلىدىڭ. توساتتىنلا كەلگەن بۇ پۇشايماندىن جېنىم ياندى.

پادىچى ئاھ ئۇرۇپ، پۇشايماندىن، كىيىملىرىنى يىرتىپ، دەرتكە تولغان كۆڭلى بىلەن چۆلگە قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ چاغدا تەڭرىدىن مۇساغا مۇنداق ۋەھي كەپتۇ:

”بىر بەندىدىن ئۇزاقلاشتىڭ. سەن بىرلەشتۇرۇش ئۇچۇن كەلدىڭمۇ ياكى ئايرىش ئۇچۇنمۇ؟ ئامال بار ئايرىلىشقا سەۋەب بولما. نەزىرىمدە ئەڭ يامان ئىش ئايرىلىشتۇر. مەن ھەر بىر كىشىگە ئايرىم بىر خۇي، ئايرىم خۇسۇسيەت بەردىم ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزگىچە بىر ياخشى تەرىپى بار. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا مەدھىيە بىلىنگەن سۆزلەر، ساڭا سەپسەتىدەك تۇيۇلىدۇ.

ئۇنىڭغا بال تېتىغان نەرسە، سېنىڭ ئۇچۇن زەھەر بىلىنىدۇ. ئەمرىم ئۆزەم ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى بەندىلىرىم ئۇچۇن بىر ئېھساندۇر. ئۇلار مېنى شۇنداق ھۆرمەتلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى پاكلايدۇ.

"بىلمەمسەن ئەي مۇسا ! بىز سۆزگە ئەمەس، كۆڭۈلگە قارايمىز. ھالىغا قارايمىز. كۆڭۈلدە ئىتائەتمەنلىك بارمۇ-يوق، ئۇنىڭغا قارايمىز. كۆرۈنۈشكە قارىمايمىز. چۈنكى قەلب جەۋھەر، سۆز بولسا شەكىلدۇر. شۇڭا شەكىل ئۆتكۈنچىدۇر، جەۋھەر بولسا مەقسەتتۇر".

ھەزرىتى مۇسا تەڭرىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇ ھالىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەسكەن. چۈنكى بۇنى ئىپادىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن.

سۆزلەرگە ئەقىل يەتمەيدىكەن، يېزىشقا قەلەم چىدىمايدىكەن.

مۇسا ئەس-ھوشىغا كېلىپ، پادىچىنى ئىزدەپ تېپىش ئۇچۇن، ئۇ كەتكەن تەرەپكە ئۇچقاندەك چېپىپتۇ. ھەر تەرەپتە ئۇنى ئىزدەپتۇ. ئۇ ئاشىق پادىچىنى سوراشتۇرۇپتۇ.

مۇسا ئاخىرى ئۇ پادىچىنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەي پادىچى! ساڭا بىر خۇش خەۋىرىم بار. ھەقنىڭ رۇخسىتىنى ئەكەلدىم. كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا شۇنى سۆزلە. ھەق ساڭا ئىشەنچ، ئېھسان ئاتا قىلدى. نېمىنى ئويلىساڭ شۇنى دېگىن.

ھەزرىتى مۇسادىن بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان پادىچى:

”ئەي مۇسا! مەن ئۇ سۆزلەرنى ئۇنۇتتۇم. ھازىر مەن كۆڭۈل قانائىتىگە چۈمۈلدۈم. مىڭ يىل ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. قامچاڭ ئېتىمنى چاپتۇردى. ئۇ سامادىن ئاشتى. ماددى ئالەمنى ئىلاھى ئالەمگە يېقىنلاشتۇردى. سۆزلىگەن بىھۇدە سۆزلىرىم ئۆزەمنىڭ مەيلى ئەمەستى. ئەينەكتىن سۈرىتىڭنى كۆرسەڭ، ئۇ سۈرەتنى ئەينەكنىڭ دەپ قالما. نەيگە ئاۋازنى نەيچى بېرىدۇ. ئەمما، بۇ قابىلىيەت نەيچىگە ئەمەس، بەلكى نەيگە خاستۇر." دەپ خىتاب قىپتۇ.

### ► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

كۇفرىنىڭ پۇرىقىدىن بۇ جاھان سېسىپ كەتتى.

ئەقىلسىزنىڭ دوستلۇقى، دۈشمەنلىكتۇر.

ھەق توغرىسىدا قالايمىقان سۆز قىلىش، ئىنساننىڭ قەلبىنى ئۆلتۈرىدۇ.

”تۇغمايدۇ، تۇغۇلمايدۇ“ دېگەن سۈپەت، ھەققە خاستۇر.

تۇغۇش جىسىمنىڭ ماھىيىتىدۇر. تۇغۇلغان ھەر نەرسىمۇ جىسىمدۇر.

سۆزدە خاتالىشىش ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس. مۇھىمى قەلبتۇر.

شېھىتلەر قان ئىچىدە بولسىمۇ، ئۇلار پاكتۇر. غۇسۇل بىھاجەتتۇر.

سۇ شېھىت قانلىرىدىن ئۈستۈن ئەمەس.

كەبىنىڭ ئىچىدە قىبلىنىڭ ئىشارىتى بولمايدۇ.

ئاشىقلارنىڭ دىنى ۋە مەزھىپى رەبدۇر.

ئەدەپ ئىگىلىرى باشقىچە بولۇپ، قەلبى ئىشق ئوتىدا يانغاننىڭ قەلبى پاك كېلىدۇ.

ئاشىقنىڭ باسقان ئىزلىرى، باشقا ئىزلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاشىق بىر روھتەك

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەم ئالىدۇ. بۇ قەدەملەر خۇددى پىلنىڭ چامدىمىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەدەملەر بەزىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلسە، بەزىدە بېلىقتەك سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇيدۇ.

ھەقنىڭ مۇلايىملىقىدىن يەر يۈزىدە نۇرغۇن ئەسەر باردۇر. يامانلىقلارنى گۈلىستان قىلىدۇ. ياخشىلىقى يامانلىقلارنى يۆگەپ، ئۇلاردىن گۈللەر، باشاقلارنى ئۆستۈرىدۇ.

ئېگىزلەشنى ئارزۇ قىلغان ھەربىر دەرەخكە نىسبەتەن ئېگىزلەش ئۇنىڭ خۇيى. ئۆسۈشكە مەيلى بولغان گىياھتىمۇ ئۆسۈش كۈچى مەۋجۇت. ئەمما، ئۇچى يەرگە ئېگىلگەندە قۇرۇشقا ۋە كىچىكلەشكە باشلايدۇ.

روھنىڭ ئۇلۇغ ئالەمگە يۈزلەنسە، يەردە مولچىلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈلىدۇ.

## دانىشمەن

بىر زامانلاردا بىر دانىشمەن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كىشى بىر كۈنى ئاتلىق كېتىۋاتقاندا، بىر ئالما دەرىخىنىڭ سايىسىدا خورەك تارتىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاتتىق ئۇخلاپ ياتقان بىرەيلەننى كۆرۈپتۇ. شۇنداق سىنچىلاپ قارىسا بىر يىلان ئۇ كىشىنىڭ ئاغزىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەمشىلىۋاتقىدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئاتلىق دانىشمەن قاتتىق تەمتىرەپ كېتىپتۇ ۋە يىلاننى ھۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن شۇنچىلىك ئالدىراپتۇ. ئەمما، مىڭ ئەپسۇس ئۈلگۈرەلمەپتۇ. يىلان ئادەمنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىپتۇ. كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنى كۆرگەن دانىشمەن، دەرھال ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇ ئۇخلاپ ياتقان ئادەمنى ئويغىتىش ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم ئارقا- ئارقىدىن ئادەمنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. بۇ دۇمبالاشتىن ئويغانغان ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە شاختىن يەرگە چۈشكەن بىر مۇنچە سېسىق ئالملار بار ئىكەن. دانىشمەن ئۇنىڭغا يەردىكى سېسىق ئالملارنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ :"بۇ ئالملارنى يە" دەپتۇ.

يىلاننى يۇتۇۋالغان ئادەم، بۇ تۇيۇقسىز قىلىنغان بۇيرۇقنى ئاڭلاپ گاڭگىرىغان

هالـدا دەيـتـۇ: "بېگـىم، مـەن سـاڭا نېمـە يامانلـىك قىلدىـم؟ مەنـدە نېمـە ئۆچـۈك بـار؟ ھەقىقەتـەن مەنـدە بىـر ئۆچـۈك بولسـا، ئالدىڭـدا بويـنـۇم قىلدىـن ئىنچىكـىدۇر. بويـنۇمغـا قىلـچىڭـنى ئۇر، قېنىمنـى تـۆك"

ئەمما، دانىشـمەنگە بۇ سـۆزلەر كار قىلماپتۇ ۋە دانىشـمەن سېسـىق ئالمىلارنى ئۇنىڭغـا مەجبـۇر يېگـۈزۈپتـۇ. ئۇ ئادەم زارلىنىـپ تـۇرۇپ، ئامالسـىز يوقلۇقىدىـن قورسـىقى كۆپـۈپ كەتكىچـە ئۇ ئالمىلارنـى يەپتـۇ ۋە يەنـە مۇنـداق شـىكايەت قىپتـۇ: "سـېنىڭ بىلـەن ئۇچرىشـىپ قالغـان بـۇ كۈنگـە لەنـەت بولسـۇن. سـېنىڭ يۈزۈڭنـى كۆرمىگـەن كىشـى نېمـە دېگـەن بەختلىـك _ ھـە" !

مانـا مۇشـۇ سـۆزلەرنى ئاچچىقـىدا دەۋاتقانـدا ئاغزىدىـن قـان تامچىپتـۇ. بـۇ ھالىنـى كۆرگـەن ئادەم قاتتىـق قورقـۇپ كېتىـپ: "يـا رەببىـم! جازاسـىنى سـەن بـەر!" دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئاغزىغـا كەلگـەن يامـان گەپلەر بىلـەن دانىشـمەننى ھاقارەتلەپتۇ. لېكـىن دانىشـمەن: "قېنـى قـاچ" دەپ ئۇ يـىلان يۇتقـان ئادەمنـى يەنـە ئۇرۇپتـۇ. ئادەم تاياقنىـڭ دەردىدىـن بـار كۈچـى بىلـەن شـامالدەك تېـز يۈگـۈرۈپتـۇ. دانىشـمەن ئۇنىـڭ ئارقىسـىدىن ئاتلىـق قوغلاپتـۇ، ئادەم بـار كۈچىنـى ئىشـقا سـېلىپ قېچىپتـۇ. ئادەم ھالسـىراپ دۇم چۈشـۈپتۇ. ئادەمنىـڭ قورسـىقى ھەددىدىـن زىيـادە تويـۇپ كەتكەننـى ئاز دەپ، يەنـە ئىنتايـىن ھېرىـپ كېتىپتـۇ. تـولا يىقىلىـپ يـۈز كـۆزى يـارا، ئۈستى-بېشـى توپىغـا مىلىنىـپ كېتىپتـۇ. ئەمـما، ئارقىسـىدىن قوغـلاپ كېلىۋاتقـان دانىشـمەننىڭ تايىقىدىـن قورقـۇپ يىقىلىپ-قوپـۇپ يۈگـۈرۈپتـۇ. ئاخىـرى كۆڭلـى ئېلىشـىپ قاتتىـق ھۆ...قىلىـپ قۇسـۇپتۇ. يېگـەن بارلىـق نەرسـىنى ياندۇرۇپتـۇ ۋە يىلانمـۇ تـەڭ يەرگـە چۈشـۈپتۇ. يەردىكـى يىلاننـى كۆرگـەن ئادەم بىـر تـەرەپتىـن قاتتىـق قورقسـا، يەنـە بىـر تـەرەپتىـن ھەيـران بولـۇپ، بېشـىنى كۆتـۈرۈپ قاراپتـۇ. بـۇ چاغـدا بېشـىدا تەبەسسـۇم جىلۋىسـىگە تولغـان نۇرلـۇق يـۈز بىلـەن قـاراپ تۇرغـان دانىشـمەننى كۆرۈپتـۇ ۋە ئىشـنىڭ ماھىيىتىنـى ئاندىـن بىلىپتـۇ. بـۇ بالادىـن قۇتۇلغـان ئادەم دەرھـال ھوشـىنى يىغىـپ ئۆزىنـى ئۆلـۈم گىردابىدىـن قۇتقۇزغـان دانىشـمەنگە سـەجدە قىپتـۇ. ھـەم يەردىكـى قاپقارا يىرگىنىشـلىك يىلاننـى كـۆرۈپ، تارتقـان پۈتـۈن ئازابلىرىنـى بىردىنـلا ئۇنتـۇپ كېتىپتـۇ. ئاندىـن دانىشـمەنگە ئۆز تەشـەككۇرىنى مۇنـداق بايـان قىپتـۇ:

"سـەن بىـر پەرىشـتە ئىكەنسـەن! سـېنىڭ بىلـەن ئۇچراشـقان بـۇ كـۈن مېنىـڭ ئۆمرۈمدىكـى ئەڭ بەختىيـار كۈنلەرنىـڭ بىرىـدۇر. سـەن مېنـى كـۆرۈپ، ئۆلۈمدىـن

قۇتقۇزدۇڭ. ماڭا يېڭى بىر هايات بەخش ئەتتىڭ. سەن مېنى ئانامدەك ئىزدىگەندە، مەن سەندىن ئېشەكتەك قاچقان ئىدىم. سېنىڭ بۇ مۇبارەك جامالىڭنى كۆرگەن كىشى نېمە دېگەن بەختلىك ـ هە! سەن بىلەن هەر ۋاقىت بىللە بولغان كىشى نېمە دېگەن بەختلىك!"

ـ ئەگەر سەن ماڭا باشتا بۇ ئەهۋالنى دېگەن بولساڭ، سېنى هاقارەت قىلماستىم. ئەمما، سەن هېچ بىر سۆز قىلمايلا ئۇرۇپ كەتتىڭ. باشلىرىم ئاغرىپ، ئىششىپ كەتتى. ئەقلىمنى يوقاتتىم. تا هازىرغىچە بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ. ئەي يۈزىمۇ، ئىشىمۇ گۈزەل ئادەم. كەچۈرگىن مېنى. ساراڭلىق قىلىپ دېگەن گەپلىرىم ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىل.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاتلىق دانىشمەن دەپتۇ:

ـئەگەر مەن بۇ ئەهۋالنى ساڭا دېگەن بولسام، سەن قورقۇنۇڭدىن يۈرىكىڭ يېرىلىپ ئۆلەتتىڭ. "قوسۇقۇڭدا يىلان بار" دېگەن بولسام، قورقۇنۇڭدىن يۈرىكىڭ يېرىلىپ كېتەتتى. ئەگەر سەن ئىچىڭدىكى يىلاننى بىلگەن بولساڭ، يا ئالمىنى يېگۈدەك مادارىڭ بولمايتتى ياكى يۈگۈرگىدەك هالىڭ.

سەن مېنى تىللىدىڭ. مەن هېچ نېمە دېمەي، پەقەت ئېتىمغا مىنىپ "يا رەببىم، سەن مېنىڭ ئىشىمنى ئاسانلاشتۇر"ـ دېدىم.

شۇنداق قىلىپ جان قۇتقۇزغان دانىشمەن يەنە ئېتىنى مىنىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

### ◄ هېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەقىللىقلەرنىڭ دۈشمەنلىكىمۇ ئىنسانغا هاياتلىق بېرىدۇ. ئۆلارنىڭ زەهىرىمۇ جانغا شىپا.

ئەخمەقنىڭ دوستلۇقى ئىنسانغا زىيان بېرىدۇ. ئىنساننى هالاكەتكە باشلايدۇ.

نەپسىڭنى پەسلىتىپ، ئەقلىڭنى ئۆرلەت!

بۇ شۇم نەپسىڭنى ئەقلىنىڭ تارازىسىدا تارت. بولمىسا ئېشەكتەك دائىم يەم قايغۇسىدا بولىسەن.

ئەقىل ئۈستۈن بولسا  نەپسىڭ ئاجىزلايدۇ. ئېغىر يۈك ئېشەكنى هالسىز

قىلىدۇ. ئەي ئىشەك سۈپەتلىك ئىنسان! ئەقلىڭنىڭ كەملىكىدىن بۇ قوتۇر ئىشەك ئەجدىھا بولىدى.

سەن نۇر باغچىسىدىكى قۇياشتەك بول.

ئارچا دەرىخىنى ئوت بىلەن سىنىماقچى بولساڭ، جاھان ئەندىشە ئىچىدە قالىدۇ.

ئەقلىلىق كىشىنىڭ جاپاسى، نادانىنىڭ ۋاپاسىدىن ياخشىدۇر.

## ئېيىق بىلەن يىگىت

بىر ئورمانلىقتا بىر ئېيىق ياشايدىكەن. كۆنلىرى ناھايىتى خاتىرجەم ئۆتىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بۈك-باراقسان ئورمانلىققا نەدىندۇر بىر ئەجدىھا كېلىپ، زومىگەرلىك قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئېيىققا تەھدىت سالاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئېيىقنىڭ ھاياتى خەتەر ئىچىدە قاپتۇ. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان بىر پالۋان يىگىت ئۇ ئېيىققا ياردەم قىلماقچى بولۇپ، ئورمانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

دېمەك بۇ دۇنيادىمۇ ئاجىزلارغا ياردەم قىلىشنى ئويلايدىغان مەرت، پالۋان كىشىلەر بارئىكەن. بۇنداق كىشىلەر ئېزىلگەن مەزلۇملار ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى پىدا قىلىشقا ھەر ۋاقىت ھازىر.

بۇنداق پىداكار ئىنسانلار مەزلۇملارنىڭ پەريادلىرىنى ئاڭلىسا، خۇددى مەرھەمەت دېڭىزىدەك دولقۇنلاپ تاشىدۇ. مانا بۇنداق كىشىلەر جاھاننىڭ قەيەرىدە بىر زۇلۇم بولسا، ئۇ يەردە ھازىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولىدۇ.

يولغا چىققان يىگىتكە ئاسماندىن سادا كەپتۇ:

_ ئەي يىگىت!

ئەلۋەتتە دەرتلىك بىر كىشى ئۆز دەردىگە دەرمان ئىزدەيدۇ. مانا سەندەك يىگىتلەر چارىسىز كۆڭۈللەرگە تەسەللى بېرىدۇ. سېنىڭدەك يىگىتلەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى شەپقەتتۇر. كېسەلگە شىپالىق دورىدۇر.

قەيەردە دەرت بولسا دەرمانمۇ شۇ يەردە بولىدۇ. قەيەر پەس بولسا، سۇ شۇ يەرگە ئاقىدۇ.

شەپقەت سۈيى ئىستىسەڭ كەمتەر بول. شەپقەت قەدەھىدىن ئىچ، مەس بول.

ئەزەلدىن شەپقەتلىك بولغان كىشىگە مۇكاپات بار. ئەي ئوغۇل! يالغۇز ياخشىلىق بىلەنلا قانائەت قىلما. ئەقلىڭنى ئىشقا سال. كۈچ بىلەن ئەقلنى بىرلەشتۈر!

شۇنداق قىلىپ يىگىت ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ ئەقىل پاراستىنى ئىشقا سېپتۇ ۋە ئەقلىنى كۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەجدىھانى ھالاك قىپتۇ. ئېيىقنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپتۇ. بۇ جەڭدە ئەجدىھا يېڭىلىپتۇ، چۈنكى ئەجدىھانىڭ كۈچى بولغىنى بىلەن ئەقىل-پاراستى يوق ئىكەن. ئەجدىھانىڭ ئەقلى ھەرقانچە بولسىمۇ يىگىتنىڭ ئەقىل-پاراستىگە يەتمەپتۇ.

يىگىت ئېيىقنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئېيىق ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپتۇ. ئۇ يىگىت نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ يىگىت ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئېيىق ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ "بۇ قانداق ئىش؟ ئەي قېرىندىشىم! ئېيىققا بۇنداق يېقىنلىق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟" دەپ سوراپتۇ. يىگىت ئەجدىھا ۋەقەسىدىن تارتىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . يولۇچى ئادەم دەپتۇ:

"شۇنداقتىمۇ سەن دىققەت قىل. ئېيىققا كۆڭۈل بەرمە. نادانىنىڭ دوستلۇقىمۇ دۈشمەنلىكتۇر. ئۇنىڭ ساڭا پايدىسىدىن زىيىنى كۆپتۇر".

يىگىت:

– ئېنىقكى سەن ماڭا ھەسەت قىلىۋاتىسەن. سەن ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۇنىڭ سۆيگۈسىگە قارا، – دەپتۇ.

يولۇچى: – نادانلارنىڭ مەشۇقى يامانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ھەسرىتىم ئۇنىڭ سۆيگۈسىدىن ياخشى. سەن ئېيىقتىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭدىن يىراق تۇر. مەن بىلەن يولداش بول. ئۆز نەسلىڭدىن ۋاز كەچمە. ئېيىق دوستلۇققا يارىمايدۇ، – دەپ قايتا-قايتا نەسىھەت قىپتۇ.

يىگىت:_ئەي ئۇچىغا چىققان ھەسەتخور! ئۆز يولۇڭغا ماڭ، يوقال! _ دەپ، يولۇچىغا ۋارقىراپتۇ.

ئادەم : "ئەي يىگىت! ئۆتۈنۈپ قالاي. ئېيىقتىن ۋاز كەچ. ساڭا دوست ۋە يولداش ئۇ ئەمەس مەن. ئەندىشىدىن يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بىلەن ماڭ. ئېيىق بىلەن ھەرگىز ئورمانغا بارما. يۈرىكىم بىر نېمىنى سېزىۋاتىدۇ . يالغان سۆزلىمىدىم. گېپىمگە ئىشەن."

يولۇچى ئادەمنىڭ يالۋۇرۇپ شۇنچە قىلغان سەمىمى نەسىھەتلىرىنى، يىگىت پەقەت ئاڭلىماپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ نەسىھەتلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ.

ئادەم ئاخىرى يىگىتكە قاراپ: _ بوپتۇ، ئۇنداقتا مەن كەتتىم. سېنىڭ ئەقلىڭ جايىدا ئەمەس ئىكەن، _ دەپ يولغا راۋان بوپتۇ.

يىگىت، يولۇچىغا :_ماڭ يوقال، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى قىل، _ دەپتۇ.

يولۇچى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ تۇرۇپ: _ پەخەس بول يىگىت! مېنىڭ ساڭا دۇشمەنلىك قىلىدىغان نىيىتىم يوق. ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغان بولساڭ، ئۆزۈڭگە ياخشىلىق قىلغان بولاتتىڭ.

يىگىت: "مېنى ئاۋارە قىلماي، يولۇڭغا ماڭ. ئۇيقۇم كەلدى" دەپتۇ.

يولۇچى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ:

_ دوستۇڭنىڭ نەسىھىتىدىن گۇمان قىلما. ئەقىللىق بىرسېنىڭ يېنىدا ئۇخلا. ئۇ ياخشى كىشى سېنى ھىمايە قىلسۇن دەپتۇ-دە، يولغا راۋان بوپتۇ.

يىگىت، يولۇچىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن تېرىكىپتۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن گۇمانلىنىپ مۇنداق ئويلاپتۇ

"ھەرھالدا ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بىر قاتىلمۇ ياكى مېنى قورقۇتۇپ، مەندىن بىر نەرسىلەرنى ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن تىلەمچىمۇ؟ ياكى بولمىسا بىر تۇزاق قۇرۇش ئۈچۈن، ماڭا مۇشۇنداق تەھدىت سېلىپ ، مېنى ئۆز دوستۇمدىن قورقۇتماقچى بولدىمۇ؟"

يىگىت، ئۇ ياخشى نىيەتلىك كىشى توغرىسىدا خاتا چۈشەنچىدە بوپتۇ ۋە دەرھال ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. ئېيىق بېشىدا قاراپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا

يىگىتنىڭ يۈزىگە چىۋىنلەر كېلىپ قونۇشقا باشلاپتۇ. يىگىتنىڭ يۈزىگە قونغان چىۋىنلەرنى، ئېيىق قوغلاشقا باشلاپتۇ. ئەمما، چىۋىنلەر يەنە كېلىپ قونۇپتۇ. ئېيىق قولى بىلەن يەنە چىۋىنلەرنى قوغلاپتۇ. چىۋىنلەر يەنە ئۇچۇپ كېلىپ قونۇپتۇ. چىۋىنلەرنىڭ بۇ جاھىللىقىنى كۆرگەن ئېيىق قاتتىق تېرىكىپتۇ. يىگىتنى چىۋىنلەردىن قوغداشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئېيىق، چىۋىنلەرنى مجىپ، ئۆلتۈرۈپلا قۇتۇلماقچى بوپتۇ ۋە يېنىدا تۇرغان يوغان تاشنى ئېلىپ، يىگىتنىڭ يۈزىگە قونۇۋالغان چىۋىنلەرگە قارىتىپ بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپتۇ. يىگىت ئۇخلاۋاتقان يېرىدىلا جان بېرىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە پۈتۈن ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ.

شۇندىن بىرى ئەخمەق، نادانلارنىڭ دوستلۇقىنى ئېيىقنىڭ دوستلۇقىغا تەمسىل قىلىدىغان بوپتۇ.

◄ **ھېكمەتلەر:**

كۆكلەرگە نەزەر سال. كۆكلەردىكى ئاۋازلارنى ئاڭلا.

قۇلىقىڭدىكى كىرلەرنى چىقار، پەلەكتىن كەلگەن نەغمىلەر ئاڭلانسۇن.

بۇرنۇڭدىكى زۇكامنىڭ تەسىرىنى يوقۇتۇش كېرەك. بۇرنۇڭ ھەقنىڭ پۇرىقىنى پۇرىسۇن.

بەزگەكتىن، سەپرالىقتىن تەل- تۆكۈس قۇتۇلغىن، بۇ ئالەم ساڭا شېكەردەك تەملىك تۇيۇلسۇن.

روھىڭ جىسمىڭغا ئەسىر بولمىسۇن. ئايلىنىپ يۈرۈيدىغان يېرىڭ، مەرىپەت ئوچىقى ئەتراپىدا بولسۇن.

بويۇن ۋە قول-پۇتۇڭنى باغلىغان خەسىسلىك زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلا. ئىززەت-ھۆرمىتىڭ ئاشسۇن.

كۆڭلۈڭدە ئاچكۆزلۈكنى پەيدا قىلغان ھەر ئاۋازنى، ئىنسانلارنى يېگەن ۋەھشى بۆرىنىڭ ھۇۋلاشلىرى دەپ بىل.

سەۋەپ مەيدانىغا كەلگەن ئەسەردىن ئۈستۈن. چاقماق ئۇچقۇندىن ئۈستۈن.

ئۇستا ھۈنەرۋەن كۆرۈنۈشتە ئەھلى ئەمەس بىرسېنىڭ يېنىدا ئولتۇرسىمۇ

، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ئۈستۈندۇر.

كۆچەت تىكىشتىكى مەقسەت مېۋە ئېلىشتۇر. دېمەك، مېۋە ئالدىدا كۆچەت ئارقىدا تۇرىدۇ. ۋاقىت جەھەتتىن كۆچەت مېۋىنىڭ ئالدىدا تۇرسىمۇ، ئەمما مېۋىنىڭ قىممىتى كۆچەتتىن يۇقىرى.

بۇ دۇنيادا نېمە بولسا ھەممىسى ئۈستىدىن كېلىدۇ. كۆزۈڭنىڭ نۇرىنىڭ پەيزى كۆكتىن كېلىدۇ.

كۆزۈڭنى قانچىلىك قاماشتۇرسۇن، كۆككە قارىماقچى بولغان كىشىگە يەنىلا بىر يورۇقلۇق كېلىدۇ.

كۆزۈڭ، نۇرنىڭ پارلىغان يېرى بولسۇن.

ئاقىۋەتنى كۆرمەك نۇرنىڭ مەقسىتى. شەھۋانىي ھەۋەس سېنى كور قىلمىسۇن.

نادان كىشىلەر تەكەببۇر بولىدۇ. تەكەببۇرلىقىدىن ئۇستازلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بېشىڭنى ساقلىماقچى بولساڭ ئاياق بول. پادىشا بولساڭمۇ ھەقنىڭ بۇيرۇقىدىن ئايرىلما.

ئەي ئىگەم! قەلبىمىزنى يۇمشات. پەريادلىرىمىزنى ياخشىلىق ۋە شەپقىتىڭگە لايىق قىل.

ئوغرى كۇندۇزدىن ۋاز كېچىپ، كەچ قاراڭغۇلۇقنى تاللايدۇ.

مەن كېچە ئەمەسمەن. ھەرۋاقىت كۇندۇزمەن.

مەن جاھاندا ھەقنىڭ تارازىسىغا ئوخشايمەن. كەمچىلىكنى ئارتۇقچىلىقتىن ئايرىيمەن.

يالغانچىنىڭ قەسىمگە ئىشەنمە. يالغانچى قەسىمنى ھەر ۋاقىت بۇزىدۇ.

سەن، ئەيسانى تاللىماي، ئېشەكنى تاللىدىڭ. شۇنىڭ بىلەن سەنمۇ ئېشەكتەك تالادا قالدىڭ.

ئىلىم ۋە مەرىپەت ئەيسانىڭ بەختىدۇر.

شۇنچە يىللار ئېشەككە قۇل بولدۇڭ، ئەمدى يېتەر. ئېشەككە قۇل بولغان ئېشەكتىن بەتەر.

قۇش ئۆزىگە ئوخشاش نەسىلدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇچىدۇ.

ئېيىقنىڭ نەسىلدىن بولمىساڭ ئەگەر، ئۇنىڭ بىلەن قىلما زىنھار سەپەر.

## ئەما

بىر زامانلاردا بىر ئەما كىشى ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ئەما ئادەم كىشىلەرگە داۋاملىق "مەن ئىككى جەھەتتىن قارغۇ" دەپ تۇرۇۋالىدىكەن. يولدىن ئۆتكەن-كەچكەنگە "سىلەر ماڭا كۆپلەپ ئىچ ئاغرىتىشىڭلار لازىم. چۈنكى مەندىكى كورلۇق ئىككى جەھەتتىن." دەيدىكەن. كىشىلەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپ سوراپتۇ: ـ بوپتۇ، ئەما ئىكەنلىكىڭنى بىلدۇق. زادى ئەمالىقىڭ كۆزۈڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىكى ئەمالىقىڭنى زادى بىلمىدۇق. بۇ زادى قانداق بىر ئەمالىق؟ بۇنى بىزگە دەپ بەرسەڭ.

كۆپچىلىكنىڭ بۇ سوئالىغا ئەما مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

-ئىككىنچى قارغۇلىقىم-مېنىڭ ئاۋازىم. مېنىڭ ئاۋازىم بەك يېقىمسىز. ئاۋازىمنىڭ يېقىمسىزلىقى ئەما ئادەمنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ. مېنىڭ بۇ سەت ئاۋازىمدىن كۆپچىلىك سەسكىنىپ، ماڭا بولغان ياخشىلىقى، ئىچ ئاغرىتىشى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. سەت ئاۋاز نەدە چىقسا ، شۇ يەردە غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك كېلىپ چىقىدىكەن. بۇنداق ئاۋازنى خەلقنىڭ ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمەيدىكەن. شۇڭا ئۆزۈمنى بۇ جەھەتتىنمۇ ئەما بىرسى ھېسابلايمەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا مەن ئاشۇنداق ئىككى قات قارغۇ. شۇڭا ماڭا ھەسسىلەپ سەدىقە بېرىشىڭلار كېرەك !

ئەمانىڭ بۇ ئاقىلانە چۈشەندۈرۈشىنى ۋە ئۆزىنىڭ قوپال، سەت ئاۋازى تۈپەيلىدىن كۆپچىلىكتىن سەممىي كەچۈرۈم سورىغانلىقىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك، بىر-بىرسىگە قارىشىپ قايىل بوپتۇ.

شۇندىن بۇيان كىشىلەر ئۇ ئەماغا تېخىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ، سەدىقىنىمۇ ئايىماي بېرىدىغان بوپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئاۋازىڭنىڭ سەتلىكىدىن غەم قىلما، مۇھىم بولغىنى كۆڭلۈڭنىڭ ساداسى.

ياخشى سۆز تاش كۆڭۈللەرنىمۇ شامدەك ئېرىتىۋېتىدۇ.

قىيامەتتە ئۆلۈكنىڭ سىرى ئاشكارىلىنىدۇ.

رەببىم قانغا تولغان كۆڭۈللەرنى كۆز ياشلار بىلەن يۇيۇپ، ئۇ يەرگە ھېكمەت يازىدۇ.

يېڭى بىر ئۆي سالماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ھۇلنى تۇت، سۇ چىقىرىش ئۈچۈن بىر قۇدۇق قاز.

جاپا-مۇشەققەت چەكمىگەن راھەت كۆرمەس. ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتمىغان نېئمەتنىڭ قەدرىنى بىلمەس.

جەننەت بولسا ياخشى كۆرۈلمەيدىغان نەرسىلەر بىلەن يېپىلغان، دوزاخ بولسا پارقىراقلىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان.

زىندانغا تاشلانغاننىڭ تارتقان جاپالىرى، ئۇنىڭ ھەۋىسىنىڭ بەدىلىدۇر.

كىم چەكسىز بىر بايلىققا ئىگە بولسا، بىلكى ئۇ بۇ ھالغا كېلىش ئۈچۈن، كۆپ سەۋر قىلغاندۇر.

تولۇن ئاينى قاراڭغۇ كېچىدىن ئىزدە، سۆيگۈنى دەردلىك كۆڭۈلدىن.

## ساراڭ بولۇۋالغان دانىشمەن

بىر ئادەم، بىر دانىشمەندىن بىر ئىش توغرىسىدا مەسلىھەت ئېلىشنى ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆرگەن بىلگەنلەردىن دانىشمەن ئىزدەپ، سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ ۋە دەپتۇ:

– بىر ئىش توغرىسىدا پىكىر ئېلىش ئۈچۈن، بىر دانىشمەن كىشىنى ئىزدەۋاتىمەن. بىلىدىغانلار بارمۇ؟

بىرسى دەپتۇ:

ـ بۇ يەرلەردە بىرەر دانىشمەن كىشى يوق. ئەگەر بار دېسەك، ساراڭدەك بولۇۋالغان بىرسى بار. ئۇ بىر تاياقنى مىنىپ ئات قىلىپ، ئۇششاق بالىلار بىلەن بىللە ئويناۋاتىدۇ. ئۇ كۆرۈنۈشتە ساراڭدەك بولغىنى بىلەن ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك بىرسى. ئۇ ساراڭ ھەر قىيىن ئىشنىڭ ھەل قىلىش ئامالىنى بىلىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ باق.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بۇ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان دانىشمەننى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تونۇمىغانلىقىغا پۇشمان قىپتۇ ۋە سوئاللىرىنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن، بالىلار بىلەن ئويناۋاتقان ساراڭ تەرەپكە مېڭىپتۇ.

ئادەم ساراڭنى كۆرۈپ:

ـئەي تال-چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن ئادەم! ئېتىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى مەن تەرەپكە تارت !

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساراڭ، تايىقنى مىنىپ ئادەمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە دەپتۇ:

ـ گېپىڭ بولسا تېز دە ئېتىمنىڭ خۇيى يامان. ھېچ جىم تۇرمايدىغان بىر ئات. سېنى تېپىپ قويمىسۇن. تېز بول. نېمە سورىساڭ دەرھال سورا، ئادەم، ساراڭنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ھودۇقۇپ تىللىرى كالۋالىشىپتۇ. ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ: توي قىلاي دېگەن ئىدىم. ئەمما، مېنىڭ بەختىمگە لايىق بولغان كىمدۇر؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن: ـدۇنيادا ئۈچ خىل ئايال بار. ئىككىسى دەرت ۋە جاپا مۇشەققەت، ئۈچىنچىسى گۈزەل خەزىنىدۇر. بىرىنچىسى سېنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق. ئىككىنچىسى يېرىم سېنىڭ. ئۈچۈنچىسى ساڭا ھېچ يار بولمايدۇ. گېپىمنى ئاڭلىدىڭ، ئەمدى ماڭ كەت. مەنمۇ ماڭىمەن. ئېتىم سېنى تېپىپ يىقىتىۋەتمىسۇن. بىر يىقىلساڭ ھەرگىز ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن، ـ دەپتۇ - دە، بالىلار تەرەپكە قاراپ ئات سápتۇ. لېكىن ئادەم ئالغان جاۋاپتىن تازا قانائەت ھاسىل قىلماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ دانىشمەننى يەنە چاقىرىپ:

ـ سۆزلىگەنلىرىڭنى ئېنىقراق قىلىپ دېسەڭ. ئۇ ئاياللارنىڭ ھەربىرىنى

ئوچۇقـراق قىلـىپ چۈشەندۈرسـەڭ، ــ دەپ ئىلتىمـاس قىپتـۇ.

دانىشمەن:

ــ پاك بىر قىز ئالساڭ ئۇ پۈتۈنلەي سېنىڭ بولىدۇ.

يېرىمى سېنىڭ دېگىنىم بولسا تۇل قالغان ئايالدۇر.

ئۈچىنچىسى بولسا باشقىسىدىن بالىسى بولغان ئايالدۇر. بىرىنچى ئېرىدىن بالىسـى بولغـان ئايالنـىڭ ئەقلى ھەرۋاقـىت ئاشـۇنىڭدا بولىدۇ. بولـدى ئەمـدى خۇيسىز ئېتىم سېنى تېپىپ قويمىسۇن. ئېتىمدىن نېرى تۇر، ــ دەپتۇ ۋە يەنە بالىلار توپىغا قوشۇلۇپتۇ.

ئادەم يەنـە ئازراق ئويلاشـقاندىن كېيىـن دانىشـمەننى چاقىرىـپ يەنـە سـوئال سـورىماقچى بولـۇپ:

ــ ئەي دانىشمەن! يەنە بىر سوئالىم بار ئىدى.

دانىشـمەن ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:"يەنـە نېمـە سـوئالىڭ بـار؟ سورىساڭ تېز سـورا. ئويناۋاتقـان نەرسـىلىرىم بالىلاردا قالـدى. بېرىـپ ئوينىمىسام بولمايـدۇ" دەپتـۇ.

ئادەم، بۇ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان دانىشمەنگە قاراپ تۇرۇپ:

ــ سـەندە ئەقىـل ۋە ئەدەپ بـار تـۇرۇپ، بـۇ نېمـە قىلىـق؟ ھالىڭغـا قـاراپ بـاق، ئادەم ھەيـران قالىدۇ.

ئەقلىڭنى يوشۇرما. قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمايدۇ.

دانىشـمەن:ــ يولىدىن ئازغـان بىـر قـەۋم بـار ئىـدى. بـۇ خەلـق مېنـى شـەھەرگە قـازى قىلماقچـى بولـدى. رەت قىلدىـم. لېكىـن ئۇلار "ئارىمىـزدا سـاڭا ئوخشـاش ئەقىللىـق ۋە ئالىـم يـوق" دەپ، بـەك زورلاپ تۇرۇۋالـدى. بۇ قازىلىق مەنسـىپى سـەن تۇرغـان يـەردە باشـقىلارغا ھـارام، سېنىڭدىن تـۆۋەن بىرلىرىنـى خەلققـە رەھبـەر قىلسـاق، بـۇ شـەرىئەتتە توغـرا بولمايـدۇ دېيىشـتى. بۇ ئەھۋالنـى ئەمەلىيىتىمگـە تەدبىقلىدىـم. ھەقىقەتـەن ئەقلىـم ئۆتكـۈر، بىلىمىـم مـول ئىـدى.

ئەقلىم خەزىنـە، مـەن ۋەيرانـە ئىدىـم. خەزىنىنـى كۆرسەتسـەم ساراڭ ئىدىـم.

دىۋانە بولمىغان دىۋانىدۇر. بىلىمىم گۆھەردۇر. ئۇ مال-مۈلۈك ئەمەس. ئۇنى بىرسى مەندىن سېتىۋالالمايدۇ.

– بىر ئالىم يۈزلەرچە دەلىل ۋە سىرلارنى ئوتتۇرىغا قويسا، بۇنىڭغا نادانلار قايىل بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا ئۇنى چۈشىنەلىگۈدەك بىلىم يوق. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى نادانلىقنىڭ پەردىسى بىلەن پەردىلەنگەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا قازى بولغاندىن كۆرە ساراڭ بولاي دېدىم، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەگەر سەندە كۆرگۈدەك كۆز بولسا، ھەر يەردە ساڭا قۇرغان تۇزاقنى كۆر.

ئەگەر كۆزۈڭ ياخشى كۆرسە، يامان چاپاننىڭ ئىچىدىكى مۇسانى كۆر.

ئوغرى ئەمانىنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلىسا، ئەمانىڭ ئوغرىنى تاپالىشى مۇمكىنمۇ؟ ئوغرى ھەر كۈنى يېنىدىن ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ.

ئىت، بىچارە ئەمانى چىشلىۋالسا، ئىتنىڭ غالجىر ئىكەنلىكىنى قارىغۇ نەدىن بىلسۇن.

مەقسەت بىلىش، ئىلىم ئىگەللەش بولماي، باشقا بولسا، ئىگىلىگەن ئىلىم ساڭا زىيان كەلتۈرىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنى ئاۋام خەلققە قالتىس كۆرسىتىش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلەيدۇ. نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئەقلىگىمۇ كەلمەيدۇ.

بەزىلەر چاشقاندەك ھەر تەرەپنى كېزىپ، ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتسىمۇ، ئەمما، نۇرنى بايقىيالمايدۇ. ھەققى نۇرغا ئېرىشەلمىگەچكە ئۆمرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەگەر تەڭرى ئۇلارغا ئەقىل ئېھسان قىلغان بولسا، چاشقاندەك تىمىسقلاپ يۈرمەستىن، بەلكى قۇش بولۇپ كۆكلەردە ئۇچاتتى.

توپا يېمە، توپا ئالما. ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچ. توپا يېگەننىڭ يۈزى تاتىراڭغۇ كېلىدۇ.

كۆڭلى خاتىرجەم ھەرۋاقىت ياش تۇرىدۇ. رەڭگى-روھى نۇرلۇق بولىدۇ.

تىل دېگەن بۇ بىر پارچە گۆش، ھەرۋاقىت ھېكمەت سۈيى ئاققان دەريادا

چۈمۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك.

## بوۋاي بىلەن تېۋىپ

ياشىنىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن بىر بوۋاي تېۋىپنىڭ يېنىغا كېلىپ كېسىلىنى داۋالاتماقچى بوپتۇ. تېۋىپ بوۋايدىن نېمە بولغانلىقىنى، قەيەرلىرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

بوۋاي ناھايىتى روھى چۈشكۈن ھالدا:

–زېھنىم ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ. ناھايىتى ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىم. نەرسىلەرنى قويغان يەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئىزدەپلا يۈرۈيمەن.

– بۇ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى قېرىلىقتىن بولغان.

–كۆزلىرىم تورلىشىپ، ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنىدىغان بوپ قالدى.

تېۋىپ: ئەي بوۋاي! بۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىلىقنىڭ ئالامىتى، – دەپ كېسىپلا ئېيتىپتۇ.

– غولۇم، بەللىرىم ھەرۋاقىت قاتتىق ئاغرىيدۇ.

– بۇمۇ قېرىلىقتىن بولغان.

– نېمە يېسەم ھەزىم بولمايدۇ. ئاشقازىنىم ئاغرىپلا تۇرىدۇ.

– ئاشقازىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. بۇ قېرىلىقتىن بولغان. ئادەم قېرىغاندا ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

– نەپەس ئالالمايۋاتىمەن. بەك ھاسىراپ ۋە يۆتىلىپ كېتىمەن.

– ئەلۋەتتە ئادەم قېرىغانسېرى نەپەس ئېلىشمۇ تەسلىشىدۇ. چۈنكى، ئادەم قېرىغانسېرى پۈتۈن كېسەللەر مەيدانغا چىقىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قېرىلىقنىڭ ئالامەتلىرىدۇر.

تېۋىپنىڭ بارلىق كېسەللەرنى "قېرىلىقنىڭ ئالامىتى" دەپ، ئىشنىڭ ئاسان

يولنى تۇتقانلىقدىن قاتتىق تېرىككەن بوۋاي غەزەپ بىلەن، ھەي ئەخمەق! بۇ نېمانچە كۆپ قۇرۇق گەپ؟ سېنىڭ ئۆگەنگەن تېۋىپلىقىڭ مۇشۇمۇ؟ دەپتۇ.

-ھەي ئەقىلدىن ئازغان! ساڭا بۇ نادانلىق ماس كېلەمدۇ؟ تەڭرى ھەر دەرتنىڭ داۋاسىنى بەرگەنغۇ. تىبابەت ئىلمىدىن سېنىڭ ھېچقانداق بىر خەۋىرىڭ يوق ئىكەن. ئېشەكتەك نادانلىقىڭ تاشلىق يولدا مېڭىۋېتىپسەن.

تېۋىپ، بوۋاينىڭ تې رىكىپ تۇرۇپ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ سۆزلەرگە جاۋابەن:

- ھەي بوۋاي! يېشىڭ 60 تىن ئېشىپتۇ. بۇ تىرىككەكلىكىڭ، ۋە قىلغان سۆزلىرىڭمۇ قېرىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بوۋاي تىرىككىنىدىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپتۇ- دە، كىچىك باللاردەك قېيداپ تېۋىپنىڭ يېنىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

تېۋىپ، بوۋاينىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى دەپتۇ:

بەدەننىڭ بارلىق ئەزالىرى ئاغرىسا، بەدەن پۈتۈنلەي ئاجىزلايدۇ ھەم ئادەمدە سەۋرمۇ قالمايدۇ.

بىر ئىككى ئېغىز سۆز ئادەمنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، يۈرەك داغلىنىپ، ئادەم دەرھال تېرىكىدۇ. ئادەم تېرىككەنسىرى ئاشقازانمۇ ئاجىزلايدۇ-دە، بىر يۇتۇم نەرسە يۇتسىمۇ قۇسىدۇ.

كۆڭلى تۈز ئۇ بوۋايغا ھېچقانداق يامان گېپىم يوق.

ئۇ كىشى كۆرۈنۈشتە بوۋايدەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر كىچىك بالا.

بۇلار مەيلى ۋەلى، مەيلى نەبى بولسۇن ئۇلار ھەممىسى ساپ كۆڭۈللەردۇر.

ئۇلار پۈتۈن ياخشى ۋە ياماننى بىلمىگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن رەزىل ئادەملەر ئۇلارغا ھەسەت قىلىدۇ؟

ئەخمەقلەر ھەرۋاقىت، مەسچىتتە سەجدە قىلىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەن پاك قەلبلەرنى رەنجىتىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

ئەي ئەخمەقلەر! ئۇ بىر شەكىلدۇر. ئەسلى مەسچىت بولسا ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ كۆڭۈل ئۆيىدۇر. بۇ ھەقىقەتتۇر.

ۋەلىيلەرنىڭ كۆڭلى ياخشى كىشىلەرنىڭ سەجدىگاھىدۇر.

## مەرگەن بىلەن ئاتلىق ئەسكەر

تولۇق قورallانغان بىر ئاتلىق ئەسكەر ھەيۋەتلىك قىياپىتى بىلەن ئورماندا كېتىۋاتقاندا بىر مەرگەن كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇ ئاتلىق ئەسكەردىن گۇمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزىدە قورقۇش پەيدا بوپتۇ-دە، دەرھال قولىدىكى يايىغا ئوقيانى سېلىپ، ئاتلىق ئەسكەرنى نىشانغا ئاپتۇ. ئەمدى ئوقيانى ئاتاي دېگەندە، ئاتلىق ئەسكەر مۇنداق دەپتۇ: _ كۆرۈنۈشۈم مۇشۇنداق ھەيۋەت بولغىنى بىلەن، ئىچىم زەئىپ، ئاجىز بىرىمەن. سەن مېنى قۇۋۋەتلىك بىرسى دەپ قالما. جەڭ مەيدانىدا قېرى خوتۇنچىلىكمۇ ئەمەسمەن.

مەرگەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: _ ماڭ! يولۇڭغا. ھېلىمۇ ياخشى ھالىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلدىڭ. بولمىسا ساڭا ئوق ئاتاتتىم، -دەپتۇ ۋە تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىپتۇ.

ئۇرۇش كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەپ بولىدۇ. ئەگەر قورقۇنچاق بولساڭ ياي بىلەن قىلىچنى تاشلا.

رۇستەملەرنىڭ قوراللىرى بىلەن قوراللانساڭمۇ، سەن ئۇنىڭ ئەھلى بولمىساڭ ئۆزۈڭنى ئۆلۈك دەپ بىل. قىلىچنى تاشلاپ، جېنىڭنى قالقان قىل.

پادىشاھقا ئۆزۈڭنى تاپشۇرساڭ، ئۇ سېنى ئەزىز قىلىدۇ.

سەندىكى ئۇ قورال بولسا ھىلەدۇر.

ھىلىدىن بىر مەنپەئەت ھاسىل بولمىغاندىكىن، ئۇلارنى تاشلاپ ئۆلۈغ تەڭرىگە يۈزلەن.

بۇ بىلىملەر سېنىڭ ئۇچۇن ياخشىلىق ئەكەلمىسە، بىلمەس بولۇۋال. تەلەيسىز نەپسىڭدىن قۇتۇل.

پەرىشتىلەردەك: "يا رەببىم! بىز سەن ئۆگەتكەندىن باشقىنى بىلمەيمىز" دېگەن.

## بالا، دادا ۋە جوھانىڭ ھېكايىسى

ئادەملەر كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان تاۋۇتنىڭ ئالدىدا بىر كىچىك بالا زار-زار يىغلاپ مېڭىپتۇ. بالىنىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ئېقىۋاتقان ياشلارغا قاراپ، ئادەملەرنىڭ ئىچى ئاغرىپتۇ. بالا يىغىسىدا مۇنداق دەپ نىدا قىپتۇ:

"ئەي جېنىم دادا! يەرنىڭ ئاستىغا كىرىدىغان بولدۇڭغۇ دادا. جېنىم دادا! ياتىدىغان يېرىڭ شۇنچىلىك تار، شۇنچىلىك خاراب. ياتىدىغان يېرىڭ داق يەر، بېشىڭدا خام كېسەك. كېچىلىرى چىراق يوق، كۈندۈزلىرى يا نان يا تاماق يوق. ئۇ يەردە يا بىر ئىشىك يا بىر تام يوق. ياكى بىر ياردەمچى قوشناڭ يوق. ئۇ يەردە سېنىڭ رەڭگى- روھىڭ ساماندەك ساغىرىپ كېتىدىغان بولدى".

قەبرىنىڭ ئالامەتلىرىنى مۇشۇنداق ساناپ تۇرۇپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

مانا مۇشۇ چاغدا جوھا (نەسىردىن خوجىغا ئوخشاش ئەرەپ رىۋايەتلىرىدىكى بىرسى) بالىنىڭ دادىسىغا مۇنداق دەپتۇ "ئەمدى بۇ يەر بىزنىڭ غەمخانىمىزدۇر"

دادىسى، جوھاغا مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ : "ئەخمەقلىق قىلما"

جوھا:"بۇ ئالامەتلەر يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىر-بىرلەپ سانىغان بۇ ئالامەتلەر شۈبھىسىز، چوقۇم بىزنىڭ ماكانىمىزغا ئائىت. يا بىر بورا يوق، يا چىراق، يا تاماق. ھەم تۇزۇكرەك ئىشىكى، تورۇسى، تېمىمۇ يوق" دەپتۇ.

چۈنكى ئۇلار بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى بىلمەيتتى:

ئۆزلىرىدە ئەنە ئاشۇنداق يۈزلەرچە ئالامەتلەر تۇرسىمۇ، ھەددىدىن ئاشقانلار، ئۇلارنى قانداقمۇ كۆرەلىسۇن؟

كۆڭۈلدە قىياشنىڭ نۇرى چاقنىمىغانلارنىڭ ئۆيلىرى تار، ئىشىكلىرى ئېچىلمايدۇ.

نۇر ئالىمىدە ھەقنىڭ قۇياشى بىر كۆڭۈل ئۆيىنى يورۇتالماسمۇ؟

سەن يۇسۇف بولدۇڭ، ئەي كۆكتىكى قۇياش! قۇدۇقتىن، زىنداندىن چىق. جامالىڭنى كۆرسەت.

يۇنۇس بېلىقنىڭ قورسىقىدا ئىزتىراپ چەكتى. ئۇنى پەقەت ھەققە بولغان سېغىنىشى قۇتقۇزدى. بېلىقنىڭ ئىچىدە ھەققە سېغىنمىغان بولسا، ئۇ يەردە قىيامەتكىچىلىك مەھبۇس بولغان بولاتتى.

كىم تەڭرىنى كۆرسە ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. دېڭىز كۆرگەن بېلىققا ئايلىنىدۇ.

بۇ جاھان دېڭىز، بەدەن بولسا بېلىق. بۇ دېڭىز جان بېلىقى بىلەن تولغان.

سېغىنىشلىرىڭ، تەڭرىگە بولغان مەدھىيەلىرىڭنىڭ روھى بولسا سەۋردۇر. سەۋرنىڭ ئۆزى تەڭرىگە بولغان سېغىنىشنىڭ ئىپادىسى دۇر. شۇڭا سەۋر قىلىشنى بىل .

سەۋر نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

سەۋر سىرات يولىدەك ئىنسانلارنى جەننەتكە ئاپىرىدۇ.

بېشىڭ ئاسمانغا تاقاشسىمۇ، ئاتلىرىڭنى ھەر ۋاقىت تۆۋەنگە چاپتۇر.

تىلەمچى ھەرۋاقىت دەرت-پەرياد قىلىپ ئاھ ئۇرسىمۇ، سەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئاھ ئۇرما. ھەممىسى نان ئۈچۈندۇر.

## بەدەۋى بىلەن پەيلاسوپ

بىر بەدەۋى ئىچى لىق تولدۇرۇلغان خورجۇننى تۆگىسىگە ئارتىپتۇ ۋە ئۆزى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ.  يولدا ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىم، ئەدەپلىك، پىيادە بىر كىشى ئۇچراپتۇ. بۇ كىشى شۇ زاماننىڭ دانىشمەنلىرىدىن بىرى ئىكەن. بۇ دانىشمەن بىلەن بەدەۋىنىڭ يولىمۇ بىر ئىكەن.

دانىشمەن بەدەۋىدىن سوراپتۇ:

– يول ئۇزاق، ئازراق مۇڭدىشىپ ماڭايلى. سەن يۇرتۇڭ ۋە تۆگىگە نېمىلەرنى

ئارتىپ كېتىۋاتقىنىنىڭ تۇغرىسىدا بىر ئاز سۆزلە. سەن ئۇستىدە ئولتۇرۇۋالغان خۇرجۇننىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىغا قىزىقىپ قالدىم. بۇ خۇرجۇننىڭ ئىچىدە زادى نېمە بار؟

بەدەۋى بۇ ئۇشتۇمتۇت سورىغان سوئالغا:

ـ بۇ خورجۇننىڭ بىر تەرىپىدە بۇغداي بار، يەنە بىر تەرىپىدە قۇمدىن باشقا نەرسە يوق.

ـ بۇ خورجۇننىڭ ئىچىگە قۇم قاچىلىشىڭنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟

ـ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ھەيران قالغان دانىشمەن:

ـبۇنداق بىر تەرىپىگە قۇم قاچىلاپ يۈرگۈچە، ئاۋۇ بۇغداينى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ، خۇرجۇننىڭ ئىككى خالتىسىغا ئوخشاشلا بۇغداي قاچىلىساڭ تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ. بۇنداق قىلغاندا ھەم يۈكۈڭ ئازلايدۇ، ھەم تۆگىمۇ راھەت ماڭىدۇ .

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بەدەۋى ئەرەب :

"ئاپىرىن! كۆزۈڭ ئۆتكۈر، ئەقلىڭ زىيادە ئىكەن. لېكىن پىيادە ۋە يالغۇز قاپسەن" دەپ پەيلاسوپقا ئىچ ئاغرىتقاندەك بوپتۇ ۋە ئۆز ئىچىدە ئۇ كىشىنى تۆگىسىگە مىندۈرۈۋېلىشنى ئويلاپ:

ـ سەنمۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىڭنى ئېيتقىن. بۇنداق ھازىر جاۋاب، ئاقىلانە پىكرىڭگە قارىغاندا سەن پادىشاھمۇ ياكى ۋەزىرمۇ؟ راست گەپنى قىلساڭ، ـ دەپ سوراپتۇ.

دانىشمەن:ـمەن يا سۇلتان يا ۋەزىر ئەمەسمەن. قاراپ باق ئۇستى-بېشىمغا. ھالىم، تۇرقۇمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن.

ـئۇنداقتا قانچە تۈياق ئۈكۈز، تۆگەڭ بار زادى ؟

دانىشمەن: "ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق. كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان بەدەۋى يەنە جىم تۇرماي مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

"ئۇنداقتا دۇكانلىرىڭدا قانداق ماللار بار؟"

دانىشمەن: "مەندە دۇكانمۇ يوق، ئۆيمۇ يوق"

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، قانائەتلەنمىگەن بەدەۋى يەنە سوراپتۇ: "ئۇنداقتا پۇلۇڭدىن سۆز ئاچايلى. چۈنكى سەن مۇشۇ زاماننىڭ تەلەيلىك بايلىرىدەك قىلىسەن. سەن ھەم ئەقىللىق ھەم بىلىملىك بىرسى."

بۇ ئۇزۇلمەي سورالغان سوئاللاردىن زېرىككەن دانىشمەن دەپتۇ:

– ئەي بەدەۋى، پۇل تۇرماق، ئاخشاملىققا يەيدىغان بىر نەرسىمۇ يوق مەندە. يالاڭ-ئاياق يۈرۈيدىغان، نەرسە-كېرەكلىرىم يوق بىر ئادەممەن. كىم بىر بۇردا نان بەرسە شۇ يەردە مەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەرەب دەپتۇ: "يېنىمدىن يىراقراق ماڭ. پېشانەڭ تەتۈر بىر نېمە ئىكەنسەن. پىشكەنلىكىڭ ماڭىمۇ يۇقمىسۇن. مەندىن نېرى تۇر. مەن بۇياققا ماڭىمەن، سەن ئۇ ياققا ماڭ. ئەگەر سەن بۇياققا ماڭساڭ، مەن ئۇياققا ماڭىمەن. بۇ بۇغداي قاچىلانغان خۇرجۇننى قۇم بىلەن تەڭشەش، سېنىڭدەك دانىشمەن بولغاندىن مىڭ ئەۋزەل."

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دانىشمەن بەدەۋىدىن يولىنى ئايرىپ باشقا تەرەپكە مېڭىپتۇ ۋە مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئويلاپتۇ:

پىكىر دېگەن ئىنساننى بىر يولغا باشلايدۇ.

ئەي ھېچبىر نەرسىسى بولمىغانلار! كۆڭۈل ئىگىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا شۈبھىگە چۈشمەسلىك كېرەك.

كامىل كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەدەپسىزلىك قىلساڭ، ۋۇجۇدۇڭ شەھۋەت ئوتىغا ئوتۇن بولىدۇ.

ھەقنىڭ نۇرى بىلەن يورۇمىغانلار ئۆزىنى ئەمالارغا چىرايلىق دەپ تونۇشتۇرىدۇ.

كۆزنىڭ نۇرى مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. مۇھەببەت كۆز كۆرگەن نەرسىنى تېخىمۇ پەيزى قىلىدۇ.

دۇرۇسلۇق، ھېس-تۇيغۇلارنى ئويغىتىدۇ. ۋىسال ئىشتىياقى ھېسلارغا مايىل بولىدۇ.

بىر قوي دەرياغا ئۆزىنى ئاتسا، ئارقىدىن بارلىق قويلار ئۆزىنى دەرياغا ئاتىدۇ.

تۇيغۇلار تۇيغۇغا خىزمەت قىلسا، كۆكلەرمۇ يولۇڭغا قارايدۇ.

بەدەن ئاشكارا، روھ يوشۇرۇن بولىدۇ. بەدەن چاپاننىڭ يېڭىدۇر. روھ يەڭنىڭ ئىچىدىكى قولدۇر.

ھەرىكەت قىلغانلىقىڭغا قاراپ مەن ھايات دەيسەن. بىراق ئەقلىڭگە دائىر بىر ئىپىنىق بىر ھۆكۈم بېرەلمەيسەن. ئىش-ھەرىكەتلىرىڭنى ئوبدان ئويلىمىغىچە مىسمۇ ياكى ئالتۇنمۇ بىلەلمەيسەن.

كىمنىڭ ئاقلانە پىكىر ۋە ياخشى ئىش قىلغانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇنىڭدا ساپ بىر ئەقلىنىڭ بارلىقىنى بايقايسەن.

بىر ئادەم يىراقنى كۆرەلمىسە، شاختىن-شاخقا قوندىغان بىر تەنتەك بولسا، ئۇ توپىغا مىلىنىپ ياشايدىغان چاشقانغا ئوخشايدۇ. پەقەت چاشقاننىڭ ياشايدىغان يېرى يەردۇر. چاشقان پەقەتلا يەرنىڭ ئاستىدىكى يولنى ئوبدان بىلىدۇ. چاشقاننىڭ يەيدىغىنىمۇ شۇ يامان-تۇسكى نەرسىلەردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ يەيدىغىنى ئەقلىگە چۈشلۇقتۇر.

ھەق ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە بەرگەن.

## شەيخنى قارىلىغۇچى

بىر ئادەم شەيخنى قارىلاپ دەپتۇ: ـ ئۇ يامان بىر ئادەم، ئۇنىڭ تۇتقان يولى توغرا ئەمەس. ئۇ ئىككى يۈزلىمچى دائىم ھاراق ئىچىدۇ. بۇنداق بىر ئادەم قانداقمۇ مۇرىتلارنى ياخشى يولغا باشلىيالىسۇن؟

شەيخنى قارىلاشقا چىداپ تۇرالمىغان، بىر ئاق كۆڭۈل ئادەم رەددىيە بېرىپ:

"ھەددىڭدىن ئاشما. ياخشى كىشىلەرنى بۇنداق قارىلىساڭ تەڭرىمۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇ شەيخ ئۇنداق ئىللەتلەردىن يىراق. ھەق ئەھلىگە بۇنداق بۆھتان چاپلىما. بۇ نىيىتىڭدىن يان، ھەددىڭنى بىل. ئەي ئىينىڭ پارقىراق يۈزىدىن ئەيىب ئىزدىگەن، جەننەتتە تىكەنلىك بولامدۇ؟ ئەگەر سېنىڭدەكلەرگە جەننەتنى ماكان قىلىپ بەرسىمۇ، يەنىلا ئۇ يەردىن تىكەنلىك ئىزدەيسەن. ئۇ يەردە سېنىڭدىن باشقا تىكەن يوق." دەپتۇ ۋە يەنە مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

– كاجلىق قىلما. شەمشەردەك قىلچىنىڭ بىسىدىن قولۇڭنى تارت. شاھ بىلەن ئۇرۇشما. دېڭىزنى پاسكىنا دېگەن دېڭىز يېنىدىكى كۆلچەك بىر دولقۇن بىلەن يوق بولىدۇ. نادانلىق پاتقىقىدىن قۇتۇل. پاتقاققا پېتىپ قالغان ئېشەكمۇ، ئۆزى يالغۇز بۇ يەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئىلمىدىن باشقا ھەقنى تونۇتقۇچى يوق. بىزدىكى روھ ھايۋان روھىدىن بەكمۇ ئۈستۈن. چۈنكى بىز ئىلىم بىلەن تەبىئەتنىڭ سىرلىرىنى ئاچىمىز".

شەيخكە قارا چاپلىغان ئادەم، شەيخنى ئاقلىغان ۋە ئۆزىگە سەمىمى نەسىھەت قىلغان ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايىل بولماپتۇ ۋە يەنە كاجلىق قىلىپ دەپتۇ:

– شەيخنى بىر مەجلىستە ناھايىتى ئەدەبسىز ھالدا كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان تۇرقى يوق. تەقى-تۇرقى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيتتى. ئەگەر ئېشەنمىسەڭ بۈگۈن كېچە مەن بىلەن ئۇ يەرگە كەل. شەيخنىڭ ناچارلىقىنى شۇ يەردە ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆر.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئۇ تۆھمەتخور بىلەن بىرگە شۇ كېچە ناھايىتى يوشۇرۇن ھالدا شەيخ بار مەجلىسخانىنىڭ دېرىزە تۈۋىگە كەپتۇ ۋە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، مەجلىسخانىنىڭ ئىچىدىكى شەيخنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ.

شەيخ دەپتۇ: "يوشۇرۇن پاسىقلىق قىلغان، ھاراق ئىچكەنلەر بولسا كۈندۈزى ياخشى مۇئمىن بولۇۋېلىپ، كەچلىرى تەڭرىگە ئاسىيلىق قىلماقتا. كۈندۈزلىرى ئۆزىنى گۇناھلاردىن پاك تۇتقانلارنىڭ، كەچلىرى قوللىرىدا ھاراق بىلەن لىق تولغان مانا مۇشۇنداق قەدەھلەر بار."

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاچ شەيخنىڭ قولىدا تۇتۇۋالغان قەدەھنى كۆرگەن قارا كۆڭۈل پىتنىخور ئادەم ۋارقىراپ تۇرۇپ:

”ئەي شەيخ! ھەممە سىرلىك ئوتتۇرىغا چىقتى. سەن دائىم بىزگە ھاراق قەدەھلىرىدە شەيتاننىڭ ئاياق ئىزى بار دەيتتىڭ." دەپتۇ ۋە يېنىدىكى ئادەمگە مەغرۇرلىنىپ قاراپتۇ.

بۇ ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان سۆزلەردىن تەئەججۈپلەنگەن شەيخ:

– قەدەھلىرىم شۇنداق لىق تولدۇرۇلغانكى، بىر تال كىچىك ياپراقنىڭ پېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

– بۇ سۆزلىرىمدە زەررىچىلىكمۇ ھىلە يوق. خاتا سۆزلەردىن ھەركىم ساقلىنىشى كېرەك. بۇ قولۇمدىكى قەدەھ سەن ئويلىغاندەك ئۇنداق  قەدەھ ۋە ھاراق ئەمەس. بۇنداق بىر ئەيىب مەندە يوق. بۇ قەدەھ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدۇر. بۇنىڭغا شەيتاننىڭ سۈيدۈكى سىغماس. ئەي ئايىغى چۈرۈپ كەتكەن پىتنىخور! بۇنىڭغا قارا، بۇ يا قەدەھ ئەمەس، ياكى ھاراق.

شەيخكە قارا چاپلىغان ئادەم، شەيخنىڭ قولىدىكى قاچا ئىچىگە بال تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئىزا ئىچىدە قاپتۇ. مانا مۇشۇ چاغدا شەيخ ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ بىرىگە:

”ماڭ، نەدىن بولسىمۇ ماڭا شاراپ تېپىپ ئەكەل. چۈنكى كېسەل سەۋەبىدىن بۇنىڭغا ئېھتىياجىم بار. بۇ كۆڭۈلسىز ئەھۋالدىن بىئارام بولدۇم. پەقەت زۆرۈر بولغان ئەھۋال ئاستىدا پاسكىنا نەرسىلەر پاكىز ھېسابلىنىدۇ. ئىنكار قىلغۇچى ئىنكارى بىلەن جايىنى تاپسۇن" دەپتۇ.

مۇرت بولسا مەيخانىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مەيخانىغا بېرىپ، دۇكاندار بىلەن بارلىق كۈپلەرنىڭ ئىچىگە قاراپتۇ. لېكىن بىر تامچىمۇ ھاراق تاپالماپتۇ. پۈتۈن كۈپلەرنىڭ ئىچىدە لىق بال تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بارلىق يولدىن ئازغان ھاراقكەشلەر"بۇ نېمە ئەھۋال؟ بۇ نېمە كارامەت؟ بۇ كۈپلەردىكى شاراپلار نەگە كەتتى؟" دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە دات-پەرياد قىلىپ شەيخنىڭ دەرگاھىغا قاراپ يول ئاپتۇ ۋە شەيخنىڭ يېنىغا كېلىپ دەپتۇ:

– ئەي ھۆرمەتلىك شەيخ! مەيخانىغا ئەلچىڭ كەلدى. ئەلچىنىڭ كېلىشى بىلەن بارلىق ھاراقلار بال بولۇپ كەتتى. پۈتۈن يامانلىقنىڭ بېشى ياخشىغا

ئۆزگەردى. پۈتۈن يامانلىقنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىزگە توغرا بولغاننى سەن كۆرسەتتىڭ، ــ دەپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ياخشى كىشىلەرنى قارىلىما، خاتالىقلىرى بار بولغان تەقدىردىمۇ ئەي تۇپراقتا قالغان قۇش! قىزىل دېڭىز پاسكىنىچىلىقتىن قورقامدۇ؟

ئىبراھىمغا ئوت زىيان سالالمايدۇ. پەقەت نەمرۇدقا مەنسۇپ بولغانلار ئوتتىن قورقسۇن.

يول باشلىغۇچى، يولۇچىنىڭ چۆلدە ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن لازىم. مەنزىلگە يەتكەنلەرگە يول ۋە يولباشلىغۇچى كېرەك ئەمەس. بۇلارنىڭ كۆز ۋە يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ.

دادىنىڭ ئۆزى پەزىلەت ۋە ئىلىم ئىگىسى بولسىمۇ، بوۋاق بالىسىغا كىچىك بالىلاردەك قىلىقلارنى قىلىدۇ.

ئوت، ھەر ۋاقىت سۇدىن قورقۇپ ياشايدۇ. ئوت، سۇنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ.

ياخشىلارغا ھەسەت قىلما، بولمىسا شەيتان يولدىشىڭ بولىدۇ.

ۋەلى ئۈچۈن زەھەر بال، پانزەھەر بولىدۇ. ھەسەتخورغا بال زەھەر بولىدۇ.

تەڭرىنىڭ ئېھسانى بىلەن ئوت ئىبراھىمغا نۇر بولۇر.

ئەبابىل قۇشلىرىغا ياردەم قىلغان تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدۇر. بولمىسا قۇش قانداقمۇ پىللارنى يېڭەلىسۇن.

## ئۆزۈڭنى بىل

بىر تەكەببۇر چاشقان بىر تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ دەپتۇ: نېمە تۇرىسەن، تېز ماڭ!

تۆگە، ئۆزى يۇۋاش بىر ھايۋان بولغاچقا مېڭىشقا باشلاپتۇ. تۆگىنىڭ بۇ ئىتائەتمەن ھالىنى كۆرگەن چاشقان تېخىمۇ مەغرۇرلىنىپ، ئۆزىنى پالۋاندەك ھېس

قىلىشقا باشلاپتۇ. تۆگىمۇ چاشقاننىڭ بۇ ھاكاۋۇرلىقىنى كۆرۈپ ئىچىدە: "سەۋر قىل، ھازىرلا نېمە بولىدىغانلىقىنى كۆرىسەن" دېگەنلەرنى ئويلاپ مېڭىپتۇ. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن ناھايىتى چوڭ بىر دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەريانىڭ سۇلىرى شۇنداق ئۇلۇغ بولۇپ، پەقەت پىللا ئاران ئۆتەلەيدىكەن. چاشقان بۇ دەريانى كۆرۈپ تۇرۇپلا قاپتۇ. بېشى قاتقان چاشقاننىڭ ھالىنى كۆرگەن تۆگە دەپتۇ:

"ئەي مەنمەنچى دوستۇم! نېمىگە تۇردۇڭ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ ھىممەت ئاياقلىرىڭ بىلەن يىگىتتەك دەرياغا ماڭ! سەن يولباشچىم، ئۇلگەم. ئارقىدا قالما، قېنى تېز-تېز ماڭ"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان چاشقان دەپتۇ: "كۆرمىدىڭمۇ، دەريا سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى. ئەي سەپەرداش! سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقىمەن."

تۆگە: "قېنى مەن سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرۈپ باقاي" دەپتۇ - دە، سۇغا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: "سۇ تىزىمغىلا كەلدى؛ ئەي چاشقان! نېمىدىن قورقتۇڭ؟ ئەقلى-ھوشۇڭنى يوقىتىپلا قويدۇڭ"

چاشقان مۇنداق دەپتۇ: "ماڭا ئەجدىھادەك كۆرۈنگەن نەرسە، ساڭا چۇمۇلىدەك كۆرىنىدۇ. ئىككى تىز ئارىسىدىكى پەرق ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر سۇ سېنىڭ تىزىڭغا كەلگەن بولسا، مېنىڭ بويۇمدىن يۈز گەز ئاشىدۇ"

تۆگە: "دېمەك شۇنداق ئىكەن بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئالدىمدا ئەدەبسىزلىك قىلما. بولمىسا سەن تەس كۈندە قالىسەن. ئۆزەڭدەك ئاشۇ چاشقانلار ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇقىڭنى قىل. سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق"- دەپتۇ.

تۆگىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چاشقان:

- تەۋبە قىلدىم. خۇدا ھەققى بۇ سۇدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر يول كۆرسەتسەڭچۇ.

تۆگە: " قېنى دۈمبەمگە سەكرەپ چىق. سۇدىن سېنى ئۆزەم ئۆتكۈزىمەن. سېنىڭدەكتىن كۈرمىڭى بولسىمۇ ئەندىشە قىلمايمەن" دەپتۇ ۋە سۇغا كىرىپتۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

پادىشاھ بولمىساڭ ئاددى بىرسى بول، كېمىچىگە قىرغاقتىن قارا.

ئۇستا بولماي تۇرۇپ دۇكان ئايرىما.

ھۈنىرىڭ بولمىسا مەدىكارلىق قىل. تاۋار-دۇردۇنۇڭ بولمىسا، ياماقلىق چەكمەن كەيگىن.

ئەگەر يامان خۇي ۋاز كېچەلمەس ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا، نەسىھەت قىلغانغىمۇ ئاڭچىقلايسەن.

شەيتان، كىبىر ۋە شۆھرەتنى ئۆزىگە خۇي قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەمنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆردى.

چوڭچىلىق روھقا زەھەردۇر.

ئەگەر سەن يوقلۇقنىڭ پانزەھىرىدىن نېسىپلەنگەن بولساڭ، يىلان بىلەن تولغان تاغدا بولساڭمۇ قورقما. چۈنكى سەن زەھەرلەنمەيسەن، ئىچىڭدە پانزەھەر بار.

چوڭچىلىق شەيتان بىلەن يولداش. ئۇنىڭ بىلەن پىكىرداش بولساڭ، ئۇ سېنىڭ بېشىڭغا چىقىدۇ.

يامان خۇينى ئۆزىگە يۇقتۇرمىغان ئادەم، زىنتىغا تېگىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ تېرىكمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

## تۆھمەتكە قالغان دەرۋىش

بىر كېمىگە بىر ئاق كۆڭۈل دەرۋىش چىقىپتۇ. دەرۋىش باشقىلار بىلەن ھېچ كارى بولماي، ئۆز خىيالىنى قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، كېيىن ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ. مانا مۇشۇ چاغدا كېمىدىكى بىرسىنىڭ بىر كېسەك ئالتۇنى يۈتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىدىكى پۈتۈن يولۇچىلارنىڭ يانلىرىنى ۋە يۈك-تاقلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ. ئالتۇننى يۈتتۈرۈپ قويغان كىشى، بۇ ئىشلاردىن ھېچ خەۋەرسىز بەھۇزۇر ئۇخلاۋاتقان دەرۋىشنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە دەرۋىشنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرماقچى بولۇپ، ئويغىتىپ دەپتۇ:

- كېمىدە ئالتۇن يوقاپ كەتتى. باشقىلارنى ئاختۇردۇق، ئەمدى سېنىمۇ ئاختۇرۇشىمىز كېرەك. شۇڭا چاپانلىرىڭنى يەش. بىز سېنىڭدىنمۇ گۇمانلىنىۋاتىمىز. بەلكى گۇمانىمىز توغرىمۇ تېخى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ بولغان دەرۋىش مۇنداق دۇئا قىپتۇ:

- يا رەببىم! بۇ گۇمانخورلار مەندەك بىر ئاجىز بەندەڭگە تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ. سەن مېنى بۇ تۆھمەتتىن قۇتقۇزغىن.

بۇ ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان تۆھمەت ۋە ئۇچرىغان ھاقارەتتىن كۆڭلى لەختە-لەختە بولغان دەرۋىشنىڭ دەردلىرىدىن تەسىرلەنگەن دېڭىز ئاستىدىكى بېلىقلارنىڭ ھەممىسى چەكسىز دېڭىزنىڭ كۆپكۆك يۈزىدە ئېغىزلىرىدا قىممەت باھالىق ئۈنچىلەرنى چىشلىگەن ھالدا پەيدا بوپتۇ. مىڭلىغان بېلىقلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاغزىدا بىردىن ۋاللىداپ تۇرغان بۇ ئۈنچىلەر شۇنداق بىر ئۈنچىكى، ھەر بىرى بىر شەھەرنى سېتىۋالغۇدەك قىممەت باھالىق ئۈنچىلەردىن ئىكەن. بۇ كارامەت پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن، ئېھسانىدىن بولغان ئىكەن. مانا بۇ كارامەتنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ قالغان كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن دېڭىزدىكى ئۈنچە چىشلەپ تۇرغان سانسىزلىغان بېلىقلارغا قارىسا يەنە بىر تەرەپتىن ئەرش-ئەلانى تەخت قىلىپ ئولتۇرغان، يۈزىدە نۇر يېغىپ تۇرغان دەرۋىشكە قاراپ ھاڭۋېقىپلا قاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا دەرۋىش كېمىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا ۋال-ۋۇل قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بىرنەچچە تال ئۈنچىنى ئېتىپتۇ ۋە مۇنداق خىتاب قىپتۇ:

"كېمە سىزنىڭ، تەڭرى مېنىڭ بولسۇن. ئەمما، بىر ئوغرى سىلەرگە يولداش بولمىسۇن. بۇ ئارىمىزدىكى پەرقنىڭ زىيىنىنى ھەر بىرىڭلار تارتىسىلەر. مەن كۆپچىلىكتىن ئايرىم تۇرۇش ئارقىلىق ھەققە دوست بولدۇم. ھەق ماڭا ئوغرى دەپ تۆھمەت قىلمايدۇ. ئەمما، بەزى نىيىتى قارىلار بۇلاردىن بىئارام بولىدۇ"

دەرۋىشنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان كېمىدىكى كىشىلەر سوراپتۇ:

- بۇنداق بىر يۈكسەك مەرتىۋىنى ساڭا نېمە ئۈچۈن بەردى؟"

بۇ سوئالغا دەرۋىش شۇ جاۋاپنى بېرىپتۇ:

-كەمبەغەللەرنى ھېچ بىر ۋاقىت ئەيىپلىمىدىم. تۆھمەت قىلمىدىم. ئۇلارغا

ئۆچمەنلىك قىلمىدىم. كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئازار بەرمىدىم. كەمبەغەللەرنى يوقسۇل دەپ قارىما، ئۇلارنىڭ يوقسۇللۇقى ئۇلارنىڭ بەختىدۇر ۋە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىدۇر. ئۇلارغا تۆھمەت قىلماسلىق كېرەك.. ئەسلى گۇناھكار ئەقىل بولماستىن بەلكى، نەپسانىيەتچىلىكتۇر. تۆھمەتكە ئۇچرىغان پەقەت ھېستۇر، لاتاپەتلىك نۇر ئەمەس. بالا نەپسىڭنى قىلىچ بىلەن چاپ. ئۇنىڭغا دەلىل كۆرسىتىپ ئاۋارە بولما، بەربىر چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ جاجىسىنى قىلىچلا بېرىدۇ. نەپسانىيەتچىلەر بىر مۆجىزە كۆرسە، شۇ زامان ئۇنىڭ ھەق تەرىپىدىن بولغانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەمما، ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنى بىر "خىيال" دەپ بىلىدۇ ۋە "ئۇ كۆرۈنگەن نەرسە، ھەقىقەت بولسا ئىدى، كېچە-كۈندۈز ھېچ كۆزىمىزدىن غايىپ بولۇپ كەتمەيتتى" دەپ تۇرۇۋالىدۇ. بۇنى ئەقىل ئىگىلىرى چۈشىنەلەيدۇ. ھەي ئوغرى ۋە تۆھمەتخورلار! "بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن كۆپ سۆزلەپ كەتتىڭ" دەپ قالماڭلار. مەن پەقەت يۈزدىن بىرىنى سۆزلىدىم. سۆزلىگەنلىرىم پەقەت دېڭىزنىڭ بىر تامچىسىدۇر.

## سوپىلارنىڭ ئەرزى

بىر دەرگاھتىكى سوپىلار، ئارىسىدىكى بىر دەرۋىش ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ، شەيخنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. شەيخكە ئۆز ئەرزلىرىنى بايان قىلىپ دەپتۇ:

– ئارىمىزدىكى بىر دەرۋىش توغرىسىدا سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەرز قىلىپ كەلدۇق. بىزنىڭ ئەرزىمىزگە قۇلاق سالغايلا مۇھتەرەم شەيخ .

شەيخ : "ئەي دەرۋىشلەر! شىكايىتىڭلار زادى نېمە؟”

ئەرز قىلىپ كىرگەن دەرۋىشلەرگە ۋاكالىتەن ئارىسىدىن بىرى:

– بۇ دەرۋىشنىڭ ناھايىتى ناچار ئۈچ خۇيى بار. بىرىنچىسى، قۇمدەك كۆپ گەپ قىلىدۇ. ئىككىنچىسى كۆپ تاماق يەيدۇ. ئۈچۈنچىسى كۆپ ئۇخلايدۇ. ئەي خىسلەتلىك شەيخىم بىزگە ياردەم قىلسىلا.

بۇ سۆزلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىغان شەيخ دەرۋىشكە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: "ئوتتۇرا يولنى تۇت. ھەرۋاقىت ھەرقانداق ئىشتا مۆتىدىل بول!

ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئوتتۇرا هال بولغىنى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دەرۋىش ئۆز هالىدىن ئازراق سۆز ئېچىپتۇ ۋە سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بوپتۇ ھەم بەزى سوئاللارنىمۇ سوراپتۇ.

شەيخ دەرۋىشنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبلىرىنى ئالدىرىماي چۈشىنىشلىك قىلىپ، بىر- بىرلەپ رەت قىپتۇ. سوئاللىرىغا قانائەتلىك جاۋاپ بېرىپتۇ ۋە يەنە دەپتۇ:

– ئوتتۇرا يول تۇتۇش ھېكمەتتۇر. بىراق ئوتتۇرا هال بولۇش نىسبەتكە قاراپ بولىدۇ. تۆگىگە تېيىز تۇيۇلغان سۇ، چاشقانغا نىسبەتەن دېڭىزدەك چوڭقۇر بىلىنىدۇ. ئەگەر بىرسىنىڭ تۆت نان يېگۈسى بار بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ياكى ئۈچ نان مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تۆت ناننى بىراقلا يەۋەتسە ئۇ هالدا بۇ مۇۋاپىق بولماي بەلكى ئاچ كۆزلۈك بولۇپ، ئۆز نەپسىنىڭ قۇلى بولغان بولىدۇ. ئىشلار ئادەمگە قاراپ بولىدۇ. بىرسى مەككىگە پىيادە كەتسە، بىرسى مەھەللىسىدىكى مەسچىتنى يىراق دەپ قاخشايدۇ. بىرلىرى ياخشىلىق يولىدا قۇربان بولسا، يەنە بىرلىرى ناننىڭ دەردىدە بىر-بىرلىرى بىلەن جېدەل قىلىدۇ. شۇڭا باش ۋە ئاخىرى بولمىغان نەرسىنىڭ ئوتتۇرا هالى بولمايدۇ. چەكسىز نەرسىنىڭ ئالدى ئارقىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى، يانلىرى بولمايدۇ. ھەممە ئىشنىڭ باشلىنىشىمۇ ۋە ئاخىرلىششىمۇ ھەقتىن بولىدۇ. دېڭىز-ئوكيان سىياھ بولسىمۇ ھەقنى يېزىپ ئاڭلىتىشقا يەتمەيدۇ. مەسىلەن: يەتتە دېڭىز سىيا بولسا ھەقنى مەدھىيلەپ يېزىپ بولالايمەن دەپ ئۈمىد قىلما. باغ-ئورمانلاردىكى بارلىق دەرەخلەر قەلەم بولسىمۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ بولۇشقا ئىمكان يوق. قەلەم ۋە سىياھلار تۈگەيدۇ. ئەمما، سۆزلەر تۈگىمەي، ئېشىپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇخلىغاندەك بولۇۋالىمەن، گۇمانخورلار مېنى "ئۇخلىدى" دەپ ئويلايدۇ. ئەسلىدە كۆزۈم ئۇخلىغان بىلەن كۆڭلۈم داۋاملىق ئويغاقتۇر. ئىشىم يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئىشلىرىم قۇمدەك. سېنىڭ كۆزۈڭ ئوچۇق، قەلبىڭ ئۇيقۇدا. مېنىڭ كۆزۈم ئۇيقۇدا، قەلبىم ئويغاقتۇر.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تاشقى بىر سەۋەپ بىلەن ئەخلاقسىز ئىشلاردىن بىرى كۆپەيسە، ئىنسان ۋۇجۇدىدا كېسەل پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

دوستۇڭدىن ئۈستۈنلۈك تالاشساڭ، دوستلۇق بۇزۇلىدۇ.

كۆزەتچى داۋاملىق ئۇيقۇدا. چۈنكى بىلىققا كۆزەتچى كېرەك ئەمەس.

سەن ئۆزەڭنى ماڭا ئوخشاتما. ساڭا كېچە ۋاقتى ماڭا كۈندۈز. ساڭا زىندان، ماڭا باغچىدۇر.

مەن يۈكسەكلەرگە ئۇچقان بىر قۇش. ئەندىشە چۈنىڭگە خاستۇر. چۈن مەندەك ئۇچالامتى؟

پۈتلىرى سۇنۇق بولغان ماڭا كەلسۇن دەپ پەستە تۇرىمەن.

ۋۇجۇدۇم سۇنئىي ياسىغان قاناتتىن ئۇزاق.

يېگەن ئەنجۈرلىرىڭ باشقىلارنى قىزغاندۇرسا، بولۇشىغا يە، زىيان قىلمايدۇ.

ئەگەر ئاشىقازىنىڭ يېگەن پاك نەرسىلەرنى مەينەت ھالغا كەلتۈرسە، ئۇ ھالدا سەن گېلىڭنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى تاشلىۋەت. يېگەن نەرسەڭ تەڭرىنىڭ نۇرى ھالغا كەلسە، خالىغاننى يە، ھالال بولسۇن!

تەڭرى ئىلھامىدىن مەھرۇم قالغانلار، نادانلىقدىن يات ئاۋاز بىلەن مەشۇقنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

بىلىمسىزلەرنىڭ سۆزلىرى ئىنكارچىلىققىلا يارايدۇ.

ھېكمەت، مۇئمىننىڭ يوقتىپ قويغان مېلىدۇر. ئۇنى كىمدىن ئاڭلىسا ھېچ ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىدۇ.

ئۆزىنى ھېكمەت يېنىدا كۆرگەن ئېسىل ئىنسان قانداقمۇ ئۆز ئۆزىدىن گۇمان قىلسۇن؟

ئۇسساپ كەتكەن بىرسىگە "سۇ ئىچمەكچى بولساڭ، كۈپتە سۇ بار، ئېلىپ ئىچ" دېسەڭ، ئۇ ئۇسسىغان ئادەم: "ماڭ يوقال، يالغان سۆزلىمە. داۋا قىلما. بۇ ئاساسسىز بىر شىكايەت. گۇۋاھچىڭ بارمۇ؟ قېنى ئىسپاتلا، بەلكى بۇ سۇغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىدۇر، كىم بىلىدۇ؟ " دەپ تۇرىۋالامدۇ؟

سۈت ئېمىۋاتقان بىر بوۋاققا ئانىسى :"ئەي ئانىسېنىڭ يۈرەك پارىسى. كەل ! ئەم دېدى بوۋاق: "ئەي ئانا! ماڭا بىر دەلىل كۆرسەت. ئاندىن مەن سېنى ئېمەي" دەمدۇ؟

شۇڭا ئاجىز خەلقنىڭ كۆڭلىگە پەيغەمبەرنىڭ يۈزى ۋە ئاۋازى مۆجىزە بولغان.

پەيغەمبەر سۆزلىگەندە، ئۈممەتنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا جان-دىلى بىلەن باغلانغان. چۈنكى مۇنداق بىر ئاۋازنى باشقا ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

ئەي قېرىنداشلار! ھېكايە بىر تارازىدۇر. ئۇنىڭدىكى مەنە بولسا بىر داندۇر. ئەقىللىق كىشىلەر مەنىلىك دانلارنى ئالىدۇ. ھەرگىز تارازىغا بېرىلىپ كەتمەيدۇ.

كۆك قەھرىدە ئۈچ، چۈشىندەك پەس ئۇچما!

كۆڭۈل كۆكسى كەڭ بولغانلارنىڭ قوللىرىمۇ ئوچۇق بولىدۇ.

## ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى

بىر كۈنى ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ھاياتنى بەختلىك ئۆتكۈزۈۋاتقان بىلىملىك بىر ئادەم كۆپچىلىك بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، چاقچاق قىلىپ دەپتۇ:

_ ھىندىستاندا بىر دەرەخ بار ئىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى كىم يېسە ، ئۇ كىشى قېرىمايدىكەن ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ئىكەن.

بۇ گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ، ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ "توغرا ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپ، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر چاپارمەننى نۇرغۇن مال-دۇنيا بىلەن ھىندىستانغا يولغا سېپتۇ. بۇ ئادەم ھىندىستانغا كېلىپ، ئۇ دەرەخنى ئىزدەپتۇ. ئەمما، پۈتۈن ھەممە يەرنى ئىزدەپ، قېدىرىۋەتكەن بولسىمۇ ئۇ دەرەخنى ھېچ بىر يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى نەچچە يىل ئىزدەپتۇ. ھىندىستان دېگەن بۇ دۆلەتتە بارمىغان يېرى، چىقمىغان دۆڭى، كەزمىگەن چۆلى قالماپتۇ. قايسى شەھەرگە بېرىپ كىمدىن ئۇ دەرەخنى سورىسا، بەزىلەر مىيىقىدا كۈلۈپ زاڭلىق قىلسا بەزىلەر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: "ھەي، ساراڭ بوپقاپتۇ _دە بۇ بىچارە" دەيدىكەن. يەنە بەزىلەر:" كۆڭلى تۈز بۇ ئادەمنىڭ بۇنچىلىك ئەجىر قىلىشىنىڭ

ۋە جاپا تارتىشنىڭ بىر سەۋەبى باردۇر. بەلكى بۇ قۇرۇق سۆز ئەمەستۇ" دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىرسى ئۇ ئادەمگە دەپتۇ:

-پالانى يەرگە بارساڭ بىر ئورمان بار، ئاشۇ ئورماندا شۇنداق بىر دەرەخ بار.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ. يىللاردىن بېرى بۇنداق بىر ياخشى خەۋەرنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچقا، ئاشۇ ئورمانغا قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ ئادەم ئىنتايىن خوش بولۇپ كەتكەن ئىكەن. چۈنكى نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ دەرەخنى ئىزدەپ كۆپ جەبىر-جاپا تارتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇنىڭغا كۆپ پۇل ئەۋەتىپتۇ. ئەمما، تا بۈگۈنگىچە قۇرۇق گەپتىن باشقا بىر نەرسىگە ئىگە بولماپتىكەن. بۈگۈن مانا نېمە بولسا بولسۇن بىر ئۈمىدنىڭ ئۇچى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپتۇ.

ئادەم شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا تاللىرى شۇنداق ئېگىز، مېۋىسى توڭ، يوپۇرماقلىرى يېشىل بىر دەرەخ تۇرغۇدەك. ئەمما بۇ دەرەخ ھېلىقىدەك دەرەخ بولماستىن پەقەت شۇ ئورماننىڭ زىننىتى ئىكەن. ئادەمنىڭ نۇرسىز، ھارغىن كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. شۇنچە كۆپ جاپالارنى تارتىپ ئېرىشكىنى قۇرۇق گەپ بوپتۇ. ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە ھېس قىپتۇ. پۈتۈن قىلغان ئىشلىرى، تارتقان جاپالىرى بوش كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتماقچى بوپتۇ. دەرت- ئەلەم ئىچىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىكتە كېتىۋاتقاندا، يولدا بىر شەيخ ئۇچراپ قاپتۇ. ئادەم شەيخنى كۆرۈپ ئۆز ھالىنى مۇنداق ئىزھار قىپتۇ: "ئۈمىدسىزلىك دېڭىزىغا چۆكتۈم. ئىچىم ھەسرەتكە تولدى. سېنىڭ مۇبارەك جامالىڭنى كۆرۈشۈم، مېنىڭ تەلىيىمنىڭ باشلىنىشى بولسۇن. ياخشى تىلەك، ئېسىل دۇئالىرىڭنى مېنىڭدىن ئايىما. ئۇ دۇئالىرىڭ يولدا ماڭا ياخشى ھەمرا بولغاي. ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىشلاردىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم." دەپ يىغلاپ تۇرۇپ شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۆيۈپتۇ . بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇردەك كۆز ياشلىرى شەيخنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ: "ئەي شەيخ! ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن! ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم. ماڭا ياردەم قىلغىن.

كۆڭلى يۇمشاق شەيخ بۇ ئىزتىراپقا تولغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ سوراپتۇ: -

سىزنىڭ بۇ مەيۈسلىكىڭىز زادى نېمە سەۋەپتىن؟ زادى مەندىن نېمە تىلەيسەن؟

ـ مېنى پادىشاھىم بىر دەرەخنى تېپىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئەكىلىشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى قېرىماسلىقنىڭ دورىسى بولغاچقا، ئۇ دەرەخ پۈتۈن دۇنيا ئارزۇ قىلىدىغان بىر دەرەخمىش. مەن ئۇ دەرەخنى ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىزدىمگەن بولۇڭ-پۇشقاق قالمىدى. ئەمما، ئۇنداق بىر دەرەخنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شەيخ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ ئادەمگە مۇنداق خىتاب قىپتۇ:

”ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم! ئۇ دەرەخ ئالىملارنىڭ ئىلمىدۇر. بۇنى پەقەت ئالىملار چۈشىنىدۇ. ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ ھەم شۇنداق چوڭ، ھەر تەرەپكە يېيىلغان. ئۇ ئابھاياتنىڭ بۇلىقى ۋە شۇنداق بىپايان كەتكەن چوڭقۇر دېڭىزدۇر. سەن شەكىلگىلا قاراپسەن، ئەي ئەخمەق. مەنىسى ياپراقتىمۇ، مېۋىدىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى بەزىدە بىر دەرەخ، بەزىدە قۇياش، بەزىدە دېڭىز، بەزىدە بۇلۇت . ئەمما، مىڭ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇ بىردۇر. ئەڭ قىممەتلىك ئەسىرى مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. ئۇ يالغۇز. ئەمما، ئەسەرلىرى كۆرمىگىدۇر. ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىسىملىرى بار. بەزىدە ئۇ بىرلىرى ئۈچۈن قەھر ۋە زۇلۇم قىلسا يەنە بەزىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدۇ. سەن پەقەت دەرەخنىڭ ئىسمىگە باغلىنىپ قېلىپ مانا مۇشۇنداق چارىسىز، ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قاپسەن. سەن ئىسمىنى ئويلىما، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارا. ئۇ سۈپەتلەر سېنى ھېكمەتكە ئېرىشتۈرىسۇن" دەپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەي ئوغۇل! شىرنە توڭلاپ قالغان ھالەتتىمۇ ئۇنى يېگەننىڭ جىگىرى قىزىيدۇ.

بىلىملىكنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئەخمەقنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنى بۆلۈشكە سەۋەپ بولىدۇ.

تىل بىلگەن ئادەم جەرەن بىلەن قاپلاننىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ.

ھەر دەۋردە تىنچلىقنى سۆيىدىغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان بىر سۇلايمان چىقىدۇ.

ياخشى ئىنسانلارنىڭ روھى بىردۇر.

ئۇزۇم ھەر خىل بولسىمۇ، سىقىلسا ھەممىسى ئوخشاش قىيام بولىدۇ.

بىلىمسىز ۋە يامان ئىنسانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن بىلىملىك، ئەزىز كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ.

## ئاچ كۆزلۈكنىڭ ئاقىۋىتى

بىر زامانلاردا ھىندىستان دېگەن مەملىكەتتە مۇنداق بىر پاجىئەلىك ۋەقە بوپتۇ. بۇ ۋەقە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن، تا بۈگۈنگىچە ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە.

ھىندىستاندا بىر دانىشمەن، بىر كۈنى بىرقانچە كىشىنىڭ ئاچ- يالىڭاچ ئۇزاق بىر سەپەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىلىم ئىگىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ئاچھالى يامان ئىشلارنى قىلىشىغا سەۋەپ بوپ قالمىسۇن دەپ مۇنداق نەسىھەتلەرنى قىپتۇ :

"كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئۇزاق بىر يولدىن كەلگەندەك قىلىسىلەر. قورسىقىڭلارمۇ ئاچتەك قىلىدۇ. تۇرقۇڭلاردىن خۇددى كەربالانىڭ دەرتلىرىنى تارتقاندەكلا قىلىسىلەر. ئەمما، مەن سىلەرگە شۇنى دېمەكچىمەنكى، ھەرگىز ئاچلىق دەردىدىن بۇ يەرلەردە ئالدىڭلارغا ئۇچراپ قالغان پىلنىڭ باللىرىنى يېمەڭلار. بۇ يەردە پىلنىڭ باللىرى ئادەمگە ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ئۇلارنى ئۇۋلاش سىلەرگە ياخشى ئىشتەك تۇيۇلمىسۇن. گەرچە ئۇلار سىلەرگە كىچىك ۋە سېمىز كۆرۈنۈپ، سىلەرنى جەلىپ قىلغىنى بىلەن، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئانىلىرى يىراقتىن كۆزىتىپ، قوغدايدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بىر ئىش بولسا ئانىلىرى ئالەمنى- مالەم قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى ئۇۋلاشنى ھەرگىز خىيالىڭلارغا كەلتۈرمەڭلار."

دانىشمەن ئۆز نەسىھەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ يەنە دەپتۇ : "بۇ گەپلىرىم قۇلىقىڭلارغا ھالقا بولسۇن. ھاياتىڭلار بىرەر زىيان-زەخمەتكە ئۇچراپ قالمىسۇن. يوپيۇرماق بىلەن ئوت-چۆپلەرنىلا يەيدىغان بۇ پىل باللىرىنى ئوۋلىماڭلار. مەن بۇ نەسىھەتنى ئارقىلىق ئۆز ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم. ئەگەر بۇ نەسىھەتمنى ئاڭلىساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەردىن كۆپ مەمنۇن بولىمەن. مەن ۋەزىپەمنى ئادا قىلدىم، مەقسىتىم

سىلەرنى زەرەردىن قۇتقۇزۇشتۇر. تاماخورلۇقىڭلار سىلەرنى يولدىن ئازدۇرمىسۇن. چۈنكى ئۇ سىلەرگە دۈشمەندۇر." دەپ ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىپتۇ.

نەسىھەتنى ئاڭلىغان ئادەملەر بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمما، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئۇلارنى نەپسىگە ئەسىر قىپتۇ. دەل مانا مۇشۇ چاغدا يولدىن ئېزىپ قالغان، ئەمدىلا تۇغۇلغان دوپدوغىلاق بىر پىل بالىسى تاياتاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. ئاچلىقتا ئولتۇرغان ئادەملەر بۇ پىل بالىسىنى كۆرۈپلا يىرتقۇچ بۆرىلەردەك ئېتىلىپ بېرىپ، پىل بالىسىنى ئۆلتۈرۈپ، مەززە قىلىپ يەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى جايىدا جىم ئولتۇرۇپ، ئۇلارغا ئارىلاشماي پىل بالىسىغا چېقىلماپتۇ ھەم گۆشىدىن يېمەپتۇ. چۈنكى ئۇ كىشى دانىشمەننىڭ نەسىھەتنى كۆڭلىدە چىڭ ساقلىغان ئىكەن. مۇشۇ سەۋەپتىن پىل بالىسىنىڭ كاۋىپىدىن نەپسىنى تارتقان ئىكەن. بۇ ئەقىل ئۇنىڭغا بەخت ئەكەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ پىل بالىسىنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن ئادەملەر راسا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئۇ ئەقىللىق كىشى ئويغاق ئىكەن. مانا ماشۇ چاغدا يىراقتىن چوڭ بىر پىلنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ پىل ئۇدۇل ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئاغزىنى ئۈچ قېتىم پۇراپتۇ. ئەمما، ئۆز بالىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىماپتۇ. ئەتراپىنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدىن يىراقلىشىپ، ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاغزىدىن ئۆز بالىسىنىڭ پۇرىقىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ ۋە بالىسىنى كاۋاپ قىلىپ يېگەنلەرنىڭ دەل مۇشۇ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جان ئاچچىقى بىلەن دەسسەپ مىجىپ، جېنىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۇلارنى شۇنداق غەزەپ بىلەن ئۆلتۈرۈپتىكى، ھەر بىرىنى ئايرىم-ئايرىم دەسسەپ چەيلىۋېتىپتۇ ئاندىن خارتۇمى بىلەن ئېلىپ نەلەرگىدۇر پىرقىرىتىپ ئېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ جانسىز بەدەنلىرى پارچە-پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ پىل بالىسىنىڭ ئانىسى ئۆز يۈرەك پارىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئاپتۇ.

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ئىنساندىن روھ ۋە ئەقىل ئۇزاقلاشقاندا، ئىنسان تۇپراققا يەم بولىدۇ.

ياپراقلار ۋە چېچەكلەرنىڭ ئوزۇقى ھەقنىڭ نىئمەتلىرىدىندۇر.

يامان خۇي، يامانلارنىڭ بېشىنى يەيدۇ.

قۇياشنىڭ، ئاينىڭ ۋە يۇلتۇزلارنىڭ پارقىرايدىغان ئېگىز ۋە يورۇق ساماسى بار.

تاماخورلۇق قۇلاقنىڭ ئاڭلىماسلىقىغا سەۋەپ بولسا، يامان نىيەت كۆزنىڭ كۆرۈشىگە پەردە بولىدۇ.

ياخشى ئىنسانلارنىڭ ئارقىسىدىن گەپ تېپىپ، غەيۋەت قىلما. ئۇلارنى كۈزىتىپ، قوغداپ تۇرىدىغان ھەقنىڭ ئىلتىپاتى بار.

تاغدىن ئالغان تاشنىمۇ جايىغا قويمىساڭ، تاغمۇ بىر كۈن يوق بولىدۇ.

يېپەك كىيگەنلەرگە قاراپ باق! يېپەكنىڭ ئەقىل ۋە پىكىرگە بىر پايدىسى بارمۇ؟

تاشقى كۆرۈنۈشى ئاددىي بولغانلارنىڭ ئوي-پىكىرلىرى بالدەك بولىدۇ.

ئەي خەلقنىڭ قېنىنى ئىچكەنلەر! يېتەر ئەمدى، قولۇڭنى تارت. بولمىسا مەزلۇم خەلقنىڭ قانلىرى سەنلەردىن ئىنتىقام ئالىدۇ.

## دوستۇڭنى تونۇ

بۇرۇن بىر مەملىكەتتە، بىر شەھەرلىك بىلەن بىر سەھرالىق ئادەم تونۇشىدىكەن. سەھرالىق شەھەرگە كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، شەھەرلىك دوستىنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىكەن. ھەر قېتىم كەلگەندە، ئۇ دوستىنىڭ ئۆيىدە ئىككى ئۈچ ئاي قېلىپ، مېھمان بولۇپ كېتىدىكەن. شەھەرلىك دوستى بولسا غودۇراپ قالماي شۇنداق ئوچۇق-چىراي بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ياخشى مېھمان قىلىپ يولغا سېلىپ قويىدىكەن. بىر كۈنى سەھرالىق ئادەم شەھەرلىككە مۇنداق دەپتۇ:

”دوستۇم! سەن بىرەر قېتىممۇ يېزىمىزغا چىقىپ، مېنىڭ يېنىمدا مېھمان بولۇپ باقمىدىڭ. بۇ قېتىم بالا-چاقاڭنى ئېلىپ، بىزنىڭكىگە چىقىپ مېھمان بولۇپ كەتكىن. ھازىر باھار ۋاقتى، يېزىمىز قىزىل گۈللەر بىلەن پۈركىنىپ، شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كەتتى . ئەگەر ھازىر چىقمىساڭ چوقۇم مېۋىلەر پىشقاندا چىققىن. مەن ئۆزەمنىڭ بېغىدىكى شېرىن-شېكەر مېۋىلەر بىلەن سىلەرنى بىر

مېھمان قىلىۋالاي. بالىلىرىڭنى ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقىپ، ئۈچ-تۆت ئاي تۇرۇپ كېلىڭلار. يازدا يېزىمىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ ، پۈتۈن ئېتىزلىق گۈلىستانغا ئايلىنىدۇ ."

بۇ قىزغىن تەكلىپلەرنى ئاڭلىغان شەھەرلىك، دوستىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۆزىنىڭ بارىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ. لېكىن ئارىدىن سەككىز يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. سەھرالىق ھەر يىلى كەلگەندە "قاچان بىزنىڭكىگە چىقىسىلەر؟ قىش كەلمەستە بىر چىقساڭلار بولاتتى"دەپ قويىدىكەن. شەھەرلىك بولسا ھەر قېتىم"بۇ يىل يىراقتىن بىر مېھمىنىمىز كەلمەكچىدى" دەپ باھانە كۆرسىتىدىكەن ۋە "بۇ يىل مېھمانلىرىمنى ياخشى ئۇزۇتۇۋالسام، كېلەر يىلى چوقۇم چىقىمەن" دەيدىكەن.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سەھرالىق: "سېنىڭ بالىلىرىڭنى كۆرۈش ئۈچۈن مېنىڭ بالىلىرىم بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. يوللىرىڭلارغا تولا قاراپ كۆزلىرى تۆت بولاي دېدى" دەپتۇ.

سەھرالىق ھەر يىلى قالغاچتەكلا شەھەرلىكنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇۋا سالىدىكەن. شەھەرلىك ھەر يىلى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە چىقىم قىلىدىكەن. ئۈچ ئاي سەھرالىقنى يېگۈزۈپ ئىچكۈزىدىكەن. بىر كۈنى سەھرالىق ئىزا تارتقىنىدىن " ئەي دوستۇم سېنىڭ بۇ يالغان ۋەدىلىرىڭ قاچانمۇ تۈگەر؟ زادى قاچان چىقىسەن؟" دەپتۇ.

شەھەرلىك: "مەنمۇ سېنىڭكىگە بېرىشنى خالايمەن. ئەمما، ھەر نەرسىگە ھاكىم بولغاننىڭ ھۆكۈمىگە باغلىنىپ قالدىم. ئىنسان يەلكەنلىك كېمىگە ئوخشايدۇ، شامالنى چىقارغانغا قاراپ باقايلى، كېمىنى قايسى تەرەپكە ئاپىرىدىكىن" دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سەھرالىق: "بالىلار بىلەن بىللە بېرىڭلار، بىر ھۇزۇرلىنىپ كېلىڭلار. دوستلۇقنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ بىر چىقىڭلار." دەپ زورلاپتۇ.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئون يىلمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى شەھەرلىكنىڭ بالىلىرى دادىسىغا دەپتۇ:

_ دادا! ئايمۇ، بۇلۇتمۇ، سايىمۇ ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ سەھرالىق دوستۇڭغا شۇنچە كۆپ ھەققىڭ ئۆتتى . ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق ياخشى ئۆتتۇق. ئۇ ئادەم، سەن قىلغان ياخشىلىقلار ئۈچۈن ساڭا بىر خىزمەت قىلماقچى. سەن ئۇنى مېھمان

قىلغاندەك، ئۇمۇ سېنى بىر مېھمان قىلماقچى. ئۇ بىزگە"داداڭلارنى يېزىغا چىقىشقا كۆندۈرۈڭلار" دەپ بىزگە گەپ ئۆگەتتى.

شەھەرلىك باللىرىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ: "ئەي باللىرىم! دېگەنلىرىڭلار توغرا. ئەمما، "ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ شەررىدىن (يامانلىكىدىن) ھەزەر ئەيلە" دېگەن بىر گەپ بار. دوستلۇقتىكى مەقسەت مۇھەببەتتۇر. بۇنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن قورقىمەن" دەپتۇ.

ئەمما، سەھرالىق داۋاملىق ئارقا-ئارقىدىن تەكلىپ قىپتۇ. بۇ تەكلىپلەر شەھەرلىككە بىر ئاز تەسىر قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يېزىغا بارماقچى بوپتۇ. باللار ناھايىتى خوش بوپتۇ. تەييارلىقلار پۈتكەندە، لازىم بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۆكۈز ھارۋىسىغا بېسىپ، ئايالى ۋە باللىرى بىلەن سەھراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. شەھەرلىك ئادەم يولدا مۇنداق خىياللارنى سۈرۈپتۇ:

”بارىدىغان يېرىمىز بىر چىمەنزارلىق. ئۇ يەردە بىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان بىر ئېسىل دوستىمىز بار. بۇ ئۇزۇن قىشنى ئاشۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز ھەقچان. دوستۇم بىزنى كۆرۈپ تازا خوش بولىدىغان بولدى“

ئۇلار ئون كۈنلەپ ئۇزۇن سەپەر قىلىپ، ھەممىسى ھېرىپ- چارچىغان، ئۇلاقلىرى يەمسىز، سۇسىز ھالدا ھېلىقى دوستى تۇرىدىغان يېزىغا ئاران يېتىپ كەپتۇ. ئەمما، يېزىدىكىلەر:" بۇ يات كىشىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ، بىزنىڭ باغ-ۋاراۋانلىرىمىزغا زىيان سېلىپ قويمىسۇن" دەپ ئويلاپ، ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. شەھەرلىك ئادەم ئۇنىڭ-بۇنىڭدىن سوراپ يۈرۈپ، مىڭ تەسلىكتە دوستىنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ ۋە لېكىن ئىش كۈتكىنىدەك بولماپتۇ. شەھەرلىكلەرنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىغان سەھرالىق ئادەم دەرھال بېرىپ دەرۋازىسىنى تاقىۋاپتۇ. بۇ قوپاللىق، ئەدەپسىزلىكنى كۆرگەن شەھەرلىك ئاچچىقىدا ساراڭدەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئەمما، نېمە ئامال. ئۇلار بىلەن جېدەللەشسە بولامتى؟ بۇلار شۇنداق قىلىپ بەش كۈن كېچىلىرى سوغۇقتا مۈزلاپ، كۈندۈزلىرى ئىسسىقتا پىشىپ دەرۋازا ئالدىدا كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار كۆرمىگەننى كۆرۈپتۇ.

ياخشىلار مەجبۇر بولغاندا يامانلار بىلەنمۇ بىرلىشىدۇ. ئادەم ئاچ بولسا ئۆلۈك ئىتنىمۇ يەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ شەھەرلىك بىر كۈنى سەھرالىقنى كۆرۈپ دەرھال سالام بېرىپتۇ ۋە "مەن پالانى بولىمەن." دەپتۇ.

ـ بەلكى شۇنداقتۇ. بىراق سەن كىم، نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ مەن بۇلارنى نەدىن بىلەي. بەلكى سەن بىر يامان ئادەم بولۇشۇڭ مۇمكىن ياكى ياخشى ئادەم بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن. مەن كېچە-كۈندۈز تەڭرىنىڭ ئىشلىرىغا ھەيران بولۇپ، خىيال دېڭىزىغا چۆككەن بىر مەجنۇنمەن. سېنى تونۇمايمەن. ھەتتا ئۆزەمنىڭ كىملىكىدىنمۇ خەۋىرىم يوق بىرىمەن. مەۋجۇتلۇقۇمدىن قىلچىلىكمۇ بىر ئىپادە قالمىدى . ئەقلىم تەڭرىدىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنۇتتى. كۆڭلۇمدە تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم يوق.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شەھەرلىك:

ـ سېنىڭ ھازىرقى ھالىڭ ماڭا قىيامەتنى يادىمغا سالدى. چۈنكى قىيامەت كۈنى قېرىنداش قېرىنداشنى تونۇمايدۇ. سەن مېنىڭ داستىخىنىمدا كۆپ مىڭ قېتىم تاماق يېمىدىڭمۇ؟ مەن سېنى مېھمان قىلغان ئاشۇ ئادەم ئەمەسمۇ؟ پالانى كۈنى مەن ساڭا پالانى نەرسىلەرنى ئالغان ئەمەسمۇ؟ سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمىدۇقمۇ؟ ئايالىڭ مېنىڭ ئۆيۈمدە مېھمان بولۇپ تۇرمىدىڭمۇ؟ ساڭا كۆپ ياخشىلىق قىلمىدىممۇ؟ سەن ئۆزەڭ "ھەممە يەرگە ئارىمىزدىكى دوستلۇق پۈر كېتىپتۇ" دەپ يۈرمىدىڭمۇ؟

ـ نېمانداق جىق قۇرۇق گەپ بۇ؟ سېنى يا تونۇمىسام، يا ئىسمىڭنى، يا يۇرتۇڭنى بىلمىسەم!

بەشىنچى كېچە ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپتۇ. ئاندىن شۇنداق قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇكى، بۇ ھالغا ئاسمان ئۆزىمۇ ھەيران قاپتۇ. ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يېتىپتۇ . شەھەرلىك دەرغەزەپ بىلەن:

"ئۆي ئىگىسى قېنى؟" دەپ دەرۋازىنىڭ ھالقىسىنى قاتتىق قېقىپتۇ. ئاخىرى سەھرالىق دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە "نېمە دەيسەن، نېمە ئىشىڭ بار؟" دەپتۇ.

شەھەرلىك: " شۇنچە ھەققىمدىن ۋاز كەچتىم، بارلىق ئوي- پىكىرلىرىمدىنمۇ ۋاز كەچتىم. بىز بەش كۈندىن بىرى ئىسسىقتا كۆيۈپ، سوغۇقتا توڭلاپ، بەش يىلدەك جاپا تارتتۇق. دوستتىن كەلگەن بىر بالا، ياتتىن كەلگەن مىڭ بالاغا

تەڭدۇر. ئەي ئۇنتۇغاق دوستۇم، جىنىمنى ئالساڭمۇ رازى. پەقەت مۇشۇ يامغۇرلۇق كېچىدە بىزگە دالىدا بولغۇدەك بىر يەر بەر. قىيامەت كۈنى بۇنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرىسەن" دەپتۇ.

سەھرالىق :" ئۇ يەردە باغۋەننىڭ ياتىدىغان كىچىك بىر كەپىسى بار. باغۋەن ئۇ كەپىدە بۆرىلەردىن قوغدىنىپ ياتاتتى. بۆرىلەر كەلسە ئۆلتۈرىمەن دەپ قولىغا ئوقيا ئېلىۋالاتتى. ئەگەر سەن بۇ جاپاغا چىدايمەن دېسەڭ قېنى ئۇ يەر سىلەرنىڭ بولسۇن. ئەگەر بۆرىلەردىن قورقساڭ، باشقا بىر يەرنى تاپ" دەپتۇ.

شەھەرلىك: "سەن ئاشۇ يەرنى بەرسەڭلا، مەن رازى. سەن ئوقيانى ماڭا بەر. بۆرىلەردىن ئائىلەمنى قوغداش ئۈچۈن بۇ كېچە ئۇخلىمايمەن. بۆرە كېلىشى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن. سەن بىزنى بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە سىرتقا تاشلاپ قويما" دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شەھەرلىك بالا چاقىلىرى بىلەن ئۇ باغچىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كەپىگە يەرلىشىپتۇ. بۇ يەرنىڭ كىچىكلىكىدىن ھەممىسى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

كېچە شەھەرلىك مۇنداق ئويلاردا بوپتۇ: ”يا رەببىم! سېنىڭ بىزگە ئېچىڭ ئاغرىسۇن. ئەسلىدە بىز بۇنىڭغا لايىق . چۈنكى، مەن ئەنە ئاشۇنداق ئېپلاس كىشىلەر بىلەن دوست بولدۇم، ئادەم ئەمەس مەخلۇقلارنى ئېتبارغا ئېلىپ، ياخشىلىق قىلغاننىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ياخشى كىشىلەرنىڭ تېشىنى، تويىسىنى سۈرتۈش يامان ئادەملەرنىڭ خىزمىتىنى قىلمەن دەپ باغلىرىغا ئىگە بولغاندىن ئەۋزەل. مېھرىبان بىرسىگە قۇل بولماق، پادىشاھلارنىڭ بېشىغا تاج بولغاندىن مىڭ ياخشى“

شەھەرلىك يۈتۈن بىر كېچە ئەنە ئاشۇنداق خىياللارنى قىلىش بىلەن بىرگە قولىدا ئوقيا تۇتقان ھالدا باغنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئايلىنىپ، غەزەپكە تولغان كۆزلىرى بىلەن بۆرىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپتۇ. ھالبۇكى شۇنچە ساقلىسىمۇ بۆرىدىن ئەسەرمۇ يوق. دەل مانا مۇشۇ چاغدا، بىردىنلا دۆڭدىن ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر بۆرىدەك قارا بىر نەرسىنى كۆرۈپتۇ. شەھەرلىك بۇ دەل بۆرىنىڭ ئۆزى دەپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئېتىپتۇ. ئوق ھايۋانغا تېگىپتۇ-دە، دۆڭدىن پەسكە دومىلاپ چۈشۈپتۇ. ھايۋان يەرگە چۈشۈۋېتىپ "دورت..." قىلىپ يەل قويۇۋېتىپتۇ. بۇ

ئاۋازنى ئاڭلىغان ئۆيدىكى سەھرالىق: "ئالىلا كالىلا!" دەپتۇ-دە، سىرتقا يۈگرەپ چىقىپ :"ھەي شۇم پىشانە، ئىشىكىمنىڭ تەخىينى ئېتىۋېتىپسەن" دەپ قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ ۋارقىراپتۇ.

شەھەرلىك: "نەدىكى گەپنى قىلما، ئۇ بىر بۆرە. كۆرمىدىڭمۇ تەقى-تۇرقىنى. تۇرقىدىن بۆرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرمامدۇ" دېيىشىگە سەھرالىق مۇنداق دەپتۇ: "ياق، ئوسۇردىغۇ. ئوسۇرۇقىدىن تونۇدۇم. مەن ئۇنىڭ ئوسۇرۇقىنى سۇ بىلەن شارابنى قانداق پەرقلەندۈرەلىگەن بولسام شۇنداق پەرق ئېتەلەيمەن. ئۆزەمنىڭ بېغىدا مېنىڭ تەخىيمنى ئۆلتۈردۈڭ. تەڭرى سېنىڭ جاجاڭنى بەرسۇن، يۈزۈڭ كۈن كۆرمىسۇن"

بۇ ئاچچىق تەنە، قارغىشلارنى ئاڭلىغان شەھەرلىك دەپتۇ:

- ياخشىراق قارا، تۈن قاراڭغۇسىدا ئادەم ياخشى كۆرەلمەيدۇ. كېچىدە كۆپىنچە ئادەم خاتالىشىدۇ. نەرسىلەرنى خاتا پەرق ئېتىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق ھەم قاراڭغۇ ھەم بۇلۇتلۇق ھەم قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كېچىدە، ئادەم نەرسىلەرنى روشەن پەرق قىلالمايدۇ. بۇنداق قاراڭغۇلۇق ئەلۋەتتە ئادەمنى خاتالاشتۇرىدۇ"

كۆرسەتكەن بۇ سەۋەپلەرنى ئاڭلىغان سەھرالىق:

"ئۇنداق ئەمەس، بۇ ماڭا كۈندۈزدەك ئېنىق. بۇ ئوسۇرۇقنى تونۇيمەن. بۇ دەل مېنىڭ تەخىيمنىڭ ئوسۇرۇقى. يولۇچى ئۆز خورجۇننى قانداق تونىغان بولسا مەنمۇ يۈز ئوسۇرۇقنىڭ ئىچىدىن ئۇ تەخىيمنىڭ ئوسۇرغان ئاۋازنى بىلەلەيمەن" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شەھەرلىك تىرىككىنىدىن ئۆزىنى تۇتالماي ئۇدۇل بېرىپ سەھرالىقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپتۇ ۋە : "ھەي قىزىل كۆز، سەن ئەقلىڭدىن ئېزىپسەن. سەن نەشە چەككەن ئوخشايسەن. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەخىيڭنىڭ ئوسۇرۇقنى تونۇپسەنيۇ، مېنى نېمە دەپ تونۇيالمىدىڭ؟ ھەي بەڭگى! تۈن قاراڭغۇسىدا تەخەينىڭ ئوسۇرغان ئاۋازىدىن تونۇيالىغان ئادەم، كۆپ-كۈندۈزدە دوستۇڭنى نېمە دەپ تونۇيالمىدىڭ؟ قېنى سېنىڭ "مەن ئۆزەمنىمۇ بىلمەيمەن. كۆڭلۈمگە تەڭرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە پاتمايدۇ، ھەتتا تۇنۇگۈن

نېمە يېگەنلىكىمنى ئېسىمدە يوق" دەۋاتاتتىڭ! ئەمدى قارىسام ئېشىكىڭنىڭ تەخىيى ئېسىڭدىن چىقماپتۇ. كۆڭلۈڭدە ئېشەككە يەر بار. ئەمما، شۇنچە يىللىق دوستۇڭغا يەر يوق، شۇنداقمۇ؟ ئېسىت سېنىڭ بۇ ھالىڭغا!"

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بەزى گەپلەر قىلىچقا ئوخشايدۇ. كۆڭۈل بوستانىنى ھالاك قىلىدۇ.

بەزى سۆھبەتلەر ئىنسانغا ھۇزۇر بېرىدىغان باھارغا ئوخشايدۇ.

يېزىلار تۈز كەتكەن بىر يەرغۇ دەپ ئويلاپ، غەپلەتتە بولما. چۈنكى ھەر قەدەمدە بىر تۇزاق بار. ئەگەر تۇزاق، قىلتاق بولمىسا يايلاقتا قۇيرۇق يېغى نېمە قىلىدۇ؟

غەپلەت ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەنلەرنىڭ پەقەت ئۇستىخىنى بىلەن كالللىسىلا قالدى.

مازارلىق بىر ئىبرەت جايىدۇر. ئۇ يەردىكى ئۇستىخانلاردىن ئۆلارنىڭ قىلمىشلىرىنى سورا.

كۆزۈڭ بولسا ئەمادەك يۈرمە. كور بولساڭ تاياققا تايان.

ئېھتىيات قىلىشنى ۋە مۇداپىئە قىلىشنى بىلمىسەڭ، ساڭا بىر يېتەكچى كېرەك.

ھەر قەدەمنى دىققەت بىلەن باس. يولدا قۇدۇق بىلەن ئىتتىن ئېھتىيات قىل.

تاغدا قۇلاق ۋە ئەقىل بولمىسىمۇ ئۇنىڭدىن بىر ئاۋاز كېلىدۇ. ئەمما، سېنىڭ ئاۋازىڭ توختىسا ئۇنىڭ زۇۋانى تۇتۇلىدۇ.

ئىتقا بىر پارچە نان بەرسەڭ بوسۇغاڭدا كۆزەتچى بولىدۇ.

سېنى ھەقتىن ئايرىغان نەرسە، زىيانىنىڭ ئۇستىگە زىيان سالىدۇ.

ھەق ئاتا قىلغان نەرسىلەردىن خوش بول. باشقا نەرسىلەر ساڭا ئاۋارىچىلىق تۇغدۇرىدۇ.

غەم ـ تېپىلماس بىر بايلىق، مۇشەققەت بولسا ئۇنىڭ مەنبەسى. لېكىن بۇ سۆزنى كۆپ كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ.

ماڭ بىرىپ كۆڭۈل سەھراسىدا ئايلان. بۇ پاتقاقچىلىقتا بىر ئىش يوق ساڭا.

ئەي دوستلار! كۆڭۈل ساداقەتنىڭ ماكانى. ئۇ يەردە سانسىزلىغان بۇلاقلار، گۈلىستانلار بار.

ھەر ئادەم باشتا بىر سۈرەتتۇر. جان ئۇنىڭغا مەنىۋى گۈزەللىك كىرگۈزىدۇ.

ھەر مىۋىنىڭ ئاۋال شەكلى پەيدا بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەم كىرىدۇ. بۇ تەم بولسا مەنەدۇر.

باشتا چېدىر تىكىپ ئاندىن مېھمان چاقىر. مەنە مېھمان بولسا شەكىل چېدىر. مەنە دېڭىز بولسا شەكىل قېيىق.

مۇھتاجلىق يامانىنى تېخىمۇ يامان قىلىۋېتىدۇ.

كىم "مەن سۇلتان دەرۋازىسىنىڭ قاراۋۇلى" دېسە ئۇنىڭغا مىڭلارچە ئىمتىھان بار.

دۇنيادا، ئەگەر ئىمتىھان قورقۇنچى بولمىسا ھەر نامەرد ئۆزىنى رۇستەم چاغلايدۇ.

ئېشەكتەك بىرسىگە ئىشەنسەڭ، ئۇ ئېشەك سېنى كور ۋە ساددا ئېشەك دەپ بىلىدۇ.

مەشۇقۇڭ شەيتان بولسا، تەڭرىگە "ئاشىق مەن" دېيىش ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر.

ئەقلىڭ بۇ يەردە بولسا ئۇ تەرەپتىن سۆز قىلما.

ئەجىلىڭ كەلگەندە يالغاندىن جان تالاشما.

بۆركۈتنىڭ ھىلىسى

بۆركۈت، غازغا دەپتۇ:

ـ ئەي دوستۇم! سۇدىن بۇياققا چىق! كۆڭۈلگە ئارامبەخش، جانغا راھەت بېرىدىغان بۇ بىزنىڭ تۈزلەڭلىككە كەلگىن.

بۇ تەكەللۇپ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەقىللىق غاز مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

"يولۇڭغا ماڭ، تەكلىپىڭگە رەخمەت. بۇ سۇ بىزگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسى

بېرىدۇ. ھەمدە بىزنىڭ كۆڭلىمىز پەقەت سۇ ئىچىدىلا ئارام تاپىدۇ.

دېمەك ھاۋايى-ھەۋەس، نەپسى-خاھىش بۇركۇتكە، شەيتانغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئەقىللىق غازدەك سۇ قەلئەسىدىن سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

غاز قەتئىيلىك بىلەن يەنە خىتاب قىپتۇ: "بىز بىلەن ھەپىلەشمە. بىز سۇدىن ھەرگىز ئايرىلمايمىز . سېنىڭ بۇنىداق تەكلىپلىرىڭنىڭ بىزگە لازىمى يوق. سەن دېگەن ئۇ گۈزەل ماكان سېنىڭ بولسۇن! ئەسلىدە سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ۋە پىلانلىرىڭ بىر ھىيلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىن بىز تەرەپكە ھەرگىز كەلگۈچى بولما. سۇ قەلئەسى بىزنىڭ بولسۇن. سەن تەرىپلىگەن ئۇ باراقسان باغچىلار سېنىڭ بولسۇن. ئۇلارغا بىز ھېچ قىزىقمايمىز. تەندە جان بولسىلا رىزىق ئۈچۈن غەم قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بۇركۇت ئۆز ھىلىسىنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ، غىڭ-پىڭ قىلمايلا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

يەر يۈزى، كۆكتىن قاچالمايدۇ. ئۆزىنى يوشۇرالمايدۇ. كۆكتىن يەرگە نېمە چۈشسە شەرتسىز قوبۇل قىلىدۇ. قوبۇل قىلماسلىققا ھېچ بىر ئامالى يوق.

قۇياشتىن يەرگە ئوت ياغسا، يەر يەنە يۈزىنى كۆككە تۇتىدۇ. ئادەملەر يەرنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرگىز كۆكتىن يۈز ئۆرىمىسۇن.

سەن تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىڭنى بىلدىڭ، ئۇنداقتا تۇپراقتەك ئىتائەتچان بول.

سۇ ئېگىزدىن پەسكە ئاقىدۇ. كېيىن يەنە تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئاقىدۇ .

بۇغداي، باشتا يەرنىڭ ئاستىغا كىرسە، كېيىن باشاق بولۇپ يۇقىرىغا ئۆسىدۇ.

ھەر مېۋىنىڭ ئۇرۇقى ئاۋال تۇپراقنى ماكان تۇتىدۇ. ئاندىن كۆكلەرگە قاراپ بوي تارتىدۇ.

ھەر نېئمەتنىڭ ئەسلى كۆكتىن كېلىدۇ. تۇپراققا چۈشۈپ جان ئۈچۈن ئوزۇق بولىدۇ.

تاغ ھەيۋەت ئىدى. ئەمما، سەل ئۇنى مەغلۇپ قىلدى.
بېلىقلار سۇدىن سىرتقا چىقسا، ئۇچار-قۇشقا يەم بولىدۇ.

## مەجنۇن

مەن ئۆلسەم ئەكىلىڭلار تاۋۇتۇمنى،
تاپشۇرۇڭلار يارىمغا، قايغۇرماڭلار.
سۆيگىنىدىن يارىمنىڭ لەۋلىرىمگە،
تىرىلسەم، قورقۇپ قېچىپ يۈرمەڭلار.

بىر زامانلاردا لەيلى بىلەن مەجنۇن ئىسىملىك ئاشىق-مەشۇقلار ئۆتكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاشىق ھېكايىلىرى بەكمۇ كۆپ ئىكەن. مانا شۇ ئاشىق ھېكايىلىرىدىن بىرى مۇنداق ئىكەن.

بىر كۈنى مەجنۇن بىر ئىتنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپتۇ، سۆيۈپتۇ، قوللىرى بىلەن ئەركىلىتىپ ئۆز شەپقىتىنى كۆرسىتىپتۇ. مەجنۇن ئۇ ئىتنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يېنىدا يىگۈدەك نېمە بولسا ئىتقا بېرىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەر:

- ھەي ئەخمەق مەجنۇن، بۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى ساراڭمۇ قىلمايدۇ. بۇ كوچىدىكى لالما ئىت ، ئالدىغا ئۇچرىغانلا پاسكىنا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەيدۇ. ھەتتا تىلى بىلەن يىرگىنچلىك نەرسىلەرنى يالايدۇ ...

ئىتنىڭ پۈتۈن كەمچىلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ ساناپ، مەجنۇننى يەنە قاتتىق سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپتۇ.

بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئاڭلىغان مەجنۇن مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

”سىلەر باشتىن ئاخىرى نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە، شەكلىگە قاراپ باھا بېرىدىكەنسىلەر. سىلەر، مېنىڭ كۆزۈم، مېنىڭ چۈشەنچەم بىلەن بىر قاراپ بېقىڭلار! بۇ ئىت مېنىڭچە تەڭرىنىڭ بىر تىلسىماتى. بۇ ئىت لەيلىنىڭ مەھەللىسىنىڭ كۆزەتكۈچىسى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بولسا لەيلىنى كۆرگەن كۆزلەر. ئۇنىڭ پۇتلىرى بولسا لەيلىنىڭ ماڭغان يوللىرىنى ماڭغان، ئىزلىرىنى دەسسىگەن پۇتلار. مەن مۇنداق كۆزلەرنى قانداق سۆيمەي تۇرالايمەن- ھە! بۇ ئىتنىڭ بىر

تال قىلنى بىر ئارسلانغا تەڭ قىلمايمەن. بەلكى بۇ ئىت ئاشىق دەرتلىرىنىڭ پىرىدۇر"

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

شەكىلگە قارىمساڭلار، ياشىغان يېرىڭلار گۈلستان ۋە جەننەت بولىدۇ.

باشتا ئۆزەڭنىڭ شەكلىنى پاچاقلاپ تاشلىساڭ، ھەر نەرسىنىڭ سۇرىتىدىن ۋاز كېچىسەن.

سۇرەتتىن قۇتۇلساڭ ھەزرىتى ئەلىدەك خەيبەر قەلئەسىنىڭ دەرۋازىسىنى قومۇرۇپ تاشلىيالايسەن.

دانىغا ئالدانغان قۇشتەك، قىلتاققا چۈشمە.

ئىنسان ئەمگەك بىلەن رىزقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. تەييارغا ھەييار بولماق ھايۋاننىڭ ئىشى.

## كۆپتىكى بوياققا چۈشۈپ كەتكەن چىلبۆرە

توپتىن ئايرىلىپ قالغان بىر چىلبۆرە كۆپتىكى بوياققا چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە ئىچىدىن مىڭ بالالىقتا ئاران چىقىپتۇ. ئەمما، ئۈستى-بېشى بويىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالىنى كۆرگەن چىلبۆرە ئۆز-ئۆزىگە: "مەن كۆكلەردە لەرزان پەرۋاز قىلىدىغان تۇز بولدۇم" دەپتۇ.

ئۇنىڭ بويالغان تۈكلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ تۈكلىرىنىڭ يېشىل، قىزىل، سېرىق ۋە شاپتۇل چېچەكىدەك رەڭلەردە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باشقا چىلبۆرىلەرگە كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. چىلبۆرىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن باشقا چىلبۆرىلەرنىڭ ھەممىسى: "ساڭا نېمە بولدى؟ قانداق بولۇپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئۆز-ئۆزۈڭدىن خۇشال بولۇپ يۈرىسەن؟ بۇ خۇشاللىق سەۋەبىدىن بىزدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىسەن. بۇنداق كۆرەڭلەشنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟" دەپتۇ ۋە ئارىدىن بىر چاكال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "ئەي دوستۇم! يا سەن بىزنى

ئەخمەق قىلىۋاتىسەن، ياكى بولمىسا سەن تەركى-دۇنيا بولغان بىر دەرۋىش بولدۇڭ. ئالدىغا چىقىپ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، كۆپچىلىكنى ئۆزۈڭگە مەپتۇن قىلىش ئۈچۈن ھىلىگەرلىك قىلىۋاتىسەن. كۆپ ئاۋارە بولدۇڭ. ئەمما،ھېچنىمىگە ئېرىشەلمىدىڭ. ئەمدى ئىزا تارتماسلىقنى ئۆزۈڭگە ھۈنەر قىپسەن. بۇ نومۇسنى بىلمەسلىكىڭدىن بىز نومۇس قىلىۋاتىمىز" دەپتۇ.

ھەممە يېرى بوياق بىلەن رەڭمۇ-رەڭ بويالغان چىلبۆرە، ئۆزىنى ئەيىبلىگەن چىلبۆرىنىڭ قۇلىقىغا ئاستا مۇنداق دەپتۇ:"ماڭا بىر قاراپ باق، رەڭدار ھالىمنى تاماشا قىل. ھەرقانداق بۇتقا چوقۇنغاننىڭ مېنىڭدەك بىر بۇتى يوق. مېنىڭ گۈلىستاندەك خىلمۇ-خىل رەڭگىم بار. شۇنداق يېقىملىق ۋە گۈزەل بىر ھالەتتە تۇرمامدىم؟ ماڭا قارشى تۇرماي، دەرھال سەجدە قىل. مېنىڭ ياسىنىشىمغا، پارقىراقلىقىمغا، رەڭگىمگە قارىمامسەن؟

"ئەي چىلبۆرىلەر! مەن ئەمدى چىلبۆرە ئەمەس. قايسىڭلار مەندەك گۈزەل چىلبۆرىنى كۆرۈپ باققان؟ سىلەر ئەمدى ھوشۇڭلارنى تېپىڭلار!"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان بارلىق چىلبۆرىلەر ئۇ بويالغان چىلبۆرىنىڭ ئەتراپىغا، شامنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان پەرۋانىلەردەك توپلىنىپتۇ ۋە سوراپتۇ:

"ئۇنداقتا سېنى نېمە دەپ چاقىرساق بولىدۇ؟"

ئۇ چىلبۆرە جاۋاپ بېرىپتۇ: "ئەركەك توز"

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان چىلبۆرىلەر: "بوپتۇ شۇنداقمۇ دەپ ئاتايلى. ئەمما، تۇزلار گۈلىستانلىقلاردا، چىرايلىق قاناتلىرىنى كېرىپ جىلۋە قىلىپ، ھەيۋەتلىك ماڭىدۇ. سەنمۇ ئاشۇنداق جىلۋە قىلالامسەن؟"

بويالغان چىلبۆرە: "ياق ئۇنداق قىلالمايمەن. بىراق بۇ دەۋايىڭنىڭ توغرىلىقىغا مەيلى ئاز مەيلى كۆپ، دەلىل بولسىلا بولىدىغۇ." دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان چىلبۆرىلەر يەنە سوراپتۇ: "توزدەك يېقىملىق سايرىيالامسەن؟"

بويالغان چىلبۆرە: "ياق ئۇنداقمۇ سايرىيالمايمەن."

بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىردەك: " ئۇنداق بولسا

سەن تـوز بولالمايسـەن. توزنـىڭ رەڭمـۇرەڭ، چىرايلىـق پەيلـرى ھەقتـىن كەلگەن. سـېنىڭدىكى بـۇ رەڭلــەر ئۆزەڭنىــڭ شەخســى ئارزۇ-ئىســتەكلىرىڭدىن بولغــان. قانداقمـۇ ئىككىسـىنى تەڭلەشتۈرگىلى بولسـۇن؟ دەپتـۇ.

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

مـال ۋە مەنسـەپنى كـۆرۈپ سـەجدە قىلمـا. ئۇلار بوينۇڭغـا سېھىرلىك مۇنچـاق بولۇپ ئېسىلمىسـۇن.

مال-مۈلۈك زەھىرى جان ئالغۇچى يىلاندۇر.

چاكال ھېچ بىر ۋاقىت توز بولالمايدۇ.

مۇسا بىلـەن ھـارۇن خـۇددى توزنـىڭ قاناتلىرىـدەك ئىـدى. شـۇڭا ئۇ قاناتلارنى كۆرگـەن پىرئەۋن ۋەيـران بولدى.

قانىتىڭ بولمىسا ئۇچىمەن دېمە. بولمىسا ئېگىزدىن باشچىلاپ چۈشىسەن.

يامانلار مەيلى نېمە دېسۇن، يامانلىقى سۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

كومـزەك ئالسـاڭ، دەزلىرىگـە قـاراپ ئال. دەزلىرىنـى كومزەكتـىن چىققـان ئاۋازدىـن بىلىسـەن. سـۇنۇقنىڭ ئاۋازى باشـقىچە بولـىدۇ. چۈنكـى ئاۋاز، ئۆز ھالىنـى ئۆزى ئىزھـار قىلىـدۇ.

## يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام

يىرتىنى ئاچارچىلىـق قاپلىغـان بىـر زامانـلاردا يوقسـۇل، ئاچ قالغـان بىـر ئادەم قۇرۇق ئارزۇ، خام-خىياللارنى قىلىپ ئاخىرى مۇنداق يالغانچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىـر كۈنـى بىـر پارچـە قۇيـرۇق مېيـى بىلـەن سـاقال بۇرۇتلىرىنـى، قـاش-كىرپىكلىرىنى مايلاپ، پارقىرتىۋېتىپ بىر ئۆلىمالار مەجلىسىگە كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ تـازا ئوخشـىغان مايلىق تائاملار بىلەن غىزالانغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىنىپتۇ. پارقىراپ تۇرغـان بۇرۇتلىرىنـى قوللىـرى بىلـەن تولغـاپ، مەغرۇرلىنىپتـۇ. مەجلىـس ئەھلـى يالغانچىنىـڭ بـۇ كىبىرلىـك ھالىنـى كـۆرۈپ، راسـتىلا چۈشـلۈك تاماقتـا ئوخشـىغان

مايىلىق تائاملارنى يېگەن ئوخشايدۇ، ـ دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ يوقسۇلنىڭ ئاچ قورسىقى ھەقىنىڭ سۆزى بولغان"تەڭرى يالغانچىلارنىڭ ھىلىسىنى قۇرۇتسۇن" دېگەن سۆزنى تەكرارلاپتۇ ۋە مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مەجلىس ئەھلىگە ئېيتىپتۇ :

يالغان سۆز خەلق ئىچىگە تاشلانغان ئوتقا ئوخشايدۇ.

يالغانچىنىڭ بۇرۇتلىرى بىر-بىرلەپ تۆكۈلسۇن.

ئەي يوقسۇل! ئەگەر سەن يالغان سۆزلىمىگەن بولساڭ، بەلكى ئاسماندىن ساڭا رىزىق چۈشەر ئىدى.

ياخشى بولغانلارغا ياخشىلىق يار بولۇر.

ئەگەر يولدا ماڭماي، دەردىڭنى توپ-توغرا ئىزھار ئەيلە.

ئەيىبىڭنى سۆزلىگىنىڭ بولمىسا سۈكۈت قىل. قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ھاياجانلانما.

ئىمتىھان ئىچىدە ئىمتىھان بار. دىققەت قىل، كىچىك بىر ئىمتىھانغا ئالدانما.

ھەقىقەت ئالدىدا راستچىل بول ياكى سۈكۈت قىل.

ھەق : "دۇئا قىلغان مەيلى ئازغۇن، مەيلى بۇتپەرەس بولسۇن، دۇئا قىلغاندا ئۇنى قوبۇل قىلمەن" دەپ بۇيرۇغان.

ھەر ۋاقىت دۇئادىن ئايرىلما. ھەق ھامان بىر كۈنى ساڭا ئېھسان ئەيلەيدۇ.

قورسىقىڭنى ھەققە تاپشۇرۇپ، قۇيرۇق مېيىنى مۈشۈككە تاشلاپ بەر.

بۇ ھېكمەتكە تولغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئاچ قورساق يالغانچى ئادەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئىزاغا قاپتۇ.

كۆپچىلىكمۇ بۇ ئىدانى ئاڭلاپ ئىبرەت ئاپتۇ ۋە ئاچ قورساق يالغانچىنى ئەپۇ قىپتۇ، ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، كۆپ ياردەم قىپتۇ.

بۇ مېھرى-شەپقەت، ياخشىلىقتىن تەسىرلەنگەن يالغانچى ئادەم تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىقنى تاشلاپ توغرا يولدا مېڭىپتۇ.

## پەرەز

ھىندىستانلىقلار بىر پىلنى، پىل يوق بىر مەملىكەتكە ئەكىلىپ قاراڭغۇ بىر ئېغىلغا سولاپتۇ ۋە پىلنى خەلققە كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. پىلنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان خەلق، پىلنى كۆرمەكچى بولۇپ ناھايىتى ھاياجان بىلەن قاراڭغۇ ئېغىلنىڭ ئالدىغا توپلىشىپتۇ. ئېغىلغا كىرگەن كىشىلەر كۆزلىرى بىلەن پىلنى كۆرەلمىگەندىكىن، قوللىرى بىلەن سىلاپ، ئەمالارچە پەرەز قىپتۇ.

بىر ئادەمنىڭ قولى پىلنىڭ ئۇزۇن تۇمشۇقىغا تېگىپتۇ - دە،" پىل كانايغا ئوخشايدىغان ھايۋانكەن" دەپتۇ.

باشقا بىر ئادەمنىڭ قولى پىلنىڭ ئۇزۇن سالگاس قولىغا تېگىپتۇ - دە،"پىل دېگەن بۇ مەخلۇق يەلپۈگۈچكە ئوخشايدىكەن" دەپتۇ.

يەنە باشقا بىرسى قولى بىلەن پىلنىڭ پۇتىنى سىلاپ: "پىل دېگەن بۇ نەرسە تۈۋرۈككە ئوخشايدىغان ھايۋانكەن" دەپتۇ.

يەنە بىر ئادەم كېلىپ قولى بىلەن پىلنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ بېقىپ: "پىل بىر تاختايدەك ھايۋانكەن" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ كىم پىلنىڭ قەيەرىنى تۇتقان بولسا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنىڭ ئىسمىنى دەپتۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، كۆزقاراشلىرى بىر- بىرىنىڭكىگە قارشى بولۇپ چىقىپتۇ. ئۇلار پىلنىڭ قانداق بىر ھايۋان ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇزۇن تالاش-تارتىش قىلىپ جېدەللىشىپ كېتىپتۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ پەرىزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئەمما. ئەگەر ھەر بىرىنىڭ قولىدا بىر شام بولغان بولسا ئىدى، بۇنداق زىتلىق ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولار ئىدى.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

پەرەز كۆزى قولىنىڭ ئالقىنىغا ئوخشايدۇ، ئالقانىغا پىلنىڭ پۈتىشى مۇمكىن ئەمەس.

دېڭىزنى كۆرگەن كۆز باشقا، كۆپۈكنى كۆرگەن كۆز باشقا. كۆپۈكنى كۆرگەن كۆز بىلەن ئەمەس، دېڭىزنى كۆرگەن كۆز بىلەن قارا.

كۆپۈكلەر كېچە-كۈندۈز ھەركەت قىلدىغان دېڭىزدىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئەپسۇس بەزى ئىنسانلار دېڭىزنى كۆرمەي، كۆپۈكنى كۆرىدۇ.

مېۋە تولۇق بولسا شاخقا چىڭ يېپىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. مەي بولۇپ پىشقاندا، شاختا تۇرالماي يەرگە چۈشىدۇ.

جاھان مۈلكىگە چىڭ يېپىشىۋېلىش خاملىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇلۇغلارغا جاھان مۈلكى يوق بىلىنىدۇ.

ئەي دوست! سەن يالغۇز ئەمەس. بەلكى بىر كۆك ياكى چوڭقۇر دېڭىز سەن.

سەن سۆزلىمە، روھىڭ سۆزلىسۇن.

سۇ ئۇزۇشنى بىلسەڭمۇ يەنە نوھنىڭ كېمىسىگە چىق. نوھنىڭ ئوغلى كەنانىدىن ئىبرەت ئال!

قۇرت يېگەن چىشنى يۇلۇپ ئات! چۈنكى، ئۇ چىش ساڭا راھەت، ھۇزۇر بەرمەس.

## يىلانچى

تارىخچىلارنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاپ ئىبرەت ئېلىش ياخشى ئادەتتۇر.

بۇرۇنقى زاماندا بىر يىلانچى بار بولۇپ، ئۇ داۋاملىق تاغلاردا يۈرۈپ، مەيلى ياز، مەيلى قىش بولسۇن ئۆز ھىلە-مىكىرلىرىغا، پىلانلىرىغا تايىنىپ يىلان تۇتۇپ ساتىدىكەن. ئەنە ئاشۇنداق قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ يىلانچى ئورەك ۋە غارلاردا قىشلىق ئۇچەكتە ياتقان يىلانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن، يەنە تاغقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆزى بارماقچى بولغان مەنزىلگە يەتكەندە، يىلانچى كىچىكرەك ئەجدىھاغا ئوخشايدىغان شۇنداق يوغان بىر ئۆلۈك يىلاننى كۆرۈپتۇ. بۇ چوڭ ئۆلۈك يىلاننى كۆرگەن يىلانچى ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. ئەمما، ئۇ خەلقنى بىر ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ چوڭ يىلاننى سۆرەپ يۈرۈپ، مىڭ جاپادا باغدات شەھرىگە ئەكەپتۇ.

ئۇ جاپاكەش يىلانچى بىرقانچە تەڭگە تاپماقچى بولۇپ تىرىكتەك ئۇزۇن يىلاننى سۆرەپ خەلق-ئالەمگە كۆرسىتىپ دەپتۇ: "مەن سىلەرگە بىر ئەجدىھانى

ئۆلتۇرۇپ ئەكەلدىم. ئەمما، ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان جەبر-جاپا تارتتىم"

يىلانچى ئەسلىدە ئۇ يىلاننى ئۆلگەن دەپ قاپتۇ. ھالبۇكى ئۇ ئەجدىھادەك يىلان تىرىك ئىكەن. پەقەت ئۇ قىشنىڭ سوغۇقىدىن ۋە ئاچلىقتىن ھوشسىز ئۆچەككە كەتكەن ئىكەن. ئەمما، يىلانچى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۆلۈكتەك تۇرغان چوڭ يىلاننى، ئۆلۈك دەپ بىلىپ قالغانىكەن. شۇڭا ئۇ چوڭ يىلاننى باغدات شەھىرىنىڭ چوڭ رەستىسىگە سۆرەپ ئەكىلىپ، خەلقنى بىر ھاياجانغا سېلىپ، ئۇلاردىن پۇل تopلىماقچى بولغان ئىكەن. ئۇ ئاخىرى چوڭ يىلاننى، چوڭ بىر گىلەمگە ئوراپ، ئاندىن ئارقان بىلەن باغلاپ، دەجلە دەرياسى بويىدىكى بىر يەرگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. بۇ خەۋەر بىردەمدىلا قۇلاقتىن-قۇلاققا تارقىلىپ، پۈتۈن باغدات شەھىرىگە يېيىلىپتۇ.

"بىر يىلانچى شۇنداق چوڭ، ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر ئەجدىھانى تۇتۇپ باغداتقا ئەكەپتۇ" دېگەن گەپ شەھەرگە يېيىلىپتۇ. باغدات شەھىرىنىڭ يۈز مىڭلارچە ئەخمەق ئاھالىسى توپلىنىپتۇ. يىلانچى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ يىغىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. خەلق چوڭ يىلاننى كۆرۈش ئۈچۈن تەقەززا بولۇپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئورالغان گىلەمدىن كۆزىنى ئۈزمەپتۇ. يىلانچى بولسا تەقەززا بولغان خەلققە قاراپ، ئۆز ئىچىدە مۇنداق ئويلاپتۇ: "بىر ئاز تەخىر قىلاي. تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى يىغىلسۇن. تاماشىبىنلار قانچە كۆپ بولسا، يىغىلىدىغان پۇلمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ."

ئادەملەرنىڭ سانى كۆپىيىپ دەريا بويى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ. يۈز مىڭلارچە ئادەم بويۇنلىرىنى غازدەك سوزۇشۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا دەسسەپ يىلان ئورالغان گىلەمگە كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھاياجانلىق مەنزىرە ئىچىدە ھەممە بىر-بىرى بىلەن كارى يوق، مىغ-مىغ ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپتۇ.

ئاخىرى ئادەم تازا كۆپەيگەندە، يىلانچى يىلان ئورالغان گىلەمنى مىدىرلىتىپتۇ، ئادەملەر بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشىپتۇ. سوغۇقتا مۇزلاپ ئۆچەككە كىرىپ كەتكەن ئەجدىھادەك چوڭ يىلان، چىڭ قىلىپ ئورالغان گىلەمنىڭ ئىچىدە ئىسسىپتۇ ھەمدە ئىراقنىڭ ئىسسىق قۇياشىنىڭ ئىللىق نۇرى ئاستىدا ئاستا-ئاستا ئىللىپ، ھوشىغا كەپتۇ. بەدىنىگە ئاستا جان كىرىشكە باشلاپتۇ-دە، ئاخىرى رەسمى تىرىلىپ، مىدىرلاپتۇ. يىلاننىڭ بۇ مىدىرلاشلىرىنى كۆرگەن خەلقنىڭ

هاياجىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىپتۇ. پۈتۈن ئادەملەر دەھشەت ھەيرانلىق ئىلكىدە ۋارقىرىشىپ، ئىسقىرتىپتۇ. يىلان تېخىمۇ بەكرەك مىدىرلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن تاماشىبىنلار قىيا-چىيا قىلىپ، قورقۇپ قېچىشقا باشلاپتۇ. دەل مانا مۇشۇ چاغدا يىلان ئورالغان گىلەمنىڭ يىپلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۈستىدىكى گىلەمنى ئېتىۋېتىپ، غەلىتە ئاۋازلاردا نەرە تارتىپتۇ. يىلاننىڭ بۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازى دەجلە دەريا ۋادىسىنى زىل-زىلىگە سالپتۇ. بۇ قىيامەتنى كۆرگەن خەلق قورقىنىدىن تەرەپ-تەرەپكە قېچىپتۇ. دەسسىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جىقلىقىدىن ئۆلۈكلەر دۆۋىسى ھاسىل بوپتۇ.

بۇ ھالەتنى كۆرگەن يىلانچى:" مەن، تاغدىن زادى نېمە ئەكەلدىم؟" دەپ قورقىنىدىن، پۇت-قولىدا جان يوق تۇرغان يېرىدە مىدىرلىماي قېتىپ قاپتۇ. بېشىنى كۆتۈرگەن دەھشەت چوڭلۇقتىكى يىلان، غال-غال تىترەپ تۇرغان يىلانچىنى كاپلا قىلىپ بىر يالماپ يۇتۇۋېتىپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بىر نەرسىنى ئىزدىگەن كىشى مەيلى ئاستا ئىزدىسۇن، مەيلى تېز، ھامان ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپىدۇ.

ئىزدىسەڭ ھەر ۋاقىت ئىككى قولۇڭ بىلەن تەڭ ئىزدە.

ئىزدىگەن نەرسەڭنى ياقۇپ پەيغەمبەر يۈسۈفنى ئىزدىگەندەك ئۈمىد بىلەن ئىزدەڭ.

ئىزدىگىنىڭنى سوراپ سۈرۈشتۈر. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ، تۆت ئەتراپىڭدىكىلەرنى ئاڭلا.

قەيەردە بىر مېزىلىك پۇراق بولسا پۇراپ، ئۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن شۇ تەرەپكە ماڭ.

قەيەردە ئىلتىپاتچىنىڭ بىر ئىزىنى كۆرسەڭ، ئۆزىنى ئىزدە. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسەن.

يوقسۇللۇق نېمىتى ئەسلىدە سائادەتنىڭ نىشانىدۇر.

ئەي دوست! خەلقنىڭ غەزىپى ئەسلىدە تىنچلىق ئۈچۈندۇر.

راھەتنىڭ يولى جاپا چەكمەكتۇر.

شىكايەتمۇ ئاخىرى شۈكۈرگە يار بولىدۇ.

ئادەم غەمدىن قۇتۇلمەن دەپ، ئۆزىگە غەم تېپىۋالىدۇ.

ئادەم ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. ئەتلەس تۇرۇپ ئۆزىنى ماتا دەيدۇ.

ئەسلىدە ئادەمگە قانچىلىغان يىلان ۋە تاغلار ھەيران. يىلان يەنە ئەجدىھاغا ھەيران.

ئىنسان زاھىرىي تۇيغۇلاردىن قۇتۇلمىغىچە، غەيىپ ئالەمنىڭ تەسۋىرلىرىنى كۆرەلمەيدۇ.

ئەي ئادەم بالىسى، سېنىڭ نەپسىڭ بىر ئەجدىھادۇر! ئۆلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ھەرۋاقىت تىرىكتۇر.

سېنىڭ ئۇ نەپسىڭ گۇناھ قىلىش ئۈچۈن، قولۇڭغا پۇرسەت كەلمىگەنلىكى سەۋەپتىن، غەمدە ئۇخلىغاندەك بولۇۋېلىپ، ھەر ۋاقىت پۇرسەتنى ساقلايدۇ.

## ئاشىقنىڭ خېتى

بىر ئاشىق ئۆز مەشۇقىنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭغا ئاتاپ يازغان مۇھەببەت خېتىنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ.

خەتتە قوشاقلار، مەدھىيەلەر، يۈزلەرچە ئارزۇ-تىلەكلەر ۋە ھاياجانلار، دات-پەريادلار بار ئىكەن.

مەشۇقى جانان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەپتۇ: ئەگەر بۇ خەتنى ھەقىقەتەن ماڭا ئاتاپ يازغان بولساڭ، سەن بىلەن ئۆتكەن ئۆمرۈم بىكار كېتىپتۇ، ئەمدى ۋىسال ۋاقتى كەپتۇ. يېنىڭدا تۇرسام، ماڭا ئاتاپ خەت يېزىپ ئوقۇۋاتىسەن. ئەسلى ئاشىقلارنىڭ ھالى سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك ئەمەس.

جانانىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاشىق: "سەن ئەلۋەتتە يېنىمدا. ئەمما، مەن ئۇ ئاشىق-مەشۇق ھۇزۇرىغا ئېرىشەلمەيۋاتىمەن. ئۆتكەن يىلدىكى تەسىرىڭ

سىنىڭ ۋىسالىڭغا يېتىپلا يوق بولدى. بۇرۇن ئاشىقنىڭ بۇلاقلىرىدا سۇ ئىچەتتىم. كۆزۈم ۋە كۆڭلۈم شادلىققا تولاتتى. ھازىر بولسا كۆزۈمگە سۇيى يوق ئېرىقتەك كۆرۈنىۋاتىسەن. سۇغا توساق سالغانلار بار ئوخشايدۇ" دەپتۇ.

جانان دەپتۇ: "ئۇنداقتا مەن ھەقىقى مەشۇقۇڭ بولماپتىمەن. مەن ئالما تۇرسام، سەن ئامۇتنى ئىستەۋاتىسەن. سەن سۆيۈملۈكۈڭگە ئاشىق بولساڭ، ئۇ ھالدا ھال ۋە ئىختىيارلىق ھېچ مۇھىم ئەمەس. شۇڭا مەن، پۈتۈنلەي سېنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئەمەس. پەقەت ئارزۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ئاز بىر قىسمىلا مەندە بار. مەن سۆيگىنىڭ ئەمەس، بەلكى سۆيگىنىڭنىڭ ئۆيى بولىمەن. ئاشىق ئوچۇق-ئاشكارا بولىدۇ، ھەرگىز يېپىق يانچۇقتا ئەمەس".

شۇڭا ئاشىق مۇرادىغا ئېرىشكەندە پۈتۈن ئارزۇلار ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن سۆيگۈسى دەل ئۇدۇر.

نەپسىڭنىڭ ئاجىز-كۈچلۈكلىگىگە قارىما. غەيرىتىڭگە، ئەمگىكىڭ مىقدارىغا قارا.

ھەي ئۇسساپ گەز باغلىغان لەۋلەر، ماڭ! بېرىپ سۇ ئىزدە. لەۋلىرىڭنىڭ گەزلىرى ساڭا سۇدىن خەۋەر بېرىدۇ. ھەمدە بۇ ئىزتىراپ سېنى سۇ بار يەرگە باشلايدۇ. ئىزدەشنىڭ ئۆزى بىر ياخشى ئىشتۇر . بۇ يول ھەق يولىدۇر. باشقا نەرسىلەردىن ساقلىنىدىغان يولدۇر. ئارزۇلار، ئارزۇلارنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ دۆلەت ۋە بايراقنىڭ نىشانىدۇر. بۇ ئارزۇلار تاڭنىڭ خەۋەرچىسى بولغان خورازنىڭ ساداسىدۇر.

ئەي ئوغۇل! ئەگەر تىرىشچان بىرسىنى كۆرسەڭ ئۇنى دوست تۇت ياكى ئۇستاز.

تالىپلارنىڭ يېنىدا تالىپ بول. غالىپلارنىڭ سايىسىدا سەنمۇ غالىپ بول.

## ئوغرىنىڭ جاۋابى

بىر زامانلاردا بىر ئوغرى، ئايدىڭ بىر كېچىدە بىر تامنىڭ تۈۋىنى تازا كولاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى تېخى ئۇخلىمىغان ئىكەن. بۇ ئوغرىنىڭ تام تېشىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپتۇ. "تاق، تاق..." قىلغان ئاۋاز بارغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ

قۇلىقىغا ئېنىق ئاڭلىنىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئاستا ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ ۋە تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپ: "ھەي! ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ بۇ كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدا، تام تۈۋىدە ساڭا نېمە بار؟ زادى كىم سەن؟" دەپ ۋارقىراپتۇ.

تۇيۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن ھودۇقۇپ كەتكەن ئوغرى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي: "دۇمباق چېلىۋاتىمەن" دەپتۇ.

بۇ غەلىتە جاۋابنى ئاڭلىغان ئادەم :"ئۇنداقتا دۇمباقنىڭ ئاۋازى، نەغمىسى ئاڭلانمايدىغۇ؟" دەپتۇ.

ئوغرى: "بىز چالغان دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئەتە چىقىدۇ. ئۇنىڭ ساداسى كۆڭۈللىرىڭگە ئوت ياقىدۇ" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

كۆرۈنۈپ تۇرغاننى كۆرمىسەڭ، ئۆلۈم كۆڭۈل كۆزۈڭنى بىردەمدىلا ئاچىدۇ.

پۈتۈن ئالەم قۇياش نۇرلىرى بىلەن يوپيورۇق يورۇغان بولسىمۇ، بەزى ئادەملەر كوردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايدۇ.

كۆڭۈل دېرىزەڭ تاقاق بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ نۇردىن نېسىۋەڭنى ئالالمايسەن.

ئۈۋچىنىڭ چاشقان دانلىرىغا ھىلە يوشۇرۇنغان. دان كۆرسەڭلا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋەرمە، قىلتاققا چۈشۈپ قالما.

كىم قانائەتچان بولسا تۇزاققا چۈشمەيدۇ.

ئالىم مال-مۈلۈككە ھەۋەس قىلمايدۇ. ئۇ تەڭرىنىڭ قۇدرەت قولى بىلەن تۇتقان قەلەمگە ئوخشايدۇ.

بىز بۇ دۇنيانىڭ خامىنىدا بىر تەرەپتىن بۇغداي يىغساق، بىر تەرەپتىن يىغقان بۇغداينى ئوغرىغا بېرىپ قويىمىز. بۇغداينىڭ يوقۇلۇشىنىڭ سەۋەبىنىڭ چاشقاننىڭ ھىلەسىدىن ئىكەنلىكىنى ئويلىمايمىز. ئەي جان، ئالدى بىلەن چاشقاننىڭ ھىيلىسىدىن قۇتۇل، ئاندىن بۇغداي تولغان تاغارنى يۇدۇگىن.

# يىگىتنىڭ دۇئاسى

داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم تەڭرىگە يالۋۇرۇپ: يا رەببىم! ماڭا جاپا تارتمايلا ئىگە بولىدىغان بىر مال-دۇنيا ئاتا قىلساڭ. سەن، مېنى مانا مۇشۇنداق ھورۇن، خار، ئاجىز قىلىپ ياراتتىڭ. يېغىر، ئورۇق ئات، ئېشەكلەرگە ئېغىر يۈك ئارتىلمايدۇ، بۇنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن. ئۇنداقتا مەنمۇ بىر ئاجىز يارىتىلغان بەندە، رىسقىمنىمۇ ئاسان قىلىپ بەر. مەن ھورۇن، ئىشىم ئۆيدە يېتىش. شۇڭا سېنىڭ ياخشىلىقىڭ، مەرتلىكىڭگە تايانماقچىمەن. پۇت-قولى بار ئادەم رىزقىنى ئۆزى ئىزدەيدۇ. پۇت-قولى يوقلارغا كۆپرەك بەر. رىزقىمنى ماڭا يەتكۈز. بۇلۇتلار بىلەن يەر يۈزىنى سۇغارغىن. بۇلۇتلار ئارقىلىق ياخشىلىق قىلىسەن. يا رەب! شۇنداق جاپاسىز، تەييار مۈلۈك ئارزۇ قىلىمەن. مەن تەلەپ قىلىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيمەن دەپ دۇئا قىپتۇ.

بۇ ئادەم بىر ئىش قىلماي ئەتىگەندىن كەچكىچە مانا مۇشۇنداق دۇئا قىلىپ يۈرۈپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ بۇ تاماخورلۇقىنى، ئەھمىيەتسىز سۆزلىرىنى، قىلىقلىرىنى كۆرگەن-ئاڭلىغان خەلق ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ ۋە مۇنداق دېيىشىپتۇ:

”بۇ ھاڭۋاقتى ئادەم نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيدۇ؟ ياكى بىرەسى ئۇنىڭغا نەشە چەككۈزۈپ قويدىمۇ قانداق؟ رىزىق دېگەننى ئەمگەك بىلەن، جاپا-مۇشەققەت بىلەن، پېشانىسېنىڭ تەرى بىلەن تاپىدۇ. ھەركىم ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ئەنە شۇنداق ھۈنەر بىلەن ئېرىشىدۇ. داۋۇد پەيغەمبەرگە ھەق ئەنە شۇنداق ئېسىل ھۈنەرلەرنى ئاتا قىلغان. ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە داۋۇدنىڭكىدەك ئۇنداق بىر يېقىملىق ئاۋاز ھېچكىمدە يوق. ھەر قېتىم ۋەز قىلغاندا نۇرغۇن كىشى بىھوش بولىدۇ. ھەتتا ئارسلان، جەرەنلەرمۇ ئۇنىڭ ۋەز قىلغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى نۇر ھەممە يەرنى يورۇتىدۇ. ئەنە شۇنداق مۆجىزىلەرگە، قەدىر-قىممەتكە ئىگە تۇرۇپ، جانابى ھەق ئۇنىڭ رىسقىنىمۇ جاپا تارتىپ قىلىنغان ھالال ئەمگەككە باغلىق قىلغان. يەنى ئۆز رىزقىنى تۆمۈرچىلىك قىلىپ، بازغان بىلەن ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا سوقۇپ تاپىدۇ.

ئەي تەييارتاپ! سەن ھەقىقەتەن ئاۋارە ۋە پەسكەش بىرى ئىكەنسەن. ئۆيگە سولىنىۋالغان شۇم پىشانە بىرنىمىكەنسەن. مېھنەتسىز، بىكار كېلىدىغان بايلىقنى تىلەشتىن نومۇس قىل. بىكاردىن كەلگەن مال-دۇنيا بىلەن كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ قالما يەنە."

بەزىلەر بۇ دۇئا قىلغان ئادەمنى ئەخمەق قىلىپ: "ماڭ بېرىپ رىزقىڭنى ئەكىلىۋال. خەۋەر كەلدى، رىزقىڭ يېتىپ كەپتۇ. ئەي ئالجاناپ! بىزگىمۇ ئاشۇنداق رىزىقتىن ئالغاچ كەل " دەپ چاقچاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

خەلقنىڭ مەسخىرە ۋە تاپا-تەنىلىرىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ ئادەم يەنە دۇئا قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئادەم ئۇ شەھەردە، قۇرۇق خالتىلاردىن يەيدىغان نەرسىلەرنى ئاختۇرۇپ يۈرۈشتە نامى چىقىپتۇ. ئەمما، ئۇ ئۆز ئارزۇسىدىن ھېچ يانماپتۇ. كېچە-كۈندۈز تىنماي دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. تەڭرىگە يالۋۇرۇپ دات-پەرياد قىپتۇ. ھەقتىن ھېچ ئەمگەك قىلماي، جاپا تارتماي ھالال رىزىق بېرىشنى سوراپتۇ.

بىر كۈنى يەنە چۈش ۋاقتىدا دۇئا قىلىپ تۇرغاندا قورۇسىغا بىر ئۆكۈز يۈگرەپلا كىرىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپلا دەرھال دەرۋازىنى تاقاپتۇ. "بۇ ئۆكۈز ئۇشتۇمتۇتلا ھويلامغا كىرىپ كەلدى، بۇمۇ تەڭرىنىڭ بىر ئىلتىپاتى، دۇئالىرىم قوبۇل بوپتۇ" دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئۆكۈزنىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ ياتقۇزۇپتۇ ۋە ھېچ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۆكۈزنىڭ گېلىغا "بىسمىللاھ" دەپلا پىچاقنى سۇرۇپ، بوغۇزلاپتۇ ۋە تېرىسىنى سويۇش ئۈچۈن قاسساپنى چاقىرىپ كېلىشكە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قورۇغا ئۆكۈزنى ئىزدەپ يۈرگەن ئادەم ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ كىرىپ كەپتۇ ۋە ئۆكۈزنىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: "نېمە دەپ ئۆكۈزۈمنى بوغۇزلىدىڭ؟ سەن ئوغرى ئىكەنسەن. ئىنساپ قىلساڭچۇ!" دەپتۇ.

ئادەم ھېچ ئىككىلەنمەستىن: "مەن تەڭرىدىن رىزقىمنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم. ئۇنىڭغا داۋاملىق دۇئا قىلدىم. بۈگۈن مانا دۇئايىم قوبۇل بولدى. رىزقىم ئۆزلۈكىدىن ئالدىمغا كەلدى. مانا بۇ جاۋابىم" دەپتۇ.

ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جان-پېنى چىقىپ كېتىپتۇ، ئاچچىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، ئادەمنى ئۇرۇپتۇ ۋە ئادەمنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ ھەزرىتى

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ ۋە يولدىكى كۆپچىلىككە قاراپ تۇرۇپ دەپتۇ: "ئەي ئوغرى ۋە ساراڭ. تېتىقسىز گەپلەرنى قىلماي، ھوشۇڭنى يىغىپ راست گەپنى قىل. بۇ قانداق گەپ، قانداق دۇئا ؟ كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلە..." ئادەم دەپتۇ: "مەن جانابى ھەققە كۆپ دۇئا قىلدىم ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر ئېيتتىم. قەتئى كېسىپ ئېيتىمەنكى دۇئالىرىم قوبۇل بولدى. سېنىڭ ئۇ ئۆكۈزدە نېسىۋەڭ يوق! بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بىكار" دەپتۇ.

ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى: "ئەي خالايىق! بۇ كازراپنىڭ نېمىلەرنى جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانسىلەر؟ مال-مۈلكۈم قانداقمۇ دۇئالار بىلەن ئۇنىڭ بولۇپ قالىدۇ؟ ئەگەر راستىنلا شۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا كىشىلەر دۇئا بىلەنلا باي بولۇپ كەتمەمدۇ؟ دىۋانىلار باي بولۇپ ھەممىسى بەگ-خوجام بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ئۇلارمۇ ھەر كۈنى ھەي رەببىم بىزگە بەر! دەپ ھەر كۈنى دۇئا قىلىدىغۇ. ئۇلارمۇ سەن بەرمىسەڭ باشقىلار بەرمەيدۇ، بىزدەك ئاجىز بەندىلىرىڭگە ياخشىلىق ئىشىكلىرىڭنى ئاچ دەيدىغۇ. ئۇلار شۇنچە جاپا تارتىپ، زارلىنىپ دۇئا قىلسىمۇ ئېرىشىدىغىنى بىر پارچە قاتتىق نانغۇ" دەپتۇ.

كۆپچىلىك بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەممىسى: "بۇ ئادەم توغرا دەيدۇ. دۇئا قانداق قىلىپ مال-دۇنياغا ئىگە قىلاتتى؟ بۇ سۆز رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. يا ئىگە بولماقچى بولغان نەرسەڭنى سېتىۋالسەن، ياكى بىرسى ساڭا ھەدىيە قىلىدۇ ۋە ياكى مىراس قالىدۇرۇپ، ۋەسىيەتنامە يازغان بولسا ئاشۇنداق بىر نەرسىگە ئىگە بولۇشۇڭ مۇمكىن. شۇڭا يا ئۆكۈزنى تۆلىسۇن ياكى ئۆكۈزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن" دېيىشىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم ئاسمانغا قاراپ يەنە دۇئا قىپتۇ: "يا رەب! بۇ ئەھۋاللارنى سېنىڭدىن باشقىسى بىلمەيدۇ. قەلبىمدە ئۇ دۇئا سېنىڭدىن كەلگەن ئىلھام بىلەن كۆڭلۈمدە يۈزلەرچە ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلغان. يۈسۈپتەك چۈشۈمدە كۆردۈم. يۈسۈپمۇ چۈشىدە قۇياشنىڭ، ئاينىڭ ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزىگە سەجدە قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىكەن. چۈشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنگەچكە مەيلى قاراڭغۇ قۇدۇقتا بولسۇن، مەيلى زىنداندا ھېچ قايغۇرماي، ئۈمىدىنى يوقاتمىغان ئىكەن. يۈسۈپ قۇدۇقتا تاشلانغاندا، سەن: "ئەي قۇتلۇق كۆڭۈل! سەن بىر كۈنى پادىشاھ بولىسەن. ئۇ چاغدا ساڭا جاپا سالغانلار، نومۇستىن ئۆلگىدەك بولىدۇ" دەپتىكەنسەن.

كۆز بۇ ئىدانى كۆرمەيدۇ. ئەمما، كۆڭۈل تۇيىدۇ. ئۇ ئىدادىن كۆڭۈلدە بىر كۈچ، بىر راھەتلىك پەيدا بولىدۇ. شۇڭا يۇسۇپ شۇنچە جاپا-مۇشەققەتلەرگە كۆڭۈل رازىلىقى بىلەن چىدىدى.

ئۆز ئۆمرىدە ئەنە شۇنداق بىر چۈشنى كۆرمىگەن كىشى، بۇ دۇنيادا ياخشى بىر بەندە بولالمايدۇ."

ئادەم بىر پەس نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

"يا رەببىم! بۇ ئادەم مېنى ئەما دەپ، شەيتاندەك ماڭا تۆھمەت قىلدى. ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ ئىخلاسىمنى كۆرمىدى. مەندىكى بۇ كورلۇق ئاشىق كورلىقىدۇر. چۈنكى سۆيگۈ ئىنساننى قارىغۇ ۋە مەستەك قىلىپ قويىدۇ. مەن باشقىلارغا نىسبەتەن كوردەك قىلغان بىلەن، ھەقنى ئېنىق كۆرىمەن. ئاشىقنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇشۇنداق بولىدۇ. ئى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى رەببىم! ياخشىلىقىڭدىن ئۈمىد ئۈزمىدىم. خۇددى يۇسۇپتەك ئۈمىدۋار بولدۇم. سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ شۇنداق بىر چۈش بىلەن مېنى خوش قىلدىكى، دۇئا قىلىش ئارقىلىق شۇنچىلىك زوق ئالدىم. كۆپچىلىك سىرلىرىمنى بىلمەيدۇ . دېسەممۇ بەرىبىر ئىشەنمىدى"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى دەپتۇ:

"ئەي بەتقىلىق! يۈزۈڭنى ئاسمانغا ئەمەس، مەن تەرەپكە قارىتىپ گەپ قىل. سەن ئەمدى پۈتۈنلەي ساراڭ بوپسەن. تېخى ئۆزەڭچە ئاشىقتىن، ھەققە يېقىنلىقتىن گەپ قىلىسەن. سەن ئاشۇ قېلىن يۈزۈڭ بىلەن نومۇس قىلماي كۆككە قاراۋاتامسەن؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شەھەر خەلقى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ.

بۇ ھالنى كۆرگەن ئادەم: "ئەي ئۇلۇغ تەڭرى! مېنى بۇلارنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلما. يامان بولساممۇ سىرىمنى ئاشكارىلىما. شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى كېچە-كۈندۈز ساڭا دۇئا ۋە مەدھىيەلەرنى قىلدىم. سەن ھەممىنى بىلگۈچى. خەلق ئىچىدە ئىززەت-ئابرويۇم بولمىسا، قەدىر- قىممىتىمنى سەن ئۆزەڭ قىل" دەپ يەنە يالۋۇرۇپ دۇئا قىپتۇ.

ئاخىرى دە-تالاش بىلەن بۇ ئىككىسى داۋۇد ئەلەيھىسسالامئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ.

داۋۇد ئەلەيھسسالام ئەلەيھسسالام دەۋاگەرگە قاراپ تۇرۇپ: "قېنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى باشتىن باشلاپ سۆزلە" دەپتۇ.

دەۋاگەر: "ئى پەيغەمبەر! ئادالىتىڭدىن ھېچ گۇمان قىلمايمەن. ئۆكۈزۈم بۇ ئەخمەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرسەم، ئۆكۈزۈمنى بوغۇزلاۋېتىپتۇ. نېمە ئۈچۈن سويۇۋەتكەنلىكىنى قېنى ئۆزى دەپ باقسۇن" دەپتۇ.

داۋۇد ئەلەيھسسالام ئەلەيھسسالام ئادەمدىن سوراپتۇ: "بۇ ئادەمنىڭ مېلىغا نېمە ئۈچۈن زىيان سالدىڭ؟ راست گەپنى قىل ۋە پاكىت بىلەن سۆزلە، دەۋا تېزراق بىر تەرەپ بولسۇن"

ئادەم مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

”ئەي داۋۇد! يەتتە يىلدىن بېرى كېچە-كۈندۈز ھەققە يالۋۇرۇپ: "ئەي رەببىم! ماڭا ھالال ۋە ئاۋارىچىلىقى يوق بىر رىزىق ئاتا قىل" دەپ، دۇئا قىلىۋاتىمەن. رەببىم دۇئايىمنى قوبۇل قىلدى. مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمنى شەھەردىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسى بىلىدۇ. كىمدىن سورىساڭ بۇ ھالىمنى ئەينەن دەپ بېرىدۇ. مەندەك بىر ئەسكى چاپان ئىچىدىكى ئادەمنىڭ ھەم ئاشكارە ھەم يوشۇرۇن قانداق دۇئا قىلغانلىقىنى ھەممىسىدىن سورا. شۇنداق دۇئا قىلىپ ئولتۇرسام ئۆيۈمگە بىر ئۆكۈز كىرىپ كەلدى. تاماخورلۇقۇمدىن ئەمەس بەلكى، دۇئالىرىم قوبۇل بوپتۇ دېگەن خۇشاللىق بىلەن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيلا ئۆكۈزنى بوغۇزلىۋېتىپتىمەن.“

داۋۇد ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ مۇنداق ھۆكۈم چىقىرىپتۇ:

”دېگەن گەپلىرىڭنىڭ ھېچ بىر ئاساسى يوق. مەن دەلىلسىز ھۆكۈم چىقارسام، خەلقىمنىڭ ئالدىدا يۈز كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيمەن. مال- مۈلۈكنىڭ ئىگىسىدىن باشقىسى قانداقمۇ ئۇ مۈلۈككە ئىگە بولالايدۇ؟ كۆچەتنى كىم تىكسە، ئۇ ئۈنىڭ بولىدۇ. تېرىماي تۇرۇپ، قانداقمۇ ھوسۇل ئالالايسەن؟ نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن. بولمىسا ئۇ باشقىسېنىڭ مالىدۇر. ئۇنى ئېلىۋېلىش زومىگەرلىك بولىدۇ. ماڭ بېرىپ بۇ ئادەمنىڭ ئۆكۈزىنى تۆلە. پۇلۇڭ بولمىسا، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ تۆلىشىڭ كېرەك“

ئادەم بۇ ھۆكۈمگە نارازى بولۇپ:

”سەن ماڭا زالىملارنىڭ دىگەنلىرىگە ئوخشاشلا گەپلەرنى قىلدىڭ“ دەپتۇ ۋە سەجدە قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىپتۇ:

”ئەي بارلىق سىرلارنى بىلگۈچى رەببىم! داۋۇدنىڭ كۆڭلىگە ئىلھام بەر. ماڭا ئاتا قىلغىنىڭ، ئۇنىڭ قەلبىدە يوق. چۈنكى كۆڭۈلگە ئۇ سىرلارنى سەنلا بىلدۈرەلەيسەن...”

مانا شۇنداق يىغلاپ تۇرۇپ، دەرد-ئەلەم بىلەن دۇئا قىلغانسېرى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى يۇمشاپتۇ ۋە كۆيچىلىككە قاراپ تۇرۇپ:

”بۇ داۋانى بىر تەرەپ قىلىشقا ماڭا ئازراق ۋاقىت بېرىڭلار. تەنھا ھالدا ئىستىقامەت قىلىپ، ھەققە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىمەن، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر" دەپتۇ.

كۆيچىلىكمۇ ھەممىسى بىردەك "بۇ دىگەنلىرىڭدىن قىلچىمۇ گۇمان قىلمايمىز" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆزى يالغۇز ئىبادەت قىلىدىغان جايغا كىرىپ كېتىپتۇ. جانابى ھەق ئۇنىڭغا ھەققەتنى كۆرسىتىپ، كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسى كۈنى دەۋاگەرلەر داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقىدەك دەۋاگەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى قايتا ئاڭلاپتۇ. ئاندىن ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىگە قاراپ تۇرۇپ:

”جىم تۇر! ئۆكۈزنى بۇ كىشىگە بەر. چۈنكى، جانابى ھەق سېنىڭ ئەھۋالىڭنى يوشۇردى. بۇ يوشۇرغانلىق بەدىلىگە سەن ئۇ ئۆكۈزنى بېرىسەن" دەپتۇ.

بۇ ھۆكۈمگە نارازى بولغان ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى:"بۇ قانداق ھۆكۈم؟ قانداق بىر ئادالەت؟ جاھانغا سېنىڭ ئادالىتىڭ يېيىلغان، پۈتۈن ئالەم سېنىڭ ئادالەتلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلىدىغان تۇرسا. سېنىڭ بۇ ھەقسىزلىقىڭنى ئاڭلىغان تاغلارمۇ پارچىلىنىپ كېتىدۇ. خالايىق بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈڭلار..." دەپ دات-پەرياد قىپتۇ.

بۇ نارازىلىقنى ئاڭلىغان داۋۇد ئەلەيھىسسالام دەرغەزەپ بولۇپ دەپتۇ:

”ئەي جاھىل! بارلىق مال-مۈلكىڭنى ئۇ ئادەمگە بېرىسەن. نان كورلۇق قىلما. بولمىسا ئەھۋالىڭ تېخىمۇ بەتەر بولىدۇ. ساڭا دەپ قوياي، سېنىڭ قىلغان-ئەتكەن

يامانلىكىنىڭ پۈتۈن ئالەمگە يېيىلىدۇ."

ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى تېخىمۇ بەتتەر مۇتەھەملىك قىپتۇ ۋە يۈز- كۆزىگە تۇپىلارنى سۈركەپ "ئەسلى سىلەر ماڭا زۇلۇم قىلىۋاتىسىلەر" دەپ يىغلاپ، جار سېلىپ، سەت گەپلەرنى قىپتۇ.

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ:

"ھەي سەۋر قىلىشنى بىلمەيدىغان! سېنىڭ ئاقىۋىتىڭ يامان، ئاستا-ئاستا ئۆزەڭنىڭ يامانلىقىڭنى ئاشكارىلاشقا باشلاۋاتىسەن. سەن كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزدۇڭ"

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۆكۈزنىڭ ئىگىسى ئۇياقتىن-بۇياققا باشلاپتۇ، چۈنكى، ئۇلار ئىشنىڭ ماھىيىتىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار داۋۇدقا دەپتۇ: "سەن بىر ئېسىل، شەپقەتلىك ئادەم. بۇنداق ناھەقچىلىك ساڭا ياراشمايدۇ. بىر گۇناھسىزغا ئۇۋال قىلدىڭ"

داۋۇد ئەلەيھىسسالام كۆپچىلىككە دەپتۇ:

"ئەي دوستلار! ئەمدى ساقلىغان سىرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ۋاقتى كەلدى. بۇ سىرنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۈزلەڭلىكتە بۈك-باراقسان بىر دەرەخلىك بار. بۇ دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىدىن بۇرنۇمغا قاننىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئادەم ئۆز خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتكەن. ئەسلىدە بۇ ئادەم بىر سېتىۋېلىنغان قۇل بولۇپ، خوجايىنىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا ئىگە بولىۋالغان. بۇ دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان يىگىت بولسا، ئۇ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئوغلىدۇر. ئەينى چاغدا بۇ يىگىت كىچىك بىر بالا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتى. مانا تا ھازىرغىچە بۇ سىرلارنى تەڭرى ئاشكارىلىمىغان. ئەمما، بۇ نانكور بۇنىڭغا ھېچ شۈكرى قىلمىغان. بۇ پەسكەش ئادەم، ئۆز خوجايىنىنىڭ بالىسېنىڭ ھالىدىن ھېچ خەۋەر ئالمىغان. ئۇلارغا ئىگىلىۋالغان مال-دۇنيادىن بىر بۇردا نانمۇ بەرمىگەن. ئەمدى بۇگۈنگە كەلگەندە ئۆز مېلىنىڭ ئىگىسى بولغان خوجايىنىنىڭ ئوغلىغا بىر ئۆكۈزنىمۇ بېرىشكە قىيماۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆز گۇناھلىرىنى يۈگىگەن پەردىنى ئۆز قولى بىلەن يىرتتى.

ئەسلىدە ھەق ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ياپقان ئىدى. ھەركىم يامان ئىش قىلسا، ئۆز گۆرىنى ئۆزى كولايدۇ“

بۇ سۆزلەردىن كېيىن خەلق شەھەر سىرتىدىكى دەرەخلىك ئارىسىدىن چىرىگەن جەسەتنىڭ ئۇستىخانلىرى ۋە ئۆز ۋاقتىدا قاتىللىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن پىچاقنى تېپىپتۇ ۋە قاتىلنى جازالاپتۇ.

شۇندىن بۇيان خەلقنىڭ داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا بولغان ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ ۋە خەلقنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ ھەقكە يۈزلىنىپتۇ. بۇ ئىبرەتلىك ۋەقەدىن كېيىن خەلق ئارىسىغا مۇنداق بىر سۆز تارقىلىپتۇ:

مېنىڭ مۇڭگۈزۈم بار! دوزاخنىڭ ئۆكۈزىنى كۆرمىگەنلەر ماڭا قارىسۇن!

ئىنساننىڭ نەپسى ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىگە ئوخشىسا، ئەقىل ئۆكۈزنى ئۆلتۈرگەن يىگىتكە ئوخشايدۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

دېرىزىسى يوق ئۆيلەر دوزاخقا يېقىن بولىدۇ. ئەسلىدە دىن كۆڭۈلگە ئېچىلغان دېرىزەدۇر، ئۇنىڭ نۇرى، ساپ ھاۋاسى دېرىزىدىن كىرىپ، ئۆينى يورۇتۇپ ، ھاۋاسىنى ساپلايدۇ. ئۇنىڭ نۇرىنى ھايۋانمۇ كۆرىدۇ.

ئەي يىگىت! ئۇرۇش بىر ھىلىدۇر.

پەقەت ئۆز نەپسىنى يەڭگەن، مەزلۇم بىلەن زالىمنى ئايرىيالايدۇ.

نەپسگە قۇل بولغان، مەزلۇمغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

ئىت دائىم يۇۋاشلارنى چىشلەيدۇ.

بەزى كىشىلەر ئىتقا ئوخشايدۇ. مەزلۇمنى تالاپ، زالىمغا قۇيرۇقنى ئوينىتىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ ئەقلى، قاراڭغۇ كېچىنى ئاي نۇرى بىلەن يورۇتىدۇ.

ئەقىلسىزنىڭ دوستى ئۆزىدەك بولىدۇ.

ئىللەت، ئىللەتكە يېقىندۇر.

## ئىت

ھەممىمىز بىلىمىز، قىشنىڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىدە ئىتلارنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى قىيىنلىشىدۇ. قاتتىق سوغۇقنىڭ دەستىدىن مۈزلاپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىتلار ئىسسىقراق بىر جاينى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئەنە شۇنداق قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان قىشنىڭ بىر كۈنىدە، ئىت مۇنداق ئويلاردا بوپتۇ: "ھەجەپمۇ مۈزلاپ كەتتىم. قەھرتان بۇ سوغۇق جاندىن ئۆتۈپ كەتتى. مەن دەرھال تاشتىن ياسالغان بىر ئىسسىقراق ئۆيگە كىرىۋېلىشىم كېرەك. بولمىسا سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن. ھەي خەپ! يازمۇ بولا. شۇ چاغدا ئۆزۈمگە ئاتاپ تاشتىن كىچىكرەك بولسىمۇ بىر ئۆي سېلىۋالمىسام."

ھەر قىشتا، قاتتىق سوغۇقتا تالادا قالغاندا، ئىت داۋاملىق ئەنە ئاشۇنداق خىياللاردا بولىدىكەن. ئەمما، ياز كەلگەندە ئىتنىڭ تېرىلىرى پارقىراپ، تۈكلىرى ئۆسۈپ، سەمرىپ قالىدىكەن-دە، ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ "ئۇنداق كىچىك ئۆينى ياساپ نېمە قىلىمەن. كۆك ئاسمان ئاستىدىكى چەكسىز بۇ دالا ماڭا تەۋە. كىچىك ئۇ ئۆيگە پاتاتتىممۇ؟" دەپ ئويلايدىكەن. تېرىلىرىگە سىغمىغان ھالدا، قورسىقى توق، كوچىلاردا كېرىلىپ مېڭىپ، ئىسسىپ كەتسە تام تۈۋىدىكى سايىدا بەھۇزۇر ئۇخلايدىكەن. ھورۇنلۇقىدىن ئورنىدىن تۇرۇشمۇ خوش ياقمايدىكەن. خۇددى ئۆزىنى پۈتۈن ئارزۇلىرىغا يەتكەندەك ھېس قىلىدىكەن.

بەزىلەر ئۇنىڭغا: "كەل پۇرسەتنىڭ بار چاغدا، ئۆيۈڭنى سېلىۋال" دېسە، ئىت: "ماڭا ئۆي سالغۇدەك لايىق بىر يەر يوق!" دەيدىكەن.

ياز كېتىپ، قىش كەلگەندە ئىت يەنە ئورۇقلاپ، پۇت-قولىنىڭ ھالى قالماي، سوغۇقتىن ئۆلەي دېگەندە،يەنە ئوخشاشلا "بۇدا يازدا چوقۇم ئۆزۈم پاتقۇدەك بىر ئۆي سالمىسام" دەپ ئويلايدىكەن...

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ئادەم ئاغرىپ قالغاندا، ھاكاۋۇرلۇقى يوقاپ، ياۋاشلاپ كېتىدۇ. قىلغان

ئىشلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ.

خۇددى ئىتقا ئوخشاش تەۋبەدىن ئۆي ياساپ، ئۇ يەرگە پاناھلىنىشنى ئويلايدۇ. ئادەم ئاغرىقتى، دەرتلەردىن قۇتۇلدىمۇ مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئىتتەك ئۆي ياساشتىن ۋاز كېچىدۇ.

نېئمەتكە شۈكرى قىلغانىنىڭ نېئمىتى كۆپىيىدۇ.

ھەققە شۈكرى قىلغان، نېئمەتنىڭ ئوۋچىسى بولىدۇ.

ھەقنىڭ نىئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلساڭ، تەكەببۇرلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈكتىن قۇتۇلىسەن.

يىلان پۇتۇڭنى چاققاندا، ئاغرىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاندىن بىلىسەن.

ئىنساننىڭ مەقستى ئىلىم ۋە ھىدايەت.

مال-دۇنيا شۈكرىگە باغلىق بولىدۇ. شۈكرى دەرد بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

ئاغرىق كۆڭۈللەرنىڭ دەرتلىرىنى ئاڭلا.

دەرتمەننىڭ كۆڭلى خۇددى تۇمان بىلەن تولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولساڭ ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئاچ. ئۆيدىكى ئاچچىق تۇماننىڭ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولىسەن. ئاندىن دەرتمەنمۇ ئەركىن بىر نەپەس ئېلىۋالىدۇ.

ھەق بىزنى بىر قىلتاقتىن قۇتۇلدۇرسا، بىز يەنە باشقا قىلتاققا چۈشۈپ قالىمىز. يولدا مىڭلارچە قىلتاقتا دان بار. بىز خۇددى ئاچ ۋە تەمەخور قۇشلارغا ئوخشايمىز.

ھاكىم پارىخور بولسا، زالىمنى مەزلۇمدىن ئايرىيالمايدۇ.

ئالغايلار ھەر ۋاقىت بىرنى ئىككى كۆرىدۇ.

مەسىلەن: بىر ئۇستا ئالغاي شاگىرتىغا: " ئىشكاپتا بىر بوتۇلكا بار ئەكەل" دەپتۇ.

ئالغاي: "بۇ يەردە ئىككى بوتۇلكا تۇرىدۇ، قايسىسى بولغىيتتى؟" دەپتۇ.

ئۇستىسى: "ئۇ بىر تالدۇر، بولدى. ئالغايلىغىڭنى ھەركىمگە ئاشكارىلىما" دەپتۇ.

شاگىرتى سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ "ئىككى" دېدى.

ئۇستىسى: " ئۇنداقتا بىرنى چېقىۋەت" دېدى.

ئالغاي بوتۇلكىنى چېقىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردە ھېچنىمە قالمىدى.

بوتۇلكا بىر ئىدى، ئۇنىڭغا ئىككى كۆرسەتكەن ئۇنىڭ ئالغاي كۆزى ئىدى. بوتۇلكا چېقىلغاندىن كېيىن ئۇ ھەقىقەتنى ئاندىن چۈشەندى. شۇڭا ھەقىقەتنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزۈڭدىكى "مەن" لىكتىن قۇتۇل، كۆڭۈل كۆزۈڭنى ئېچىپ، ئالغايلىقتىن قۇتۇل.

## سوپى ۋە قۇرۇق داستىخان

بىر كۈنى بىر سوپى يەرگە سېلىنغان قۇرۇق بىر داستىخاننى كۆرۈپ، ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە داستىخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ: "مانا بۇ تاماقسىز قالغانلارنىڭ تامىقى. ھەقىقەتەن ئاچلىقتا قالغانلار ئۈچۈن ياخشى بىر ئوزۇق، ياخشى بىر دورا" دەپتۇ.

سوپىنىڭ بۇنداق خوشاللىققا تولغان ھالىنى كۆرگەن باشقا سوپىلارمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھەممىسى ناھايىتى ياخشى بىر كەيپىيات ئىچىدە قۇرۇق داستىخانغا قاراپ "ئالسىلا- باقسىلا، تارتىنمىسىلا، چوڭ-چوڭ ئالسىلا" دەپ بىر-بىرىگە تەكەللۇپ قىلىشىپ، چاقچاقلار بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپتۇ. بۇ سورۇننى كۆرگەن بىرسى ئاستا سوپىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، ئالدىدا قۇپقۇرۇق بىر داستىخان تۇرغۇدەك. بۇ ھالنى كۆرگەن ئادەم: "ھەي ئەخمەقلەر، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ داستىخاننى كۆرۈۋاتىمەن. ئەمما، ئۈستىدە ھېچنېمە يوق" دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ.

بۇ ئادەمگە سوپى بۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

"ئەخمەق دېگەن سەن! ماڭ يوقال! مادامكى ئاشىق ئەمەسسەن، ئىشىمىزغا

تۇسقۇنلۇق قىلماي، يولۇڭغا ماڭ! ئاشىقنىڭ ئوزۇقى نانسىز داستىخانغا ئاشىق بولماقتۇر. سادىق بولغان كىشىدە مال-دۇنيا بولمايدۇ. ئاشىقنىڭ مال-دۇنيا بىلەن ئىشى يوق. قاناتسىز ھەر تەرەپكە ئۇچالايدۇ. قول- پۇتسىز توپ ئوينىيالايدۇ. مەنە ئالىمىدىن نەپەس ئالغان كىشى، قولسىزمۇ زەمبىل توقىيالايدۇ. ئاشىقلار مەۋھۇم ئالەمدە چېدىر تىكىدۇ. سۈت ئەمگەن بوۋاق تاماق يېمەيدۇ. دەرت ۋە غەم ئاشىقلارغا ھالۋا، بېخىل، پەسكەشلەرگە بالا بولىدۇ".

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

يۇسۇپنىڭ يۈزىدىكى نۇرنى دادىسى ياقۇپ كۆرگەن بىلەن، قېرىنداشلىرى كۆرەلمەيتتى.

ياقۇپ، يۇسۇپنىڭ ھىدىنى پۇراپ، شۇنداق ھۇزۇرلىناتتى.

ھۇزۇرىنىڭ داستىخىنى نانسىز، قۇرۇق بولسىمۇ، ئەمما ياقۇپنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى.

يۈزىنى يۇمغانلارغا، ھۆر-پەرىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەس.

روھلارنىڭ غىزاسى ئىشق. بۇ سەۋەپتىن ئاچلىق جاننىڭ غىزاسى.

شۇنداق ئالىملار باركى ئىلىمدىن نېسىۋىسى يوق. پەقەت ئىلىمنى يادلىۋالغان.

ئەگەر ئويلار تۇغۇلغان يەرنى كۆرگىلى بولغان بولسا ئىدى، يامان ئويلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى.

ئەمادەك ھەقنىڭ ئېھسان ئېتىكىنى تۇتۇپ، خاتا يولغا ماڭما.

ياخشىنىڭ ئىقبالى، ياماننىڭ ئازابىنى ئاشۇرىدۇ.

شامنىڭ نۇرى قۇياشنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما، قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتالايدۇ.

شامنىڭ يورۇقلۇقى قۇياش ئالدىدا كۆرۈنمىسىمۇ، ئەمما، ئۇ مەۋجۇت. ئۈستىگە نەرسە تۇتساڭ كۆيدۈرىدۇ.

ئۇزۇن يىللار مەشۇقىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابى چەككەن بىر ئاشىق ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ مەشۇقى بىلەن دىدارلىشىپتۇ. مەشۇقى ئاشىقىدىن مۇنداق سوراپتۇ:

ئۇزۇن يىللار شەھەر كېزىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كۆردۈڭ. قايسى شەھەر ئەڭ ياخشى ئىكەن؟"

ئاشىق ھېچ ئىككىلەنمەي مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: "سۆيگۈسى بار شەھەر! گەرچە ئولتۇرغان يېرىمىز يىڭنە تۆشۈكچىلىك كىچىك بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن بىپاياندۇر. قۇدۇقنىڭ تېگىدەك قاراڭغۇ بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن جەننەتتۇر. يۇسۇپنىڭ يۈزىدەك ئايدىڭدۇر. دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىن ئەزىز ھېچ بىر يەر يوق!"

## ئەمىر بىلەن قۇل

بىر ئەمىر سەھەردىلا مۇنچىغا بارماقچى بولۇپ، سۇڭقۇر ئىسىملىك قۇلىنى چاقىرىپتۇ ۋە: "چوڭ لۆڭگە، سوپۇن ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلا، مۇنچىغا بارىمىز" دەپتۇ.

قۇل خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ھەممە نەرسىلەرنى تەييارلاپ، خوجايىنى بىلەن مۇنچىغا قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدىكى مەسچىتتىن ئېيتىلىۋاتقان ئەزاننىڭ ئاۋازى، قۇلنىڭ قۇلىقىغا شۇنداق مۇڭلۇق ئاڭلىنىپتۇ. قۇل دائىم نامازنى ئۆز ۋاقتىدا قىلىدىغان بولغاچقا خوجايىنىغا قاراپ: "ئەي ھۆرمەتلىك خوجايىن! سەن ئاۋۇ دۇكاندا تۇرۇپ تۇرساڭ، مەن تېزلا نامازنىڭ پەرزىنى بولسىمۇ ئوقۇپلا چىقسام" دەپتۇ. خوجايىن قۇلىنىڭ بۇ ئارزۇسىغا بىنائەن دۇكاندا ساقلاپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. ئازلا ۋاقىتتىن كېيىن جامائەت مەسچىتتىن چىقىپتۇ. ئەمما، قۇل چىقماپتۇ. خوجايىن تا چۈشكىچە ساقلاپتۇ. يەنە چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوجايىنىنىڭ ئىچى تىت-تىت بولۇپ، مەسچىتكە ئاستا قەدەم بېسىپ: "ئەي سۇڭقۇر! نېمە ئۈچۈن تېخىچە چىقمايسەن؟" دەپتۇ.

قۇل: "ھازىر كېلىمەن. ئازراق سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ مېنى ساقلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن" دەپتۇ.

خوجايىنى يەنە داۋاملىق ساقلاپتۇ. ئاخىرى يەنە كىرىپ چاقىرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىم چاقىرغىلى كىرىپتۇ. ھەر قېتىم چاقىرغاندا قۇل، خوجايىنىغا "سېنىڭ يېنىڭغا بېرىشىمغا رۇخسەت يوق" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئاخىرى تاقىتى

قالمىغان خوجايىن: "مەسچىتنىڭ ئىچىدە ھېچ كىم بولمىسا، زادى سېنى ئۇ يەردە كىم تۇتۇۋالدى؟ " دەپ سوراپتۇ.

بۇ سوئالغا قۇل بۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: "سېنى مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمەي، سىرتىدا تۇتۇۋالغان كىم بولسا، مېنىمۇ بۇ يەردە شۇ تۇتۇۋالدى. سېنىڭ بۇ يەرگە قەدەم بېسىشىڭغا توسقۇن بولغان، مېنىڭ سىرتقا چىقىشىمغا توسقۇن بولدى"

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بىلىق دېڭىزدىن ئايرىلمىغاندەك، ھايۋانلارمۇ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلمايدۇ.

بېلىقنىڭ نەسلى سۇدىن، يەردىكى ھايۋانلارنىڭ نەسلى تۇپراقتىن.

ھىلە ۋە تەدبىرلەر بۇنىڭغا كار قىلمايدۇ.

مۇستەھكەم قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى ھەقتە.

ھەققە كۆڭۈل باغلاپ، رازى بول.

جان يولىدا جاننى بىل.

مەلەكنىڭ قۇشتەك قانىتى بار. ئەقىللىق قاناتسىزمۇ ئۇچالايدۇ.

ئەقىل قاناتتۇر.

تۇيغۇسىز بىلىمسىزلەر يالغانغا ئالدىنىپ، ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئوت قىزىل كۆرۈنىدۇ، بىراق خەلق ئۇنىڭ قارا ئىسلىرىدىن نەپەس ئالالماي، تولغىنىپ كېتىدۇ.

كۈمۈش كۆرۈنۈشتە ئايدەك چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇ قولنى ۋە كىيىملەرنى قاپقارا قىلىپ، كىرلىتىدۇ.

كۆڭلى قارىلارنىڭ، سۆزلىرى زەھەر بولىدۇ.

كۆڭلى ئۆلۈكلەر، روھسىز بولىدۇ.

ھەر سۆزنىڭ گۈزەللىكىگە ئالدانما، كۆزۈڭنى ئاچ. ئۇنىڭدا يامان بىر مەنالار بولۇشى مۇمكىن.

ھەقىقەت يولىنىڭ تۇپراقى بولۇپ، ھەسەتخورنىڭ كۆزىگە تۇپراقنى چاچ.

دىققەت قىل، ھەسەتخور بىلەن يولداش بولما. ھەسەت بىر سۆلالىنى خاراب قىلىدۇ.

سەن بىر ئىنسانغا ھىلە ۋە ھەسەت قىلساڭ، روھنىڭ ھۇزۇرىدىن مەھرۇم قالىسەن.

ھەسەت گېلىڭغا ئېسىلمىسۇن. چۈنكى شەيتان ھەسەتنىڭ سەۋەبىدىن لەنەتلەندى.

ئۇ ھەسەت سەۋەبىدىن ئادەمگە سەجدە قىلمىدى ۋە يەنە شۇ ھەسەتتىن سائادەت بىلەن جېدەللەشتى.

قۇش ئاسماندا ئۇچقاندا، سايىسى يەردە ئەكس ئېتىدۇ.

ئەخمەقلارنى ئاسماندىكى قۇشنىڭ سايىسىنى ئوۋلايمەن دەپ، ئۇنى قوغلاپ يۈرۈيدۇ.

بىلىمسىزلەر سايىگە ئوق ئاتىدۇ. ئوقدان قۇرۇقدالغاندا كۆڭلى سۇنىدۇ.

ئەقىللىقنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىسەڭ، ئەقىللىق سېنى چۈشىنىپ جىم تۇرىدۇ.

ھەممە نەرسە مۇھتاجلىق ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ. ئىزدىگەن تاپىدۇ.

نەدە مەسىلە بولسا، جاۋابمۇ ئۇ يەردە.

گۈلنىڭ پۈتۈن ياپراقلىرىنى يۇلۇۋەتسەڭمۇ ئۇ كۈلۈشتىن ۋاز كەچمەيدۇ.

گۈل تىكەننىڭ جاپاسىدىن قورقمايدۇ. تىكەن بولغاچقا گۈل كۈلىدۇ.

## ھايۋانلارنىڭ تىلى

ھەزرىتى مۇسانىڭ زامانىدا بىر ئادەم، مۇسانىڭ يېنىغا كېلىپ: "ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەكچىمەن. ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، بۆرىنىڭ، قۇشلارنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ، ئېتىقادىمغا ئائىت ئىشلاردا نېمىلەرگە

دىققەت قىلىش، نىمىلەردىن ئىبرەت ئىلىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆگىنىۋالاي دەۋاتىمەن. چۈنكى ئادەم دېگەن بۇ مەخلۇقنىڭ پۈتۈن سۆزلىرى سۇ، نان، شان-شۆھرەت قاتارلىقلارغا ئائىت سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنىدىكەن. بەلكى ھايۋانلارنىڭ غەملىرى باشقا بولۇشى مۇمكىن" دەپتۇ.

بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان مۇسا: "ئۆگەنمىسەڭمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشتىن ۋاز كەچ. بۇنىڭ ئالدى- كەينى بەك خەتەرلىك. ئىبرەت ئېلىشنى، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنى، ھېكمەت ۋە ئىرفاننى تەڭرىدىن تىلە. كىتابتىن، سۆزدىن، ھەرپلەردىن، ھايۋانلاردىن ئەمەس!" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

مۇسانىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بۇ ئادەمنىڭ ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ھەۋىسى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. چۈنكى ئىنسان رەت قىلىنغان نەرسىنى تېخىمۇ بەك ئارزۇ قىلىدۇ. ئەس- خىيالى شۇ نەرسە ئۈستىدە بولىدۇ. بۇ ئادەممۇ شۇنداق جاھىللىق قىلىپ، ھايۋان تىلىنى ئۆگىنىش ھەۋىسىدىن يانماپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن مۇسا: "يا رەببىم! شەيتان دېگەن بۇ نەرسە بۇ يىگىتنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ ئۆگەتسەم بۇ يىگىت زىيان تارتىدۇ، ئۆگەتمىسەم كۆڭلىگە بىر يامانلىق كېلىشى مۇمكىن" دەپ ئويلاپتۇ.

بۇنى بىلگەن تەڭرى مۇنداق دەپتۇ: "ھەي مۇسا، ئۆگەت! چۈنكى مۇھتاجلارنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ"

مۇسا: "يا رەببىم! كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ. پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي، قولىنى چىشلەپ، ياقىسىنى يىرتىدۇ" دەپتۇ.

مۇسا ئۇ ياش ئادەمگە، يەنە بىر قېتىم:"ئارزۇلىرىڭ سېنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ، يۈزۈڭنى يەرگە قارىتىدۇ. بۇ ھەۋەستىن ۋاز كەچ. تەڭرىدىن قورق. شەيتان سېنى ۋەس-ۋەسىگە سېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىگە كىرمە!" دەپ سەممىمى نەسىھەت قىپتۇ.

ئادەم: "بوپتۇ، ھېچ بولمىغاندا ئاشۇ بوسۇغىدىن كەتمەيدىغان ئىت بىلەن كاتەكتىكى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تىلىنى بولسىمۇ ئۆگىتىپ قوي" دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

مۇسا: "بوپتۇ. ھەممە گۇناھ سېنىڭ ئۈستۈڭگە. بۇلارنىڭ تىللىرىنى ئۆگىتىپ قوياي. قېنى كەت! سەھەردە تۇرغاندا ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىسەن" دەپتۇ.

ئادەم تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قورۇغا چىقىپتۇ ۋە "قېنى ئۆلارنىڭ تىللىرىنى بىلدىممۇ يوق" دەپ قورۇدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئۆيدىكى قۇل ئايال چىقىپ، داستىخاننى ئىشىك تۈۋىگە قېقىپتۇ. يەرگە ناننىڭ كىچىك بىر پارچىسى چۈشۈپتۇ. بۇ نان پارچىسىنى قاياقتىندۇر كەلگەن بىر خوراز "تۇك" قىلىپ چوقۇلاپ ئەپقېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىت: "سەن ناھەق ئىش قىلدىڭ. بۇغداي دانلىرىنى يېسەڭ بولمىدىمۇ؟ چۈنكى مەن ئۆلارنى يېيەلمەيمەن. بويىنۇم ئىشىككە باغلاغلىق. مېنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىشىمغا رۇخسەتمۇ يوق. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مېنىڭ رىزقىمغا تۇمشۇقۇڭنى ئۇزاتمىساڭمۇ بولاتتى" دەپ زارلىنىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خورازمۇ: "ئەنسىرىمە، تەڭرى ساڭا بۇنىڭدىن ياخشىراق نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئېتى ئاغرىپ قاپتۇ. ئەتە ئۆلىدۇ. سەن ھېچ جاپا تارتمىساڭمۇ ئالدىڭغا نازۇ-نېئمەتلەر ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلىدۇ. شۇڭا بۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتمە" دەپتۇ.

قورۇدا تۇرغان ئادەم غورازنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپتۇ ۋە بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە قاپتۇ-دە، دەرھال ئېغىلدا باغلاقلىق ئېتىنى بازارغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئاتنى بازارغا ئاپىرىپ ئېلىشىغا سېتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، خورازنىڭ دېگىنى بولماي، ئىتمۇ ياخشى لوقمىغا ئېرىشەلمەپتۇ.

ئەتىسى ئوخشاشلا، ئىشىك ئالدىغا داستىخاندىن چۈشكەن نانىنى خوراز چوقۇلاپ ئېلىۋاپتۇ. بۇ كۆرگەن ئىت قاتتىق غەزەپكە كېلىپ: "ھەي قىزىل كۆز خوراز! بۇ قىلمىشىڭنى توختات. ئاتنى ئاغرىپ ئۆلىدۇ دېگەن ئىدىڭ. قېنى ئات؟ ھېچ بىر سۆزۈڭ راست ئەمەس" دەپتۇ.

خوراز ئىتقا قاراپ بۇنداق دەپتۇ:

"ئات ئاغرىدى، ئەمما، باشقا يەردە. ئاتنى سېتىپ زىياندىن قۇتۇلدى. ئەمما، ئۇ زىيان باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئارتىلدى. بىراق ئەتە ئۆكۈز ئاغرىپ قالىدۇ. بۇ ئۆكۈزنىڭ گۆشى پەقەت ساڭىلا نېسىپ بولىدۇ" دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەم، خوراز بىلەن ئىتنىڭ پاراڭلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپتۇ ۋە دەرھال ئېغىلدىكى ئۆكۈزنى بازارغا ئاپىرىپ يەنە

ئېلىشىغا سېتىۋېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنىمۇ ئوخشاش ئىش تەكرارلىنىپتۇ. ئىت دەرغەزەپ بولۇپ بۇنداق دەپتۇ:

”ھەي ئالدامچى خوراز! قېنى دېگەن ۋەدىلىرىڭ. يەنە يالغان چىقتىغۇ؟“

خوراز: "بۇ ئاداش، ئالدىراپلا ئۆكۈزنىمۇ سېتىۋەتتى. ئەتە چوقۇم ئۆيدىكى قۇل ئايال ئۆلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يوقسۇللارغا نەزىر قىلىدۇ. سەنمۇ شۇ چاغدا تويغۇدەك غىزالىنىسەن" دەپتۇ.

ھويلىدا تۇرغان ئادەم بۇ گەپلەرنىمۇ ئاڭلاپ. ئۆيدىكى قۇل ئايالنى ئۇدۇل قۇل بازىرىغا ئاپىرىپ ئەرزانلا سېتىۋېتىپتۇ ۋە " ھەجەپ ئاسانلا زىياندىن قۇتۇلدۇم" دەپ ئويلاپ، ئىچ-ئىچىدىن خوشال بوپتۇ. يەنە "تەڭرىگە يۈز مىڭ شۈكرى. ئۈچ چوڭ زىياندىن قۇتۇلدۇم. ھايۋانلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ قويغىنىم بەك ياخشى بوپتۇ. بېشىمغا كەلگەن بۇ بالا-قازالاردىن بىر-بىرلەپ قۇتۇلدۇم" دەپ ئويلاپ، ناھايىتى مەغرۇرلىنىپتۇ. ئۆز پايدىسى ئۈچۈن ئاتنى، ئۆكۈزنى ، قۇلنى سېتىۋالغان كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ.

قورسىقى دەھشەت ئاچقان ئىت، ئاچچىقىدىن خورازغا ۋارقىراپتۇ: ”ئەي ئاچكۆز، يالغانچى خوراز! سېنىڭ بۇ ئويۇنلىرىڭ قاچان تۈگەيدۇ؟ سەن يالغاندىن باشقىنى بىلمەمسەن؟“

خوراز: "تەۋبە دە! يالغان سۆزلەشكە نېمە ھەددىم؟ بىز خوراز ئەۋلادلىرى ئەجدادىمىزدىن تارتىپ يالغان سۆزلىمەي كەلدۇق. بىز خورازلار خۇددى مەزىنلەردەك راستچىل كېلىمىز. ۋاقتىدا، قۇياشقا قاراپ، ۋاقتىنى ساقلايمىز. ئىچىمىزدىن بىرسى ۋاقتسىز سايرىسا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەپ بولىدۇ. ساڭا دەپ قوياي، قۇلاق سېلىپ سۆزۈمنى ئاڭلا. ئەتە ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئۆلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تۇغقانلىرى كالا سويۇپ نەزىر-چىراق بېرىدۇ. شۇ چاغدا بارلىق ئاچ قالغان كەمبەغەللەر، ھايۋانلار تويغۇدەك بىر غىزالىنىۋالىدۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئاتنى، ئۆكۈزنى، قۇلنى سېتىپ مىلنى قۇتۇلدۇرىۋالغان بىلەن ئۆز تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىساسى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى" دەپتۇ.

بۇ قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم، يۈزلىرى تامدەك تاتىرىپ، پۇت-

قولى جانسىز هالدا ئۇدۇل مۇسانىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە "ئەي مۇسا! دەردىمگە قۇلاق سال! ماڭا ياردەم قىل" دەپتۇ.

مۇسا: "ماڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنى پىدا قىلىپ قۇتۇل. مادامىكى ئۇستا بولدۇڭ قېنى ئۆز هالىڭنى ئۆزگەرتىپ باق! ئەقىللىق ئادەم، نەتىجىنى ئالدىن پەرەز قىلالايدۇ، غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولمايدۇ" دەپتۇ.

ئادەم: "مەن ئۆزۈمگە ماس كەلمىگەن يامان ئىشلارنى قىلدىم. شۇنداقتىمۇ ماڭا بىر ياخشىلىق قىل" دەپ، مۇساغا يالۋۇرۇپتۇ.

مۇسا: "يايدىن چىققان ئوق يانمايدۇ. پەقەت ساڭا بىر ياخشىلىق قىلالايمەن، ئۇ بولسىمۇ ئىمانسىز ئۇ دۇنياغا كەتمەسلىكىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. بۇنىڭدىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدۇ" دەپ، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئادەم پىقىراپلا هوشىدىن كېتىپتۇ. تۆت كىشى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئادەم ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بوپتۇ.

بۇ ئەجەلدىن زادى كىم قېچىپ قۇتۇلغان دەيسىز؟

## ◄ هېكمەتلىك سۆزلەر:

نەپسانىيەتچىلىكتىن يوقسۇللۇق ياخشىراق. چۈنكى، ئۇ ئىنسانغا ئامانلىق بېرىدۇ.

بىرسىنىڭ قولىغا قىلىچ بەرسەڭ ئۇ يا غازى بولىدۇ ياكى بىر قاراقچى.

سالامەتلىكىڭ ناچارلىسا ئىشىڭ ئاقمايدۇ. ئەجەل كەلمەستىن بۇرۇن دەسمايەڭنى قوغدا. چۈنكى سالامەتلىك، هاياتنىڭ دەسمايىسىدۇر.

مال-دۇنيا ئۈچۈن ئەزىز جاندىن قۇرۇق قالما.

بالا جانغا كەلگىچە مېلىغا كەلسۇن.

مېۋىنىڭ ئىچى، تېشىدىن ياخشى. ئادەم ئۈچۈن تەن سىرتىدۇر، جان ئىچىدۇر.

ئىنساننىڭ ئەسلى گۈزەللىكى ئىچ گۈزەللىكىدۇر.

گۈزەللىكنى ئىچىڭدىن ئىزدە.

پاكىز ئەينەك ھەممىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ.

گۈزەل يۈز پاكىز ئەينەكتە گۈزەل، قارا يۈز قارا كۆرۈنىدۇ.

ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ ھەركىم ئۆزى قىلىدۇ.

تىكەن سانجىلغان بولسا، ئۇ تىكەن دەل ئۆزۈڭ.

ئىتنىڭ ئالدىغا لوقما ئاتساڭ، ئالدى بىلەن پۇراپ بېقىپ ئاندىن يەيدۇ.

ئىت پۇراقنى پۇرايدىغان بۇرۇن بىزى بىزنىڭ ئەقلىمىزگە ئوخشايدۇ.

ئاققان سۇ سېسىمايدۇ.

يولدا ماڭغانلارنىڭ بەزىلىرى دەرتمەن، بەزىلىرى بەختىيار.

ئۆلۈم ۋاقتىدىمۇ بەزىلەر ئۈمىدسىز قايغۇ ئىچىدە، بەزىلەر ئۈمىدۋار بەخت ئىچىدە.

نادانلار ئۆزىنى بىلمىسە، ئاقىللار ئۆلارنى بىلىدۇ.

غەپلەت بەدەندە. بەدەن روھ بولغاندا سىرلارنىڭ خەزىنىسى ئۈنىڭغا ئېچىلىدۇ.

ئىس بولسا ئوتتۇن كۆيگەندە چىقىدۇ. كۆيگەن چوغدىن ئىس چىقمايدۇ.

## تۆھمەتكە قالغان ئادەم

بۇخارا دېگەن شەھەردە سەدرى جىھاننىڭ بىر خىزمەتكارى تۆھمەتكە ئۇچراپ، ئۇ شەھەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئون يىل ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ ياشاپتۇ. ئاخىرى سەۋر قاچىسى تېشىپ ، بۇ سەرگەردانلىق ھاياتتىن جاق تويۇپ، دەپتۇ: "بۇ سەرسانلىققا چىدىغىدەك ھېچ ھالىم قالمىدى. بۇ دەردلىك كۆڭلۈمنىڭ سەۋر تاقىتى تۈگىدى. بۇ ھىجراندىن تۇپراقلار شورلاشتى. ئاققان سۇلار توختىدى.

جانغا جان قوشقان شامالالار قورقۇنچلۇق ۋابا بولدى. ياپراقلار سارغىيىپ سامان بولدى. جەننەتتەك باغچىلار قۇرۇپ جەھەننەمدەك بولدى. دوستلاردىن

ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ ئەقلىمۇ، ئۇقياسى سۇنغان مەرگەندەك بولدى. بۇ ھىجران ئازابى مېنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. دۇنيادا ياخشى كۆرگەن نەرسەڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ بەتەر ئازابلىق ئىش بولمىسا كېرەك"

ئادەم شۇنداق خىياللاردىن كېيىن بۇخاراغا قايتماقچى بوپتۇ. ئۇ زامانلاردا بۇخارا ئىلىم- مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى ئىكەن. خوجايىنى سەدرى جىھاندىن ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ يۈرىكى ئايرىلىش دەرتلىرىدە لەختە بوپتىكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ ئۇدۇل سەدرى جىھاننىڭ يېنىغا بېرىشتىن باشقا بىر ئارزۇسى يوق ئىكەن.

ئۇ ئادەم: "مېنىڭ جايىم، يۇرتۇم ئۇنىڭ يېنىدىدۇر. مەن ئۇنىڭ يېنىدىلا ھۇزۇرغا ئىگە بولىمەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆز دەردىمنى بايان قىلىمەن. مانا مەن كەلدىم. جېنىم ئىلكىڭدە. يا ئۆلتۈر، يا ياشات. سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا ئۆلۈش، باشقا يەردە تىرىك يۈرگەندىن ياخشىراق. مەن شۇنچە يىل ئايرىلىپ ياشاپ باقتىم. ئەمما، سەنسىز ياشاشنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتىم" دەپتۇ.

ئادەم يەنە خىتاب قىپتۇ: "جان سۆيگىنىنىڭ يېنىغا كېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاشىق ئۈچۈن ۋەتەن سۆيگۈسى دېگەن مانا مۇشۇ!"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دوستلىرى ئادەمگە بۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

ئەي دوستۇم، سەن بىر ئەقىللىق ئادەم . ئەقىل ئىگىسى ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئاندىن قارار چىقىرىدۇ. ئەقلىڭنى ئىشلەت. ئىشنىڭ باش- ئايغىنى ئوبدان ئويلا. ئۆزۈڭنى پەرۋانىدەك ئوتقا ئاتما. ساراڭدەك بۇخاراغا كېتىمەن دېمە. ئۇ يەرگە بارا- بارماي پۇت-قولۇڭنى زەنجىر كىشەن بىلەن كىشەنلەپ زىندانغا ئاتىدۇ. ئۇ سەدرى جىھان دېگەننىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىدى. سېنى قاچان كېلەركىن دەپ چىشىنى بىلەپ تۇرىدۇ. جانابى ھەق ئۆز ۋاقتىدا ساڭا بىر پۇرسەت بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇڭ. ھازىر نېمە ئۈچۈن زىندانغا قاراپ يول ئالىسەن؟ پەرىزىمىزچە، سەن بۇ نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سالمايدىغاندەك قىلىسەن"

ئادەم دەپتۇكى: "ماڭا نەسىھەتنىڭ كېرىكى يوق. مېنىڭ قارارىم قەتئىي. بىر يەردە ئاشىق ئوتى ئۇلغايدىمۇ، ھېچكىمنىڭ سۆزى كار قىلمايدۇ. ئۆلۈم بىلەن مېنى قورقۇتمەن دېمە، ئاشىق ئۈچۈن ھەرۋاقىت بىر ئۆلۈم بار. ئاشىق

مەشۇقىغا ھەرۋاقىت جېنىنى پىدا قىلىشقا تەييار. مەن بۇخاراغا بىر ئۇستازدىن دەرس ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەشۇقۇمنى كۆرۈش ئۈچۈن بارىمەن. ئاشىقلارغا مەشۇقىنىڭ گۈزەللىكى بىر ئۇستازدۇر. كىتاب، دەپتەر ۋە قەلەم ئۇنىڭ يۈزىدۇر. ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ماھىيىتى بار." دەپتۇ ۋە بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

يۈتلىرىنىڭ ئاستىدىكى قۇملار ئۇنىڭغا ماممۇقتەك، دەريالار كىچىك ئېرىقتەك تۇيۇلۇپتۇ. چۆللەر گۈل-گۈلىستاندەك كۆرۈنسە، كۆڭلى گۈللەردەك ئېچىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ ئاخىرى سۆيگۈنى بار بۇخاراغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇخارا كوچىلىرىنى مەي ئىچكەن مەستەك كېزىپتۇ. ئۆزىنى بۇخارا ئاسمىنىدىكى ئاي قۇچاقلاۋاتقاندەك ھېس قىپتۇ. ئەمما، يولدا كۆرگەن تونۇش - بىلىشلەر ئۇنىڭغا:"ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەي ئۇدۇل قاچ. پادىشاھنىڭ ئاچچىقى تېخى يانمىدى. ئۇن يىللىق ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن، سېنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى. ئۆتۈنۈپ قالايلى ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمە. مادامىكى قاچتىڭ، ئەمدى نېمە دەپ كەلدىڭ؟ بالادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچىگەن ئىدىڭ. ئەمدى قايتىپ كېلىشىڭنىڭ ئۆزى بىر ئەخمەقلىق. ئارسلان، تەلەيسىز توشقان بىلەن دوست بولامدۇ؟ ئەقلىڭدىن ئازغان ئوخشايسەن" دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

ئاشىق دەپتۇ: "مەن ئۇسسۇزلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بوپ قالدىم. شۇڭا ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتتىم. بەلكى سۇ مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم، سۇدىن ئۆزىگە زىيان كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدا "بۇ نە قەدەر راھەت ئۆلۈم-ھە!" دەيدۇ. قەيەردە بىر ئاقار سۇ كۆرسە، ئۇ سۇ مەن بولسامچۇ دەپ قىزغىنىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم ئاشىق ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلماقتۇر. ئۆز ۋاقتىدا ھىلە ئىشلىتىپ قاچقىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلىمەن"

شۇنداق قىلىپ ئادەم سەدرى جىھاننىڭ ھۇزۇرىغا بارماقچى بوپتۇ. پۈتۈن بۇخارا خەلقى ھەيرانلىق ئىچىدە قاپتۇ ۋە "ئەجەبا ئۇنى ئاسامدىغاندۇ ياكى ئوتتا كۆيدۈرەمدىغاندۇ؟" دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ.

سەدرى جىھان، ئۆز زامانىدىكى يوقسۇللارغا قىلغان زالىملىقىنى، ئۇ ئادەمگىمۇ قىلغان ئىكەن ۋە لېكىن ئادەم قېچىپ قۇتۇلۇپتىكەن. بىراق، ئاشىق ئوتىدا

يېنىپتىكەن . پەرۋانىدەك لامپىنىڭ يورۇقىنى نۇر دەپ بىلگەن ئۇ ئەخمەق ئادەم ئۆز جېنىغا ئۆزى زامىن بولغىلى ئاز قاپتىكەن.

لېكىن هازىر ھەقىقىي ئاشىق ئىكەن. ئىشىق شامى ئادەتتىكى شامغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئايدىڭلىق ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك يورۇقلۇقتۇر. ئاشىقنىڭ ئوتى، كۆرۈنۈشتە ئوت. ئەمما ئىچى پۈتۈنلەي نۇردۇر.

سەدرى جىھان بۇ ئاشىقنىڭ ھىجران ئازابىدا نۇرغۇن جاپالارنى تارتقانلىقىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپتۇ. مۇزلىغان كۆڭلى ئېرىپتۇ. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆز كۆڭلىدە ئويلاپتۇ: "ئۇ بىچارىنىڭ كۆڭلى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ بىر گۇناھ قىلدى، بىز ئۇنى كۆردۇق. ئەمما، ئۇ بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزنى، ۋاپايىمىزنى كۆرمىدى. گۇناھىدىن قورقۇپ بىزدىن قاچتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇ قورقۇسىدا نۇرغۇن ئۈمىد بار ئىدى. گۇناھ قىلىپ، گۇناھىنى تونۇمىغان جازالىنىدۇ. ئۆز گۇناھىنى تونۇغانىنى جازالاش ئەدلىمىزگە ئۇيغۇن ئەمەس. سوغۇق سۇ بار قازاننىڭ ئاستىغا ئوت ياقمىز، قايىنىغان قازانغا ئوت كېرەك ئەمەس. ئىنسانىنىڭ سىرلىرى دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك. شاخ ئۇنىڭدىن بارلىققا كېلىدۇ. دەرەخنىڭ شاخلىرى يۇقىرىغا قاراپ ئۆسىدۇ. نەپسىمۇ، ئەقلىمۇ ھەم شۇنداق. ئاشىقتىن كۆكلەردە شاخلار ئۆسىدۇ، سەدرى جىھاننىڭ كۆڭلىدە ئۆسمەسمۇ؟“

پادىشاھ ئەنە شۇنداق ئويلاردا بولۇپ، خىزمەتكارنى كەچۈرۈۋېتىش قارارىغا كەپتۇ . كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە بىر دېرىزە ئېچىلىپتۇ. مەشۇق، ئاشىققا ئۆز مەيلىنى بىلدۈرۈپتۇ.

سەدرى جىھان ئۇ ئادەمنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ. سادرى جىھان ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ، خۇددى تېنىدىن جان قۇشى ئۇچقاندەك تۇيغۇغا كەپتۇ. قۇرۇق ياغاچتەك بوپ قالغان ئاشىقنىڭ ھەيرانلىق ئىچىدە، ئاغزى گەپكە كەلمەيلا قاپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سارغايغان يۈزىنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئادەمنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ ئاستا-ئاستا ئۇنى سەگىتىپتۇ ۋە قۇلىقىغا دەپتۇ:

”ئەنسىرىمە ئەمدى ساڭا مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. سەن ئۆز نېسىۋەڭنى ئالسەن. ئايرىلىپ سەنمۇ كۆپ جاپا تارتىڭ. ئەمدى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. بۇ خاتالىق، بۇ دەردلەر تۈگىسۇن!" ۋە كۆپچىلىككە قاراپ خىتاب قىپتۇ:

”بۇ ئاغرىپ قاپتۇ. داۋاسى مەندە. بۇ ئۆلۈك تەن مېنىڭ بىلەن تىرىك. ئۇ جاندىن كەچتى، ئۇنداقتا ئۇ ماڭا جاندۇر. ئۇنىڭغا مەن يەنە باشقا بىر جان بېرەي " دەپ ئاشىقىغا بۇرۇلۇپتۇ ۋە: ”ئەي دەردكە، بالاغا مۇپتىلا ئاشىق! مۇرادىمىزغا يېتىشنىڭ ۋاقتى كەلدى. قېنى كەل! سېنىڭ سەرگەردان بولۇشۇڭغا، جاپا تارتىشىڭغا بىز سەۋەبچى بولدۇق. ئەمدى ساڭا بەزى ئىشلارنى دەپ بېرەي، سەن ئاڭلا!“

ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان ئاشىق، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاستا-ئاستا ئۆزىگە كېلىشكە باشلاپتۇ. دەرتمەن ئاشىق خۇشاللىقتىن كۈلۈپتۇ. ئارقىسىغا ئازراق يېنىپ تازىم قىپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ بۇنداق دەپتۇ :

”جامائەت! تەڭرىگە مىڭ شۈكرىكى ئاخىرى قايتىپ كەلدىم. ئەي قەدىرلىك سەدرى! مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەنلىكىڭ مېنى ئالەمچە خۇشال قىلدى. بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن قۇلۇڭ بەكمۇ هاياجانلاندى. ئەمدى ماڭا قۇلاق سال. بىرىنچى، سەندىن ئايرىلغاندىن بېرى نەزىرىمدە ھەممە نەرسە زۇلمەتتەك كۆرۈندى. ئىككىنچى، قۇلىقىڭنى ۋە ئەقلىڭنى ماڭا بەر. ئۇلارنى كۆپ ئىزدىدىم، ئەمما، ئۇلاردەكنى تاپالمىدىم. ئۈچىنچى، سەندىن ئايرىلغانلىغىم ھەق ئۈچۈن بولغانلىقى ماڭا ئايان بولدى. تۆتىنچى، ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات! بەشىنچى، قەيەردە بىر تامچە قان كۆرگەن بولساڭ، ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ئاققان ئىدى. ئەي شاھ! كۆزلەردىن ئاققىنى يۈرەك قانىدۇر." مانا شۇنداق تەسىرلىك گەپلەرنى دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ ۋە ئەتراپىدىكى پۈتۈن خەلقنىڭمۇ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

سايە قانداقمۇ قۇياشقا دەلىل بولسۇن؟

ئەگەر كېچە بولمىغان بولسا ئىنسانلار دەم ئالماي، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى نابۇت قىلاتتى.

ئەقلسىزغا ئېغىلدىكى يەممۇ ئېسىل كۆرۈندۇ.

قاسساپنىڭ بەرگەن ئوتى ئاچچىق.

شەيتان سۈتىنى ئېمىشتىن قۇتۇلساڭ، رىسقىڭ مول بولىدۇ.

ئەقىللىق غەم يەيدۇ، نادان بال.

ئۆلۈم كۈنۈڭ ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ ئۆلۈكتەك بولساڭ، ئەبەدىي ئاشىق بىلەن يار بولىسەن.

جاپا، تىرىشچان كىشى ئۈچۈن بىر ئايغا ئوخشايدۇ.

جان قايغۇسىدا جانانىدىن قاچما!

سۆيگۈنىڭ ئاشىق قىلىپىدىن بوينۇڭنى قاچۇرما.

ئۆستەڭنى كۆرسەڭ، ئېرىقتىكى سۇنى ئۇنىڭغا باشلا. سۇ ئۆستەڭدىن قاچامدۇ؟

ئېرىقتىكى سۇ، ئۆستەڭگە قوشۇلسا، ئۇنىڭدا يوق بولۇپ ئۇنىڭدەك بولىدۇ.

ئاشىقنىڭ بەدەنلىرى ھىجران ئازابىدا زەئىپلەشكەن بولسىمۇ، سۆيگۈسى تاۋلىنىدۇ.

كۆك يۈزى ئەر بولسا، يەر يۈزى ئايالدۇر. كۆكنىڭ بەرگىنىنى يەر بېقىپ يېتىشتۈرىدۇ.

بەزى ئىشلارنى نىيەت قىلىسەن. قارار قىلىسەن. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بەزىدە كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئىشەنچ بولسىمۇ ئىشلار تەتۈرىگە ماڭىدۇ.

ئاشىقنىڭ مەشۇقىغا ئېرىششى، جان ۋە كۆڭۈل بىلەن باغلانغان ئاشىق بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## پاشىنىڭ شىكايىتى

بىر تال پاشا ئوتلاقلاردىن، چىمەنلىكتىن، باغلاردىن ئۇچۇپ كېلىپ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ دەپتۇ:

”ئەي سۇلايمان! بۇ دۇنيانى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇۋاتىسەن. ھەق- بىلەن

ناھەقنى ئىپنىق ئايرىپ ئىش قىلىۋاتىسەن. ئۇچار قۇشلارمۇ، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ سېنىڭدىن ئالەمچە رازى. بۇ دۇنيادا سېنىڭ پەزىلىتىڭ، ياخشىلىقىڭ ۋە ئۇلۇغلىقىڭنى ماختىمايدىغان بىرمۇ مەۋجۇدات يوق. ئەمدى بىزگىمۇ ئادالەتلىك بول. بىزنىڭمۇ ھەق- ھوقۇقىمىزنى قوغدا. چۈنكى بىز بەكمۇ ئاجىز، ۋەيرانە . ئازاپ ئىچىدە زار يىغلاۋاتىمىز. باغلاردا، گۈلىستاندا بىزنىڭ ھۇزۇرلىنىش ھەققىمىز ھېچ يوق. ئاجىزنىڭ ئىشلىرىغا سەن ياردەم قىلىسەن. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىغا كاپالەتلىك قىلىسەن. بىز پاشىلار ئاجىزلارنىڭ ۋەكىلى بۇنى سەنمۇ ئوبدان بىلىسەن. بىزنىڭ بىچارىلىكىمىزنى، ئاجىز قاناتلىرىمىزنىڭ سۇنۇقلىقىنىمۇ بىلىسەن. سەن ياخشىلىقتا، ئېھساندا يوقسۇللارغا ياردەمچى بولۇشنىڭ ئۈلگىسى. سەن كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ بېشى بولساڭ، بىز ئاجىزلىقنىڭ بېشى. بىزگە ئىنساپ قىل، ياخشىلىق قىل، بىزنى بۇ غەملەردىن قۇتۇلدۇر. ئەي قوللىرى ھەقنىڭ سايىسى بولغان سۇلايمان! ئادالىتىڭنى جارى قىلدۇرۇپ، بىزگە ياردەم قولۇڭنى سۇنغىن.

سۇلايمان پاشىنىڭ زارلىنىپ قىلغان بۇ نىدالىرىنى ئاڭلاپ خىتاب قىپتۇ:

”ئەي مەندىن ئىنساب، ئادالەت تەلەپ قىلغان! زادى كىم ئۇستىدىن ئەرز قىلماقچىسەن؟ كىمدىن ھەق تەلەپ قىلىسەن؟

قېنى ئېيت! ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، سېنى بوزەك قىلغان، يۈزۈڭگە تەستەك سالغان ئۇ زالىم كىم؟ ھەممە يەردە ئادالەت ھۆكۈم سۈرگەن مانا شۇنداق بىر زاماندا، ساڭا زۇلۇم قىلغان ئۇ زالىم نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە پۇت-قولى كىشەنلىنىپ، زىندانغا تاشلانمىدى؟ نۇر مەيدانغا چىققاندا قاراڭغۇلۇق يوقۇلىدۇ. زۇلۇمنىڭ سەۋەبى زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتۇر. قاراپ باق! تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەيتانلارمۇ بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. بىزگە بويسۇنماي، خىزمەتتىن قاچقانلار زەنجىرلەر بىلەن باغلاندى، كىشەنلەندى. زالىملار شەيتاننىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن زالىملىق قىلىپ خەلققە زۇلۇم سالىدۇ. ئۇلارنىڭ زۇلۇمىنىڭ مەنبەسى شەيتان. ھازىر شەيتانلار كىشەنلەنگەن تۇرسا، قانداقمۇ زالىم بولسۇن. قانداقمۇ زۇلۇم بولسۇن؟ تەڭرى بىزگە، خەلق يولدىن چىقمىسۇن، مۇھتاجلىقتا قالمىسۇن، زارلانمىسۇن دەپ دۆلەتنى ۋە كۈچنى بەرگەن. خەلقنىڭ ئاھۇ-زارلىرى كۆكلەرگە كۆتۈرۈلمىسۇن، يېتىملارنىڭ نالە-پەرياتلىرى ئەرشنى تىترەتمىسۇن، ھېچكىم جاپادا قالمىسۇن، كۆڭۈللىرى سۇنمىسۇن دەپ تەڭرى بۇ پادىشاھلىقنى ماڭا ئاتا قىلغان. كۆكلەرگە ئاھۇ- زارلىق سادالىرى چىقماسلىقى ئۈچۈن مەملىكەتتە

پەزىلەتنى، ۋىجداننى، ئادالەتنىڭ ئاساسىنى ئورناتتۇق. ئەي مۇشەققەتتە قالغان بىچارە! كۆك يۈزىگە قارىما. ھازىر سېنىڭ شۇ يەر يۈزىدە، پانى دۇنيادا بىر پادىشاھىڭ بار"

پاشا بۇ سەممىي گەپلەرنى ئاڭلاپ دەپتۇ: "مەن شىكايەت قىلماقچى بولغان نەرسە شامالدۇر. ئۇ بىزگە زۇلۇم قىلىش ئۈچۈن غۇلچىنى ئاچتى. ئۇنىڭ زۇلمىدىن ۋەيران بولدۇق. ئاغزىمىز پىچەتلەندى. يۈرىكىمىز دەرتكە تولدى"

سۇلايمان بۇ ئەرزنى ئاڭلاپ:" تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى چىن يۈرەكتىن ئاڭلاش كېرەك. تەڭرى ماڭا "ئەي ئادالەتپەرۋەر، دەۋاگەرنىڭ ئەرزىنى جاۋابكار بولماي تۇرۇپ ئاڭلىما" دېگەن ئەمەسمۇ؟ يەنى "داۋا قىلغۇچى بىلەن جاۋابكار قازىنىڭ ھوزۇرىغا كەلمىگىچە، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغىلى بولمايدۇ. دەۋاگەر ئۆزى يالغۇز كېلىپ مىڭ دات-پەرياد قىلسىمۇ، ھەرگىز ئۇنىڭ دۈشمىنى كەلمىگۈچە ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلما" مانا بۇلار تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى. شۇڭا تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى ئىش قىلمايمەن. سەن ئۈستىدىن ئەرز قىلغان دۈشمىنىڭنى ئېلىپ كەل" دەپتۇ.

پاشا:" دېگەنلىرىڭ پۈتۈنلەي توغرا. كۆرسەتكەن دەلىللىرىڭ ئورۇنلۇق. مېنىڭ دۈشمىنىم بولغان ئۇ شامال، سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭ ئاستىدا"

ھەزرىتى سۇلايمان: "ئەي شامال! پاشا سېنىڭ زۇلمىڭ ئۈستىدىن داۋا قىلدى، دەرھال يېنىمغا كەل" دەپ چاقىرىپتۇ.

شامال ھەزرىتى سۇلايماننىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، دەرھال كەپتۇ. پاشا قېچىشقا تەمشىلىپتۇ.

سۇلايمان: "ھەي پاشا! نەگە ماڭماقچى؟ توختا! ئىككىڭلار ئۈستىدىكى بۇ دەۋانى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى"

پاشا: "ئەي پادىشاھىم! بۇ كۈنلىرىمنىڭ بۇنداق زۇلمەتلىك بولۇشى ئۇنىڭ تۈمانلىرىدىن. ئۇ كەلگەندە مەن قانداقمۇ تۇرالايمەن؟ مەن قاچمىسام ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايمەن. ئۇ مېنىڭ ئورۇقۇمنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. مېنى يوق قىلىۋېتىدۇ" دەپتۇ.

# ۋەزخان

بىر زامانلاردا بىر ۋەزخان(ئىبادەتخانىلاردا ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا دىنىي نەسىھەت بەرگۈچى) ئۆتكەن ئىكەن. بىر كۈنى ۋەزخان مۇنبەرگە چىقىپ، كارۋانلارنىڭ ماللىرىنى بۇلايدىغان قاراقچىلارغا دۇئا قىپتۇ: "يا رەببىم! يامانلارنى، بۇزغۇنچىلارنى، قاراقچىلارنى ھىدايەت قىل. ئۇلارغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ياخشى ئىش قىلغانلارنى مەسخىرە قىلىدىغانلارغا، كۆڭلى قارىلارغا، ھەقنى تونۇمايدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ياخشىلىق قولۇڭنى ئۇزاتقىن“.

بۇ ۋەزخان ياخشى كىشىلەرگە دۇئا قىلماي، داۋاملىق يامانلارغا دۇئا قىلىدىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بەزىلەر ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ دەپتۇ: "سىنىڭدەك دۇئا قىلىدىغان بىرسىنى ھىچ كۆرمىدۇق. يامانلار ئۈچۈن ياخشى دۇئا قىلىش پەزىلەت جۈملىسىدىن ھىسابلانمايدۇ. يامانلارغا قىلىنغان دۇئا بەرىبىر مەقبۇل بولمايدۇ“

ۋەزخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە خىتاب قىپتۇ:"مەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقنى كۆرگەنلىگىم ئۈچۈن، ئۇلارغا ياخشى دۇئالارنى قىلىۋاتىمەن ھەم بۇ ماڭا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار ئەسلىدە ماڭا شۇنچىلىك يامانلىق قىلغان، بوزەك قىلغان ۋە شۇنچىلىك زۇلۇم سالغان. ئاخىرىدا ئۇلار مىنى خاتا يولدىن قۇتقۇزۇپ، توغرا يولغا مىڭىشىمغا سەۋەبچى بولدى. مەن قاچان مال-دۇنياغا يۈزلەنسەم، دۇنيا ئۈچۈن چاپسام ئۇلاردىن ئۆلگۈدەك تاياق يىدىم . ئۇلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىدىم. يىگەن تاياقلاردىن، بىشىمغا كەلگەن بالا-قازالاردىن، تىل-ھاقارەتلەرنىڭ دەستىدىن تەڭرىنى باشپاناھ قىلدىم. تەڭرىگە يۈزلەندىم، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياۋۇز بۆرىدەك زالىملار مىنىڭ توغرا يولدا، ھەق يولدا مىڭىشىمغا سەۋەب بولدى. ئەي ئەقىللىق جامائەت، ئۇلار مىنىڭ توغرا يولنى تېپىشىمغا سەۋەبچى بولغان تۇرسا، ئۇلارغا ئاتاپ ياخشى دۇئا قىلىش مىنىڭ مەجبۇرىيىتىم ئەمەسمۇ؟

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

دۇنيادا مۇتلەق يامانلىق يوق. يامانمۇ بىر نەرسىگە نىسبەتەن ياماندۇر.

يىلاننىڭ زەھىرى يىلانغا ھاياتلىق بەخش ئەتسە، ئىنسانغا ئۆلۈم ئەكىلىدۇ.

گۈزەلگە ئۆزۈڭنىڭ كۆزى بىلەن قارىماي، ئۇنى ئىستىگەن كۆز بىلەن قارا.

دۈشمەن، ئىنسانغا دورا.

دۈشمەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەڭرىگە يۈزلەن.

سېنى ھەق يولىدىن ئازدۇرغان دوستلىرىڭ ھەقىقىي دۈشمەندۇر.

ئادەم بورسۇق (تاياق يېگەنسىرى سەمرىيدىغان بىر خىل ھايۋان) قا ئوخشايدۇ. جاپا-مۇشەققەت تارتقانسىرى ياخشى يولغا ماڭىدۇ.

ھەقتىن كەلگەن جاپا سېنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمى سېنىڭ تەدبىرىڭدىن ئۈستۈندۇر.

ھەقنىڭ ئاچچىق دورىسى يارىغا شىپا.

## ئاشىق بىلەن مەشۇق

بىر ئاشىق مەشۇقنى خىلۋەت بىر يەرگە ئاپىرىپ، ئىسىلىپ سۆيمەكچى بوپتۇ. سۆيگۈننىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن قىز دەرھال ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئاچچىقىدا شۇنداق قاتتىق گەپلەر بىلەن ئەيىبلەپتۇ. ئاشىق بۇ قىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ جىلە بوپتۇ ھەم ھەيران قالغان ھالدا دەپتۇ:

"بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچ كىم يوق. مەن سېنى شۇنداق سېغىنىپ كەتكەن تۇرسام. ئۇسساپ كەتكەن بىرسى سۇزۇك بۇلاقنى كۆرسە دۇم چۈشمەي، چىداپ تۇرالامتى؟ بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى كىم بىلەتتى؟ كىم كۆرەتتى؟"

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قىز تېخىمۇ ئاچچىقلاپ: "ھەي ئەقىلسىز ئاشىقىم! سەن ئەسلىدە ئاشىق ئەمەس، بىر كالۋا ئىكەنسەن. شۇ مەيىن شامالنى كۆردۈڭمۇ ؟ شۇ شامالنى چىقارغان، ھەرىكەت قىلدۇرغان بىرسى بار. شۇڭا ئەقلىڭنى ئىشلەت! ئەدەپسىزلىك قىلما! سۆيۈشكەن لەۋلىرىمىزنى ھەرىكەت قىلدۇرغان ۋە

نەپەس ئالدۇرغان ئاشۇ جاننىڭ بىر ئىگىسى بار. سەن ئۇلارنى كۆرمىگەن بىلەن ئۇ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. سەن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە! سۆزلىگەنگە ئەمەس، سۆزلەتكەنگە قارا! شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، ھەر ھەرىكەت قىلغاننى، ھەرىكەت قىلدۇرغان بىرسى بار" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئاشىق ئۆز قىلىقلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەپتۇ:

”مەن ئەسلىدە سېنى سىناپ باقماقچى ئىدىم. سېنىڭ زادى ئۇنىمايدىغانلىقىڭنىمۇ بىلەتتىم. يەنە شۇنداقتىمۇ ئىپپەت-نومۇسىڭنى قانچىلىك قوغدايدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم. سەن جاھاندىكى ئەڭ گۈزەل قىز. مەن ساڭا ھەرگىز زىيان يەتكۈزمەيمەن. بۇ جاھان ۋەيرانە. ئەمما، سەن بىر خەزىنە. بۇنىڭغا تىلىم، كۆزلىرىم گۇۋاھ. ئەگەر ئەدەپسىزلىك قىلغان بولسام ئالدىڭدا بوينۇم قىلدىن ئىنچىكە. جازايىڭغا تەييارمەن. سەن مېنى نېمە قىلساڭ قىل. ئەمما، مەندىن ئايرىلما”

بۇ ياسالما سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئەقىللىق قىز: "بۇ يالغان گەپلىرىڭ بىلەن باشقىلارنى ئالدىيالمايسەن. كۆڭلۈڭدىكى ھىلە ماڭا كۈندەك ئايدىڭ. نېمە ئۈچۈن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ، خاتالىقىڭنى تونۇمايسەن؟ نېمە ئۈچۈن تەۋبە قىلمايسەن؟" دەپ سەممىي نەسىھەت قىپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

پاسكىنا كىشىلەر نەسىھەت بىلەن پاكىزلانسىمۇ، يەنىلا كىرلىشىدۇ.

ئەي ئادەم گەرچە سېنىڭ كۆزۈڭ بولسىمۇ، بالا-قازا ئالدىدا كۆزۈڭ كور بولىدۇ.

ئادەمنىڭ يامان خۇيى ئۆزىگە دۈشمەن.

ئادەم ئۆزىنىڭ سېسىق پۇراۋاتقانلىقىنى ئۆزى بىلەلمەيدۇ.

ئادەمنىڭ ئىككى كۆزى، كۆڭۈل كۆزىدىن ئوزۇقلىنىدۇ.

يۈزدىكى ئەيىبنى يوشۇرغىلى بولمايدۇ.

# ئەتىر بازىرىدىكى پاجىئە

بىرسى ئەتىر ساتىدىغان بازارغا بېرىپتۇ. ئۇ كىشى بازارنى ئايلىنىۋېتىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئەسلىدە، ئەتىرلەرنىڭ خۇشپۇراقلىرىدىن بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ، يىقىلىپ چۈشكەن ئىكەن. ئۇ ئادەم بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆلۈكتەك يېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بازاردىكىلەر دەرھال ئادەمنىڭ بېشىغا ئولىشىپتۇ. ئۇ ئادەمگە قانداق ياردەم قىلىشنى بىلمەي، بەزىلەر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تۇتسا، بەزىلەر قولىنى تۇتۇپ، كىملەردۇ بىرلىرى يۈزىگە گۈل سۈيى سېپىپتۇ. ھېچكىم بۇ ئادەمنىڭ بۇ ھالغا كېلىپ قېلىشىغا، گۈل سۈيىدەك خۇشپۇراق ئەتىرلەرنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بەزىلەر ئۇ ئادەمنىڭ بىر يەرلىرىنى ئۇۋۇلاپتۇ. بەزىلىرى تومۇرنى تۇتۇپ باقسا، بىرلىرى ئاغزىنى پۇراپ بېقىپتۇ. ھاراق ئىچتىمۇ؟ نەشە چەكتىمۇ؟ ياكى ئەپيۇن يۇتتىمۇ؟ بۇلارنى بىلىش ئۈچۈن ھەركىم بىر نېمىلەرنى قىپ بېقىپتۇ ۋە ئاخىرى تۇققانلىرىغا ئادەمنىڭ ھوشىدىن كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بىرسىنى چاپتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ بىر ئۇكىسى بار ئىكەن. ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن تېزلا بازارغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ قېرىندىشىنىڭ تېنى شۇنداق سېسىق پۇرايدىكەن: "مەن نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنى ئوبدان بىلمەن. سەۋەبنى بىلگەندىكىن ساقايتىشمۇ ئاسان بولىدۇ." دەپتۇ بۇ كىشى ۋە يەنە "ئاكام ھەر كۈنى ئۆز رىزقىنى تېپىش ئۈچۈن، سېسىقچىلىق ئىچىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ سېسىقچىلىققا كۆنۈپ قالغان. شۇڭا مەن ئۇنىڭ دورىسىنى بىلمەن، دورىسى يېنىمدا"دەپتۇ.

ئۇ ئاكىسىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن يانچۇقىدىكى دورىنى، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئاندىن ئاستا يانچۇقىدىكى ئىتنىڭ پوقىنى چىقىرىپ ئاكىسىنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىپتۇ. ئاكىسى ئىت پوقىنىڭ سېسىق پۇرىقىنى پۇراپ ھوشىغا كەپتۇ. ئادەمنىڭ كۆزلىرى ، ئۇ سېسىق پۇراقتىن ئويناپ كېتىپتۇ. لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپتۇ. يىراقتا تۇرغان كىشىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيرانلىق ئىچىدە قاپتۇ.

بازاردىكىلەر، ئادەمنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇشپۇراقلىق گۈل سۈلىرىنى يۈزىگە سەپكەن بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ھالىنىڭ تېخىمۇ ناچارلاشقانلىقىنىڭ ئەسلى سەۋەبى ئەمدى ئايدىڭلاشقان ئىكەن.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

كېسەلنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولسا دورىسى ئاسان بولىدۇ.

كېسەل نېمىگە كۆنگەن بولسا، شۇنىڭ بىلەن داۋالا.

يىلان قاننى يېمەيدۇ.

كىمنىڭ قۇلىقىغا نەسىھەت خوش ياقمىسا، ئۇنىڭ بۇرنى سېسىق پۇراققا ئەسىر بولغان.

قازاننىڭ ئوتتا قاپقارا بولغىنىغا قاراپ، ئىچىدىكى گۆشنى پىشتى دەپ قالما.

ئالما كۆچەتنىڭ سارغايغان يوپۇرماقلىرىغا قاراپ، ئالمىنى پىشتى دەپ قالما.

ئىمان ئېيتقانلار كۆپ. ئەمما ئىمان بىر.

تەن سانسىز. ئەمما جان بىر.

نۇرلار سان- ساناقسىز. ئەمما قۇياش بىر.

ئاتنىڭ بوينىنى تۇتقان، ئارزۇ قىلغىنىنى ئالىدۇ. پۇتىنى تۇتقان پەشۋا يەيدۇ.

كۆڭۈل ئۆيلىرىنى غەم تۇزاقلىرى باسقاندا، تەۋبە سۈپۈرگىلىرى ھەممىنى تازىلايدۇ.

ئۆزى پاكىزلار ئەخلەتنى گىلەمنىڭ ئاستىغا يوشۇرسا، كۆڭلى پاكىزلار گىلەم ئاستىدىكى ئەخلەتنى تازىلايدۇ.

## داڭگال يەيدىغان ئادەم

داڭگال يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بىر ئادەم، دۇكانغا بېرىپ، ناۋات ئالماقچى بوپتۇ.

مال ساتقۇچى ناھايىتى كاززاپ، ھىلىگەر ئادەم بولۇپ، تارازىسىنىڭ تېشىنى سېغىز توپا بىلەن ياسىغان داڭگالدىن قىلغان ئىكەن.

مال ساتقۇچى: "سەن ناۋات ئالماقچى شۇنداقمۇ؟ ئۇنداق بولسا بىلىپ قال، مېنىڭ تارازامنىڭ تېشى سېغىز لايدىن ياسالغان داڭگال" دەپتۇ.

خېرىدار: "مەن ناۋات ئالماقچى. تارازاڭنىڭ تېشى نېمە بولسا بولمامدۇ بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر" دەپتۇ ۋە ئۆز ئىچىدە ئويلاپتۇ: "تارازىنىڭ تېشى سېغىز داڭگال بولسا نېمە بولاتتى؟ زادى مەن ئۆزۈم داڭگال يەيدىغان تۇرسام. مەندەك بىرسىگە سېغىز داڭگال ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك. ھە راست بۇنداق بىر قىزىق گەپمۇ باتتىغۇ تېخى:

بىر ئەلچى خوتۇن، توي قىلماقچى بولغان يىگىتكە:"ئوغلۇم، ساڭا ئايدەك بىر قىز تاپتىم. ئۇ قىز شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە بەكمۇ ئەخلاقلىق قىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىز پەشمەتچىنىڭ قىزى" دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت: "ئۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى. پەشمەتچىنىڭ قىزى بولسا، تېخىمۇ تاتلىق بولىدۇ" دەپتۇ.

ئەنە ئاشۇنداق ئويلاردا بولۇۋاتقان خېرىدار، مال ساتقۇچىغا قاراپ تۇرۇپ: "سېنىڭ تارازاڭنىڭ تېشى سېغىز لايدىن ياسالغان داڭگال بولسا بەك ياخشى ئىكەن. چۈنكى، مەن داڭگال يەيدىغان تۇرسام. سېغىزدىن ياسالغان نەرسىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ساتقۇچى كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ناۋاتنى تارتماقچى بولۇپ، تارازىنىڭ بىر تەخسىسىگە سېغىز داڭگالنى قويۇپتۇ. يەنە بىر تەخسىسىگە ئاشۇ داڭگالنىڭ ئېغىرلىغىدىكى ناۋاتنى بىرتالدىن، بىرتالدىن قويۇشقا باشلاپتۇ. كاللەك ناۋاتلارنى قولى بىلەن ئۇشتاقچقا، ئىشلىرى ھەم ئاستا ھەم ئەپلەشمەپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن خېرىدار تىت-تىت بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا ساتقۇچى يۈزىنى ئارقىغا بۇراپ باشقا بىر كاللەك ناۋاتنى چوقۇشقا باشلاپتۇ. داڭگال يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغان خېرىدار تارازىنىڭ تەخسىسىدىكى داڭگالنى چىمداپ ئېلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ ۋە ساتقۇچىنىڭ تۇيۇقسىز بۇرۇلۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاستا-ئاستا چىمداپ ئاپتۇ. ئەمما، ساتقۇچى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭ داڭگالنى

يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. لېكىن يەنىلا تۇيمىغان بولۇۋېلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بوپتۇ ھەم ئىچىدە: "ھەي يۇزى قېلىن. قېنى قانچىلىك يېيەلەيسەنكىن داڭگالدىن. سەن قورقۇپ ئېلىۋاتىسەن. مەن بولسا جىقراق ئېلىپ يېسىكەن دەپ، ئويلاۋاتىمەن . ھەي ئەخمەق. مەن ناۋات چوقۇش بىلەن ئاۋارە بولغىنىم بىلەن ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەسمەن. قانچىلىك جىق داڭگال يېسەڭ، شۇنچىلىك ئاز ناۋات ئالىسەن كالۋا!" دەپ ئويلاپتۇ ھىلىگەر دۇكانچى.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

قۇشلار يەردىكى دانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن خوش بولىدۇ. ئەمما، يەردە قىلتاقنىڭ بارلىقىنى كۆرمەيدۇ.

كۆزۈڭ بىلەن زىنا قىلىشتىن ھۇزۇرلىنىسەن. ئەمما، ئۆز بەدىنىڭنىڭ كاۋاپتەك كۆيىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن.

دۇنيانىڭ مېلى ئاچ قۇشلارنىڭ ئالدىغا قويغان قىلتاقتىكى دانغا ئوخشايدۇ.

نەپسىڭ مال-دۇنياغا قۇل بولمىسۇن.

ئالتۇنغا ئالدانمىغان كىشى، قۇدرەتلىك بولىدۇ.

مال-مۈلۈك، جانغا يولداش بولماس.

## دەرياغا ياڭاق ئېغىتقان يىگىت

ھەيۋەتلىك ئېقىۋاتقان چوڭقۇر ئۆستەڭ بويىدىكى ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۇستىگە بىر يىگىت يامىشىپ چىقىۋاپتۇ. يىگىت بار كۈچى بىلەن ياڭاق دەرىخىنى سىلكىپتۇ. يىگىت ياڭاق دەرىخىنى لىڭشىتقانسېرى تەرلەپ، ھېرىپ ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئۇسسىغانسىرى ياڭاق دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق سىلكىپتۇ. ياڭاق دەرىخىدىكى ياڭاقلار توكۇلداپ سۇغا چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ياڭاق ئۆستەڭگە چۈششى بىلەن تەڭ سۇدىن "چولتوك"..."چولتوك..." قىلىپ ئاۋاز چىقىپتۇ ۋە سۇ يۈزىدە كىچىك دولقۇنلار پەيدا بوپتۇ.

شۇ چاغدا ئۆستەڭ بويىغا، سالاپەتلىك، كۆزىدىن ئەقىللىقلىقى بىلىنىپ

تۇرىدىغان بىر ئادەم كەپقاپتۇ. ئادەم سۇغا چۈشۈۋاتقان ياپراقلارنى ۋە ياپراق دەرىخى ئۈستىدىكى يىگىتنى كۆرۈپ:

"ئەي يىگىت! ياپراق ئۈزۈشنى توختات. ھالىڭدىن ھېرىپ، ئۇسساپ كەتكەنلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. سۇغا شۇنداق كۆپ ياپراق چۈشۈپ، يىراقلارغا ئېقىپ كەتتى. سەن بولساڭ دەرەخنىڭ ئۈستىدە داۋاملىق ئۈزۈۋاتىسەن. سەن ياپراقتىن چۈشكىچە سۇ ياپراقلارنى ئېخمۇ يىراقلارغا ئېقىتىپ كېتىدۇ" دەپتۇ.

ياپراق دەرىخى ئۈستىدە تۇرغان يىگىت تۆۋەنگە قاراپ تۇرۇپ:

"مېنىڭ ياپراق دەرىخىنى سىلكىشىتىكى مەقسىتىم ، ياپراق يىغىش ئەمەس. سەن مېنىڭ ھەرىكىتىمگە قارىماي، مەقسىتىمنى چۈشىنىشكە تىرىشقىن. مېنىڭ مەقسىتىم ياپراق سۇغا چۈشكەن چاغدىكى چىققان ئاۋازلارنى ۋە سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان بۈلاق كۆزلىرىنى تاماشا قىلىش" دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دېمىسىمۇ، ئۇسسىغان كىشىنىڭ دائىم ئۆستەڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشتىن باشقا نېمە مۇھىم ئىشى بار؟ ھەج قىلغۇچى كەبىنى ئايلىنىپ قانداق تاۋاپ قىلغان بولسا، ئۇسسىغان كىشىمۇ ئۆستەڭ بويىدىن كېتەلمەيدۇ. ئۆستەڭنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرى، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋازلار، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان بۈلاق كۆزلىرى ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

- ◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ياخشى ۋە ياماننى ئېتىراپ قىل! ئېتىراپ قىلغان رەت قىلالمايدۇ.

كۆچەت تىكسەڭ، سۇ قۇيۇشنى ئۇنۇتما.

ئەدەپ دېگىنىمىز: ئەدەپسىزنىڭ يېنىدا چىداپ جىم تۇرماقتۇر.

ئەيسكى خۇيلۇقنى تاللىغانمۇ يامان خۇيلۇق. يامان خۇيلۇققا چىدىغان ياخشى خۇيلۇق.

ھەر نەرسىگە مەددەت، ئۇ جاننىڭ جاندىنىدۇر.

رەسىم مەيلى سۇلتاننىڭ، مەيلى قۇلنىڭ بولسۇن، ئۇ بىر جانسىز سۈرەتتۇر.

ئۆزى بىلەن ئۆزى سوقۇشقان باشقىلارنى پەرق قىلالمايدۇ.

ھەر سۇرەتنى كۆرۈپ ئۇنى ئۆزۈڭگە ئوخشاتما.

قۇشمۇ ئۆزۈڭ، قىلتاقمۇ ئۆزۈڭ.

كۈپ بولساڭ دەريادا بول، ئۆي بولساڭ شەھەردە.

بۇ دۇنيا كۈپقا ئوخشايدۇ. يۈرەكىڭ بىر دەريا.

بۇ جاھان بىر ئۆيگە ئوخشايدۇ، كۆڭۈل بىر شەھەر.

ساپ ئالتۇن ئوتتا كۆيمەيدۇ.

روھلارنىڭ خورلىنىشى بەدەنلەر سەۋەبىدىن. بەدەنلەرنىڭ ھۆرمىتى روھلارنىڭ سەۋەبىدىن.

قانىتىڭ سۇنۇق بولسا، سەۋر قىلىشنى ئۆگەن !

## ئىت بىلەن ئەما

كوچىدىكى بىر لالما ئىت، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر كەمبەغەل ئەما ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ قاۋاپتۇ. پەيلىدىن يانمىغان قانجۇق ئەمانىڭ چەكمەن چاپىنىنىڭ پېشىنى چىشلەپ يىرتىۋېتىپتۇ.

ئەما ئادەم ئىتقا قاراپ: "سېنىڭ دوستلىرىڭ تاغلاردا ئوۋچىلار بىلەن بىرگە ئوۋ ئوۋلاۋاتىدۇ. سەن بولساڭ بۇ مەھەللىدە ئەما بىرسى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈيسەن. ئېسىت سېنىڭ بۇ ھالىڭغا!"

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئارسلاندەك ياۋا ئېشەكلەرنى ئوۋلا، ئىتتەك ئەما ئالدىدا ھاۋشىما.

ئەي قاسساپ! باشتا سەمرىتىپ ئاندىن بوغۇزلا. چۈنكى دوزاختا ئىتلار ئاچ!

دۇنيادا دۈشمەن بولمىغان بولسا، مەخلۇقاتتا غەزەپ بولمايتتى .

ياخشىلىق، غەزەپ ۋە قۇدرەت بولسا ھەق تەجەللىسىدۇر.

ھەر ۋاقىت ئۆتكەن ئۆمۈرنى ئويلا!

سەن كىم بولساڭ شۇ بول! باشقىلارنى دورىما.

ئۆلۈم ئىشىكىڭنى چەكمەستىن بۇرۇن، ئۇنى ئويلا.

ئوغرى بولساڭ ئېشەك نالىسى ئوغرىلىماي، ئالتۇن ئوغرىلا.

قولسىز، قاناتسىز ئەرشكە يۈكسەل. گاھ قۇياش بول، گاھ تولۇنئاي، گاھ ھىلال.

تىمساقتىن قورقماي كېمىگە چىققان، بېشىغا ئۆلۈم كەلسىمۇ قورقمايدۇ.

## پادىشاھ بىلەن شائىر

بىر زامانلاردا ناھايىتى مەرد بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ دۆلىتىدە بىر داڭلىق شائىر بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شائىر پادىشاھنىڭ ئېھسانىغا نائىل بولماقچى بولۇپ، بىر قەسىدە يېزىپ، پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. ئۇ پادىشاھ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ، شائىرغا مەردلىك بىلەن يۈز ئالتۇن بېرىشنى ۋەزىرلەرگە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر پادىشاھقا دەپتۇ: "ئەي ئۇلۇغ شاھىم. ئۇنىڭغا قىلغان ئېھسانىڭ يۈز ئالتۇن ئەمەس، بەلكى مىڭ ئالتۇن بولسۇن. چۈنكى سېنىڭ ياخشىلىقىڭ دۇنياغا مەشھۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇ شائىر مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ داڭلىق شائىرلاردىن بىرى. ھەتتا ئۇنىڭغا مىڭ ئالتۇن بەرسەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ" دەپ، پادىشاھقا مەدھىيەلەرنى ئوقۇپ، شائىرنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپتۇ. بۇ ماختاش ۋە مەدھىيەلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ شائىرغا ئون مىڭ ئالتۇن ۋە بىر تۈلپار سوۋغا قىپتۇ. شائىر بۇ قىممەتلىك سوۋغىلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ پادىشاھقا رەھمەت ئوقۇپتۇ ۋە تەڭرىگە شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ. كېيىن شائىر "مېنى پادىشاھقا شۇنداق ماختاپ تونۇشتۇرغان زادى قايسى ۋەزىر بولغىيتتى" دەپ ئويلاپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئاخىرى ئۇ ۋەزىرنىڭ ئىسمىنىڭ ھەسەن ئىكەنلىكىنى، پەزىلەتلىك بىر ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە ۋەزىرنى مەدھىيەلەپ ئۇزۇن شېئىر يېزىپ، پادىشاھ ھۇزۇرىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ شېئىرنى ئوقۇپ، ۋەزىرنى ماختاپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتۈپتۇ. شائىر مال-دۇنياسىنى ئوڭدا يېتىپ خەجلەپ، يانچۇقى قورۇقدىلىپ قاپتۇ. مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالغان شائىر

"يوقسۇل، قولۇم قىسقا بولۇپ قالدىم. ئامال يوق. يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر بېرىپ باقاي. ئۇ مەرد پادىشاھقا ھالىمنى بايان قىلاي" دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن شائىر يەنە بىر شېئىر يېزىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەلۋەتتە شائىرنىڭ شېئىردىن باشقا بىر ھەدىيەسى يوق ئىكەن. شۇڭا شائىر ئېسىل مەدھىيەلەر بىلەن يېزىلغان شېئىرنى، ناھايىتى زور ئۈمىد بىلەن پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ شېئىرنى ئوقۇپ زوقلىنىپتۇ ھەمدە ئۆز ئادىتى بويىچە شائىرغا مىڭ ئالتۇن ھەدىيە بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. بىراق بۇ قېتىم ئۇ مەشھۇر ۋەزىر بۇ دۇنيادىن ۋىدالاشقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئورنىغا ناھايىتى پىخسىق، مەرەز، ياخشىلىق قىلىشنى بىلمەيدىغان باشقا بىر ۋەزىر تەيىنلەنگەن ئىكەن. بۇ ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇ پەرمانىغا قارشى دەپتۇ:" ئۇلۇغ شاھىم! چىقىملىرىمىز بەك كۆپ. بىر شائىر ئۈچۈن بۇنچىلىك ئالتۇن بېرىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. مەن بۇ ئالتۇننىڭ قىرىقتىن بىرىنى بېرىپ، ئۇ شائىرنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلالايمەن" دەپتۇ. ئەمما باشقا خىزمەتكارلار: "بۇرۇن پادىشاھتىن ئون مىڭ ئالتۇن ئالغان. ناۋاتتىن كېيىن قۇمۇش شۈمۈلمەس. پادىشاھىمىزغا خەسىسلىك لايىق ئەمەس" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئاڭلىغان ۋەزىر ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ: "ئۇنى شۇنچىلىك ھەسرەتكە قويىمەنكى، ساقلاشتىن ھېرىپ، ئامالسىز قالىدۇ. ئاخىرى ئالدىغا تۇپراق چاچسام ئالتۇن دەپ بىلىدۇ. ئەخلەت ئاتسام گۈل دەپ كۆرىدۇ. بۇ ئىشنى ماڭا ھاۋالە قىلىڭلار. بۇلارنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي. قىينالغاندا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدۇ. مەن نېمە دېسەم شۇ بولىدۇ" دەپتۇ.

پادىشاھ بۇ گەپلەرگە بەك ئېرەن قىلمىغان بولسىمۇ، ۋەزىرنىڭ چىڭ تۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ: "ماڭ! ئۇنىڭغا ياردەم قىل. ئۇنى رەنجىتىدىغان ئىشنى قىلما. ئۇ بىزنىڭ مېھمىنىمىزدۇر." دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ۋەزىر: "شاھ ئالىيلىرى .خاتىرجەم بولسىلا. ئۇنى ۋە ئۇنىڭدەكلەرنىڭ ئىشىنى ماڭا تاپشۇرسىلا. مەن بۇ ئىشلارنى شۇنداق ياخشى بىر تەرەپ قىلىمەن" دەپتۇ.

بۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ئالتۇنلارنى ۋاقتىدا بەرمەي، داۋاملىق ئارقىغا سۈرۈپ، شائىرنى ساقلىتىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شائىر ساقلاپ- ساقلاپ زېرىكىپتۇ ۋە ئاخىرى: "ئەگەر ئالتۇن بولمىسا مەيلى. مۇشۇ جېنىمنى بولسىمۇ قۇتقۇز. ئىنتىزار دەرتلىرىدىن قۇتۇلدۇر" دەپتۇ. ۋەزىر شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ

ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولغان ئالتۇنىنىڭ قىرىقتىن بىرىنى بېرىپتۇ. شائىر شۇنچىلىك ئۇزاق ساقلاپ ئاران ئالغان ئۇ ئالتۇنغا قاراپ: "ئۇ مەرد ۋەزىر، بۇ دۇنيادىن كەتتى. ئەجرىنى تەڭرى بەرسۇن. ئەسلى بۇ ئېھسانلار ئۇ بولغان بولسا قاتمۇ-قات بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ كېتىشى بىلەن تەڭ ئېھسانلىرىمۇ كەتتى. شۈبھىسىز ئۇ ئۆلمىدى، ئېھسانلىرى ئۆلدى. ئاھ! يوقسۇللارنىڭ قۇياشى بولغان ئۇ ۋەزىر كەتتى. ئورنىغا چىققان بۇ ۋەزىر كۆنمىزنى قاراڭغۇ قىلدى" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان باشقىلار: "ماڭ دەرھال كەت بۇ يەردىن. بىكار ئۇ بەتنىيەت بۇ بەرگەنلىرىنىمۇ ئېلىۋالمىسۇن. سېنىڭ ھېچ ئىشتىن خەۋىرىڭ يوق. بۇ ئېھسانمۇ بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىزدىن ئاران قولغا كەلدى" دەپتۇ.

شائىر دەپتۇ: "ئەي شەپقەت ئىگىلىرى. بۇ ئادەم قانداق قىلىپ ۋەزىر بولدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدە نېمىش قىلاتتى؟"

كۆپچىلىك بىردەك: "ئىسمى ھەسەن" دېيپتۇ.

شائىر: "يا رەببىم! ئىككىلىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش . بۇ بىر پەسكەش، ئۇ بولسا پەزىلەتلىك. ئىككىسى بىرمۇ؟ ياق ئۇنداق ئەمەس. ياخشى ۋەزىرنىڭ ئىسمى ھەسەن. ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن، ياخشىلىقىدىن يۈزلەرچە مەرد ۋە كەرەم ئىگىلىرى پادىشاھقا ۋەزىر بولاتتى. بۇ پەس ۋەزىرنىڭ ئىسمىمۇ ھەسەن. بۇنىڭ يىرگىنچلىق ساقىلىدىن شۇنداق ئۇزۇن ئارقان ئۆرىشىمىز مۇمكىن. پادىشاھ، مانا مۇشۇنداق ۋەزىرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالسا، دۆلەتنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ" دەپ دەرد تۆكۈپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

يۈز مىڭلىغان موھتاج كىشىلەر ھەققە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ.

بىرمۇ ئەخمەق دىۋانە بېخىلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بارمايدۇ.

سۇنى دەريادىن ئىزدە، ئېرىقتىن ئەمەس.

ياخشى كىشى ئۆلسىمۇ، ياخشىلىقى ئۆلمەيدۇ.

مەرد ۋە ياخشى ئادەم ھەق ئالدىدا ئەزىز.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، ئەقلىدىن ۋە سائادەتتىن يىراقلاشما.

جان پادىشاھقا ئوخشايدۇ، ئەقىل ۋەزىرگە ئوخشايدۇ.

پىتىنخور ئەقىل جاننى يامانلىققا ئۈندەيدۇ.

ئەگەر ئارزۇ ھەۋەسلىرىڭ ۋەزىرىڭ بولسا، روھىڭ ئىبادەتتىن مەھرۇم قالىدۇ.

ئەقىللىق ئەقىللىق بىلەن دوست بولۇپ، ئۇنى ئۆزىگە سىرداش قىلىدۇ.

ئىككى ئەقىللىق بىر بولسا قانچە زور بالا بولسىمۇ قۇتۇلىدۇ.

## قابىلنىڭ گۆر كولاشنى ئۆگىنىشى

گۆر كولاش ئەڭ ئېتىبارسىز ھۈنەرلەردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئانچە كاللا كەتمەيدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا گۆر كولاشقا تەپەككۇرمۇ كەتمەيدۇ. ئەگەر قابىل بۇنى بىلگەن بولسا، ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىنىسى ھابىلنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ يۈرمىگەن بولاتتى. ئۇ ئىنىسىنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىشنى بىلمەي: "قان، توپىغا مىلىنىپ كەتكەن بۇ جەسەتنى قانداق قىلارمەن، نەگىمۇ يوشۇرارمەن؟" دەپ، گاڭگىراپ قالغان ئىدى .

دەل شۇ چاغدا بىر قاغىنىڭ بىر ئۆلۈك قاغىنى چىشلەپ يەرگە قونغانلىقىنى كۆرگەن. قاغا خۇددى قابىلغا گۆر كولاشنى كۆرسەتكەندەك قىلىپ، تىرنىقى بىلەن يەرنى كولىغان ۋە ئۆلۈك قاغىنى كولىغان ئورەككە قويۇپ، ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمگەن. مانا بۇنداق قىلىش ئارقىلىق قاغا ھەقنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىلىم ئىگىسى بولغان. بۇ ئىشلارنى كۆرگەن قابىل: "ئېسىت! مېنىڭ ئەقلىم نېمانداق ئىشلىمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىر قاغىمۇ مېنىڭدىن ئەقىللىق؟" دەپ، لېۋىنى چىشلەپ قالغان ۋە ھابىلنىڭ مۇبارەك جەسىتىنى خۇددى قاغىدەك يەرنى كولاپ كۆمگەن.

ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تەپەككۇر ئارقىلىق كۆڭۈلدە ھەرخىل گۈللەر چېچەك ئاچىدۇ.

كالا قاسساپنىڭ ئۆزىنى بوغۇزلايدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭ قولىدىن ھەلەپ يېمەيتتى.

بىر ئىشنى ئويلاشماي قىلىپ، ئارقىدىن پۇشايمان قىلساڭ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

پۇشايمان قىلىشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، بۇ پۇشايمانلىقتىنمۇ پۇشايمان قىلىسەن.

ھەقنى تونۇغان ھېچ پۇشايمان قىلمايدۇ.

بىر ئىشتىن نەپرەتلەنسەڭ، بۇ شۇ ئىشنىڭ كەمچىلىكىنى تونۇپ يەتكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ

رەببىم! بىزدىن يامان ئىشلارنىڭ يامانلىقىنى يوشۇرما. ياخشى ئىشلارنى يامان قىلىپ كۆرسەتمە.

پاك بىر يۈرەك، باشقىلار كۆرەلمىگەن گۈزەللىكنى كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرىدۇ.

## باغدا ئولتۇرغان سوپى

گۈزەل بىر باغدا بىر سوپى، يالغۇز بېشىنى تىزىغا قويۇپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىرسى سوپىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، مۇرىسىگە ئاستا ئۇرۇپ: "ئەي تەنھا سوپى! بېشىڭنى كۆتۈر! ئەتراپىتىكى مۇشۇ گۈزەل گۈل-گىياھلارغا، ئوت-چۆپلەرگە، دەل-دەرەخلەرگە قاراپ باق! ئۇلۇغ تەڭرى بىزگە "قاراڭلار!" دەپ بۇيرۇغان. يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرىگە قارا!" دەپتۇ.

سوپى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەمگە شۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

"ئۇ ئەسەرلەر كۆڭۈلدۇر. سىرتتىدىكىلەر ئەسەرلەرنىڭ ئالامەتلىرى ! باغلار، ياپ-يېشىللىقلارنىڭ ھەممىسى جاندىن. سىرتتىدىكىلەر بولسا ئاقار سۇغا چۈشكەن شولىسى. ئەسلى باغ، مېۋىلەر كۆڭۈلدە. بۇ سۇدا، تۇپراقتا تۇرغانلار ئۇلارنىڭ ئەكسى. بىز ئۇلارغا ئالدانماسلىقىمىز كېرەك. تەكەببۇرلۇق قىلغانلار، قايمۇققانلار بۇ ئەكسىنى كۆرۈپ بۇ يەر جەننەت دەپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەقىقى كۆڭۈل باغچىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمما، غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئۇلاردىن ۋاز

كەچكەندە، ئۆمۈر مۇساپىسى ئاخىرلىشىپ، پۇشايمان قىلىدۇ. بۇنداق پۇشايماننىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئاخىرى ئىككى مېترلىق قارا يەرنىڭ ئىچىدە قىيامەتكىچە قەدەر ھەسرەت چېكىدۇ . شۇڭا ئۆلۈمنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمنى ئويلىغان كىشى، ھۇزۇرلىنىشنى ئالدىن بىلگەن بەختلىك كىشىدۇر“

► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەي باھارنىڭ گۈزەللىكىگە قاراپ، ھەيران قالغۇچى، كەچ كۈزنىڭ سوغۇقلىقىغا، ياپراقلارنىڭ سارغىيىپ، تۆكۈلۈشىگە قارا!

يۈزلىرىدىكى گۈزەللىككە قارىماي، ئىچىدىكى ئىزتىراپنى كۆر.

ئالىملارنى خارلىغان دېڭىزدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىدۇ.

ئاشىق ھەقىقى ئەرلەرنىڭ كېمىسى. بۇ كېمە ھەرگىز چۆكۈپ كەتمەيدۇ.

كەنانده‌ك كېمىدىن ئايرىلىپ قالما.

ھەرگىز "نوھنىڭ ياخشىلىقىنىڭ كېرىكى يوق، ئالدىمغا تاغ چىقسا يامىشىۋالىمەن" دەپ ئويلىما.

تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق قىلماي كېمىگە چىق!

ئەقلىڭنى يار ئۈچۈن قۇربان قىل. ھەق ئەقلىگە ياردەمچى.

باشسىز ئىش قىلغان قۇيرۇق بولىدۇ. چاياندەك ھەرىكەت قىلىدۇ. زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداقلارنىڭ بېشىنى يەنجىپ مىجىۋەت.

قورالى بولۇپ، ئەقلى بولمىغان ھېچ ئىش قىلالمايدۇ.

ئەخلاقسىزلارغا ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش، قاراقچىنىڭ قولىغا قورال تۇتقۇزۇپ قويغاندەك بىر ئىشتۇر.

نادان ھوقۇقدارلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى يۈزلەرچە ئارسلانمۇ قىلالمايدۇ.

نادانلار ھۆكۈم سۈرگەن يەردە، يىلان، چايانلار يامراپ كېتىدۇ .

يولنى بىلمىگەن قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ.

نادانلار باش بولغان يەردە، دانالار ئۆزىنى يوشۇرىدۇ.

## جاۋاب بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى بىر جاۋاب

بىر پادىشاھنىڭ ئەقىلسىز، شەھۋەتپەرەس بىر قۇلى بار ئىكەن. بۇ قۇل داۋاملىق تېگىشلىك ئىشلارنى قىلماي، بىپەرۋالىق قىلىپلا يۈرۈيدىكەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغان پادىشاھ خىزمەتكارلارغا مۇنداق پەرمان قىپتۇ: "ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئازايتىڭلار. ئەگەر قارشىلىق قىلسا جازالاڭلار!"

بۇ قۇلنىڭ ئەقلى تازا ياخشى ئىشلىمىگىنى بىلەن ئاچچىقى بەك يامان ئىكەن. تامىقىنىڭ ئازايتىلغانلىقىنى بىلسە، قارشىلىق كۆرسىتىشى ئېنىق ئىكەن.

خۇددى پەرەز قىلغاندەك قۇل تاماقلىرىنىڭ ئازايغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئاشپەز ئۇستامنىڭ يېنىغا كىرىپلا ۋارقىراپ: "سەن سېخى دەپ ماختىغان شاھ، قورساقىمۇ پىخسىقلىق قىلىۋاتىدۇ. تامىقىمنى ئازايتقان پادىشاھنى قانداقمۇ ياخشى دېگىلى بولسۇن؟ دەپتۇ.

ئاشپەز ئۇستا: "پادىشاھىمىزنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ. سەن بۇ ئىشلارغا قاراپ شاھىمىزنى پىخسىقلىق بىلەن ئەيىبلىمە" دەپتۇ.

لېكىن ئۇ قۇل داۋاملىق ئەيىبلەپ ھېچ گەپ ئاڭلىماپتۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئاز تاماق بەرگەنلىكتىن يەنە كايىپ: "يا سىلەر بۇ ئىشنى قەستەن قىلىۋاتامسىلەر؟" دەپتۇ.

تاماق بەرگۈچى: "ياق بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، پەرمان بويىچە قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ قولىمىزدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قۇل قاتتىق جىلە بولۇپ ئاچچىق، قەھرۇ- ئۆچمەنلىككە تولغان بىر پارچە خەت يېزىپ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزۈپتۇ. خەت بۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلانغان ئىكەن:

"سەن مەردلىك ئۆلگىسى. سېنىڭ ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشقا كۈچۈڭ يېتىدۇ". گەرچە بۇ خەت مەدھىيەلەردەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما، ھەقىقى مەنىدىن پادىشاھقا

هاقارەت قىلغان ئىكەن.

پادىشاھ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھېچ نېمە دىمەپتۇ. قۇل يازغان خېتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپتۇ بىراق، جاۋاب ئالالماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇل خەتنى يەتكۈزمەكچى بولغان ئادەمدىن گۇمانلىنىپ: "پادىشاھتىن ھېچ جاۋاب كەلمىدى. ئەجەبا خەتنى توشۇغۇچى ماڭا خىيانەت قىلدىمۇ نېمە؟ بەلكى خەتنى ئاپىرىپ بەرمىگەن بولسا، شاھ خەتتىن خەۋەرسىز قالدى. بۇ ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يەنە بىر خەت يېزىپ باشقا بىر خىزمەتكاردىن كىرگۈزەي" دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ قۇل باشقىلاردىن گۇمانلىنىپ، ئۆزىدىن بىر خاتالىق ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچ ئويلىنىپ باقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇل يەنە بىر پارچە خەت يېزىپتۇ.

خەتتە بۇنداق قۇرلار بار ئىكەن: "پادىشاھىم ! ساڭا بۇرۇن بىر پارچە خەت يازغان ئىدىم. تەگدىمۇ، تەگمىدىمۇ بىلمىدىم".

ئالىيجاناب پادىشاھ بۇ خەتنىمۇ تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئوقۇپتۇ ۋە بۇ قېتىممۇ ھېچ جاۋاب بەرمەپتۇ. پادىشاھتىن بۇ قېتىممۇ سادا كەلمىگەندىن كېيىن، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن بەش پارچە خەت يېزىپ، پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئاخىرى پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ئوردا خىزمەتكارى: "ئەي ئۇلۇغ شاھىم! ئۇمۇ سىزنىڭ بىر قۇلىڭىز. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ. بىر قۇلغا جاۋاب بەرسىڭىز سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىزگە تەسىر يېتەتتىمۇ؟ " دەپتۇ.

پادىشاھ، خىزمەتكارغا مۇنداق دەپتۇ: "جاۋاب بەرمەك، خەت يازماق ئاسان. ئەمما، ئۇ بىر ئەخمەق. ئەخمەق ئادەم ھەقنىڭ ھوزۇرىدىنمۇ قوغلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم خۇددى كۆچەتنىڭ، باغۋەننىڭ ئەجرىدىن خەۋەرسىز ئالما ئىچىدىكى قۇرتقا ئوخشايدۇ. گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلسام، ئۇنىڭ كېسىلى ماڭا يۇقىدۇ. يەيدىغان نەرسىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان ئەخمەقكە بېرىدىغان جاۋاب سۈكۈتتۇر! " دەپتۇ.

► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بوينى باغلاقلىق ئېشەكنىڭ جاھىللىقى تۇتسا، ئىككى پۇتىنىمۇ بويىنغا قوشۇپ باغلىۋالىدۇ.

ھايۋانى روھقا ئىگە ئادەم ئۆزگۈرۈشكە قابىلىيىتى يەتسىمۇ، ئەمما ئەخلاقىنى

ئۆزگەرتىشكە قىزىقمايدۇ.

ئىنسان ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرالمىسا، ئىشەكتىن پەرقى قالمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ بىر قىسمى ئىنسانلىق بىلەن ھايۋانلىق ئارىسىدا كۈرەش قىلىدۇ.

ئادەمنىڭ قەلبى بىر پارچە خەتكە ئوخشايدۇ. ئۇنى چوقۇم ياخشى ياز ۋە ياخشى ئوقۇ!

ئىنساننىڭ سۈتى كۆكسىدىن ئاقسا، ئىشەكنىڭ چاتىرقىدىن ئاقىدۇ.

ئادالەت بىلەن تەقسىمات قىلىنغان يەردە، جاپا بىلەن زۇلۇم بولمايدۇ.

ھىلە چاقماققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يول يورىمايدۇ.

ئىككى پەيغەمبەر بىر-بىرىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلمايدۇ.

باقى ئالەمنىڭ مېۋىسى سېسىمايدۇ.

ئۇ دۇنيادىن خوش بولغاننى غەم باسمايدۇ.

پاتمىغان قۇياشنىڭ نۇرىغا يېقىنلاش!

پەسكەش كىشىلەرنىڭ نازاكىتىمۇ زەھەردەك. بۇ دۇنيا ئۆلارنىڭ نازاكىتىدىن زەھەرلىنىدۇ.

ھەق كۆرۈنۈشكە ئەمەس، نىيەتكە قارايدۇ.

## مەجنۇننىڭ تۆگىسى

لەيلىنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان مەجنۇن، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان ھالغا كەپتۇ. لەيلىنى تولا ئويلاپ، ھەسرەت چېكىپ ھوشىدىن كېتىدىكەن. ئۆز ھالىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەجنۇن بىر كۈنى لەيلىنى كۆرۈش ئۈچۈن تۆگىسىگە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

تۆگە يېقىندىلا بىر بوتىلاق تۇغقان بولۇپ، بۇ بوتىلاقنى ئېغىلغا قويۇپ قويغان ئىكەن. يولدا مەجنۇن ناھايىتى ئالدىرايدىكەن. ئىتتىكرەك بېرىپ لەيلىنىڭ

ۋىسالىغا يېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئەمما، تۆگە ئىنتىك مېڭىشىنى خالىمايدىكەن. تۆگىنىڭ كۆڭلى ئۆز يۇرەك پارىسى بولغان بوتۇلاقتا بولغانلىقتىن داۋاملىق ئارقىغا داجىۋالىدىكەن. يەنى تۆگىنىڭ كۆڭلى بوتىلاقتا، مەجنۇننىڭ كۆڭلى لەيلىدە ئىكەن. ئۇنى باشقۇرغان ئەقىل بولسىمۇ، ئەمما ئەقلى لەيلىدىكى ئىشىق ئوتىغا ئەسىر ئىكەن.

مەجنۇن تۆگىسىنىڭ خۇيىنى بىلسىمۇ، ئەقلى لەيلىدە بولغىنى ئۈچۈن بەزىدە ھوشىدىن كېتىدىكەن. بۇ چاغدا، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن تۆگە، دەرھال ئارقىغا يېنىپ، بوتىلاق تەرەپكە چاپىدىكەن.

مەجنۇن ھوشىغا كەلگەندە لەيلىدىن شۇنچە ئۇزاقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقايدىكەن– دە، تۆگىسىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ، لەيلا تەرەپكە قاراپ ماڭدىكەن.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئىككى-ئۈچ كۈن يول مېڭىپتۇ. ئەمما، مەجنۇن ئارىسالدى بولۇپ، تېخىمۇ ئاھ ئۇرۇپ مۇنداق خىتاب قىپتۇ:

“ئاھ! تۆگە ھەر ئىككىمىز ئاشىق . ئەمما، بىر-بىرىمىزگە زىت. بىر-بىرىمىزگە لايىق يولداش ئەمەس. سېنىڭ ۋاپادارلىقىڭمۇ، يوللىرىڭمۇ ماڭا ئۇيغۇن ئەمەس. سېنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇمنى ئۈزۈشۈم كېرەك. سەن ماڭا يولداش بولساڭ، بۇ جان لەيلىنىڭ ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ. خۇددى مۇسانىڭ قەۋمى چۆللەردە ئېزىقىپ يۈرگەندەك، مېنىڭ ئۆمرۈم شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ۋىسالغا يېتىدىغان يول ئىككى كۈنلۈك تۇرسا، مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن تا ھازىرغىچە قەيەرلەردە يۈرۈيمەن؟ يول يېقىن، ئەمما مەن ئۇزاقلاردا.”

مەجنۇن مانا شۇ گەپلەرنى دەپ ئۆزىنى تۆگىنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئېتىپ: "قاچانغىچە يار دەردىدە ئوتتا كۆيىمەن!" دەپ بولۇشىغا ۋارقىراپتۇ. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق يەرگە ئاتقانلىقى ئۈچۈن پۇتى قايرىلىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. قاتتىق ئاغرىۋاتقان پۇتىنى تېڭىپ تۇرۇپ: "مەن يار ئۈچۈن ئۆزۈمنى پىدا قىلىمەن. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ بولسىمۇ بارىمەن" دەپ، يولغا ئاتلىنىپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تەنگە مەھكۇم بولغان جان يولدىن ئازىدۇ.

تەن تىكەن ئۇتىننىڭ ئاشىقى بىلەن تۆگىگە ئوخشايدۇ.

يولچىلىق تۆگىگە مىنىپ ئەمەس، بەلكى ھەقنىڭ جەلپ قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشى ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، ئۆزگەرتىدۇ.

مەيلى ئەر، مەيلى ئاياللارنىڭ دانالىقى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتنى كۆرەلىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

تىكەن:"مەن بولسام تىكەن، مېنى تاللا. گۈل بولسا تېزلا سولىشىپ ئۆلىدۇ. ئەمما، مەن بولسام شاختا دائىم قالىمەن"دەيدۇ.

گۈل : "بۇياققا كەل! يېڭىلا ئېچىلدىم، مەن تەييار. چىرايلىق مەن، خۇش پۇراق چاچىمەن" دەيدۇ.

تىكەن يەنە ئۇنىڭ ئەكسىنى دەيدۇ. گۈلمۇ ھەم شۇنداق.

سېنىڭ بىرىگە مەيلىڭ بولسا، يەنە بىرىدىن ئۇزاقلىشىسەن. بىرنى سۆيسەڭ، ئۇنىڭ زىتىدىن ئايرىلىسەن. بىرسى"مەن گۈزەل دېسە "بىرسى"مېنىڭ ئاقىۋىتىم ياخشى" دەيدۇ.

دۇنيادا ھەرنەرسە بىرسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. كىبىرلىك يامانى، توغرىلىق ياخشىنى.

ياخشىلارغا دوست بولمىغان، يامانلارغا قوشنا بولىدۇ.

## ◄ ئۈچ بېلىقنىڭ ھېكايىسى

بىر كۆل بار بولۇپ، بەكمۇ چوڭ ئىكەن. كۆلنىڭ ئاخىرقى ئۇچى دەرياغا تۇتىشىدىكەن. دەريا ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىكەن. بىرقانچە بېلىقچى بۇ كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. كۆلگە شۇنداق نەزەر سالسا، ئىچىدە بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگىدەك. ئۇلار دەرھال بېلىقلارنى تۇتۇش ئۈچۈن تورلىرىنى تەييارلاشقا كىرىشىپتۇ.

بۇ كۆلدە بىر ئەقىللىق، بىرى چالا ئەقىللىق يەنە بىرى دۆت، ئۈچ بېلىق دوست بولۇپ ياشايدىكەن. كۆلدىكى بۇ ئۈچ بېلىق ۋەزىيەتنىڭ چاتاقلىقىنى پەرەز قىپتۇ. بېلىقلارنىڭ ئەقىللىقى ئۈزۈش تەس بولغان دېڭىز تەرەپكە قاراپ

يولغا چىقىپتۇ ۋە : "مەن بۇ توغرىسىدا تالاش- تارتىش قىلىپ ئولتۇرمايمەن. چۈنكى قارارىمدىن يېنىشنى خالىمايمەن. ئۆز جايىمغا كۆنۈپ قالدىم. سەپەر قىلىش ئۈچۈن جاسارەتلىك بولۇش كېرەك. ۋەتەن سۆيگۈسىنى باھانە قىلماڭلار، بىلىشىڭلار لازىمكى، ھەقىقىي ۋەتەن سۇدا ئەركىن ئۈزەلەيدىغان جايدۇر" دەپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈزۈپ كېتىپتۇ . بۇ بېلىق شۇنداق ئۈزۈپ ئۈزۈپ دەرياغا يېتىپ بېرىپتۇ، ئاخىرى دەريا ئارقىلىق دېڭىزغا چۈشۈپتۇ. بۇ بېلىق يوللاردا نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقان بولسىمۇ، ھازىر بىپايان دېڭىزدا خاتىرجەم ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ.

بېلىقچىلار تورلىرىنى ھازىرلاپ، كۆلگە تاشلاشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چالا ئەقىللىق بېلىق جىددىيلىشىشكە باشلاپتۇ ۋە: "ئاپلا مەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن. ئۇ ئەقىللىق بېلىققا يولداش بولغان بولسام بوپتىكەن. ئۇ دەرھاللا كەتتى. ئەسلىدە ئارقىسىدىنلا ماڭغان بولسام ياخشى بولاتتى. بوپتۇ ئۆتكەن ئىشقا پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغاننىڭ پايدىسى يوق. بۇدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكىم كېرەك. ئۇ قېرىندىشىمىز، دېڭىزغا يېتىپ بېرىپ خەتەردىن قۇتۇلدى. شۇنداق بىر ياخشى دوستۇم مېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرماستىن، يالغاندىن ئۆلۈكتەك بولىۋالاي. سۇنىڭ ئۈستىدە قورسىقىمنى ئاسمانغا قىلىپ لەيلەپ تۇراي. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزۈش كەتمەيدۇ، خۇددى چۆپتەك سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئاقسىملا بولىدى. ئۆلۈكتەك سۇغا تەسلىم بولسام نېمە بولىدۇ؟ ئۆلۈشتىن ئاۋۋال ئۆلۈش ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدۇ" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ بېلىق ئۆلۈكتەك بولۇۋېلىپ ، قورسىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ سۇ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. سۇ دولقۇنلىرىنىڭ كۈچى بىلەن ئاستا ئېقىپتۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بېلىق بولۇپ، بۇ ھالنى كۆرگەن بېلىقچىلارنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بوپتۇ. ئۆلۈكتەك بولۇۋالغان چوڭ بېلىق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچىدىن خوش بولۇپ: "تورلىرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قۇتۇلدۇم"دەپ،سۇنىڭ ئېقىشىغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بېلىقچىلارنىڭ بىرى دۆت بېلىقنىڭ بىپەرۋالىق بىلەن ئۈزۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە دەرھال تورنى بىر ئېتىپلا ئەخمەق بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ. بۇ ھاڭۋاقتى بېلىق تورنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇياق-بۇياققا

پىلتىڭلاپ باققان بولسىمۇ ئۆزىنى قۇتقۇزالماي بېلىقچىلارنىڭ گۆلخان ئوتىدا كاۋاپ بوپتۇ. ئوتتا ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىق قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ پىژىلداپ كۆيۈپتۇ ۋە قاتتىق ئاغرىق ئازابىدا: " ئەگەر مۇشۇ ئوتتىن قۇتۇلىدىغان بىر ئىش بولسا، ھەرگىز كۆلنى ماكان قىلمايمەن. يا ئاقار دەريانى ياكى چەكسىز دېڭىزنى ماكان قىلىمەن. ئۆز جېنىمنىمۇ قوغدىيالمىغان يەردە، قانداقمۇ ئەركىن ياشىغىلى بولسۇن!" دەپ، نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ۋەدىگە ۋاپا قىلغۇزغان ئەقىلدۇر.

ئەقىل ئۇنۇتقاقلىق پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

پەرۋاندا ئەقىل بولمىغاچقا، ئۇنۇتقاقلىقىدىن دائىم ئۆزىنى ئوتقا ئۇرىدۇ.

ئويلاش، پاراسەت، تەپەككۇر، يادلاش ۋە ئەسكە ئېلىش قاتارلىقلار ئەقىلگە ئائىت خۇسۇسىيەتلەردۇر.

ئەقىل شەھۋەتنىڭ زىتىدۇر. شەھۋەتكە ئەسىر بولغان ئەقىل، ئەقىل ئەمەستۇر.

ۋەھىمە، جاھاننى كۆيدۈرگەن پىرئەۋننىڭ قەھرىدۇر. ئەقىل بولسا جاننى ئايدىڭلاتقان مۇسانىڭ يارىدۇر.

## يەرنى تېرىش ئۈچۈن، ئاغدۇرۇش لازىم

بىر ئادەم گۈرجەك بىلەن يەرنى تازا ئاغدۇرۇۋاتسا، بىرسى كېلىپ ۋارقىراپ دەپتۇ:

”نېمە دەپ بىر ئوبدان يەرنى كولاپ، ئاغدۇرۇپ، ئوڭغۇل-دوڭغۇل قىلىۋېتىسەن؟“

ئادەم جاۋاب بېرىپتۇ: "ھەي كالىۋا، يولۇڭغا ماڭ. مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! سەن ئالدى بىلەن چىرايلىق ياسالغان يەرلەرنىڭ، ئەسلىدە ئاغدۇرۇلغان

يەرلەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەت. بۇ يەر ئاغدۇرۇلۇپ، مانا مۇشۇنداق سەت هالغا كەلمىسە، قانداقمۇ يەرنى گۈل-گىياهلىق گۈلىستانغا، بۇغدايلىق ئېتىزلىققا ئايلاندۇرغىلى بولسۇن؟ يەرنىڭ ئاستى ئۈستۈن بولمىغىچە بۇ يەرلەر ياپ-يېشىل مايسىلار بىلەن پۈركەنگەن ئېكىنزارلىققا ئايلىنىپ، مول-هوسۇل بېرەلمەيدۇ؟ يارنى يىڭنە بىلەن تېشىپ، دورا سۈركەپ، ئېغىز ئالدۇرمىغىچە ساقىيامدۇ؟ تىككۈچى كىيىم تىكىش ئۈچۈن، رەختلەرنى كېسىپ پارچە-پارچە قىلىۋەتسە، بىرسى قوپۇپ نېمە ئۈچۈن بىر ئوبدان چىرايلىق ئەتلەسنى كېسىپ پارچىلىۋەتتىڭ، بۇ كېسىك رەختلەر نېمىگە يارايدۇ دەمدۇ؟ مەيلى ياغاچچى، مەيلى تۆمۈرچى، هەتتا قاسساپ بولسۇن هەممىسى ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال بۇزىدۇ، ئۆرۈيدۇ. ئەگەر تۈگمەن بۇغداينى ئېزىپ تارتىپ ئۇن قىلمىسا، ناۋاي ئۇننى چەيلەپ، مىجىپ خېمىر قىلمىسا نان نەدىن كېلىدۇ ؟"

## ◄ هېكمەتلىك سۆزلەر:

ئۆز هەۋەسلىرىڭنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، كىچىك بىر بۆرىدەك تۇرۇپ ئۆزۈڭنى ئەجدىهادەك چاغلىما.

كېمەگە چۈشۈپ دېڭىزدا ماڭساڭ، دېڭىز قىرغاقلىرى ماڭغاندەك كۆرۈنىدۇ.

دوستلار بىلەن بىر بولغان، هەر يەرنى گۈلىستاندەك كۆرىدۇ.

ئۆكۈز باغداتنى ئايلانسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى كوچىدىكى شاپاقتىن باشقىنى كۆرمەيدۇ.

ئۆكۈز بىلەن ئېشەككە لايىق نەرسە سامان بىلەن چۆپ.

قەلبى توڭلاپ قالغانغا جەننەتمۇ سەت كۆرۈنىدۇ.

بىلىش ئىقتىدارىڭ قانچىلىك بولسا دۇنيانى شۇنچىلىك چۈشىنىسەن.

پۈتۈن ئالەم نۇر ۋە سۈرەتلەر بىلەن تولسىمۇ، كۆزۈڭ قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك كۆرىسەن.

سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭدىن كۆر، ياكى ئۆلۈك تەندىن.

## قىلتاقتا چۈشكەن قۇش

بىرسى قىلتاق قۇرۇپ بىر قۇشنى تۇتۇۋاپتۇ. قىلتاقتا چۈشكەن قۇش ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ:

"ئەي ھىممەتلىك ئادەم! سەن شۇنچە ئۆكۈز، قويلارنى يېدىڭ، قۇربانلىق ئۈچۈن شۇنچە كۆپ تۆگىلەرنى سويدۇڭ. ئۇلارنىڭ شۇنچە كۆپ گۆشلىرىگە تويمىغان ئادەم، مېنىڭدەك كىچىككىنە بىر قۇشقا سېنىڭ قورسىقىڭ تويامدۇ؟ مېنى قويۇۋەت. ئەگەر مېنى بۇ قىلتاقتىن قۇتۇلدۇرساڭ ساڭا ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز دەپ بېرىمەن" دەپتۇ.

ئادەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: "بوپتۇ سېنى قويۇپ بېرىمەن، قېنى ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭنى باشلا" دەپتۇ.

قۇش: "بىرىنچى ھېكمەتلىك سۆزۈمنى قولۇڭدا تۇرۇپ دەيمەن. ئىككىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى تامنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ دەيمەن. ئۈچىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى بولسا دەرەخنىڭ ئۈچىدىكى شاختا قونغاندا دەيمەن. بۇ ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز سېنىڭ بەخت يولۇڭنىڭ نۇرى بولىدۇ" دەپتۇ.

ئادەم: "بوپتۇ سېنى قىلتاقتىن چىقىرىپ، قولۇمغا ئالاي. قېنى بىرىنچىسىدىن باشلاپ ئالدىرىماي سۆزلىگىن" دەپ، قۇشنى قىلتاقتىن چىقىرىپ قولىغا ئاپتۇ.

قۇش ئادەمنىڭ ئالقىنى ئىچىدە تۇرۇپ: "ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئويلىما. قولۇڭدىن كەتكەن نەرسىلەرگە ئاھ ئۇرما." دەپتۇ. بىرىنچى ھېكمەتلىك سۆزنى ئاڭلىغان ئادەم قۇشنى ئاسمانغا ئېتىپ قويۇۋېتىپتۇ. قۇش ئۇچۇپ بېرىپ تامنىڭ ئۈستىگە قونۇپتۇ ۋە:"بولمايدىغان ئىشنى كىم دېسە دېسۇن، ھەرگىز ئىشەنمە" دەپتۇ ۋە ئارقىسىغا ئۇلاپلا يەنە مۇنداق دەپتۇ:

"بەدىنىڭنىڭ ئىچىدە ئون دەرھەم ئېغىرلىقتىكى چوڭ بىر گۆھەر بار" دەپتۇ. بۇ ھەم ساڭا ھەم بالىلىرىڭ ئۈچۈن بىر چوڭ بايلىق. بۇ شۇنداق قىممەتلىك گۆھەر. ئەمما، سەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، ئۇ گۆھەر ساڭا نېسىپ

بولمىدى"  قۇش بۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، بىرلا قاڭقىپ دەرەخنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئادەم قاتتىق ھەسرەتلىنىپ، خۇددى ئىغىر ئاياق ئايالنىڭ تولغىقى تۇتۇپ، ئاغرىقتىن ئىڭرىغاندەك ئىڭراشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن قۇش: "مەن ساڭا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى ئويلاپ ئاھ ئۇرما دىگەن. ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئورنىغا كەلمەيدۇ. سەن نىمە ئۈچۈن ئاھ ئۇرىسەن؟ ياكى سەن مىنىڭ نەسىھەتلىك سۆزلىرىمنى ئاڭلىمايدىغان گاسمۇ؟ ھە راست، بولمايدىغان ئىشقا ھەرگىز ئىشەنمە دىگەن ئىككىنچى ھىكمەتلىك سۆزنى دىگەن ئىدىم. ئۇ سۆزنى بىر ئويلاپ باق! بەدەن ئىغىرلىقىنىڭ ئۈچ دەرھەم كەلمەيدىغان تۇرسا، ئىچىدە قانداقمۇ ئون دەرھەم ئىغىرلىقتىكى بىر نەرسە بولسۇن؟" دەپتۇ.

قۇشنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئادەم دەرھال ھوشىنى يىغىپ: "بولدى. قىنى، دىگىنىمىز بويىچە ئۈچىنچى ھىكمەتلىك سۆزۈڭنى دىگىن" دەپتۇ.

قۇش: "سەن ئالدىدىكى ئىككى ھىكمەتلىك سۆزگە ياخشى ئىتىبار بەرمىدىڭ. ئەمدى ئۈچىنچىسىنى بىكارغا دەيدىغان ئىش يوق. غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان نادان ئادەمگە ھىكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەش خۇددى شور يەرگە ئۇرۇق چاچقاندەك بىر ئىش!  ۋە ئەخمەقلەرنىڭ يىرتىلغان يىرى ياماق تۇتمايدۇ. ئۇلارغا ھىكمەت ئۇرۇقنى چىچىشنىڭ ئۆزى، بىھۇدە ئاۋارىچىلىك" دەپ، كۆكلەرگە قاڭقىپ ئۇچۇپ كىتىپتۇ.

◄ ھىكمەتلىك سۆزلەر:

بىر گاچا مىڭ ئادەمنى گاچا قىلىۋىتىدۇ.

نادانىڭ ئاغزىدىكى ھالۋا ئادەمنى كىسەل قىلىدۇ.

ئەقىللىق بولساڭ نادانىنى سۆيمە.

ئادەمنىڭ غىزاسى نۇر. ئىشەكنىڭ بولسا ھەلەپ.

ئىككى خىل ئەقىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرسى، كىچىكىڭدىن تارتىپ ئاتا-ئاناڭدىن ۋە مەكتەپتە مۇئەللىمدىن ئۆگەنگەن بىلىملەردىن مەيدانغا كەلگەن ئەقىل. ئىككىنچى ئەقىل بولسا ھەقنىڭ ئىھسانىدۇر. ئۇنىڭ مەنبەسى روھدۇر. مائارىپ ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىم، تاغلاردىن تۆۋەنگە قاراپ ئاققان ئىرىققا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىقىش يوللىرى ئىتىلىپ قالسا ئاقالمايدۇ. شۇڭا سەن كۆڭلۈڭدىن بىر بۇلاق ئاچ.

كۆڭۈلدىكى بىلىم ئېرىقلىرىدىن ئۆرغۈپ چىققان ئۇ جەۋھەر ھەرگىز بۇلغانمايدۇ.

## بۇركۇت بىلەن ئەر-ئايال

بىر ئەر-ئايال بىر ئاق بۇركۇتنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەر، ئۇ ئاق بۇركۇتنىڭ تىرناقلىرىنى كېسىۋېتىپتۇ. بۇركۇتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ تىرنىقى شۇنچىلىك مۇھىم بولۇپ، ئوۋ ئوۋلاشتا بۇركۇتنىڭ تايىنىدىغان ئاساسى قورالى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەر كىشى بىلمەيدىكەن.

ئۇ تېخى ئۆزىچە: "ھەي بۇركۇت، تىرناقلىرىڭ مۇشۇنداق ئۆسۈپ كەتكىچە ئاناڭ نەدە قالغان بولغىيتتى" دەپ ئويلاپ، بۇركۇتنىڭ تىرناقلىرىنى، تۇمشۇقلىرىنى ھەتتا قاناتلىرىنى قىرقىپ، ياساپ قويۇپتۇ.

ئايالى بولسا بۇركۇتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تۇتماچ (ئۇششاق خېمىر پارچىلىرىدىن ياسالغان قېتىقلىق تاماق) بېرىپتۇ. ئەمما، بۇركۇت تاماقنى يېيەلمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئايال ئاچچىقلاپ: "مەن ساڭا شۇنداق ياخشى ئوخشىغان تۇتماچ ئېتىپ بەرسەم، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدىڭ. سەن ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان بىر نېمىكەنسەن."-دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە " بۇنى ياراتمىغاندىكىن، ئۇنداقتا بۇنى ئىچ!" دەپ ئاشنىڭ سۈيىنى ئەكىلىپ ئالدىغا قويۇپتۇ.

بۇركۇت ھېچ بىر ۋاقىت تۇتماچنىڭ سۈيىنى ئىچىپ باققان ئەمەس. بۇنداق تائام ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلمەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق نادان ئەر-ئايال قاتتىق تېرىكىپتۇ. ئەر ئۆز ئاچچىقىنى باسالماي ئاشنىڭ ئىسسىق سۈيىنى بۇركۇتنىڭ بېشىغا ئەكېلىپ تۆكۈپتۇ. بۇركۇتنىڭ بېشى كۆيۈپ قاتتىق ئېچىشىپ كېتىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلۈپتۇ ۋە ئۆز ئىگىسى بولغان شاھنىڭ ياخشىلىق ئېھسانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆڭۈللىرى يورۇپتۇ. بۇركۇت ئۆز شاھىنى كۆرگەندە، يۈزلىرىدىن نۇرلار ياغاتتىكەن. ھازىر بۇ ئىككى نادانىڭ قولىدا زۇلۇمدىن ھەسرەت چېكىپتۇ.

بۇركۇت ئېچىدە: "بۇ ئەر-ئايالىڭ غەزىپى قانچىلىك كەلسىمۇ، مېنىڭ

سەۋر- تاقەتمگە ۋە ئىلىم نۇرۇمغا زىيان سالالمايدۇ. ئەگەر ماڭا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، بۇ جاندىن يۈزلەرچە بۈركۈت مەيدانغا كېلىدۇ" دەپ ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپتۇ.

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

نادانىنىڭ ياخشىلىقى، دۈشمەنلىكتىن بەتەر.

ھەر نەرسە ئۆز جىنسىنى يېنىغا تارتىدۇ.

ئەڭ يامان خۇي ھەسەتتۇر. چۈنكى ئۇ شەيتانىنىڭ قوغلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

ھەسەتخور باشقىلارنىڭ شاملىرى يانسا چىدىمايدۇ.

ئەيسا ھەققە بېھۇش بولسا، ئېشەك ئارپىغا بېھوش بولغان.

كۆڭلى ئايدىڭ ۋە شۈبھىدىن خالى بولغانلار، غەپلەت پەردىسىنى يىرتىپ كەلگۈسىنى كۆرەلەيدۇ.

ھەرقانداق توختام بىر نەتىجىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تۈزۈلىدۇ. ھەرگىز توختام تۈزۈش ئۈچۈنلا توختام تۈزۈلمەيدۇ.

ئۇرۇش ۋاقتىدىكى جان قورقۇنچى، خائىنلارنى قېچىشقا ئۈندىسە، رۇستەملەرنى ئالغا باستۇرىدۇ.

پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى پەشتىقىدىن ئىككىنچى پەشتىقىغا چىقىش ئۈچۈن پۇتۇڭنى كۆتۈرىسەن.

ئىككىنچى پەشتاقتىن ئۈچىنچىسىگە چىقىش ئۈچۈن ھەم شۇنداق قىلىسەن. مانا مۇشۇنداق قىلىپ پەشتاقمۇ- پەشتاق يۇقىرىغا ئۆرلەيسەن.

بۈركۈت يوقلۇق ئالەمگە ئۇچسا، ئۇنىڭدىن يەنىلا باللىرى قالىدۇ.

بۈركۈتنىڭ سۈرىتى يوقالسىمۇ، مەنەسىنىڭ ئەكسى بولغان باللىرى قالىدۇ.

# گۇناھكار ئايال

پادىشاھ بىر ئايال خىزمەتكارىغا ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە ئۇنى جازالىماقچى بولۇپ، قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەتراپىدىكىلەر ھېچ نېمە دېيەلمەي قاراپلا قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئىمادۇل مۇلك ئىسىملىك بىرسى ئۇ ئايالنىڭ گۇناھىنى تىلەپ پادىشاھنىڭ قولىنى سۆيۈپ يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھمۇ چىڭ تۇرىۋالماي، ئۇ ئايالنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ ياخشىلىق قىپتۇ ۋە شۇنداق خىتاب قىپتۇ:

"شەيتان بولساڭمۇ كەچۈردۈم. گۇناھىڭنى مەرھەمىتىم بىلەن كەچۈردۈم. چۈنكى خىزمەتكارىمنىڭ ئەپۇ تىلىشى بولسا قانچىلىك گۇناھ بولسىمۇ كەچۈرۈشىمۇگە ئەرزىيدۇ. غەزىپىم شۇنچىلىك كەلگەن بولسىمۇ، دوستلىرىمنىڭ قەدرىنى يەرگە ئۇرمايمەن. ئۇنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرى مېنىڭمۇ ئارزۇ-تىلەكلىرىمدۇر. ئەسلىدە ئۇ ئايالنى جازالىماي قويمايتتىم . كاللىسىنى قىلىچىم بىلەن تېنىدىن جۇدا قىلاتتىم. ئەمما كەچۈردۈم. يەنى دوستلۇقنىڭ قەدىر- قىممىتىنى قىلغانلىقىمنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن كەچۈردۈم. بۇلارنى سەن بىلمەيسەن. مەن بىلىمەن. سېنىڭ سۈپەتلىرىڭ مېنىڭ سۈپەتلىرىمگە يوشۇرۇنغان. بۇ ئىشنى سەن قىلمىدىڭ، بەلكى قىلدۇرۇلدۇڭ. سەن مېنىڭ بىلەن تولغان، مەن سېنىڭ بىلەن ئەمەس. ئۇ ياردەم سەندىن ئەمەس، بەلكى پادىشاھتىن. بىلگىنكى ھەق، ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر....."

شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايال ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇ گۇناھىنى تىلىۋالغان خىزمەتكارنى رەنجىتىپتۇ. ئۇ شەپقەتچىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، سالاممۇ بەرمەس بوپتۇ. بۇ شەپقەتچىنى تونۇمايدىغانىدەك بولۇۋالغان ئەھۋالنى كۆرگەن باشقىلار ھەيران بولۇشۇپتۇ ۋە مۇنداق دېيىشىپتۇ :

"بۇ ئايال چوقۇم ساراڭ. ئەگەر ساراڭ بولمىسا قانداقمۇ ئۆز جېنىنى قۇتقۇزغان ئادەمگە بۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟ كاللىسىنىڭ كېسىلىشىدىن قۇتقۇزۇپ

قالدى. بىر ئۆمۈر ئاياقلىرىنىڭ ئاستىدا خىزمەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاداۋ قىلىپ بولالمايدۇ. ئەمما، ئايال ئەكسىچە ئىش قىلىپ، ئۆچمەنلىك قىلىۋاتىدۇ"

يەنە بىر ياخشى نىيەتلىك بىرسى، ئايالغا كايىپتۇ:"ۋاپاغا، جاپا قىلىۋاتىسەن، بۇ زادى نىمە ئۈچۈن؟ ئۇ ياخشى ئادەم ساڭا يېڭى بىر ھايات بەردى. جېنىڭنى ساقلاپ قالدى. ئۇ ئادەم ساڭا يامانلىق قىلغان ھالدىمۇ، سەن ئۇنىڭغا بۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭ كېرەك. چۈنكى، ئۇ ساڭا ئۇنتۇلغۇسىز ياخشىلىق قىلغان"

بۇ تاپا-تەنىلەرنى ئاڭلىغان ئايال دەپتۇ:

"مەن پادىشاھ ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلماقچى ئىدىم. ئۇ نىمە ئۈچۈن ئارىمىزغا كىرىپ، گۇناھىمنى تىلەيدۇ؟ مېنىڭ ئۇ چاغدىكى ھالىم دەل رەببىم بىلەن بىللە چاغلىرىم ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەرمۇ كېرەك ئەمەس. پادىشاھنىڭ رەھمىتىدىن باشقا بىر ياخشىلىقنى قوبۇل قىلمايمەن. ئۇنىڭدىن باشقا بىر باش پاناھىم يوق. رەببىمدىن باشقىسىنى يوق دەپ ھېسابلايمەن . ئۇنىڭغا يۈزلەندىم. ئۇنى سۆيدۇم. پادىشاھنىڭ غەزىپى بىلەن كاللام تېنىمدىن جۇدا بولسىمۇ، رەببىم ماڭا يەنە يۈزلەرچە جان ھەدىيە قىلىدۇ..."

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەمەل ۋە دۇئا  سېنىڭ ياخشىلىقىڭ مىقدارىدا بولىدۇ. ئەجرىڭ قانچىلىك بولسا، ھوسۇل شۇنچىلىك.

كىم بۇ دۇنيانىڭ مەھشەر كۈنى ئۈچۈن ئېكىنزارلىق ئىكەنلىكىنى بىلسە، بۇ يەردە كۆپ تىكىپ، ئۇ يەردە كۆپ ھوسۇل ئالىدۇ.

بېشىڭ ھەق ئۈچۈن كېسىلسە، ئىپتىخارىڭ شۇ.

ھەقىقىي سۆز، بىر تەرەپتىن بىر مەنىنى ئاشكارلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرىدۇ.

ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندا ۋاستە كېرەك ئەمەس.

ۋاستە بولغان سۆزلەر، ھەقىقەتكە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز.

ئەگەر ھەر كۆڭۈل ، يوشۇرۇن ۋەھيىنى تۇيغان بولسا، بۇ جاھاندا سۆزگە ۋە چاقىرىشقا ھاجەت يوقتى.

پاك روھنىڭ سۆزلەردىن خالى بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەتلەرنى تارتىشى ۋە ئاڭلىق بولۇشى لازىم.

كەلگۈسىگە ئۈل سالىدىغانلار، ئىشلىرىنى ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ قىلىدۇ.

مەنىسى بولمىغان سۈرەتنىڭ خېرىدارى بولمايدۇ.

خەلقنى تەربىيەلىسەڭ، ھەر بىر خام كۆڭۈل پىشقان بولىدۇ.

سوئال ۋە جاۋاب ئىلىمدىن كېلىدۇ. خۇددى تىكەن ۋە گۈل، تۇپراق بىلەن سۇدا ئۆسكىنىدەك.

كېسەلمۇ، ئۇنىڭ دورىسىمۇ ئوزۇقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ.

خەلقنىڭ ئىچىدە پاك روھلار بولغىنىدەك، كىرلەشكەن روھلارمۇ بولىدۇ.

سامان بىلەن بۇغداينى ئايرىغاندەك، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىغىن.

## بايراقتىكى ئارسلان

بايراق ھەيۋەتلىك لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇ بايراقتا بىر ئارسلاننىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئارسلاننىڭ ئىتتىك ھەرىكىتى شامالدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى. ئەلۋەتتە شامال بولمىغان بولسا بايراقتىكى ئۇ ئارسلان ھەرىكەت قىلالمايتتى.

ئارسلاننىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق شامالنىڭ ئاجىز ۋە كۈچلۈكلىكىنى، ئۇنىڭ قايسى تەرەپتىن چىققانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق يوشۇرۇن نەرسىنىڭ ئاشكارا يۈزىنى بىلىۋالالايمىز.

ئادەمنىڭ بەدىنىمۇ خۇددى ئاشۇ بايراقتىكى ئارسلانغا ئوخشاش. ھەر بىر پىكرى ئۇنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

بۇ پىكىر، شەرقتىن كەلسە تاڭ ئىپادىسىنى، غەربتىن كەلسە ۋابانىڭ ئالامىتىنى ئەكىلىدۇ.

بۇ پىكىر شامىللىرىنىڭ شەرقى باشقا، غەربى باشقا يەرلەرنى ئايلىنىدۇ ئەمەسمۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

كۈندۈزنى يورۇتقان بۇ قۇياش، كۆڭۈللەرنى نۇرلاندۇرغان ئۇ قۇياشنىڭ قاسىرىقىدۇر. ئەكسىدۇر!

ئۇيقۇ ئۆلۈم بىلەن قېرىنداش. بۇ قېرىنداشنى كۆر، بۇ قېرىنداشتىن يەنە بىر قېرىنداشنى بىلگىن.

پىل ئۇخلىسا چۈشىدە ھىندىستاننى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

كۆڭۈللەردە نۇرنىڭ نىشانى بار.

ماي ئايرانىنىڭ ئىچىگە قانداق يوشۇرۇنغان بولسا، ھەقىقەت جەۋھىرى بولغان ئىلاھى روھمۇ پانى بولغان بۇ بەدەنگە شۇنداق يوشۇرۇنغان.

## شاھزادە

ئۇلۇغ تەڭرى بىر پادىشاھقا ئوماق بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ چۈشىدە ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كائىنات قاراڭغۇلۇققا چۆككەندەك بوپتۇ. پادىشاھ ناھايىتى قايغۇرۇپ، تولا- يىغلاپ كۆزلىرى قۇرۇپتۇ.

پادىشاھ شۇنچىلىك دەرد تارتىپتۇكى، كۆيگەن كۆڭلىنىڭ ئىس- تۈتەكلىرى ئىچىدە ئۆز يولىنى تاپالماپتۇ.

دەل بۇ چاغدا بۇ قاباھەتلىك ئۇيقۇدىن ئويغىنىپتۇ. ئويغانغاندا شۇنچىلىك خۇش بوپتىكى، ئۆمرىدە ئۇنداق بىر خۇشاللىققا چۆممىگەن ئىكەن. پۈتۈن ۋۇجۇدى خۇشاللىققا غەرق بوپتۇ.

ئەمما، پادىشاھ بۇنداق ئويغا چۆكۈپتۇ : "تەڭرى ئاتا قىلغان بۇ خۇشاللىق ماڭا بىر غەمگە سەۋەب بولدى. بىر ئىش بىر تەرەپتىن ئۆلۈشكە، بىر تەرەپتىن ھاياتلىققا سەۋەب بولدى. بىرسى ئۆلسە، بىرسى تىرىلىدۇ. دەردلەر يوقالدى ئەمما كونا ئويلار بەدەنگە يەرلەشتى" دەپ ئەندىشە ئىچىدە قاپتۇ.

پادىشاھ ئاخىرى ئوغلىنى ئۆيلەپ، نەسلىنى داۋاملاشتۇرماقچى بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا كېلىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە بىر دىنى ئۆلىما دەرۋىشنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ قارارىغا نارازى بولغان شاھزادىنىڭ ئانىسى، ئۆزىنىڭ كالتە پەملىلىنى ئاشكارىلاپ دەپتۇ: "ئۇيلىمىدىڭىزمۇ، بىر شاھزادىغا قانداقمۇ بىر كەمبەغەلنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمىز. پېخسىقلىقىڭىزدىن ئاشۇ گادايلار بىلەن قۇدا-باج بولماقچىمۇ بىز. جۇپ دېگەننى ئۆرپ-ئادەتكە، ئۆزىگە ماس كېلىدىغانلىقىغا قاراپ تاللايدۇ"

پادىشاھ: "ئەخلاقلىق كىشىلەرنى ھەرگىز كەمبەغەل دېگىلى بولمايدۇ. جانابى ھەق ئۇلارنىڭ قەلبىنى شۇنچىلىك باي قىلغان. ئۇلار ناھايىتى تەقۋا ۋە شۈكرى قانائەتچان. باشقا يوقسۇللاردەك ھورۇن ۋە خەسىس دەپ ئويلاپ قالما. شۈكرى قانائەتچان كىشىلەرنىڭ كەمبەغەللىكى باشقا، پەسكەشلەرنىڭ كەمبەغەللىكى باشقا. پەسكەشلەر بىر تال ئارپىغىمۇ كۆزىنى قىزارتىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر ئالتۇن-كۈمۈشكىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدۇ" دەپتۇ.

ئايالى: "قەيەردە تۇرۇپتۇ ئۇ قەلەندەرلەرنىڭ تويلۇق ئۈچۈن بېرىدىغان شەھەر ۋە قەلئەلىرى، تارقىتىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرى؟" دەپ ھازازۇللۇق قىپتۇ.

پادىشاھ: "شۇنى بىلگىنكى، كىمدە چىن ئېتىقاد بولسا، جانابى ھەق ئۇنى بالا-قازالاردىن ساقلايدۇ" دەپتۇ.

پادىشاھ ئۆز سۆزى بويىچە ئوغلىغا ئۇ ئۆلىمانىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. قىزنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىكەن. يۈزلىرى قۇياشتەك نۇرلۇق ئىكەن. قىزنىڭ مىجەز-خۇلقىمۇ ئۆزىدەك گۈزەل ئىكەن. شۇنداق قىلىپ شاھزادە بۇ گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى بىلەن توي قىپتۇ. بىراق شاھزادىنى بىر قېرى خوتۇن ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ قېرى خوتۇن شاھزادىگە بەكمۇ ئاشىق ئىكەن. بۇ قېرى جادىگەرنىڭ ئوقۇغان ئەپسۇندىن پۈتۈن بابىلدىكى سېھرىگەرلەرمۇ قىزغىنىدىكەن.

جادىگەر ئاخىرى شاھزادىگە سېھىر ئوقۇپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋاپتۇ. جادىگەرگە مەپتۇن بولغان شاھزادە ئۇ ساھىبجامال قىزغا قارىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە بىر يىل ئۇ قېرى خوتۇننىڭ يېنىدا تۇرۇپ، يېرىم جان ھالغا

چۈشۈپ قاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئايالى ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئىچى ئېچىشىپتۇ. ئەمما، شاھزادە ئۇ سېھىرنىڭ كۈچىدىن ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. جاھاننىڭ پادىشاھى يىغلىسا ئوغلى بۇنى كۆرۈپ كۈلىدىكەن. پادىشاھ چارىسىز قاپتۇ. كېچە-كۈندۈز قۇربانلىق قىلىپ، نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈپ، كەمبەغەللەرگە زاكات تارقىتىپتۇ. دادا ئۆز ئوغلى ئۈچۈن قانچىلىك جان كۆيدۈرسە، بالىنىڭ ئۇ قېرىغا بولغان ئاشىقى شۇنچىلىك كۈچىيىپتۇ. ئامالسىز قالغان پادىشاھ ئاخىرى "بەلكى بۇ ئىشتىمۇ بىر ھېكمەت باردۇر" دەپ ئويلاپ، تەڭرىگە دۇئا قىپتۇ.

"يا رەببىم! سېنىڭ ئەمرىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن. سېنىڭ بىر شېرىكىڭ يوق. قۇدرەت ۋە ئېھسان ساڭىلا مەنسۇپ. رەھمان ۋە رەھىم بولغان ئۇلۇغ رەببىم، مېنى غەمدىن خالاس قىل."

پادىشاھنىڭ بۇ ئىزگۈ تىلەكلىرى ھەق ھۇزۇرىدا قوبۇل بوپتۇ. بىر كۈنى بىر ئۇستا سېھىرگەر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. "قول قولدىن ئۈستۈن" دەپ ئۇ سېھىرگەر شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، يىراق ئەللەردىن بۇ يەرگە شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىكەن.

پادىشاھ: "ئوغلۇم ئۆزىنى يوقاتتى، جادىگەر قېرى ئۇنى يولدىن چىقاردى" دېگەندە، ئۇستا سېھىرگەر "مەن ئامال قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. مەن ئۇ جادىگەرنىڭ سېھىرىنى بۇزۇش ئۈچۈن كەلدىم. شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىڭىزدا باش ئېگىپ تۇرۇپتىمەن. بۇ ئىلىم ماڭا ھەقتىن كەلگەن. مەن ئىلىمنى سېھىرگەرلەرگە شاگىرت بولۇپ ئۆگەنمىگەن ئەمەس. سەن ئوغلۇڭنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پالانى مازارلىققا بار. ئۇ يەردە تاملىرى ئاقارتىلغان بىر قەبرە بار. ئۇ مازارنىڭ قىبلىگە قارايدىغان تەرىپىنى كولساڭ، ساڭا جانابى ھەقنىڭ قۇدرىتى زاھىر بولىدۇ" دەپتۇ. پادىشاھ سېھىرگەرنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتىكەن، ئۇ يەردە ئۇ جادىنىڭ قىلغان سېھىرنىڭ تۈگۈنى يېشىلىپ، شاھزادە ئۇ سېھىردىن قۇتۇلۇپتۇ. نىمجان بولۇپ قالغان شاھزادە قېرى جادىگەرنىڭ چاڭگىلىدىن تەلتۆكۈس ئازاد بوپتۇ. بۇ ھالدىن خۇرسەن بولغان شاھزادە دادىسىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن ئوردىغا يۈگۈرەپتۇ.

پۈتۈن شەھەر خەلقى بۇ ئەھۋالدىن خوش بولۇپ شادلىققا چۆمۈلۈپتۇ.

جاھان خەلقىنىڭ كۆڭلى باشقىدىن يايراپتۇ. پادىشاھ باشقىدىن بىر تويى زىياپىتى تەييارلاپتۇكى، كوچىدىكى ئىتلارمۇ قانغىدەك شەربەت ئىچىپتۇ. ئۇ سېھىرگەر قېرى ئاچچىق دەرد بىلەن ئۆلۈپتۇ. شاھزادە: "قانداق بولۇپ ئۇ قېرىغا ئاشىق بوپ قالغاندىمەن؟" دەپ ھەيران قاپتۇ. دادىسى ئېلىپ بەرگەن گۈزەل قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ ئۈچ كۈن ھوشسىز يېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن خەلق يەنە بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ. ئەمما، ئۈچ كۈندىن كېيىن گۈل سۈيى ۋە دورىلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستا- ئاستا ھوشىغا كېلىپ ئەتراپتىكىلەرنى تونۇشقا باشلاپتۇ.

بىر يىلدىن كېيىن پادىشاھ ئوغلىدىن: "ئۇ كونا سۆيگۈنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئەسلەپ تۇر، ۋاپاسىزلىقنىڭ ئېشىپ كەتمىسۇن" دەپتۇ.

شاھزادە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: "مەن سۆيگۈ مۇھەببەتكە ئېرىشتىم. ئەمدى زىنھار ئالدىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن"

پەزىلەتلىك ئىنسانلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ، ھەق نۇرى بىلەن ئايدىڭ يولنى تاپقاندا، قاراڭغۇلۇققا كۆز تىكمەيدۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

كۆڭۈل بايلىقى تەڭرىنىڭ ئېھسانىدۇر.

چۈشتىكى كۈلۈش يىغلاشقا، دەردكە ۋە غەمگە سەۋەب بولىدۇ.

قولۇڭغا تىكەن سانجىلسا، ئۇ گۈلنىڭ يادىكارىدۇر.

بەدەندىكى دەردلەر، ھەرخىل خاتالىقلار، دۈشمەنلەرنىڭ جاپاسى ۋە دوستلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى قاتارلىقلار ئۆلۈم ئىشكلىرىنى چېكىدۇ.

ئۇلۇغ تەڭرى بىر بالىنى قابىلىيەتلىك يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، بىزنى ئەقلىمىز يەتمەيدىغان ھېكمەتلىرىگە باغلاپ، ئاتا-ئانىلارغا جىددىي بىر ھەۋەس ۋە ئارزۇلارنى بەرگەن.

يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغان كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ "ۋەزىر، ئەمىر" دەيمىز. ئەمما، ئۇنىڭ روھى پەسلىشىپ مال-مۈلۈككە، مەنسەپكە ئەسىر بولغان.

نەپسىڭگە يار بولۇپ ئېشەكتەك پاتقاققا پېتىپ قالما.

ئۇخلىساڭ يول بويىدا ئۇخلا. ھەق يولىدىن ئۇزاق تۇرما.

## قېچىر بىلەن تۆگە

قېچىر بىلەن تۆگە ئوخشاش بىر ئېغىلدا ياشايدىكەن. بىر كۈنى قېچىر تۆگىدىن سوراپتۇ: "مەن مەيلى يېزىدا بولسۇن، مەيلى يول ئۈستىدە، مەيلى بازاردا، بولۇپمۇ تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ ماڭغاندا باشچىلاپلا يىقىلىپ كېتىمەن. ھالبۇكى سەن ھېچ يىقىلمايسەن. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ خۇددى سېنىڭ بۇ ئەزىز جېنىڭ باشقا بىر جاندەك، يىقىلىپ، يارىلانمايسەن. مەن بولسام داۋاملىق تىزلىرىم پۈكلىنىپ يېقىلىپ چۈشكەندە ، ئېغىز-بۇرنۇم قان بولۇپ كېتىدۇ. ئۈستۈمدىكى خەقنىڭ يۈكلىرىمۇ زىيانغا ئۇچراپ، ئۆلگۈدەك تاياق يەيمەن. خۇددى ئاھ ئۇرۇپ تەۋبە قىلىپ، ئارقىدىنلا تەۋبىسىنى بۇزىدىغان بىر گۇناھكاردەك ئەقىلسىز بىرسىمەن. سەن بولساڭ ئۆزۈڭگە بەك ئىشىنىسەن. سەن مەندەك بالا-قازاغا ئۇچرىمايسەن. بۇ زادى قانداق ئىش؟“

تۆگە دەپتۇ: "بىلگىنكى، بارلىق بەخت-سائادەت تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىمىزدا پەرق بار. مېنىڭ كۆزلىرىم يۇقىرىدا. يىراققا قارىغانلاردىن خەتەرمۇ قاچىدۇ . تاغنىڭ ئۈستىدە بولساممۇ، ھەر بىر ئازگال، ئېگىز-پەس يەرلەر ماڭا شۇنداق ئېنىق كۆرۈنىدۇ. مەن ھەرۋاقىت ئۇزاقلارنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇزاقلارنى كۆرەلىگەن زىيان تارتمايدۇ. سەن بولساڭ كۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىدىن پۇتۇڭنىڭ ئاستىنىلا كۆرىدىكەنسەن. كۆزۈڭنىڭ نۇرى قول-پۇتۇڭنىڭ رولىدۇر. ئاياق باسىدىغان يەرنى ئالدى بىلەن كۆزۈڭ كۆرىدۇ.”

قېچىر تۆگىنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ:

”دېگەن گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى توغرا" دەپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئاپتۇ. ئازراق كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن، تۆگىگە يالۋۇرۇپ تۇرۇپ: "ئەي تۆگىلەرنىڭ سەردارى. مېنىڭدەك بىر ئاجىز بىچارىگە ياخشىلىق قىل. ئىقبال كۆچىتىدىن ھېچ زىيان كەلمەيدۇ" دەپتۇ.

تۆگە: "مادامىكى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلدىڭ. ئەمدى

كەت، سەن بۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلدۇڭ! ھەمدە دۈشمەنلىكلەر مۇھەببەتكە ئايلاندى. ئەسلىدە بۇ يامان خۇي سېنىڭ ئەسلى ھالىڭ ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ھەققىي يامانلىق ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقتۇر. كىمدە يامان خۇي ۋاقتىلىق بولسا، ئۇ ئاخىرى تەۋبە قىلىپ، ھەققەتكە قايتىدۇ. سەن ئەينەن ئاشۇنداق قىلدىڭ. ھەققەتكە قايتىپ، بالادىن قۇتۇلدۇڭ. بۇرۇن يۇلتۇز بولساڭ ئەمدى قۇياش بولدۇڭ. بۇنىڭدىن خۇشال بول. ئەڭ توغرىسىنى تەڭرى ئۆزى بىلىدۇ" دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن تەۋبىسىنى بۇزغان كىشى، ۋاقتى كەلگەندە شەيتاننىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.

ئاقىۋەتنى كۆرەلىگەن كىشى بەختيار بولىدۇ.

ئىنساننىڭ كۆزىنىڭ ۋە كۆڭلىنىڭ نۇرىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋەتەن سۆيگۈسىدىن بولىدۇ.

يا ئەسكى بولسا، ئوق قىڭغىر كېتىدۇ.

ئىقبال كۆچىتىدىن زىيان كەلمەس.

بۇ جانغا جان قاتىدىغان سۆزلەر نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك، ئاجىز كۆزلەرگە قاندەك كۆرۈنىدۇ.

ھەر ساختىلىقنىڭ توغرىسى بىزدە. يەر يۈزىدىكى ھەرنەرسىنىڭ نىگىزى كۆكتە.

## قەلەم

بىر كىچىك چۈمۈلە بىر قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە باشقا بىر چۈمۈلىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

"بىر قەلەم قەغەزنىڭ ئۈستىگە ھەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى يازدى. لېگەندىكى رەسىملەردەك، زىغىردەك، گۈللەردەك ئاجايىپ نەرسىلەرنى سىزدى" دەپتۇ.

چۈمۈلىنىڭ بىرى: "بۇ ئىشلارنى قىلغان بارماقلار. بۇ قەلەمنىڭ خەت يېزىشى مەسىلىنىڭ نېگىزى ئەمەس، پەقەت ۋاستىسى " دەپتۇ. يەنە بىر چۈمۈلە گەپكە ئارىلىشىپ: "ھەقىقىي ئىشنى قىلغان يا بارماق، يا قەلەم ئەمەس. ئىشنى ئەسلىدە قول قىلغان. چۈنكى ئىنچىك بارماقلار قولنىڭ كۈچىشى بىلەن قەلەمنى تۇتىدۇ ۋە قەلەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ يازدۇرىدۇ" دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ تالاش-تارتىش خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىش چۈمۈلىلەرنىڭ مېڭىسىگە تەسىر قىپتۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ مېڭىسى ئاز تولا ئىشلەيدىكەن..

بۇ ئىشلارنى سەزگەن چۈمۈلىلەرنىڭ مېڭىسى دەپتۇ:

– بۇ ئىشنى نېمىنىڭ قىلغانلىقىنى شەكىل، كۆرۈنۈشكە قاراپ ھۆكۈم قىلماڭلار. چۈنكى ئۇخلاۋاتقان ياكى ئۆلگەن بىر كىشىنىڭ خەت يازالىشى مۇمكىن ئەمەس”

شەكىل، كۆرۈنۈش كىيىم-كېچەككە ئوخشايدۇ. ئۇلار جانسىز، ئەقىلسىز، ئويلىيالمايدۇ، ھەرىكەت قىلالمايدۇ. تەڭرىنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئېھسانى بولمىغىچە، بۇ ئەقىل، بۇ كۆڭۈلنىڭ جانسىز ئىكەنلىكىنى چۈمۈلىنىڭ مېڭىسى ئەلۋەتتە بىلمەيدۇ.

### ► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

روھمۇ، ئەقىلمۇ سەن بىلەن بىللە. ئەمما، سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيسەن. ئۇلار سېنىڭ ھەرىكىتىڭنى، پۈتۈن ئىشلىرىڭنى كۆرەلەيدۇ.

بەدەن بىلەن مەشغۇل بولۇپ غەپلەتتە قالما، بولمىسا ئەقلىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايسەن .

بارماقلىرىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ باق! ئۇ ھەرىكەتنى قىلدۇرغان نېمە؟

بۇ دۇنيا، ئادەتتە ئۇخلىغان كىشىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇخلىغان ئادەم ئويلايدۇكى بۇ چۈشلەر ئەمەلىيەتتۇر، داۋاملىق مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئەيىب ۋە خاتالىقلىرىڭنى دىنغا ئارتىپ قويماي، ئۆزۈڭدىن ئىزدە.

ئۆلمەس روھ پارلىغان قۇياشقا ئوخشايدۇ.

كېسەل، ئۇيقۇ ۋە ئاغرىققا ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى بەدەنگە تەۋەدۇر. روھنىڭ بۇ سۇپەتلەر بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.

## توزنىڭ دەردى

قانات قۇيرۇقلىرى چىرايلىق بىر توز، ئۆزىنىڭ گۈزەل پەيلىرىنى يۇلۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىرسى:"ئەي گۈزەل توز، بۇ گۈزەل قاناتلىرىڭنى نېمىشقا يۇلىسەن؟ بۇ چىرايلىق پەيلەرنى يۇلۇشقا قانداقمۇ قولۇڭ باردى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ گۈزەللىككە شۈكرى قىلمايسەن؟ نېمىشكە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايسەن؟ ھەقنىڭ ياخشىلىقنى نېمە دەپ بىلمەيسەن؟ ياكى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىۋاتامسەن؟ " دەپتۇ.

"سەن كۆرۈنۈشكە، رەڭگە، پۇراققا قارايسەن. شۇڭا سەن ماڭا كەلگەن بالالارنىڭ بۇ چىرايلىق قاناتلار سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن! زالىم ئوۋچىلار، ھەر ۋاقىت ھەر يەردە بۇ قاناتلار ئۈچۈن ماڭا تۇزاقلارنى قۇرماقتا. مەن-مەن دېگەن مەرگەنلەر بۇ چىرايلىق قاناتلار ئۈچۈن ئوقلىرىنى ئاتماقتا. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ گۈزەللىگىم مېنى بەك تەكەببۇرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلار ھەر ۋاقىت بالا ئەكىلىدۇ. مەن بۇ بالا-قازالاردىن قانداق قۇتۇلۇشقا چارىسىز قالدىم. مەن ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەتلىشىشكە، تاغلار ۋە يېزىلاردىكى بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا مۆكۈنۈپ يۈرۈشكە مەجبۇرمەن. شۇنداق قىلىش مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى چارە".

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

قۇياشنىڭ شەرھلىنىشكە ۋە مەدھىيەلىنىشكە ھاجىتى يوق.

ھېچكىم قۇياشنىڭ نۇرىنى ئەجرىلتالمايدۇ.

قۇياشنىڭ يۈزىنى ئېتەك بىلەن ياپالمايسەن.

ھەسەتخورنىڭ ھەستى ئۇنىڭ ئۈچۈن دائىم بىر ئۆلۈم.

قابىلىيەتلىك ئادەم نۇرنى تاپىدۇ. چۈنكى ئۇ چاشقاندەك قاراڭغۇغا ئاشىق ئەمەس.

قاراڭغۇلۇقتىكىلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى قىلىش ئۈچۈن قۇياشقا كۆز ئاچالمايدۇ.

كۆزى ئاجىز كىشىلەر ئاسمانغا قاراپ خورمىدەك بوي تارتمايدۇ. چاشقانلاردەك يەردىن تۆشۈك كولايدۇ.

ھەقنىڭ ساھىبى بولماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن كۆڭۈلنىڭ سۇلتانى بول.

كۆكتىن ياغقان يامغۇر پاسكىنا نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈن ياغىدۇ.

توختام سۇ پاسكىنا بولىدۇ.

ئىش-ھەرىكەت ۋە سۆز كۆڭۈلنىڭ گۇۋاھچىسى . شۇڭا بۇ ئىككىسى ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىسەن.

ياخشىدىن قاچقان كىشى شەيتانغا دوست بولىدۇ.

ئوۋچى قۇشلارغا دان چاچسا، بۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن، مەرتلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئوۋلاش ئۈچۈندۇر.

روھ سەپەرگە چىقسا، بەدەن تىك تۇرىدۇ.

ناچار كۆزنىڭ داۋاسى ياخشى كۆز.

شەھۋەت ھېرىسى يىلان، مەنسەپ ھېرىسى ئەجدىھا.

نۇرغۇن كىشىلەر داننى كۆرۈپ، قىلتاقنى كۆرمەيدۇ. ئۆزىنىڭ خاملىقى بېشىغا بالا بولىدۇ.

ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ، زەپەرنىڭ ئاچقۇچى.

قۇياشتەك بىر ئەقىل، توغرىدىن باشقىغا قىلىچ چاپمايدۇ.

ئۆزىنىڭ سايىسى ئۆزىگە دۈشمەن بولغان ئادەمگە مەيلى ھىندىستاندا، مەيلى خوتەندە بولسۇن ئەمىنلىك يوق.

بۇلۇتنىڭ سايىسى يەرگە چۈشىدۇ. ئەمما، سايە ئاي بىلەن تەڭ بولالمايدۇ.

## ئوۋلانغان كىيىك

بىر ئوۋچى بىر كىيىكنى ئوۋلاپ، ئېغىلغا سولاپ قويۇپتۇ. بۇ ئېغىل ئېشەكلەر

ۋە ئۆكۈزلەر بىلەن تولغان ئىكەن. بۇ بىچارە كېيىك ئېغىل ئىچىدە ياتسىراپ ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرۈپتۇ. ئوۋچى كېچىدە ئېغىلغا كىرىپ ئېشەكلىرىگە سامان سېلىپ بېرىپتۇ. ئېشەكلەر بىلەن ئۆكۈزلەر ئاچلىقىدىن ئالدىغا سېلىنغان ساماننى ناھايىتى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلاپتۇ. كېيىك ئۈركۈپ گاھ ئۇياق-گاھ بۇياققا قاچسا، گاھ توپا-چاڭلارغا مىلىنىپ كېتىپتۇ . يوچۇنلار بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئالەم ئۇنىڭغا دوزاخ بوپتۇ. ئېپار چىقىرىدىغان كېيىك نەچچە كۈن ئېشەكلەرنىڭ ئېغىلىدا ئىزتىراپ چېكىپتۇ. ئېپار پۇرىقى بىلەن تېزەك پۇرىقى ئارىلىشىپ كېتىپتۇ.

ئاخىرى بىر ئېشەك زوۋانغا كېلىپ دەپتۇ: "بۇ ھايۋاننىڭ دادىسى بولسا شاھلارنىڭ نازارەتچىسى"

يەنە باشقا بىرسى ئەخمەق قىلىپ: "يېنىڭدىكى ئۇ قىممەت باھالىق ئۈنچىلەرنى سېتىۋەتمە" دەپتۇ.

يەنە بىر ئېشەك تەنە قىلىپ: "سەن بولساڭ پادىشاھ، تەختىڭدە ئولتۇر" دەپتۇ.

ساماننى قورسىقى ئېتىلىپ كەتكىچە يېگەن بىر ئېشەك كېيىكنى مازاق قىلغاندەك سامان يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىچارە كېيىك بېشىنى كۆتۈرۈپ: "ماغدۇرۇم يوق، ئىشتىھايىممۇ يوق" دەپتۇ.

نېرىراق تۇرغان بىرسى:"بولدى نازلانما، بىزنى پەس كۆرىۋاتامسەن يا " دەپتۇ.

بۇ تاپا-تەنىلەرنى ئاڭلىغان كېيىك: "ئۇ تاماقلار سىلەرگە تەۋە. ۋۇجۇدۇڭلار شۇنىڭغا ماسلاشقان. مەن بولسام ئوتلاقلىقلارنىڭ دوستى. يېشىللىكلەر ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، شۇ يەرنىڭ ئوتىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان. ھازىر بۇلارنى ئويلىسام ئازابلىنىمەن . ھازىر تەبىئەتنىڭ ئۇ گۈزەللىكلىرى مەندىن بەكمۇ يىراقتا. مەن گاداي بولساممۇ، كۆزۈم توق. ئۈستى- بېشىم جۇل-جۇل بولسىمۇ، ئىچىم پاك-پاكىز. مەن لالە، رەيھان ۋە باشاقلارنىمۇ نازلىنىپ يەيدىغان بىرسى مەن" دەپتۇ.

بۇ جاۋابلارنى ئاڭلىغان ئېشەكلەردىن بىرى: بولدى ۋالاقلىماي جىم تۇر.

بۇ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ.

كىيىك: "مىسكىم (ئېپار پۇرايدىغان قارا رەڭلىك كىيىكلەردە بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراقلىق ماددا) ماڭا گۇۋاھ. بۇ پۇراقتا ھېچقانداق بىر پۇراق تەڭ كېلەلمەيدۇ. پەقەت بۇ پۇراقنى پۇرالىغانلا ئاندىن قەدرىگە يېتىدۇ، پاسكىنچىلىقتا ئادەتلەنگەنلەرگە بۇ ھارام" دەپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

سەن بۇ تەندىن بىخەۋەر ئازاب ئىچىدە تۇرىسەن. جان قۇشلىرىڭ بولسا، سېنىڭ نەسلىڭدىن بولمىغانلار بىلەن بىللە!

سەجدە قىلمىغۇچە مەسچىتنى بېشىڭ بىلەن كۆتەرسەڭمۇ پايدا يوق.

كۆڭۈل شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇنىڭ ئىچىگە يەتتە قات ئاسماندەك يۈزلەرچە ئاسمان سىغىدۇ.

ئەڭ ئېسىل ھەدىيە كۆڭۈلدۇر.

كۆڭۈللەرنىڭ تەربىيەچىسى كۆڭۈللەرنى خوش قىلىدۇ.

دېڭىزنىڭ سۈيى ئۆزىنى يوشۇرسا، كۆپۈكى كۆرۈنىدۇ .

دوستۇڭ ساڭا مازارنىڭ بېشىغىچە ھەمراھ بولالايدۇ. ئەڭ سادىق دوست سېنىڭ ياخشى ئىش-ئىزلىرىڭدۇر. ئۇلار سېنىڭ بىلەن گۆرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

ھەر ئىشتا ئالدى بىلەن ئىلىم ئالىسەن، ئاندىن ياخشىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىسەن.

ئەي ئەقىل ئىگىسى، سەن ھەرۋاقىت بىلىم ئېلىشقا تىرىشقىن. ئەمما، ئۇنى ياخشى بىرسىدىن ئۆگەنگىن.

ئۈنچىنى سەدەپنىڭ ئىچىدىن ئىزدە. ھۈنەرنى ئۇستادىن ئىستە.

ئىزدىگەن نەرسەڭنى يېنىڭدىن ئىزدە.

## نجادىيەت

بىر زامانلاردا دارۋان دېگەن شەھەردە ياشايدىغان، ئەقىللىق، باشقىلارنى

ئويلايدىغان، ئېسىل مىجەزلىك بىر باي كىشى ئۆتكەن ئىكەن. بۇ باي ئەتراپىدا ياشايدىغان يوقسۇل كىشىلەرگە كۆپ ياردەم قىلىدىكەن. باي باغ ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى يوقسۇللارغا تارقىتىدىكەن. ھەمدە بۇغداينى سامىنىدىن ئايرىپ، تۈگمەندە تارتىپ، ئۇنىڭدىن مەززىلىك نانلارنى يېقىپ تارقىتىدىكەن. قانچىلىك ھوسۇل ئالسا ئالسۇن، ئۇنىڭ ئوندىن بىرىنى يوقسۇللارغا بېرىدىكەن، بۇنى ئۇ يىلدا تۆت قېتىم تەكرارلايدىكەن. بۇ ئىشتىن باينىڭ بالىلىرى نارازى ئىكەن. ئۇلار دائىم "دادىمىزنىڭ كالۋالىقىدىن نۇرغۇن ماللىرىمىز بىكاردىن بىكارغا گادايلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ" دەپ، ۋايسايدىكەن. ئەمما، ئۇلار ئالغان ھوسۇلنىڭ بەرىكىتىنى كۆرمەيدىكەن. بۇ ھالنى سەزگەن باي بالىلىرىغا ئۆزىدەك قىلىشنى نەسىھەت قىلىپ تەربىيە بېرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ساخاۋەتچى بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ: "مەندىن كېيىن سىلەر ھەرگىز ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، يوقسۇللارنىڭ ھەققىگە كۆز تىكمەڭلار. ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىق ھەرگىز ئۇزۇلۈپ قالمىسۇن. مانا شۇنداق قىلساڭلار مەھسۇلاتنىڭ بەرىكىتىنى رەببىم ھەسسىلەپ بېرىدۇ. مەھسۇلاتمۇ، مېۋىلەرمۇ ھەممىسى غايىب ئالەمدىن. ھەممىنى بەرگەن تەڭرىدۇر. ئاز يەپ كۆپ ياخشىلىق قىلىڭلار. تەڭرىنىڭ كۆپ بېرىدىغانلىقىدىن ھېچ گۇمان قىلماڭلار. ئەڭ يامىنى قەھەتچىلىكتىن تەڭرى ساقلىسۇن"

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەقنىڭ ئەرشى، ئادالەتنىڭ ماكانىدۇر.

قانائەت قىلغانلار ئۆلۈپ قالمىدى. ئاچ كۆزلۈك قىلغانلاردىن بىرسىمۇ سۇلتان بولمىدى.

يامان يىلان يامان دوستتىن ياخشى.

جان بولمىغان بەدەن، تۇپراقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

تۆگە ئۆزىگە تەگكەن كالتەككە ئاچچىقلىمايدۇ، بەلكى ئۇرغان كىشىگە ئاچچىقلايدۇ.

تەۋبە قىل! بۇغداينى كۆرستىپ، ئارپا ساتما.

ئىنسانلىق كۆچەتلىرىڭ كۆكىرىپ، تىكەنلىكىڭ گۈل باغچىسىگە ئايلانسۇن.

دەرەخلەرنى سۇغۇرۇش ئادەت. ئەمما، تىكەننى سۇغۇرۇش ئادەمگە زۇلۇم.

زۇلۇم ھەرۋاقىت بالاغا سەۋەب بولىدۇ.

تاتلىق تىل يىلاننىمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىرىدۇ.

ئالتۇن-كۈمۈش ھېرىسمەنلىكى ئېشەكنىڭ يىغىرىغا ئوخشايدۇ. كىمنىڭ ھېرىسى ئۈستۈن بولسا، يېغىرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

تۆۋە قىلىشنى بىلمىگەن ئادەم دائىم جان تالىشىپ يۈرۈيدۇ.

رىزىق دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچى مېھنەت تەرىمىزدە.

ئىنسان بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ۋەدىسى دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ھەرۋاقىت يىلتىزى ساغلام بولۇشى كېرەك. دەرەخنىڭ ياپراقلىرى يېشىل بولۇپ، يىلتىزى سېسىشقا باشلىسا ئۇ دەرەخ ھامان قۇرۇپ كېتىدۇ.

ئاقىل كىشىلەر چوڭقۇر چۈشەنچىگە، ئەركىن پىكىرگە ئىگە.

قۇرۇق گەپنى جىق قىلىدىغان كىشىلەر قاسىراققا ئوخشايدۇ. قاسىراق قېلىنلاشقانسىرى مېغىزى كىچىكلەيدۇ.

مېغىزى چوڭ بولغاننىڭ قاسىرىقى نېپىز بولىدۇ. بۇلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن بادام، ياڭاق، پىستىلەرگە قارىساڭ بولىدۇ.

قۇرۇق دۇئانى قىلىۋەرمەي، كۆچەت تىكىشنى ئۆگەن.

يولدىكى پاسكىنىچىلىق كۆڭۈلنىڭ نۇرىنى كىرلىتەلمەيدۇ.

سېۋەتنى سۇدىن چىقارغاندا، ئىچىدىكى سۇنىڭ ئېرىقتىكى سۇ ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىدۇ.

ئاچ كۆزلۈك ۋە شەھۋەت سەتىنىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.

## سىرلىق ئۆي

بۇرۇن ناھايىتى مەشھۇر ئاياز ئاتلىق بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. ئاياز ھۆجرىسىنىڭ تېمىغا چورۇقى بىلەن قېلىن يامغۇرلۇق يۇڭ چاپىنىنى ئېسىپ

قويىدىكەن. ھەر كۈنى ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئۆزىگە: "مانا چورۇقۇڭ، مەغرۇرلىنىپ كەتمە!" دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىكەن

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يامان غەرەزلىك ۋەزىرلەر پادىشاھقا: " ئايازنىڭ سىرلىق بىر ھۇجرىسىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ھۇجرا ئالتۇن-كۈمۈشلەر بىلەن تولغانلىقىنى، ھېچكىمنىڭ ئۇ ئۆيگە كىرەلمەيدىغانلىقىنى. ئۇ ئۆيگە داۋاملىق قۇلۇپ سېلىپ قويىدىغانلىقىنى" دەپتۇ.

نىيىتى يامانلار چېقىمچىلىق قىلىپ، ئۆز ئەيىپلىرىنى ئايازغا ئارتماقچى بوپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ: "ئاجايىپ بىر ئىش، ئۇنىڭ راستتىنلا بىزدىن يوشۇرغان ئاشۇنداق ئىشلىرى بارمىدۇ؟ بۇلارنىڭ راست يالغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىق!" دەپ بىر ئەمىرگە پەرمان قىپتۇ ۋە "يېرىم كېچىدە بېرىپ ئۇ ئۆينى ئاچ. قانداق نەرسە بولسا ھەممىسى سېنىڭ بولسۇن. مۇھىم بولغىنى ئۇنىڭ بىزدىن يوشۇرغانلىرىنى خەلق ئالەمگە ئاشكارا قىلىش. مېنىڭ شۇنچە ياخشىلىقىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇ خەسىس يوشۇرۇن ئالتۇن-كۈمۈش توپلامدۇ! خەلققە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلىسام، بۇغداينى كۆرسىتىپ ئارپا سېتىپتۇ." دەپ غەزەپلىنىپتۇ. ئەمما، ئۆزى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغان ئاياز ئۈچۈن، ئىچ-ئىچىدىن كۆڭلى يېرىم بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەمىر ئۆزىنىڭ ئۈچ قاراۋۇلى بىلەن يېرىم كېچىدە ئايازنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئەمىرلەر تۇرالغۇسىغا كەلگەندە بىرقانچە يىگىت مەشئەل يېقىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئەمىر ئۇلارغا: "بىز پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئايازنىڭ مەخپىي ھۇجرىسىنىڭ ئىچىدىكى كېسەك ئالتۇنلارنى ئالغىلى كەلدۇق" دەپتۇ. يىگىتلەردىن بىرى: "نېمە دەۋاتىسلەر؟ قايسى كېسەك ئالتۇن؟ ئۇ ھەقىقي سۆيگۈدىن يۇغۇرۇلغان ئۇنچە-مەرۋايىتلارنى يىغسا بۇنىڭ نەرى يامان؟" دەپتۇ.

ئەسلىدە پادىشاھ ئايازدىن ھېچ گۇمان قىلمىغان ئىكەن. مەقستى پەقەت ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى سىناپ باقماقچى بولغان ئىكەن. ئايازنىڭ پاك گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىكەن ۋە لېكىن شۈبھە كۆڭۈلگە شەك چۈشۈرگەن ئىكەن. پادىشاھ ئۆز ئۆزىگە: "ئەگەر راستىنلا شۇنداق بىر رەزىل ئىش يۈز بېرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ مەندىن خىجىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايمەن. ئاشۇنداق ئىشنى

راستىنلا قىلغان بولسا بوپتۇ. بىزنىڭ دوستىمىز نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلسۇن. دوستۇم نېمە قىلغان بولسا، ئۇنى مەن قىلغان بىلەن ئوخشاش. ئۇ دائىم مېنىڭ بىلەن بىرگە" دەپتۇ ۋە ئارقىدىنلا "بۇنداق خۇيلاردىن ئۇ مۇستەسنا" دەپ ئۆزىنى بۇ شۇبھەدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئەمىر ئۆز قاراۋۇللىرى بىلەن ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قۇلۇپنى ئاچماقچى بوپتۇ. ئەمما، قۇلۇپ شۇنداق مەزمۇت قۇلۇپ ئىكەنكى، جاھاندا ئۇنداق بىر قۇلۇپنى كۆرمىگەن ئىكەن. بۇ قۇلۇپنى ئاياز مال-دۇنيانى ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆز سىرلىرىنى ساقلاش ئۈچۈن سالغان ئىكەن. ھېكمەتكە باي كىشىلەرنىڭ شۇنچىلىك بىباھا سىرلىرى باركى ئۇ ئالتۇن-كۈمۈشلەردىنمۇ ئەتىۋارلىق. ئەلۋەتتە بەزىلەر ئۈچۈن ئالتۇن جاندىنمۇ ئەلا . ئەمما، ئىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىلىم ئالتۇندىن بىباھا.

ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە قۇلۇپنى چېقىپ، ھۇجرىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ئۆينىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىپتۇ .. ئەمما، مال-دۇنيانىڭ زەررىسىنىمۇ تاپالماپتۇ. ئۇلار ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلىرىنى ساڭگىلاتقان پېتى قايتىپتۇ. بۇ ھاللىرىنى كۆرگەن پادىشاھ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى سېزىۋالغان بولسىمۇ قەستەن: "بۇ نېمە ھال؟ قوللىرىڭلاردا، مۇرەڭلەردە خالتا، تاغارلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇلارنى باشقا يەرگە قويۇپ قويدۇڭلارمۇ يا؟ ھالىڭلار نېمانداق سۇلغۇن؟" دەپ سوراپتۇ. ئاياز توغرىسىدا ئۇششاق گەپ-سۆزلەرنى تارقاتقان بارلىق ۋەزىرلەر پادىشاھتىن ئەپۇ سوراپ دەپتۇ: "ئەي جاھان سۇلتانى، ئەگەر جانلىرىمىزنى ئالماقچى بولساڭ، بۇ جان ساڭا پىدا بولسۇن. بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسەڭ بۇ سېنىڭ ياخشىلىق ۋە ئېھسانىڭدۇر. ئەمىر-پەرمان پادىشاھىمىزنىڭدۇر. بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىز بىزنىڭ ھەسەتخورلۇقىمىزدىن بولغان. ئۆز گۇناھلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ بويىنىغا سىرتماق بولسۇن. ئەگەر گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرسەڭ بۇ سېنىڭ مەرھەمەتىڭدۇر.

پادىشاھ دەپتۇ: "مەيلى جازالاي، مەيلى كەچۈرۈم قىلاي بۇ مېنىڭ ئىلكىمدە ئەمەس. بۇ ئىشقا ئاياز ئۆزى ھۆكۈم قىلسۇن. بۇ يامانلىق ئاياز ئۈچۈن ھاقارەت. ئايازنىڭ قەلبى زىدىلەندى." پادىشاھ ئايازنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ: "بۇ گۇناھكارلار ئۈچۈن ئۆزۈڭ ھۆكۈم بەر. سېنى ئون قېتىم سىنىساممۇ سېنىڭدىن بىر خىيانەتچىلىكنى تاپالمايمەن. پەزىلەت ئىگىلىرى ئۇنداق خىيانەت قىلمايدۇ. خەلقنى

سان-ساناقسىز ئىمتىھانلار بىلەن سىنايدىغانلار، سېنىڭ ئالدىڭدا خىجالەتچىلىكتە قالدى.

ئاياز پادىشاھقا مۇلايىملىق بىلەن دەپتۇ: "ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم. پۈتۈن ئەمىر پەرمان سېنىڭدۇر. قۇياش بار يەردە يۇلتۇزلار كۆرۈنمەيدۇ. چورۇقۇم بىلەن چاپىنىمدىن ۋاز كېچەلىگەن بولسام بۇ ئىشلار يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ھەسەتخورلارنىڭ يامان نىيەتلىرى بولمىغان بولسا ھۇجرىغا قۇلۇپ سېلىشنىڭ ھاجىتى يوقتى. ئۇلار قولىلىرىنى دەريانىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئىچىدىن قۇرۇق تۇپراقلارنى ئىزدىمىگەن بولاتتى. ئۇلار دائىم باشقىلاردىن گۇمان قىلىپ ياشايدۇ. ئۇ ئۆيدە مېنىڭ ئاشۇ كونا چورۇقۇم بىلەن ئەسكى يۇڭ چاپىنىمدىن باشقا نەرسېنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ"

پادىشاھ: "بۇ چورۇق بىلەن چاپانغا بولغان ئىشقىڭ زادى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟ مەجنۇن لەيلاغا ئاشىق بولسا، سەن بىر چورۇق بىلەن يامان چاپانغا كۆڭۈل بېرىپسەن. ئىككىسىگە جېنىڭ مەھلىيا بوپتۇ . ئۇ كونا نەرسىلەرنى بىر ھۇجرىغا ماكانلاشتۇرۇپسەن. بۇ چورۇق قايسى ئاساق(سۇلايمان پادىشاھنىڭ مەشھۇر ۋەزىرى)نىڭ چورۇقى؟ بۇ يامان چاپان يۇسۇفنىڭ كۆينىكىمۇ يا؟ ئەي ئاياز بۇ چورۇقنىڭ سىرىنى بايان ئەيلە. سۆزلىسەڭ گەپ تولا، سەن دەرھال ئەھۋالىڭنى ئاڭلات." دەپتۇ.

ئاياز، چورۇق بىلەن يامان چاپاننىڭ سىرلىرىنى پەقەت پادىشاھقىلا دەپتۇ، باشقا ئىنسان ئاڭلىماپتۇ.

ھېكايىلەر سىرلار بىلەن تولغان خەزىنىدۇر.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

باياشاتچىلىق ئىنسانىنى ھاكاۋۇر قىلىۋېتىدۇ. ئەقلىنى باشتىن، ئىزانى يۈزدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

ئەي تەنىنىڭ ئەسىرى، ساڭا ئاشىق دوستتۇر. تېرەڭنىڭ ئاغرىشى جانىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ.

مۇز قۇياشنى كۆرسە ئېرىپ كېتىدۇ.

تاش تاشلىق سۈپىتىدىن ۋاز كەچمىگىچە ئۈزۈك بولالمايدۇ.

كىبىرنىڭ ئارزۇسى مەنسەپ ۋە مال-دۇنيا.

ئىشق بولمىغان بولسا مەۋجۇتلۇق يوق بولغان بولاتتى.

گەرچە دەرەخنىڭ يىلتىزى يوشۇرۇن بولسىمۇ، يېشىل ياپراقلىرى يۈزىدە ئاشكارا بولىدۇ.

يىلتىزى قانداق بولسا ياپراقلىرىدا شۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەم ئىلىم بىلەن پەرىشتىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بەزىلەر ئۈچۈن ئالتۇن جاندىنمۇ ئەلا. بىراق، ئىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن ھېكمەت ئالتۇندىن بىباھا.

## سىناق

پادىشاھ بىر كۈنى دىۋانغا پۈتۈن ئەركانلىرىنى يىغىپتۇ، يېنىدىن تەڭداشسىز بىر گۆھەرنى چىقىرىپ ۋەزىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ ۋە "بۇنىڭ قىممىتى قانچىلىك؟" دەپتۇ.

ۋەزىر: "يۈز خالتا ئالتۇنغا تەڭ" دەپتۇ.

پادىشاھ: "ئۇنداقتا ئۇنى چاق!"

ۋەزىر: "بۇنداق قىممەت باھالىق ئېسىل گۆھەر خەزىنىمىزنىڭ كۆزىدۇر. بۇنى قانداقمۇ چاقالايمەن؟ بۇنداق قىممەت باھالىق گۆھەرنى چېقىپ، ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشكە قانداقمۇ قولۇم بارسۇن" دەپتۇ.

ئەقىللىق پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ۋەزىرنى تەقدىرلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قىممەتلىك تون كىيگۈزۈپ، تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن گۆھەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە دىۋان ھەيئەتلىرى بىلەن مۇنازىرە قىپتۇ. كېيىن گۆھەرنى بىر ئوردا خىزمەتكارىغا بېرىپتۇ ۋە "بۇنىڭ باھاسى سېنىڭچە قانچىلىكتۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

ئوردا خىزمەتكارى: "بۇنىڭ باھاسى مەملىكىتىمىزنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى خېيىم-خەتەرلەردىن ساقلىسۇن" دەپتۇ.

پادىشاھ: " ئۇنداقتا ئۇنى چېقىۋەت!" دەپتۇ.

ئۇ: "ئەي گۈزەل شاھىم! بۇنداق بىر بىباھا گۆھەرنى چېقىۋەتسەك بەك ئۇۋال بولىدۇ. ئۇنى چېقىشقا ھەرگىز كۆزۈم قىيمايدۇ. ئۇنى چېقىۋېتىش شاھىمنىڭ خەزىنىسىگە قەست قىلغان بىلەن باراۋەردۇر" دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇنىمۇ تارتۇقلاپتۇ. ئاندىن گۆھەرنى بىر بەگكە بېرىپتۇ. ئۇنىمۇ سىناپ بېقىپتۇ. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلار چاقماپتۇ.

ئاخىردا پادىشاھ گۆھەرنى ئايازغا بېرىپ: "ئەي ئاياز! بۇ گۆھەرنىڭ ھەقىقي قىممىتى زادى قانچىلىك؟ قېنى سەن ئېيتىپ باق!" دەپتۇ.

ئاياز: "دېيىلگەنلەردىن تېخىمۇ قىممەت"

پادىشاھ: "ئۇنداقتا ئۇنى چېقىپ ئېزىۋەت"

ئاياز گۆھەرنى ئېلىپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن چېقىپ، ئۇششاق قىلىۋېتىپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئەتراپتىكى ئوردا ئەركانلىرى دات-پەرياد قىلىشىپتۇ ۋە " بۇنداق نۇرلۇق گۆھەرنى قورقماي چاققان تۈزكوردۇر!" دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

ئاياز ئۇلارغا قاراپ خىتاب قىپتۇ: "ئەي جانابلار، سىلەر دەپ بېقىڭلار، پادىشاھىمىزنىڭ ئەمر-پەرمانى قىممەتلىكمۇ ياكى ئاشۇ گۆھەرمۇ؟ سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا پادىشاھ ئالىلىرىنىڭ پەرمانى ئۈستۈنمۇ، ياكى گۆھەرمۇ؟ سىلەر گۆھەرگىلا قارىدىڭلار، شاھ ئالىيلىرىنى ئويلىمىدىڭلار. مەن پادىشاھىمىزدىن باشقا نەرسىگە قارىمايمەن. مەن تاشقا مايىل ئەمەس. رەڭلىك بىر تاشقا ئەسىر بولغان جان، جەۋھەرسىزدۇر ۋە پادىشاھنىڭ ئەمرىدىن ھېچ خەۋەرسىزدۇر"

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باشقىلار باشلىرىنى ئېگىشىپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. مىڭ پۇشايمان قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىدىن ئەنسىرەشكە باشلاپ، غال-غال تىترەپتۇ.

پادىشاھ جاللاتقا ۋارقىراپ: "بۇنداق نانكورلارنىڭ كاللىسىنى ئال!"

پادىشاھنىڭ بۇ غەزىپىنى كۆرگەن ئاياز پادىشاھقا يالۋۇرۇپ: " ئۇلۇغ شاھىم، جاھان سېنىڭ ياخشىلىقىڭ بىلەن چۈگىلەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى

بولغان ئېسىل زات، پۈتۈن جاھان سېنىڭ ئېھسانىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇشىدۇ. قىزىل گۈلمۇ سېنىڭ ياخشىلىقىڭنى كۆرگەندە ئىزادىن ياقىسىنى يىرتىدۇ. ئۇلار ئەمرىڭگە قارشى ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، سەن ئۇلارنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىنى كەچۈرگىن. سەندىن ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەيمەن" دەپ، ئىلتىجا قىپتۇ.

پادىشاھ ئايازنىڭ بۇ يالۋۇرۇشلىرى ئالدىدا تەڭقىسلىقتىن ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىپتۇ.

## ► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئاتىنى، ئاتقا ئىگە بولۇش ۋە ئاتىنى مىنىپ نىشانغا يېتىشى ئۈچۈن ئىزدەيدۇ.

ئاتقا بولغان مۇھەببەت، مەنزىلگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

سۈرەتلەر ئۈچۈن ھەسرەت چەكمە.

خاس قۇل بول. ناچار خۇيلاردىن قۇتۇل. زەھەر ساڭا ئابى ھايات بولسۇن.

يوقلۇقتىن باش كۆتۈرگەن ھەربىر مەۋجۇتلۇق، بىرسىگە زەھەر بولسا، بىرسىگە ھەسەلدۇر.

يۇلتۇزلارنى تونۇغان كېمىچىدىن باشقىسى، يۇلتۇزلار ئارقىلىق يول تاپالمايدۇ.

ئەقىل ئەجەل قورقۇسىدا تۇرغاندا، ئاشىق شادلىقتا تولىدۇ.

خام كېسەك يامغۇردا مىجىلسا، تاش ھېچ نېمە بولمايدۇ.

## گۆش بىلەن مۈشۈك

بىر ئادەمنىڭ ئاچ كۆز، يامان خۇيلۇق بىر ئايالى بار بولۇپ، ئادەم ئۆيگە نېمە ئەكەلسە، شۇنى ناھايىتى ئىسراپ قىلىۋېتىدىكەن. ئادەم بۇ ئىسراپخورلۇقتىن جاق تويغان ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئادەم مېھمانلار ئۈچۈن ئۆيگە ئازراق گۆش ئەكەپتۇ. بۇ گۆشنى كۆرگەن ئايال، گۆشنى پىشۇرۇپ، شاراب بىلەن تازا مەززە قىلىپ يەۋېتىپتۇ. ئادەم مېھمان كېلىدىغان چاغدا ئايالىغا :"خوتۇن گۆش بىلەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئوخشىتىپ بىر تاماق قىلىڭلار. ئەكەلگەن توقاچلارنىمۇ ئۈستەلگە

چىرايلىق تىزىڭلار" دەپتۇ. ئەمما، ئايالدىن ھېچ سادا چىقماپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم گۆشنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئايالى: " گۆشنى قويۇپ قويغان يەردىن مۈشۈك يەۋېتىپتۇ . ئەمدى مېھمانلار ئۈچۈن باشقا گۆش ئال" دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئادەم ناھايىتى جىلە بولۇپ، ئايالغا ئىشەنمەي: "تارازىنى ئەكەل، مۈشۈكنى تارتىمەن. كۆڭلۈمدىكى بۇ گۇمان ئايان بولسۇن" دەپتۇ.

ئادەم، مۈشۈكنى تارتسا يېرىم پاتمان كەپتۇ. ئادەم ئايالىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ: "ئەي يالغانچى قىزىل كۆز . گۆشنىڭ ھەممىسى يېرىم پاتمان تۇرسا. مۈشۈكنى تارتسام ئۇمۇ يېرىم پاتمان كەلدى. ئۇنداقتا مۈشۈك بۇ بولسا مەن ئەكەلگەن گۆش قېنى؟ گۆش بۇ بولسا ئۇنداقتا ئۇ مۈشۈك قېنى؟" دەپتۇ.

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

تەن بۇ بولسا روھ نەدە؟ روھ بۇ بولسا تەن نەدە؟

ئەسلىدە تەن بىلەن روھ بىردۇر. روھ بەدەنسىز بىر ئىش قىلماس. روھسىز بەدەنمۇ بىر جانسىز نەرسىدۇر.

تەن زاھىر بولسا جان يوشۇرۇن. جاھاننىڭ سەۋەبلىرى ئىككىسىنى بىر-بىرىگە باغلىغان.

قار بىلەن مۇز قۇياشنى كۆرسە ئۆلاردىكى خۇسۇسىيەت پۈتۈنلەي يوقايدۇ.

## ئەمىر ۋە زاھىد

ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بىر ئەمىر ئۆتكەن ئىكەن. بۇ ئەمىر ناھايىتى ئوچۇق چىراي، خۇشخۇي، مەرد كىشى بولۇپ، شاراپنى كۆپ ئىچىدىكەن، يوقسۇللارغا كۆپ ياردەم قىلىدىكەن. كەمبەغەللەرگە دائىم ماللىرىدىن بۆلۈپ بېرىپ، خەيرى-ساخاۋەت قىلىپ تۇرىدىكەن. كۆڭلى دەريادەك كەڭ ئىكەن. كەمبەغەللەرنىڭ قۇياشى ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر مېھمان كەپتۇ. ئەمىر كەلگەن دوستى بىلەن شاراب ئىچىپ مۇڭداشماقچى بولۇپ، خىزمەتكارىغا: "ماڭ مەيخانىدىن شاراب

ئەكەلگەن. پالانچىنىڭ قىشىغا بار. ئۇنىڭ شارابى بەك ئېسىل" دەپ بۇيرۇپتۇ.

خىزمەتكار شاراب ئالماقچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ ۋە مەيخانىغا بېرىپ ئالتۇن بېرىپ، شاراب سېتىۋاپتۇ. شاراپنى سېتىۋالغان خىزمەتكار ئۇدۇل ئۆيگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر زاھىد (دىندار) ئۇچراپ قاپتۇ. زاھىد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىدىغان، قەلبىدە تەڭرىدىن باشقىغا ئورۇن يوق، ئاللاھ ئوتىدا يېنىپ پۇچۇلانغان زات ئىكەن. زاھىدنىڭ كۆڭلى دائىم ئۇرۇش ئىچىدە ئىكەن. كېچە-كۈندۈز نەپسى بىلەن كۈرەش قىلىپ ياشايدىكەن. نەپسى-خاھىشىغا قەتئىي يول بەرمەيدىكەن. يىللارچە نەپسى بىلەن بولغان كۈرەشلەر نەتىجىسىدە چارچاپمۇ قالغان ئىكەن.

زاھىد، خىزمەتكاردىن كۈپىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سوراپتۇ.

ـ شاراب بار.

ـ بۇ شاراب كىمنىڭ؟

ـپالانى ئەمىرنىڭ .

زاھىد: "ھەق يولىدا ماڭغان ئادەممۇ مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ھەم ھەق يولىدا ماڭسۇن، ھەم يەپ-ئىچىپ، ئويۇن-تاماشا قىلسۇن. شاراب ئىچكەندە ئەقلىدىن ئازىدىغانلىقىنى ئۇ ئەمىر بىلمەمدۇ؟" دەپتۇ-دە، يەردىن بىر تاشنى ئېلىپ، كۈپىقا ئېتىپلا، كۈپنى چېقىۋېتىپتۇ. زاھىدنىڭ بۇ غەزىپىنى كۆرگەن خىزمەتكار ئالدى كەينىگە قارىماي تىكىۋېتىپتۇ ۋە ھاسىراپ ئەمىرنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ.

قۇرۇق قول كەلگەن خىزمەتچىنى كۆرگەن ئەمىر: "شاراب قېنى ؟" دېيىشىگە، خىزمەتكار بېشىدىن ئۆتكەننى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەمىر قاتتىق غەزەپكە كېلىپ "ماڭ ، ئۇ زاھىدنىڭ ئۆيىنى ماڭا كۆرسەت. ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ قوياي. ئەگەر ئۇ پىتنە چىقارماقچى بولسا، راست گېپىنى ئوچۇق قىلسۇن. ئېشەكلەر پەقەت قامچىنىڭلا گېپىنى ئاڭلايدۇ" دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ يېرىم كېچىدە چالا مەست ئەمىر زاھىدنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئەمىرنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيغان زاھىد قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، ئەدىيالنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنىۋاپتۇ. ئەمىرنىڭ سۆزلىرىنى ئەدىيالنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ

ۋە ئىچىدە ئويلاپتۇ: "ھەر كىمنىڭ ئەيىپلىرىنى يۈز تۇرانە تۇرۇپ دېيىش كېرەك ئىدى. ئەمما، بۇنىڭغا جاسارەت لازىم. بۇنى پەقەت ئەينەكلا قىلالايدۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر سەت ئەينەك لازىمكى، سەت يۈزىنى ئەينەكتىن كۆرسۇن. ئەينەك ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ ئەيىبىڭ دېسۇن"

ئەمىر: "بىزنىڭ كوزىمىزغا كىم تاش ئاتالايدۇ. ئۇنى چېقىشقا جۈرئەت قىلغان كىم؟ مېنىڭ باشقۇرۇشۇم ئاستىدىكى يەرلەردە، ئارسلانمۇ قورقۇنچتا يوشۇرۇن ياشايدۇ. ئۇ زاھىد نېمە ئۈچۈن مېنىڭ خىزمەتكارىمنى رەنجىتتى؟ نېمە ئۈچۈن مېھمانىنىڭ يېنىدا بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكتى؟ ئۆز قېنىمىزدىنمۇ ئەتىۋارلىق شاراپنى يەرگە تۆكتى. ئەمدى قوپۇپ خوتۇنلاردەك قېچىپ يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. قۇشلاردەك ھاۋالاردا ئۇچسىمۇ مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مېنىڭ قەھرىم، ئۇنىڭ قاناتلىرىنى سۇندۇرۇپ، يەرگە موللاق ئاتقۇزىدۇ. ئەڭ قاتتىق تاشنىڭ ئىچىگە كىرىۋالساڭمۇ، مەن ئۈچۈن بەرىبىر. سېنى ئۇ يەردىن ھامان تارتىپ چىقىرىمەن. مەقسىتىم ئۇنى قاتتىق جازالاپ، خەلق ئالەمگە ئىبرەت قىلىش. خەلق بۇنى كۆرۈپ ئىتائەتمەن بولسۇن. ھەم ئۇنى ھەم ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلارنى جازاغا تارتىشىم كېرەك" دەپ ۋارقىراپتۇ.

ۋارقىرىغانسىرى ئەرۋايى ئۆرلەپ، غەزەپ ئوتىدىن ۋۇجۇدى يېنىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئەتراپىدىكىلەر، ئەمىردىن ئۇ زاھىدنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يالۋۇرۇپ، ئۆتۈنۈپتۇ :"ئەي ئەمىر، بۇنچىلىك ئاچچىقلىنىش، ئۆچمەنلىك ساڭا مۇناسىپ ئەمەس. شاراب تۆكۈلگەن بولسىمۇ سەن ئۇنىڭسىزمۇ خۇشال، كۆڭلۈڭنى ئاچالايسەن. سەن ئۇنچىلىك شارابقا ئۆزۈڭنى يەرگە ئۇرما. ئۇ شاراپ ساڭا قۇل بولسۇن. بارلىق مەسلەر سېنىڭدىن قىزغانسۇن. سېنىڭ ئۇ شارابقا ھېچ ئېھتىياجىڭ يوق. سەن بىر ئوكيان. ئۇ تامچىلار سېنىڭ يېنىڭدا يوق بولىدۇ. ھۇزۇر - ھالاۋەت سەندە. ئۇنىڭ مەنبەسى سەن. سەن ئۆزۈڭ خوشخۇي، يېقىملىق سەن. ھەممە خۇشاللىق، ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئاساسى سەن. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن شارابتىن ياخشىلىق كۈتىسەن؟ ئۇنىڭدىن خۇشاللىق تىلەيسەن؟ 

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ھەر كىم ئۆزىنى بىر ئىشقا پىدا قىلىدۇ. ئۆمرىنى ئۇ يولغا ئاتاپ، ئاشۇ مەقسەت ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئەقىل، پىكىر، تەدبىرلەر ئىنسانغا قۇل ئىكەن، ئۇنداقتا سەن ئۆزۈڭنى كىچىك ئىشلارغا ئۇپراتما.

ھەر كۈننىڭ كەيپى باشقا.

ھەر كۈننىڭ چۈشەنچىسىدە باشقا بىر ئەسەر بارلىققا كېلىدۇ.

سەن بىر تامچە سۇدا يوشۇرۇنغان ئىلىم دېڭىزى.

سېنىڭ بەدىنىڭگە ئالەم يوشۇرۇنغان.

بىر تىرىكنى ئۆزىگە يار قىلغان كىشى، بىر ئۆلۈكنى ئۆزىگە يار قىلارمۇ؟

## خاتالىق

يامغۇرلۇق بىر كېچىدە بىرسىنىڭ ئۆيىگە كۈتمىگەن بىر مېھمان كېلىپ قاپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇ مېھماننى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ، داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ ۋە ئوبدان مېھمان قىپتۇ. بۇ كېچە مەھەللىدە ئۇ ئادەمنىڭ بىر يېقىنى ئوغلىنىڭ سۈننەت توينى قىلغان ئىكەن. ئايالى تويغا بارماقچى ئىكەن. شۇڭا ئۆي ئىگىسى ئايالىغا: "تويغا مېڭىشتىن بۇرۇن، كەچتە ياتىدىغان ئورۇنلارنى سېلىۋېتىپلا كەت. ھەقچان كەچ كېلىسەن. ئىككى ئورۇن راسلا. بىزنىڭ ئورنىمىزنى ئىشىكنىڭ يېنىغا سال. مېھماننىڭ ئورنىنى ئاۋۇ تەرەپكە سال"دەپ جېكىلەپتۇ.

ئايال: "بولىدۇ جانىم. ھېچ بۇ ئىشلاردىن غەم قىلما. ھەممە ئىشنى كۆڭلۈڭدىكىدەك قىلىمەن. بۇلارغا بېشىڭنى قاتۇرۇپ يۈرمە" دەپتۇ.

ئايال ئورۇنلارنى راسلاپ بولۇپ، سۈننەت تويغا مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ مېھمان ئۆي ئىگىسى بىلەن قاپتۇ. ئىككىسى مۇڭداشقاچ مېۋە-چېۋىلەردىن غىزالىنىپ بىر ۋاختقىچە ئولتۇرۇپتۇ. پاراڭنىڭ ئىچىدىن پاراڭ چىقىپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىشىپ كۆڭۈللۈك بىر سۆھبەتتە بولۇشۇپتۇ. بىر چاغدا مېھماننىڭ قاتتىق ئۇيقۇسى كېلىپ ئەسنەشكە باشلاپتۇ ۋە ئۇدۇل بىرىپلا ئىشىك تۈۋىگە سېلىنغان ئورۇنغا پوككىلا چۈشۈپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. ئۆي ئىگىسى خىجالەتچىلىكتىن بىر نەرسە دېيەلمەي قاپتۇ. " ئاداش سېنىڭ ئورنۇڭنى بۇ تەرەپكە

سالغان، خاپا بولماي جايىڭدا يات" دەپ ئىككى ئېغىز گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆي ئىگىسى مېھمانغا ئاتاپ سېلىنغان ئورۇندا يېتىپتۇ ۋە "ئايالىم كەلگىچە بەربىر ئۇخلىمايمەن. كەلگەندە مەن تەرەپتە ياتار" دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما، ياستۇققا بېشىنى قويا قويمايلا قاتتىق ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.

يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئايالى ئۈستى-بېشى چىلىق-چىلىق ھۆل ھالەتتە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئايال پىلان بويىچە "مېھمان ئاۋۇ تەرەپتە ياتتى. ئىشىكنىڭ يېنىدا ياتقان يولدىشىم"دەپ ئويلاپتۇ. ھۆل كىيىملىرىنى سېلىپ ، ئاستا كېلىپ مېھماننىڭ يېنىدا يېتىپتۇ ۋە مۇزدەك لەۋلىرى بىلەن مېھماننىڭ يۈزىگە سۆيۈپ قويۇپتۇ.

ئايال: "ھەي نېمىدىن ئەنسىرىسەم شۇ بېشىمغا كېلىدۇ. بۇ بىر ئېغىز ئۆيدە مېھمان بىلەن قىسىلىپ قالدۇق. مېھمانمۇ بۇ يامغۇرلۇق كېچىدە قورۇنۇپ قالدى. كېتەي دېسىمۇ بەربىر كېتەلمەيتتى. يوللار يامغۇرنىڭ دەستىدىن پاتقاق بولۇپ كەتتى. ئادەم كېچىدە تېيىلىپ ھەرگىزمۇ ماڭالمايدۇ. مانا بولغۇلۇق يەنە بىزگە بولدى" دەپ مېھمانغا ئاستا پىچىرلاپتۇ.

مېھمان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، چاچراپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: "ھەي خوتۇن. قويۇۋەت مېنى. ئاياقلىرىم قەيەردە؟ يامغۇردىن قورقىدىغان بىرسى ئەمەسمەن. مەن كېتىمەن. تەڭرى سىلەرگە سالامەتچىلىك بەرسۇن. مەن يولۇمدىن قالماي" دەپتۇ.

ئايال: "كەچۈرۈڭ، مەن چاقچاق قىلىپ قويغان" دەپ يۈكۈنۈپ يالۋۇرۇپتۇ. يولدىشى ئويغىنىپتۇ ۋە ئۇقۇشماسلىق بولغانلىقىنى دەرھال پەملەپ مېھمانغا چۈشەندۈرۈپ، تۇتۇپ قالماقچى بوپتۇ. ئەمما، مېھمان جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپ، ئۆيدىن تالاغا چىقىپ، يامغۇرلۇق كېچىدە يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەر-ئايال كۆڭلى غەش ھالدا قاراڭغۇ بىر سىماننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپلا قاپتۇ.

بۇ سەتچىلىكتىن كېيىن ئەر-ئايال ھەر ئىككىلىسى ناھايىتى مېھمان دوست بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئەر-ئايال ھەر ئىككىسىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ قاراڭغۇ يامغۇرلۇق كېچىدىكى مېھماننىڭ سىماسى كەتمەيدىغان بوپتۇ . ھەر ۋاقىت ئۇ

مېھمانىنىڭ: "مەن، خىزىرنىڭ دوستى ئىدىم. سىلەرگە مەردلىك بىلەن نۇرغۇن خەزىنە ئاتا قىلماقچى ئىدىم. ئەمما، سىلەرگە نېسىپ بولمىدى. ئامال قانچە، تەقدىرىڭلا ئاشۇنداق ئوخشايدۇ." دېگەن سۆزلىرى ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ قۇلىقى داجاراڭلايدىكەن.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

كىيىۋالغان كونا چاپىنىغا قارىما. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇندۇر.

سايە كۈندۈزى كۆرۈنىدۇ .

بۇلۇتنى كېچىدە ئىزدىمە.

ئاشىقلارنىڭ شارابى يۈرەك قانىدۇر.

ئاشىقلارنىڭ كۆزلىرى ھەرۋاقىت يولدىن، مەنزىلدىن ئايرىلمايدۇ.

ئىنسانىنىڭ بەدىنى بىر مېھمانخانىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى باشقا مېھمانلار كېلىپ قونىدۇ. "ھەرگىز مېھمان ماڭا يۈك بولدى" دېمە. بىر ئاز تۇرىدۇ. يەنە قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كېتىدۇ.

غەملەر سېنىڭ خۇشاللىق يولۇڭنى توسسا قايغۇرما. چۈنكى ئۇ غەم سېنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق، بەخت ئەكىلىدۇ.

غەم كۆڭۈل ياپراقلىرىدىكى سارغايغان، قۇرۇغان غازاڭلارنى ئايرىپ، شاخلاردىن يېڭى يوپيۇرماقلارنىڭ چىقىشىغا ياردەم قىلىدۇ.

## سوپىنىڭ جەڭگە بېرىشى

بىر سوپى، ئەسكەرلەر بىلەن ئۇرۇشقا بېرىپتۇ. ئاتلىق ئەسكەرلەر جەڭ مەيدانىغا ئاتلانغاندا، سوپى جەڭگە بارماي چېدىرلارغا قاراپ قاپتۇ. ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سەپداشلىرى جەڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ. تۇرالغۇ جايغا قايتىپ كەپتۇ ۋە جەڭدە نۇرغۇن ئەسىرلەرنى، غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ. تۇرالغۇدا قالغان سوپىغا، ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان ئاتلاردىن بىرنى ھەدىيە قىپتۇ. ئەمما، سوپى بۇ ھەدىيەنى رەت قىلىپ ئالماپتۇ. سوپىنىڭ ئاتنى ئالمىغانلىقىدىن رەنجىگەن بىرسى: "نېمىشقا ئالمايسەن؟ نېمىگە قېيداپ قالدىڭ؟" دەپ سورىسا،

سوپى مۇنداق جاۋاب قايتۇرۇپتۇ: "مەن بۇ مۇقەددەس جەڭگە قاتنىشالماي قالدىم" دۇشمەننىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. سوپىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن سەپداشلىرى: "ناھايىتى كۆپ ئەسىر ئالدۇق. سەن بۇلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئۇرۇشقا ئۆزۈڭنىڭ ھەسسىسىنى قوش. يامانىنىڭ كالللىسىنى ئالساڭ سەنمۇ بىزدەك غازى بولىسەن" دەپ سوپىنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سوپى جاسارەتكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلماقچى بوپتۇ . بۇنىڭ بىلەن سوپى باغلاقلىق ئەسىرنىڭ ئىچىدىن بىرىنى تاللاپ، چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپتۇ. ئەمما، خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ سوپى قايتىپ كەلمەپتۇ. غازىلار :" زادى نېمە بولغاندۇ؟ ئەسىرنىڭ ئىككى قولى باغلاقلىق تۇرسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت كېتەمدۇ؟" دەپتۇ ۋە چېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قارىسا، ئەسىر سوپىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان، سوپى ئەسىرنىڭ ئاستىدا تۇرغۇدەك. قولى باغلاقلىق ئەسىر قاتتىق غەزەپ بىلەن سوپىنىڭ بويىنىنى چىشلەۋاتقىدەك. سوپى ھوشسىز ھالدا ياتقۇدەك. ئەسىر قاتتىق چىشلىگەنلىكتىن سوپىنىڭ بويۇنلىرى قانغا بويالغان ھالدا تۇرغۇدەك. بۇ ھالنى كۆرگەن غازىلار دەرھال بېرىپ، ئەسىرنىڭ كالللىسىنى بىر قىلىچ بىلەن تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ھوشسىز سوپىنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ ، يۈز-كۆزىنى پاكىز يۇيۇپ، يارىسىنى تېڭىپتۇ. ئاندىن سوپىدىن" "ھەي ئەزىز! ساڭا زادى نېمە بولدى؟ ئۆزۈڭنى قانداق قىلىپ يوقىتىپ قويدۇڭ؟ قوللىرى باغلاقلىق ئەسىردىن قورقۇپ ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ ؟ قانداق بولۇپ ئۇنىڭ ئاستىدا قالدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ.

سوپى: "ئۇنىڭ كالللىسىنى ئالاي دەپ قىلىچنى شۇنداق كۆتۈرۈشۈمگە، ئۇ ماڭا شۇنداق بىر غەزەپلىك كۆز بىلەن قارىدىكى، مەن شۇ زامات ئۆزۈمنى يوقىتىپ، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرى ماڭا بىر قوشۇن ئەسكەرلەردەكلا كۆرۈندى . قالغان ئىشلارنى بىلمەيمەن." دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان غازىلار: "سېنىڭ بۇ توخۇ يۈرەكلىكىڭ بىلەن جەڭگە قاتنىشىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا قولى باغلاقلىق ئەسىرگىمۇ تەڭ كېلەلمىدىڭ. باھادىر جەڭچىلەر ئارسلانلار ھەرىكەتكە ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ باشلىرى قىلىچتىن قورقۇپ قالمايدۇ. بويۇنلىرى قىلىچنىڭ زەربىسىدىن شارت-شارت كېسىلىپ، باشلىرى يەرگە توپتەك چۈشىدۇ. ھايات قالغانلىرى جەڭنىڭ

ئاخىرقى غەلبىسى ئۇچۇن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ئۆلۈمگە پەرۋا قىلىپ قويمايدۇ. جەڭ مەيدانى قان دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ. سەن بۇ ھالىڭ بىلەن ئۇ قان دېڭىزلىرىدا قانداقمۇ ئۈزەلەيسەن؟ قانچىلىغان باشسىز تەنلەر، قانچىلىغان تەنسىز باشلار يەرلەردە دومىلايدۇ. جەڭ مەيدانىدا كىشىنگەن ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قانچىلىغان يىگىتلەر چەيلىنىپ ئۆلىدۇ. چاشقاندەك قورقۇپ يۈرگەنلەر ئۇ جەڭلەردە قانداقمۇ قىلىچ تۇتۇپ جەڭ قىلالىسۇن؟ جەڭ ھەرگىزمۇ دەرگاھتا قوشۇق تۇتۇپ شورپا ئىچىپ ئولتۇرۇشقا ئوخشىمايدۇ. قوشۇق تۇتۇپ كۆنگەن بۇ قوللار قانداقمۇ قىلىچ تۇتالىسۇن؟ ھەمزىدەك ئارسلان يۈرەكلىك بولغاندىلا، ئاندىن تۆمۈر قىلىچنى تۇتۇپ جەڭ قىلالايسەن. بۇ ئىش باھادىر ئەرلەرنىڭ ئىشى، قورقۇنچاقلارنىڭ ئەمەس." دەپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

جېنى تاتلىقلار يەر يۈزىدە قالىدۇ. ئەڭ ئالدىدا ماڭغانلار ئەرشكە يۈكسىلىدۇ.

ئۇرۇشتا ياردار بولۇپ ئۆلسەڭ، خەلق سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭنى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىدۇ.

كۆرۈنۈشى ھەيۋەت جانسىز سوپىلار، ھەقىقي سوپىلارنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدۇ.

## دېدەك بىلەن يىگىت

بىر كۈنى ھىلىگەر بىر ۋەزىر مىسىر پادىشاھىغا مۇنداق دەپتۇ:" مۇسۇل شاھىنىڭ پەرىشتىدەك بىر گۈزەل دېدىكى بار. ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىقكى، جاھاندا ئۇنداق گۈزەلدىن يەنە بىرسى يوق" دەپ قولىدىكى چىرايلىق بىر قىزنىڭ رەسىمى سىزىلغان قەغەزنى پادىشاھقا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ رەسىم سىزىلغان قەغەزنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا، يەنە بىر قولىدىكى قەدەھ يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ . پادىشاھ ھەيرانلىقتىن ئاھ ئۇرۇپتۇ. ۋە دەرھال بىر قوماندانىنى نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن مۇسۇلغا يولغا سېلىشنى قارار قىپتۇ. ئۇ قوماندانغا مۇنداق پەرمان بېرىپتۇ : "كىمكى ئۇ ئاي پارچىسىنى بېرىشكە قوشۇلمىسا، ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرىنىڭ تۇپىسىنى كۆككە سورۇۋەت. ئەگەر چىرايلىقچە بەرسە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي قىزنى دەرھال ئەكەل."

پەرماننى ئالغان يىگىت نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن ئەلەم-تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بىلەن مۇسۇلغا سەپەر قىپتۇ.

مىسىر پادىشاھىنىڭ ئەسكەرلىرى مۇسۇلغا يېتىپ كېلىپ، شەھەرگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاپتۇ. شەھەر سېپىلىغا قارىتىپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇپتۇ. ئۇرۇش بىر ھەپتە داۋام قىپتۇ ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈپتۇ. مۇسۇل شاھى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئەلچىسىنى قارشى تەرەپكە ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى قوماندانىنىڭ يېنىغا كىرىپ، مۇسۇل شاھىنىڭ سۆزلىرىنى ئەينەن يەتكۈزۈپتۇ: "نېمە ئۈچۈن بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ قانلىرىنى تۆكۈسىلەر؟ نۇرغۇن ئىنسانلار بۇ ئۇرۇش دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ھەممە يەر جەسەت دۆۋىلىرى بىلەن تولدى. مەقسىدىڭ مۇسۇل شەھىرىنى ئېلىش بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇنچىلا خەلقنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قانلىرى تۆكۈلمەيدىغانلا ئىش بولسا، مەن شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتەي، سەن شەھەرگە كىر. ئەگەر مەقسىدىڭ مال دۇنيا بولسا، تېخمۇ ئاسان قانچىلىك دۇنيا دېسەڭ شۇنچىلىك بېرەي“

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قوماندان يىگىت، دەرھال يېنىدىكى رەسىمنى چىقىرىپ ئەلچىگە كۆرسىتىپ: "بۇ رەسىمدىكى قىزنى ئالغىلى كەلدىم. ئۇ قىزنى ماڭا بەرسۇن، مەن غالىپمەن" دەپتۇ.

ئەلچى قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى مۇسۇل شەھىرىنىڭ شاھىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھ: "سۈرەت كېرەك ئەمەس، ئەسلى كېرەك. سۈرەتكە ئىشىنىش ئىمان ئەھلىگە ياد . بۇنداق قىلىش سۈرەتكە چوقۇنغانلىق" دەپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ئەلچى بىر چىرايلىق دېدەكنى ئېلىپ قارشى تەرەپكە بېرىپتۇ. قوماندان يىگىت بۇ قىزنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، خۇددى يۇسۇپنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ھاڭ قېتىپ قالغان زۇلەيخادەكلا.

قوماندان يىگىت قىزنى ئېلىپ مىسىرغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. يولدا بىر ئورمانلىققا كەلگەندە، ئۇ يەرگە چېدىر تىكىپ قونۇپتۇ. بۇ كېچە ئۇ يىگىت ئەقلىدىن ئازغاندەك بولۇپ، پادىشاھدىن ھېچ قورقماي، شەھۋەت شەيتانىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە كىيىملىرىنى يېشىپ ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بوپتۇ، دەل شۇ چاغدا سىرتتا بىر قىيا-چىيا كۆتۈرۈلۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن يىگىت

يالىڭاچ، قىلىچنى تۇتقان هالدا سىرتقا يۈگۈرەپتۇ. قارىسا بىر ئەركەك ئارسلان ئەسكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇدەك. ئاتلار ئۈركۈپ قېچىۋاتقان، چېدىرلارنىڭ قوزۇقلىرى ئۆرۈلگەن. يىگىت هېچ ئىككىلەنمەي جەسۇر ئارسلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، بىر قىلىچ چېپىپ ئارسلاننىڭ كاللىسىنى جېنىدىن جۇدا قىپتۇ . بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ساهىبجامال قىز، يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىغا مەھلىيا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۆزىنى يىگىتكە بېغىشلاپتۇ ۋە ئىككى جان بىر جان بوپتۇ. ئەمما، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يىگىت قىلغان گۇناھىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە قىزغا بۇ سىرنى پادىشاھقا ئاشكارىلىماسلىق توغرىسىدا قەسەم ئىچكۈزۈپتۇ. ئۇلار مىسىرغا كەلگەندە خەلىپە قىزنى بىر كۆرۈپلا مەست بوپتۇ. ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكى پادىشاھنى مەپتۇن قىپتۇ. خەلىپە ئۇ قىز بىلەن بىرگە بولۇشنى نىيەت قىپتۇ. ئۇ قىزنى ئويلىغانسېرى شەھۋەت ھەۋەسلىرى ئۆرلەپ تېشىپتۇ . شۇنداق قىلىپ خەلىپە ئۇ قىزنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. قىز خەلىپىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپتۇ ۋە يىگىتنىڭ ئارسلاننىڭ ئالدىدا تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەپتۇ. قىز بۇلارنى ئويلىغانسېرى كۈلگىسى كەپتۇ . كۈلۈپ هېچ ئۆزىنى تۇتالماپتۇ. بۇ هالنى كۆرگەن خەلىپىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ۋە غەزىپىدىن دەرھال قىلىچنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ: "كۈلۈشۈڭنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ دەرھال ئېيت! زىنھار يالغان سۆزلىمە. ئەگەر راست گەپ قىلماي مېنى ئالدايدىغان بولساڭ، كاللاڭنى ئالىمەن. راست گەپ قىلساڭ سېنى ئەپۇ قىلىمەن" دەپتۇ.

ئامالسىز قالغان دېدەك راست گەپنى قىلىپ، يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىنى، ئۇنىڭ مەردانە تۇرقىنى تەسۋىرلەپ بېرىپتۇ. يىگىت ئارسلان بىلەن سوقۇشۇش جەريانىدا ئۇنىڭدا هېچ بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولمىغانلىقى، ۋۇجۇدىدىكى كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ چەكسىزلىكىنى، پادىشاھنىڭ بولسا ناھايىتى ئاجىز ئىكەنلىكىنى سۆزلەپتۇ.

پادىشاھ دېدەكنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ھوشىنى تېپىپتۇ. تەڭرىدىن گۇناھىنى تىلەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: "مېنىڭ باشقىلارغا قىلغان يامانلىقىم ئۆزۈمگە ياندى. مەن باشقىلارنىڭ دېدەكلىرىگە كۆز تىككەن ئىدىم. ئاخىرى ئۆزۈم كولىغان ئورىغا ئۆزۈم چۈشتۈم. مەن ھەققە خىيانەت قىلغان، مېنىڭ ئادەملىرىم ماڭا خىيانەت قىلدى. ئەمدى ئۇ يىگىتنى جازالىسام بولمايدۇ . ئەسلىدە ئىشنى ئۆزۈم خاتا قىلغان. مۇسۇل شاھنىڭ ئۇۋالىغا قالدىم. ئۇنىڭ قەھرى مېنى جازالىدى. يا رەببىم مەن ئۇلارنى كەچۈردۈم، سەنمۇ مېنى كەچۈر"

ۋە دېدەككە دەپتۇ : "ھەي ساھىبجامال قىز. ھازىر سۆزلىگەن سۆزلىرىمنى ھېچكىمگە دېمە . مەن سېنى ئۇ يىگىتكە بېرىمەن. خۇدا ھەققى ئۇچۇن ئارىمىزدا بولغان ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنۇت. مەن ئۇ يىگىتكە بەك ئىشىنەتتىم. بۇ ئىشلار سەۋەبىدىن ئۇ خىجالەتتە قالمىسۇن.

كېيىن پادىشاھ ئۇ ئەمىر يىگىتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يىگىتنى ئالدىغا چاقىرتىپ: "بۇ دېدەكنى مەن ھېچ ياخشى كۆرمىدىم. ھەمدە ئايالىمنىڭ كۆڭلىنىڭ يېرىم بولۇشىنى خالىمايمەن. ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئۆز بالىلىرىمنىڭ ئانىسى. ئانىلىق ھەققى بار. ئۇنى رەنجىتىش، كۆڭلىنى سۇندۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئۇ بۇ دېدەكتىن كۆنلەپ كۆپ دەرد تارتتى. شۇڭا مەن بۇ قىزدىن ۋاز كەچتىم. بۇ قىز ھەممىدىن بەك ساڭا لايىق. سەن ئۇ قىز ئۈچۈن جېنىڭنى تىكتىڭ. سەندىن باشقىسىغا بېرىش ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولمايدۇ"دەپتۇ ۋە ئىككى ياشنىڭ توينى قىلىپ قويۇپتۇ.

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئىشىق بىر ئېقىن دەرىيادۇر، كۆللەرنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئالدىدا كۆپۈككىلا ئوخشايدۇ.

ئىشقىسىز جاھان مۇزدەك قېتىپ كېتىدۇ.

شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچما.

يىغلاش بىلەن كۈلۈش كۆڭۈلنىڭ دەردى ۋە خۇشاللىقى . ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەنبەسى بار.

ھەر خەزىنىنىڭ بىر ئاچقۇچى ۋە ئۇنى تۇتقان بىر قول بار.

## شائىر

ئاشۇرا كۈنى كەلگەندە پۈتۈن شىئەلەر شەھەرنىڭ ئاكتاقيا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توپلىنىدىكەن ۋە يېرىم كېچىگىچە ئەھلى-بەيتكە ماتەم تۇتۇپ، ئۇلارغا تەزىيە بىلدۈرۈپ يىغلاپ-قاخشايدىكەن، دات-پەرياد قىلىپ ئۆزلىرىنى قامچىلاپ قان قىلىۋېتىدىكەن. بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ

كەربالا چۆلدە تارتقان جاپالىرنى، ئۇلارنىڭ چەككەن زۇلۇملىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنى ياد ئېتىدىكەن. مانا شۇنداق مۇراسىم بولۇۋاتقان ئاشۇرا كۈنى بىر شائىر ئۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە بۇ نالە-پەرياتنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە: "بۇ يەردە ماتەم بولغان ئوخشايدۇ. بۇنچىلىك ئادەمنىڭ توپلانغىنىغا قارىغاندا خېلى مەشھۇر بىرسى ئوخشايدۇ" دەپ ئويلاپتۇ.

شائىر كۆپچىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىرسىدىن: "بۇ ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ئىسمى كىم؟ نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە كۇپلىت تەزىيە مەرسىيەسى يازاي" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم: "سەن قانداق بىر ئادەم؟ ياكى سەن ساراڭمۇ؟ ئەھلى-بەيتنى ۋە ئاشۇرا كۈنى توغرىسىدا بىر نەرسە بىلمەمسەن؟ كەربالادا شەھىد بولغانلار ئۈچۈن نەچچە يۈز يىلدىن بىرى ماتەم تۇتۇپ كېلىۋاتقان بۇ پائالىيەتنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەي نەدە قالدىڭ؟" دەپتۇ.

شائىر: "توغرا دەيسىز. يەزىد دەۋرى قاچان؟ كەربالا قەيەردە؟ بۇ مۇسىبەت بۇ يەرگە بەك كېچىكىپ كەپتۇ. كەربالادا يۈز بەرگەن پاجىئەنى، ئۇلارغا قىلىنغان زۇلۇمنى ئەمالارمۇ كۆردى، گاسلارمۇ ئاڭلىدى. سىلەر ھازىرغىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ قالغانمۇ؟ تېخى ئەمدى ماتەم تۇتۇپ، يىغلاپ، ياقاڭلارنى يىرتىپ يۈرەمسىلەر؟ ئۆز ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلىدىغان چاغدا قىلماي، ھازىر قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟" دەپ كىنايە قىپتۇ.

- ► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ھەر ئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىلغان ياخشى.

ئۆز ۋاقتىدا قىلمىغان ئىش، قىلىنمىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

مېۋە كۆچىتى ئۆز پەسلىدە چېچەكلەپ مېۋە بېرىدۇ.

ئەي غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلىغانلار، ماتەم تۇتماقچى بولساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تۇتۇڭلار.

قاتتىق ئۇيقۇ، ئۆلگەن بىلەن تەڭ.

ئارزۇ- ھەۋەسلىرىگە ئەسىر بولغان ئادەم، ئاخىرى ياقىسىنى يىرتىپ

پۇشايماندا قالدۇ.

دېڭىزنى كۆرگەن، دەرياغا ئەسىر بولمايدۇ.

زەررە بولساڭ، زۇھەل يۇلتۇزىغا قارا! چۈمۈلە بولساڭ سۇلايمانغا نەزەر سال!

جاننى كۆرگەن جىسمىدىن ۋاز كېچىدۇ.

ئىنسان بىر كۆزدۇر، قالغىنى تېرە بىلەن گۆشتۇر. كۆز نېمىنى كۆرسە شۇنى دوست تۇتىدۇ.

كۆڭۈل ئەھلى دەريادەك دېڭىزغا قاراپ ئاقىدۇ.

## هىندى قۇل

بىر باينىڭ بىر هىندى قۇلى بار ئىكەن. بۇ قۇلنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيەلەپ، نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىتىپ يېتىشتۈرگەن ئىكەن. باينىڭ يەنە بىر چىرايلىق قىزىمۇ بارئىكەن. قىزى ئەدەپ-ئەخلاقلىق چوڭ بوپتۇ ۋە بويى تارتىپ، بالاغەتكە يېتىپتۇ. قىزغا يىراق-يېقىندىن ئەلچىلەر كىرىپتۇ. ئەمما، باي ھەممىسىنى رەت قىپتۇ. ئاخىرى باي، ئەتىۋارلىق قىزىنى پەزىلەتلىك بىر ئوغۇلغا ياتلىق قىلماقچى بوپتۇ.

قىزنىڭ چېيى ئىچىلىدىغان، يۈگۈر-يېتىم ئىشلار تازا جىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، هىندى قۇل ئاغرىپ قاپتۇ. تېۋىپلار كېلىپ تەكشۈرۈپتۇ . ئەمما، داۋا قىلالماپتۇ. بىر ئاخشام باي ئايالىغا: "شۇ قۇلنىڭ يېنىغا چىقىپ باق. ئەھۋالىنى ئوبدان سورا. شۇنچە يىل ئۇنىڭغا ئانىسىدەك قارىدىڭ. بەلكى ساڭا دەردىنى ئېيتىپ قېلىشى مۇمكىن" دەپتۇ.

ئېرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئايال قۇلنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئەھۋالىنى سوراپتۇ ۋە نېمە دەردى بولسا تارتىنماي دېيىشىنى، ئۇنىڭ چارىسىنى تېپىشقا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى دەپتۇ. نۇرغۇن يۇمشاق گەپلەر، ۋەدىلەردىن كېيىن ئاخىرى قۇل ئۆز هالىنى بايان قىپتۇ:

"مەن ئاشىق بولغان ئۇ گۈزەل قىزىڭلارنى باشقا بىرسىگە بەرمەكچى

بولدۇڭلار!“

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان باينىڭ ئايالى چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە قاتتىق ئاچچىقلاپ چالۋاقاپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئاچچىقىنى بېسىپ، ئىشنىڭ ئەسلى ۋەسلىنى بايغا ئېيتىپتۇ.

باي: "ئۇنىڭغا ئېيت! سەۋر قىلسۇن. ھەر ئىشنىڭ بىر چارىسى بار. مادامىكى قىزىمنى ياخشى كۆرگەن ئىكەن. ئۇنداقتا بىزمۇ قىزىمىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلايلى" دەپتۇ.

قىزنىڭ ئانىسى قارشى چىقىپ: "ئۇ بىر قۇل تۇرسا، قانداقمۇ يالغۇز بىر قىزىمىزنى ئۇنىڭغا مۇناسىپ كۆردىلە. بۇ ماڭا بەك ھار كەلدى. ئۆز خوجايىنىنىڭ قىزىغا كۆز تىككەن خائىنغا دەيدىغان سۆزۈم يوق. ئۇ خائىن بېشىنى يېسۇن ! ئۆلسە ئۆلسۇن!" دەپتۇ.

باي: "ئۇنداق دېمە خوتۇن. ئىشنىڭ ياخشىسى بۇ. ئۇنىڭ كېسىلى ساقايسۇن. قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بەر!" دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن باينىڭ ئايالى ئۆز ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قۇلغا باينىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپتۇ. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان قۇلنىڭ قايغۇلىرى بىردىنلا تارقىلىپ، كۆڭلى يورۇپتۇ. تەڭرىگە مىڭ رەھمەت ئوقۇپتۇ. ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ، كېسىلى سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ. قۇلنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن باي "ئەمدى ۋاقتى كەلدى" دەپ ئويلاپ ئۆز ھىلىسىنى ئىشقا ساپتۇ.

باي قىزى بىلەن قۇلى ئۈچۈن، پۈتۈن دوست-يارەنلەرنى، قولۇم - قوشنىلارنى چاقىرىپ كاتتا توي قىلىپ بېرىپتۇ. توي كېچىسى ، بىر ئوغۇل بالىغا خېنىلارنى قويۇپ، ئايالچە كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ، قىزدەك ياساپتۇ. قىزچە ياسالغان ئوغۇلنى قۇلنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇ. كەچتە يېنىدىكى قىزدەك ياسىنىۋالغان ئوغۇل قوپال قوللىرى بىلەن قۇلغا ئېسىلىپ ئۇنى راسا ئۇرۇپتۇ. تاياق دەستىدىن قۇل دات-پەريات قىلىپ ۋارقىراپتۇ . ئەمما، قورودىكى نەغمە-ناۋادىن، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ھېچ كىم ئاڭلىماپتۇ. كېچىنى شۇنچىلىك تەستە تاڭغا ئۇلىغان قۇل، قاق سەھەردە بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يېڭى كىيئوغۇللاردەك مۇنچىغا مېڭىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ مۇنچىغا چۈشكىدەك ھالىمۇ قالمىغان، كۆڭلى شۇنچىلىك

سۇنغان ئىكەن. ئۇ مۇنچىدىن قايتىپ ئۆيگە كەلسە. قىز خۇددى كېلىندەكلا ئۇنى قارشى ئاپتۇ. ئەمما، قىزنىڭ ئانىسى قىزنىغا كۇندۇزى چېقىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قىزنىڭ يېنىدىن ھېچ ئايرىلماپتۇ. قۇل قىزغا شۇنچىلىك ئۆچمەنلىك بىلەن بىر قاراپتۇ ۋە قورقۇپ تۇرۇپ: "تەڭرىم سېنىڭدەك ئوغۇل بالىدەك ئايالنى ھېچكىمگە نېسىپ قىلمىسۇن! گەرچە كۇندۇزى يۇزۇڭ قىزلارنىڭكىدەك گۇزەل كۆرۈنسىمۇ، كېچىلىرى قىلىقلىرىڭ ئىشەكنىڭكىدەك بولۇپ كېتىدىكەن " دەپتۇ ۋە قىزدىن ئايرىلىپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

سەۋر قىل. سەۋر قىينچىلىقتىن قۇتۇلۇپ، غەلبە ئېرىشىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئادەم ئۆز ھالىغا قاراپ ئىش قىلىش كېرەك. بولمىسا ھۆددىسىدىن چىقالماي دەردكە قالىدۇ.

ئىشق چارىسىز دەرتتۇر. ئۇنىڭ چارىسى يەنە ئۆزىدۇر.

ئاشىق دەردى داۋاسىز دەرتتۇر. ئۇنىڭ داۋاسى پەقەت ۋىسالىغا يېتىشتۇر.

ئىتلارنىڭ ھاۋشىپ قاۋاشلىرىدىن كارۋان يولىدىن توختاپ قالامتى؟

ئايدىڭ كېچىدە ئىتلارنىڭ بىر-بىرلىرىنى تالاشلىرى، تولۇن ئاينىڭ پەيزىنى بۇزالامتى؟

ئاي نۇر چاچىدۇ. ئىتلار ھاۋشىيدۇ. ھەر كىم يارىتىلىشىغا قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئىت، شۇنداق غالجىرلىق بىلەن ھاۋشىغان كېچىدە، ئاي : "مەن ئاي! مەن ئۆز پەزىلىتىمدىن ۋاز كېچەلمەيمەن" دەيدۇ.

ئوتنىڭ ئوزۇقى تىكەن.

ئارىفلىق پۇتۇنلەي جاھاننىڭ جانىدۇر.

كىم ئىرفاندىن مەھرۇم بولسا ئۇ جانسىزدۇر.

گۇل نەدە ئۆسسە ئۆسسۇن، ئۇ يەنىلا گۇلدۇر.

دۇنيانىڭ كۆرۈنۈشى جەننەتتەك گۇزەل، بىراق مەنىسى بىلەن ئىچ يۇزى

دوزاخ ئوتىدەكتۇر. دۇنيا شەكىل ۋە رەڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا گۈلدەك گۈزەل. ئەمما، ئىچى زەھەرلىك يىلان.

ئۆزىنى خەلقتىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇلۇغلىغانلار خەلقنىڭ ئۈستىگە يۈك ئارتىدۇ. ئۆزىمۇ خەلققە يۈك بولىدۇ.

قىزنىڭ يامانسى، دادىنىڭ يۈزىنى قارا قىلىدۇ.

## ئەقىلسىز قۇش

بىر قۇش، يايلاققا كېلىپ قونۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا يايلاقتا بىر ئوۋچى قىلتاق قۇرۇپ، چەتتىكى چۆپلەرنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىكەن. قۇش كېلىپ ئادەمنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئوۋچىنىڭ چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىغا ھەيران قاپتۇ. ئاخىرى چىدىغۇچىلىكى قالماي ئوۋچىدىن سوراپتۇ :

”سەن كىم بولىسەن؟ نېمە ئۈچۈن يالغۇز بۇ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرىسەن؟ ياۋايى ھايۋانلاردىن قورقامسەن؟“

ئادەم:"مەن بۇ دۇنيادىن قول ئۈزدۈم. ئۆزۈم تەنھا مۇشۇ ئوت- چۆپلەرنى يەپ، ھالىمغا قانائەت قىلىپ ياشاۋاتىمەن" دەپتۇ.

قۇش يەردە چېچىلىق تۇرغان بۇغداي دانچىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنى دانلاپ قورسىقىنى تويدۇرۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئادەم: "بۇ بۇغدايلار ماڭا ئامانەت، يېتىمنىڭ ھەققى. دانلىساڭ ھالال بولمايدۇ" دەپتۇ. ئەمما، قۇش بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالماي، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي دانلاشقا باشلاپتۇ. ئاستا-ئاستا قىلتاق يېقىنلاپتۇ. ئاخىرى بېرىپ قىلتاققا ئىلىنىپ قاپتۇ. ۋە ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ :

”يالغانچىغا ئالدانغاننىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ“

بۇنى ئاڭلىغان ئادەم مۇنداق دەپتۇ: "ياق ئۇنداق ئەمەس! بىكاردىن بىكارغا يېتىملەرنىڭ مالىغا كۆز قىرىنى سالغانلارنىڭ، ئاچكۆزلۈكىدىن كۆزلىرى كۆرمەس بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ”

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

تاماخورنىڭ ئاقىۋىتى هالاكەت.

هەر سۆزگە ئىشەنگەن، پۇشايمانغا قالىدۇ.

يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس.

يالغۇزلۇق، يامان دوستتىن مىڭ ياخشى. چۈنكى "دوستۇڭ قاغا بولسا يېيىشىڭ پوق"

ئەي ئالتۇن كەمەرنى تاقىغان، زىبۇ-زىننەتلەرنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان كىشى! هامىنى يەڭسىز، ياقىسىز كېپەن كىيىسەن.

ئۆلۈمۈڭ، سېنى مازارغا ئاپىرىدىغان ئۆلۈم ئەمەس. بەلكى سېنى نۇرغا ئاپىرىدىغان ئۆلۈملەردىن بولسۇن.

چۈمۈلە بۇغدايلار بىلەن تولغان خامانغا قارىماي، پەقەت بىر تال بۇغدايغا نەزەر تاشلايدۇ.

باشقىلار بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ئۈچۈن كەبىگە بارىدۇ. هالبۇكى كامىل ئىنسانلار دائىم ئۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرغاندەك ياشايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن كەبىنىڭ ئىشىكى هەر ۋاقىت ئوچۇق.

بۇ پانى دۇنيا بازىرىدا مەنىۋى ئالتۇن تاپماقچىمۇ سەن؟ ئىزدىگەنلىرىڭ تەگرىدىن باشقا بىرسىدە بارمۇ؟

ئۆمرۈمنىڭ يېرىمى ئىبىسىل تىلەكلەر بىلەن ئۆتتى. قالغان يېرىمى دۈشمەنلەرنىڭ دەردلىرى بىلەن يوق بولۇپ كەتتى.

## قوچقار بىلەن ئوغرى

بىر ئادەم بىر قوچقارنىڭ بويننى ئارغامچا بىلەن باغلاپ كېتىۋاتسا، بىر ئوغرى ئاستا ئارقىسىدىن كېلىپ يىپنى كېسىپلا قوچقارنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ. ئادەم قوچقارنىڭ يوقلۇقىنى سەزگەن هامان ئىزدەشكە باشلاپتۇ بىر هازادىن كېيىن قۇدۇقنىڭ بېشىدا تۇرغان قوچقار ئوغرىسىنى كۆرۈپتۇ. ئوغرى ئادەمنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرهاللا: "ئاپلا، تەلەيسىز بېشىمغا كەلگەن بالا-قازالارغا ئەمدى قانداق قىلارمەن؟" دەپ دات-پەرياد قىلىپ،

يىغلاشقا باشلاپتۇ.

ئادەم ئوغرىنىڭ يېنىغا كېلىپ: "نېمىگە يىغلايسەن؟ بۇنچىلىك دات-پەرياد قىلغۇدەك زادى نېمە ئىش بولدى؟" دەپ سوراپتۇ.

ئوغرى: "ئالتۇن بار خالتام قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى. شۇ تاپتا نېمە قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ئەگەر ئۇنى قۇدۇقتىن ئالالىساڭ، ئىچىدىكى ئالتۇنلارنىڭ بەشتىن بىرىنى رازىمەنلىك بىلەن ساڭا بېرەتتىم. قېنى ئۇرۇنۇپ باققىن، يۈز ئالتۇننىڭ بەشتىن بىرى سېنىڭ دېگەن گەپ" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم: "ئىگە بولىدىغان ئالتۇنغا يۈتتۈرۈپ قويغان قويىدىن ئونى كېلىدىكەن" دەپ ئويلاپتۇ ۋە "ئۇلۇغ تەڭرى بىر ئىشىكنى ئەتسە، يەنە بىر ئىشىك ئاچىدىكەن، قوچقار قولدىن كەتكەن بىلەن تۆگىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇم" دەپ ئويلاپ، ماقۇل بولۇپ، كىيىملىرىنى يېشىپ، قۇدۇققا چۈشۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوغرى ئۇنىڭ كىيىملىرىنى، يېنىدا نېمە بولسا ھەممىسىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ .

► ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەسلىدە ماددىي گۈزەللىك ئېتىبارسىز. چۈنكى، گۈزەل بىر يۈز كىچىك بىر تىكەننىڭ زەخمىسى بىلەن يارا بولۇپ سەتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ ياخشىسى، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغان ئادەمدۇر.

ساغلام ئەقلگە ئىگە بولمىغانلار، ئەقلىلىقلارنىڭ يېنىدا خام كېسەككە ئوخشايدۇ.

كۈچۈك يەتمىسە، يوشۇرنۇۋال. كۈچۈڭ يەتمىسە قېچىشنىڭ ئۆزى سۈننەت.

توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ.

يول دېگەن نېمە؟ نۇرغۇن ئاياق ئىزلىرى بولغان يەردۇر.

دوست دېگەن، تەدبىر شوتىلىرى بىلەن سېنى قىرغا كىشىدۇر.

ياخشى دوست سەپەردە ھەمراھ بولسا، سەپىرىڭ خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

قەلەم بىلەن قەغەز دوست بولمىغان بولسا، قەغەزگە ئۇنچىلەر تىزىلمىغان بولاتتى.

## كارۋان كۆزەتچىسى

بىر كارۋان كۆزەتچىسى ئۇخلاپ قاپتۇ. بۇ پەيتنى پۇرسەت بىلگەن ئوغرى ئاستا كېلىپ ، پۈتۈن مال-ئۇلاقلارنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

سەھەردە كارۋانلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، پۈتۈن يۈكلەرنىڭ ۋە تۆگىلەرنىڭ يوق بولغانلىقىنى كۆرۈپ، بارلىق ماللىرىنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى كارۋان كۆزەتچىسىگە: " ئەي كۆزەتچى! ماللار قېنى؟ تۆگىلەر قېنى؟ پۈتۈن يۈك-تاقلىرىمىز قەيەرگە كەتتى؟" دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

كۆزەتچى: "ئوغرى ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن ھەممە نەرسىمىزنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ" دەپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان كارۋانلار قاتتىق خاپا بولۇپ: "ئەي شامالدا توزۇشقا تەييار تۇرغان قۇم دۆۋىلىرىگە ئوخشايدىغان بىپەرۋا ئاداش! ئوغرى كېلىپ ماللىرىمىزنى ئوغرىلاپ ماڭغىچە سەن نېمە قىلغانتىڭ ؟ سېنىڭ ئىشىڭ زادى نېمە؟ سەن كۆزەتچىلىكنى مانا مۇشۇنداق قىلامسەن؟" دەپ ئاچچىقلاپتۇ.

كۆزەتچى: "مەن ئۆزۈم يالغۇز. ئۇلار ھەم جىق ھەم قوراللىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى جەسۇر يىگىتلەر ئىكەن" دەپتۇ.

كارۋانلار: "بوپتۇ شۇنداقمۇ دەيلى. ئەمما، سەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىسەڭ، نېمە ئۈچۈن ۋارقىراپ بىزنى ئويغاتمىدىڭ؟"

كۆزەتچى: "ۋارقىراي دەپ تۇرۇشۇمغا، بىرسى پىچىقنى تەڭلىسە، بىرسى قىلىچى بىلەن ھەيۋە قىلىپ: "ئەگەر ئۈنۈڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ، ھازىرلا جېنىڭنى ئالىمەن" دېدى. شۇنىڭ بىلەن ۋارقىراش ئۇياقتا تۇرسۇن، قورقۇپ نەپەسمۇ ئالالماي قالدىم. ئەمما، ھازىر دات- پەرياد قىلاي، ۋارقىراي. ھازىر نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلالايمەن" دەپتۇ.

كارۋانلار: "ئەي كالۋا! ھازىر ۋارقىرىغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەمدى بولغۇلۇق

بىزگە بولـدى" دەپتۇ.

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

بىـر ئۆمـۈر گۇنـاھ قىلـىپ، ئەزىـز ئۆمـۈر تۈگـىگەنـدە "ئەئۇزۇ" دېگەنىنـىڭ نېمـە پايدىسى؟

غەپلەت ئۇيقۇسى ئىنساننىڭ بېشىغا چىقىدۇ.

يوقتـىـپ قويغـان نەرسـىلەر ئۈچـۈن مەيۇسـلەنمەڭلار. ھـەر يامانلىقنىـڭ ئارقىسـىدىن بىـر ياخشـىلىق بـار.

تەۋبە بىر سايىدۇر، رەھمەت-مەرھەمەت بولسا پارلىغان تولۇنئايدۇر.

ھەممـە يـەردە سەنسـىز بىـر ھايـات يـوق. سېنىڭ لۇتاى-ئىنايىتـىڭ بولمسـا، ئىنسـان مەۋجـۇت بولالمايـدۇ.

سـەن ئۆزۈڭنـى ئۇيقۇدىـن ئۆزۈڭ ئويغـات! خـۇددى سـۇنىڭ ئاۋازىـنى ئاڭلىغـان كىشـى ئۇسسـىغاندەك.

## مەشۇقنى ساقلاپ ئۇخلاپ قالغان ئاشىق

بۇرۇنقـى زامانـدا بـىر ئاشىق-مەشـۇق ئۆتكـەن ئىكـەن. يىگىـت ھـەر ۋاقـىت دېگەن گېپىدە تۇرىدىكەن. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن. نەچچە يىل ئۆز سۆيگۈسىنىڭ ۋىسـالىغا يېتـىش ئۈچـۈن ئۈمـىد بىلەن ياشـاپتۇ.

بـىر كۈنـى يارىدىـن: "پالانـى يەرگـە كـەل، ئۇ يـەردە مېنـى سـاقلا. مـەن شـۇ يەرگـە كېلىمـەن " دەپ خـەۋەر كەپتـۇ.

يىگىـت خۇشـاللىقىدىن ئەتراپىدىكىلەرگـە سۆيۈنچە تارقىتىپتـۇ. ئارزۇ قىلغـان تولـۇن ئاينىـڭ كۆرۈنۈشـكە باشـلىغانلىقىدىن خۇشـال بولـۇپ، قۇربانلىـق قىلـىپ يېتـىم - يېسـىرلارغا نەزىـر بېرىپتـۇ.

يىگىـت سـۆيگىنىنىڭ دېگـەن يېرىگـە بېرىـپ، بـىر يـاڭاق دەرىخىنىـڭ تۈۋىـدە سـاقلاپ ئولتۇرۇپتـۇ. يىگىت سـاقلاۋېرىپ ئاخـىرى كېچىنىڭ بىر ۋاقتىـدا ئۇخلاپ قاپتۇ . يېرىـم كېچـە بولغانـدا قىـز ئۆز ۋەدىسـىگە ۋاپـا قىلـىپ، دېيىشـكەن جايغـا يېتـىپ

كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ئۆز يارى ئۇخلاۋاتقۇدەك. قىز قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە يىگىتنىڭ ئۇچىدىن بىر پارچىنى كېسىپ ئېلىپ، يەردىكى ياڭاقلارنى ئۇنىڭغا ئوراپ، يىگىتنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپتۇ ۋە: "سەن تېخى بالا ئىكەنسەن. ھازىرچە بۇلارنى ئويناپ تۇر" دېگەندەك كېتىپ قاپتۇ.

تاڭ سەھەردە يىگىت ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، يانچۇقىدىكى يەڭنىڭ پارچىسىغا ئورالغان ياڭاقلارنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆز سۆيگىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيماي غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ نالە قىپتۇ: "ئەي سۆيۈملۈكۈم! سەن ھەممىدىن سەممىي ۋە ۋاپادارسەن. مەن بولسام ۋاپاغا جاپا قىلدىم. سەن بىر ئۇيقۇسىز كۆڭۈل، بۇنىڭغا ئىشەنچەم كامىل. كارۋان كۆزەتچىسىدەك غەپلەت ئويقۇسىغا چۆكتۇق ۋە پۇشايماندا قالدۇق. بۇ دەرتلىرىمنى ئەمدى كىمگە تۆكەي“

◄ **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

تىرىشقان مەقسىتىگە يېتىدۇ.

سەۋر قىلغان غەلىبە قىلىدۇ.

سۆز بەدەنگە ئوخشىسا، سۆزنىڭ مەنىسى بىر جاندۇر.

تەن كۆزى دائىم تەننى كۆرسە، جان كۆزى ئايدىڭ جاننى كۆرىدۇ.

ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-يارەنلىرىڭ ئۆلگەندە كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇپ، مېھرىبانلىق قىلغان بولساڭ، تىرىكلەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىل.

بولغان ئىشلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، ئېچىگە ياخشىلىقنى يەرلەشتۈرگىن. ئېچىڭدىكى ئۆچمەنلىك، ھەسەت ۋە قىزغانچاقلىقنى يۇلۇپ ئاتقىن.

## دۇمباقچى

مۇبارەك رامىزان ئايلىرىنىڭ بىر كېچىسىدە، بىرسى كاتتا بىر سارايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوھۇرلۇق ئۈچۈن دۇمباق چاپتۇ. دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سوھۇرلۇق ۋاقتى بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئورنىدىن قوپقانلاردىن بىرى دۇمباقچىغا

ۋارقىراپ: "يېرىم كېچىدە دۇمباق چالغىنىڭ نېمىسى؟ سوھۇرلۇق ۋاقتى بولمىسا يا سەھەر ۋاقتىدا چالماسەن ئۇ دۇمبىقىڭنى. ھە يەنە بىر ئىش، بۇ سارايدا ھېچكىم ئولتۇرمايدۇ. بىكارغا سارايىنىڭ ئالدىدا دۇمبىقىڭنى ياڭراتما. بۇ يەردە جىندىن باشقا بىرسى يوق. ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما."

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان دۇمباقچى : "گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سال. گېپىم ئېغىر كەتكەن بولسا رەنجىمە. ماڭا قارا، ھازىر سەن ئۈچۈن يېرىم كېچە بولغان بىلەن، مەن ئۈچۈن يېقىملىق سەھەر ۋاقتى . ھەر كېچىلەر مەن ئۈچۈن كۈندۈزدەك، قىلغان ئىشلىرىم مەن ئۈچۈن غەلىبە. نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ساڭا قان كۆرۈنسە ، ماڭا سۈزۈك سۇ كۆرۈنىدۇ . ساڭا تۆمۈر كۆرۈنگەن نەرسە داۋۇد ئۈچۈن مۇمدۇر. ساڭا نىسبەتەن تاغ، داۋۇت ئۈچۈن ئۇستا بىر چالغۇدۇر. ساڭا نىسبەتەن تاش، ئەھمەتنىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى يېقىملىق سۆزلىيەلەيدۇ . جاھاندىكى بارلىق مەۋجۇداتلار كىشىلەرگە ئۆلۈكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما، ھەققە نىسبەتەن بىلىملىك ۋە ئىتائەتمەندۇر. سەن بۇ سارايدا ھېچ كىم يوق، بىكاردىن بىكارغا دۇمباق چالما دەيسەن. خەلق ھەق ئۈچۈن ئالتۇنلارنى خەجلەپ مەسچىتلەرنى سالىدۇ. نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاشىقلار ھەق يولىدا ماللىرىنى ۋە جانلىرىنى پىدا قىلىدۇ. ئۇنداقتا قانداقمۇ ئۇ ئۆيىنى بوش دېگىلى بولسۇن؟ بۇنداق سۆزلەرنى ئارىفلار راۋا كۆرمەيدۇ. كەبىمۇ كۆرۈنۈشتە ئىچى بوش كۆرۈنىدۇ ، ئەمما ئۇ يەردە ئۇ كۆرۈنىدۇ. قانداقمۇ ھەقنىڭ ئۆيىنى بوش دېگىلى بولسۇن. ئۇ يەردە ئەلۋەتتە خۇشاللىق بار. نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېچە-كۈندۈز لەببەيكلەر سۆزلىنىدۇ؟ شۇڭا مەن بۇ سارايىنى بوش دەپ قارىمايمەن. بەزىلەر ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدەك دەرد ئىچىدە بولسا، بەزىلەر ياقۇپ ئەلەيھىسسالامدەك سەۋر قىلماقتا.قەلب چاڭقاقلىقى ئىچىدە يۈز مىڭلارچە ئىنسان، ھەق ئۈچۈن تىرىشماقتا. مەن رەببىمدىن مەدەت تىلەيمەن. مەن ئۈمىد بىلەن سوھۇرلۇق دۇمبىقىنى ياڭرىتىمەن" دەپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

بەزىلەر مۇنارنى كۆرگەن بىلەن، ئۇ يەرگە قونغان قۇشنى كۆرەلمەيدۇ. يەنە بىرسى ئۇ قۇشنى كۆرسىمۇ، ئەمما، قۇشنىڭ ئاغزىدىكى پەينى پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئەمما، ھەق نۇرى بىلەن قارىغان بىرسى ھەم قۇشنى ھەم ئاغزىدىكى پەينى كۆرەلەيدۇ.

بەزىلەر ئىنساننى پەقەت تونۇپ يوغۇرۇلغان لاي دەپ قارىسا، بەزىلەر لايدىكى ئىلمنى ۋە ئەمەللەرنى كۆرىدۇ.

## دەرۋىش بىلەن يولۇچى

بىر كۈنى بىر يولۇچى، قورسىقى تازا ئاچقان بىر دەرۋىشكە بىر نان بېرىپتۇ. ناننى قولىغا ئالغان دەرۋىش ناھايىتى رازىمەنلىك بىلەن مۇنداق دۇئا قىپتۇ: "ئەي رەببىم! ئۇ ماڭا نان بەردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ساق-سالامەت بېرىشىغا نېسىپ قىلغايسەن.

دەرۋىشنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغان يولۇچى تېرىكىپ مۇنداق دەپتۇ: "ھەي ھاماقەت، ئۆي دېگىنىڭ ئاشۇ مەن كۆرگەن ئۆي بولىدىغان بولسا، تەڭرى مېنى ئەمەس، بەلكى سېنى ئۇ ئۆيىنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن!"

- **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

بەتخۇي ئىنسانلارغا گەپ قىلساڭ، گەپنى چۈشەنمەي، سېنى ئۇسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

سۆزنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغان كىشىگە سۆزلە. ئۇ سۆزنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ.

سۆز، ئاڭلىغۇچىغا قاراپ دېيىلىدۇ

تىككۈچى ئادەمنىڭ بويىغا قاراپ كىيىم پىچىدۇ.

نادانلار بار سورۇندا دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ.

بۇ قانداق ئۆي

بىر قورۇنىڭ ئالدىغا بىر تىلەمچى كەپتۇ ۋە بىر پارچە نان تىلەپتۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى چىقىپ: "بۇ يەردە نان نېمىش قىلىدۇ؟ بۇ يەر يا ناۋايخانا بولمىسا، ساراڭمۇ سەن؟ ماڭ ناۋاينىڭ يېنىغا بار!" دەپ دىۋاننى ھەيدىۋېتىپتۇ.

دىۋانە: "بوپتۇ نان بولمىسىمۇ مەيلى. بىر پارچە قوينىڭ مېيى بولسىمۇ بەرگىن" دەپتۇ.

ئۆينىڭ ئىگىسى: "بۇ يەردە ماي نېمە قىلىدۇ؟ بۇ يەر قاسساپ دۇكىنى

بولمىسا، ماڭ قاسساپقا بار!"

دىۋانە: "ئۇنداقتا ئازراق ئۇن بولسىمۇ بەرگىن" دېيىشىگە ، ئۆيىنىڭ ئىگىسى تېخىمۇ تېرىكىپ:

"بۇ يەرنى تۈگمەن دەپ قالدىڭمۇ؟" دەپتۇ.

دىۋانە ئاخىرى: "بوپتۇ، سەندىن ھېچ نېمە چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، تولا بىر نەرسە سوراپ ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى، ماڭا بىر پىيالە سۇ ئەچىقىپ بەرسەڭ" دەپتۇ.

ئۆيىنىڭ ئىگىسى: "سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ يەردە يا ئېرىق ، يا قۇدۇق بولمىسا سۇ بولاتتىمۇ؟" دەپ سۇنىمۇ بەرمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆي ئىگىسى ناندىن تارتىپ سۇغىچە ھەممە نەرسىگە بىر سەۋەب كۆرسىتىپ "يوق" لا دەپتۇ. ئاخىرى دىۋانە قورونىڭ ئىچىگە كىرىپ، سىيىشكە باشلاپتۇ. بۇ قىلىقنى كۆرگەن ئۆيىنىڭ ئىگىسىنىڭ جان-پېنى چىقىپتۇ–دە، "ھەي، قىلىقسىز ھايۋان "نېمە قىلىۋاتىسەن؟" دەپ ۋارقىراپتۇ.

دىۋانە: "بۇنداق ھېچ نەرسە يوق، ھەتتا سۇمۇ يوق ۋەيرانە بىر يەردە ئادەم ياشىغىلى بولمىغاندىكىن، ھاجەتخانا بولۇشقىلا لايىق. شۇڭا سىيىپ بىر ئاز راھەتلىدىم" دەپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەقىقى دەرۋىش بەدەندىن، مالدىن ۋاز كېچەلىگەن كىشىدۇر.

تىلەمچى مېلى يوق بولغان كىشىدۇر. قانائەتكار كىشى بولسا جىسمىنى پىدا قىلغان كىشىدۇر.

سەن تىلەيدىغىنىڭنى تەڭرىدىن تىلە. تەڭرى ھېچقانداق كۆڭۈلنى رەت قىلمايدۇ.

چىشى يوق ئىت، ئادەم چىشلىمەي قىغ پۇرايدۇ.

ھەيۋەتلىك، چىرايلىق بىر تۇزدەك كۆرۈنگەن، كۆڭۈل ئىگىلىرى ساڭا قاراپ زوقلانسۇن.

تاتلىق تىللىق شاتۇتىدەك بول، سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ھۇزۇرلانسۇن.

ئاشىق بۇلبۇلدەك نالە قىلىپ سايرىغىنىكى، باغلاردا ئاۋازىڭ ياڭرىسۇن.

شەھۋەتلىك ئۆمۈر، دوزاخنىڭ دەسمايىسىدۇر.

## ئويلىغىنىڭنى قىل

ئاغرىپ قالغان بىر ئادەم تېۋىپقا كۆرۈنۈش ئۈچۈن كەپتۇ. ئاغرىق تېۋىپقا: "ئەي تېۋىپ ئۇستا، تومۇرۇمنى بىر تۇتۇپ باق. ئىچىمدىكى دەرتلەرنى ئاڭلا. چۈنكى، قولۇمنىڭ تومۇرلىرى يۈرىكىمگە تۇتىشىدۇ." دەپتۇ.

تېۋىپ كېسەلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسەلنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپتۇ، ئۇنىڭ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈپتۇ.

تېۋىپ: "كۆڭلىڭ نېمىنى خالىسا شۇنى قىل. بەدىنىڭنى چىرمىۋالغان بۇ كونا دەرتلەرنىڭ ھەممىسى يوقالسۇن. پەرھىز تۇتما. بۇلار ساڭا توسقۇنلۇق قىلمىسۇن. شۇنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، سەۋر بىلەن پەرھىز بۇ كېسەلنىڭ دۈشمىنى. كۆڭلۈڭگە كەلگەننى قىلىۋەر" دەپ جېكىلەپتۇ.

ئاغرىق ئادەم:"بەك ياخشى بولدى. قېنى ئۇنداقتا مەن بېرىپ دەريا بويىنى سەيلە قىلاي" دەپتۇ ۋە دەريا بويىغا كەپتۇ. دەريا بويىدا كېسىلىگە شىپالىق تىلەپتۇ. شۇ چاغدا دەريا قىرغىقىدا بىر سوپىنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يۈز-كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئاغرىق ئادەم سوپىنىڭ گەدىنىگە كۆزى چۈشۈپ ، بىر ئىش خىيالىغا كەپتۇ، ئاندىن ئىچىدە ئۇ سوپىنىڭ پارقىراپ تۇرغان گەدىنىگە بىر شاپىلاق ئۇرغۇسى كەپتۇ ۋە تېۋىپنىڭ دېگەن گەپلىرى ئېسىگە كېلىپ، سوپىنىڭ قېشىغا كېلىپ گەدىنىگە بىر شاپىلاق ساپتۇ. سوپىنىڭ گەدىنىدىن "پاق!" قىلىپ بىر ئاۋاز چىقىپتۇ. تۇيۇقسىز تەگكەن شاپىلاقتىن ھودۇقۇپ كەتكەن سوپى گەجگىسىنى سىلاپ تۇرۇپ: "ھەي ئەدەپسىز! نېمە قىلماقچى سەن؟" دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئادەمنى مۇش بىلەن راسا ئۇرۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى يۇڭدىۋەتكىسى كەپتۇ. ئەمما ئورۇق، كېسەلچان ئادەمنى كۆرۈپ ئۆزىنى بېسىۋاپتۇ. ئەمما ئادەمنى ئۇدۇل قازىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ.

قازى ئالدىدا تۇرغان بۇ ئاۋاق، رەڭگى-روىيى سامانىدەك سارغايغان كېسەلچان گۇناھكارنىڭ ئۇستى-بېشىغا سىنچىلاپ قاراپ دەپتۇ: "مەن تىرىكلەر ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىمەن. قەبرىدىكىلەر ئۇچۇن ئەمەس. بۇ ئادەم گەرچە گۆردىن تىرىلىپ چىقمىغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايى جەسەتتىن قېلىشمايدىكەن. گۆردە ئۆلۈكلەرنى كۆپ كۆرگەن. ھازىر ئۆلۈكتىن گۆرنى كۆرۈۋاتىمەن. ئەي كور ! شۈكرى قىلغىنكى سېنى بىر تىرىك كېلىپ ئۇرمايدۇ"

قازىنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىغان سوپى، نارازى بولۇپ: "مېنىڭ ھېچ بىر گۇناھىم يوق تۇرسا، مېنى بىر شاپىلاق ئۇردى. بۇنىڭ ئۇچۇن ھېچ جازا بەرمەسلىك قانداقمۇ ئادىللىق بولسۇن؟" دەپتۇ.

قازى، كېسەل ئادەمگە قاراپ:"يېنىڭدا ئازراق پۇل بارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ.

كېسەل ئادەم: "يېنىمدا بۇ دۇنيالىق پەقەت ئالتە تەڭگەم بار" دەپتۇ.

قازى: "ئۇنداقتا ئۇچ تەڭگىنى ئۆزۈڭ خەجلە، قالغان ئۇچ تەڭگىنى غىڭشىماي بۇ ئادەمگە بەر. بۇ تاياق يېگەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا يوقسۇل بىر سوپى ئىكەن. ئۇ ئۇچ تەڭگىگە نان ئېلىپ يېسۇن" دەپ ھۆكۈم قىپتۇ.

قازى ھۆكۈمنى جاكارلاپ بولۇپ، شۇنداق بۇرۇلغاندا، بىمارنىڭ كۆزى قازىنىڭ يوغان سەللىسى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان گۆشلۈك گەدىنىگە چۈشۈپتۇ – دە، يەنە قازىنىڭ قات-قات گۆشلۈك گەدىنىگە بىر شاپىلاق ئۇرغۇسى كەپتۇ ۋە تېۋىپنىڭ "كۆڭلۈڭگە نېمە كەلسە شۇنى قىل، ھەرگىز سەۋر قىلما، پەرھىز تۇتما، بۇ سېنىڭ كېسەللىك ئۇچۇن زىيانلىق" دېگەن سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپتۇ ۋە ئۇرغان شاپىلاقنىڭ جازاسىمۇ تايىنلىق ئىكەنغۇ دەپ ئويلاپ، ئاستا قازىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك قىلىپ تۇرۇپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قازىنىڭ گەدىنىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ.

بۇ تاياق زەربىسىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن قازىغا، بىمار تىكىلىپ تۇرۇپ: " ئالسىلا بۇ ئالتە تەڭگىنى. سوپى بىلەن ئىككىڭلار ئۇچ تەڭگىدىن بۆلۈشۈۋېلىڭلار، مەنمۇ بۇ دەۋا-دەستۇردىن يىراقلا قۇتۇلاي" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قازى قاتتىق ئاچچىقىدا گەپ قىلاي دېيىشىگە، سوپى چاقچاقانلىق بىلەن مۇنداق دەپتۇ:

”ئەي! ئادالەتپەرۋەر قازى! سىنىڭ ھۆكمىڭ بەرھەق! سەن شەرىئەتنىڭ ئىجراچىسى.

ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگەن ئىشنى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى. باشقىلار ئۈچۈن قازغان گۆرگە ئەمدى ئۆزۈڭ چۈشتۈڭ" دەپتۇ.

سوپى يەنە مۇنداق دەپتۇ: "گەدەنگە ئۇرۇلغان بىر شاپىلاق ئۈچۈن بېرىلگەن ھۆكۈمۈڭ بۇ بولسا، باشقا داۋالار ئۈچۈن بەرگەن ھۆكۈملىرىڭمۇ چاغلىق ئوخشايدۇ. سىنىڭ ئالدىڭغا ئادالەت تەلەپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! كىم بىلىدۇ قانچىلىك ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋالىغا قالدىڭ. مېنى زاڭلىق قىلغان ئىدىڭ، ئەمدى بۇنىڭ دەردىنى ئۆزۈڭ تارت”

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

شامالنى كۆرمىسەڭ، يوپۇرماقلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارا.

ئىچىڭدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئىشلىرىڭغا تەدبىقلىسەڭ، ئاندىن ئۇ كۈچ مەيدانغا چىقىدۇ.

بىر خىيالغا ئەسىر بولۇپ ئادەملەرنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەسلى ئادەمنى ياراتقاننى سۆيمەيسەن؟

بىر نەرسىگە تەسىر قىلغان نەرسىنى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەسلى تەسىر قىلغۇچىدىن خەۋەرسىز سەن؟

قەغەزدىن قانات ياساپ ئۈچۈشتىن ھەزەر ئەيلە. بۇ ھەۋەستىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ پۇت-قوللىرى سۇنۇپ، باش-كۆزلىرى يېرىلدى.

قىلتاقنى تۇيغان قۇش داننى دانلىمايدۇ، ئالدىغا قەدەم باسماي جىم تۇرىدۇ.

ئاقىۋەتنى كۆرۈپ ۋۇجۇدىنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلىغان كۆز، نېمە دېگەن ئۆتكۈر كۆز ھە!

ئەگەر زىيان تارتىشنى خالىمىساڭ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا.

بۇ دۇنيادا ئۆلۈم ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەي، ئىش قىلىش پۇرسىتىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەك.

چاڭ-توزاڭنى كۆرگەن بولساڭ، شامالنى كۆر. كۆپۈكنى كۆرگەن بولساڭ دېڭىزنى كۆر. ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆز ئەنە شۇنداق كۆرىدۇ. قالغىنى ياغ، گۆش ۋە بەزدۇر.

كۆز نۇرى ئۆتكۈر كىشىلەر تېشىغا قاراپ، ئىچىنى كۆرىدۇ. زەررىدە ئەبەدىيەت قۇياشىنى كۆرىدۇ، تامچىدا پۈتۈن دېڭىزنى.

كۆزىڭدىكى پەردە يوقالسا، تامچىدىن دېڭىزنى كۆرىسەن.

شەپەق قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىپادىسى.

ئىلىم بىلەن ھېكمەت جاپالىق يولدۇر. پەقەت ئوڭاي يول بولغان بولسا ھېكمەت بولمايتتى .

## سۇلتان ماھمۇت

غەزنەۋىلىك (ئافغانىستاننىڭ بىر ۋىلايىتى) سۇلتان ماھمۇت ھىندىلار بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا، بىر بالىنى ئەسىرگە ئاپتۇ. ئۇ بالىنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ، ئۆزى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. چوڭ بولغاندا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئەسكەر بېرىپ قوماندان قىپتۇ. ئۆز ئوردىسىدا، تەختى-راۋاقىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بېرىپتۇ. ئەمما، شۇنچە ياخشىلىق كۆرۈپ ئەتىۋارلىنىپ تۇرسىمۇ بۇ ئەسىرگە چۈشكەن بالا داۋاملىق كۆز يېشى قىلىپ يىغلايدىكەن. بالىنىڭ بۇ ھالىنى بايقىغان سۇلتان ماھمۇت بىر كۈنى بالىنى يېنىغا چاقىرىپ، نېمە سەۋەبتىن بۇنچىلىك ئېزىتىراپ چېكىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

بالا مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

"مەن كىچىك چاغلىرىمدا ئاپامنى خاپا قىلىپ، شوخلۇق قىلسام، ئاپام ماڭا"سېنى سۇلتان ماھمۇتقا بېرىۋېتىمەن!" دەپ قورقۇتاتتى. دادام ئاپامنىڭ بۇ سۆزلىرىگە بەك ئاچچىقى كېلەتتى. "نېمە ئۈچۈن ئۆز ئوغلۇڭنى قارغايسەن؟" دەيتتى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بۇ ماھمۇت نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، زالىم ئادەمدۇ ھە! دەپ تېخىمۇ قورقۇپ كېتەتتىم. ھازىر بۇ سەلتەنەتلىك ھاياتىمنى ئاپام بىر كۆرىدىغان بولسا، شۇ چاغدا دېگەنلىرىگە پۇشايمان قىلغان بولاتتى. مانا مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئۆكۈنىمەن. ئانامغا كۆز

يېشى قىلمەن"

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ئاتا- ئانىلارنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولىدۇ.

ئانىنىڭ قارغىشى تۇتىدۇ.

ئاتا-ئانىلار مەيلى ياخشى مەيلى يامان دۇئا قىلسۇن، چوقۇم دىققەت قىلىشى لازىم.

ماھمۇتتەك پەزىلەتلىك كىشىلەرنى نادانلار تونۇپ يەتكەن بولسا، چوقۇم "ئاقىۋىتىڭ ماھمۇتتەك بولسۇن" دەپ دۇئا قىلاتتى.

سەۋر ئۈچۈن يامان دوست ياخشى.

كېچىدە سەۋر بىلەن ئاينىڭ نۇرى نۇرلىنىدۇ.

تىكەنگە سەۋر قىلساڭ گۈل ئېچىلىدۇ.

خۇيلارنى ياراتقاننىڭ خۇيى بىلەن خۇيلان.

سۆزى تاتلىق بولسىمۇ نادانىنى دوست تۇتما.

بۈركۈتنىڭ قانىتى سېنى سۇلتاننىڭ سارىيىغا ئاپىرىدۇ. قاغىنىڭ قانىتى مازارلىققا.

## تىككۈچى

بىر زامانلاردا بىر شەھەردە بىر تىككۈچى ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ تىككۈچى كىيىم تىككۈزگۈچىلەرنىڭ ئەكەلگەن رەختلىرىنى قاقتى- سوقتى قىلىشتا نامى چىققان ئىكەن. ئەمما، ناھايىتى ئۇستا تىككۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر قاخشىغاچ يەنە كىيىم-كېچەكنى شۇنىڭغا تىكتۈرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ تىككۈچىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق بىر تۈرك كېلىپ شۇ يەرلىكلەر بىلەن بەسلىشىپتۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈرك: "كىم مەن بىلەن بەسلىشىدۇ؟ مەن ئاشۇ كاززاپ

تىككۈچىگە بىر پارچە رەختنىمۇ ئوشۇق بەرمەيمەن. ئۇ قانچىلىك ھىلە ئىشلەتسە ئىشلەتسۇن، مەندىن ئالقانچىلىك رەختنىمۇ سوقالمايدۇ!" دەپتۇ.

كىشىلەر ئۇنىڭغا: "ئۇنچىلىك مەغرۇرلىنىپ كەتمە. نۇرغۇن مەن- مەن دېگەنلەرنى قۇيىۋەتتى ئۇ كاززاپ تىككۈچى. سەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىتىڭ؟ بەسلىشىمەن دەپ ئاخىرى پۇشايمانغا قالما" دەپ نەسىھەت قىپتۇ.

بۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان نەسىھەتلەرگە پىسەنت قىلمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ۋە كۆپچىلىك ئالدىدا: "ئەگەر تىككۈچى مەندىن ئالقانچىلىك رەختنى ئوشۇق ئېلىۋالالىسا مۇشۇ مىنىپ كەلگەن ئېتىمنى بەسلەشكەن كىشىگە بېرىۋېتىمەن. ئەگەر مەن ئۇتۇۋالسام سىلەرمۇ ماڭا بىر ئات بېرىسىلەر" دەپتۇ. شۇنداق تالاش-تارتىشتىن كېيىن ئاخىرى بەسلىشىپتۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيالىق تاڭ سەھەردىلا قولتۇقىغا بىر كىيىملىك رەختنى قىستۇرۇپ تىككۈچىنىڭ دۇكىنىغا قاراپ مېڭىپتۇ. تىككۈچى سەھەردىلا كەلگەن بۇ خېرىدارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ھال-ئەھۋال سوراپتۇ. سەممىي ھال سوراشلاردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيالىقنىڭ قەلبى بۇ خۇش مۇئامىلىدىن يورۇپ كېتىپتۇ ۋە قولتۇقىدىكى نەپىس توقۇلغان رەختنى چىقىرىپ تىككۈچىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن: "بۇ رەختتىن ماڭا ئۇرۇشتا كىيىدىغان كىيىم تىكىپ بەر. پەقەت بەلدىن تۆۋەن تەرىپى كەڭ، يۇقىرىسى تار بولسۇن. يۇقىرىسىنىڭ تارلىقى بەدەنگە راھەتلىك بەرسۇن، تۆۋەن تەرىپى بەك كەڭ بولۇپ كېتىپ ، ئايىقىمنىڭ ئاستىدا سۆرۈلۈپ يۈرمىسۇن" دەپتۇ.

تىككۈچى: "ھۆرمەتلىك خېرىدار. دېگەنلىرىدەك بولسۇن!" دەپ زاكاسنى قوبۇل قىلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپتۇ. ئەكەلگەن رەختنى ئۆلچەپتۇ. ئاندىن ئادەمنىڭ بويىنى، مۈرىسىنى ئۆلچەپتۇ. بىر تەرەپتىن قايچا بىلەن رەختنى كەسكەچ يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي قىزىق گەپلەرنى، قىسقا ھېكايىلەرنى، پىخسىق كىشىلەر توغرىسىدىكى يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىقنى كۈلدۈرۈپ، تېلىقتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىق تازا كۈلۈۋاتقاندا تىككۈچى چاققانلىق بىلەن رەختتىن بىر پارچىنى سوقۇۋاپتۇ. بۇ ئىشنى ھېچ تۇيمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق: "سادىغاڭ كېتەي قېرىنداش، يۇمۇر-لەتىپىلىرىڭ توختاپ قالمىسۇن. داۋاملىق سۆزلە. ئالامەت قىزىق گەپلىرىڭ باركەن جۇمۇ . سۆزلىگەنلىرىڭ

روھىمنىڭ ئوزۇقى بولدى" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تىككۈچى يەنە قىزىق گەپلىرىنى توختىماي ئارقا-ئارقىدىن دېيىشكە باشلاپتۇ ۋە رەختتىن يەنە بىر پارچىنى جايلاپتۇ. ئاخىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىق: "ماڭا يەنە ئەڭ قىزىقىدىن بىرنى سۆزلەپ بەرسەڭ" دەپتۇ.

تىككۈچى يەنە قىزىق بىر يۇمۇر سۆزلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركتىن ئالدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم يەنە بىر پارچىنى سوقۇپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيالىق تىككۈچىدىن يەنە بىر يۇمۇر سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

تىككۈچى: "بۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركلەر نېمە دېگەن چاخچاققا ئامراق، يۇمۇرنى شۇنچىلىكمۇ ياخشى كۆرگەن بارمۇ؟ يۇمۇرنى دەپ، قويۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىمۇ يوق" دەپ ئويلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركلەرگە بەكمۇ ھەيران قاپتۇ ۋە كۈلۈپ ھېچ ھالى قالمىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىققا قاراپ دەپتۇ: "ئەمدى يېتەر ! بولدى قىل! يەنە بىر قىزىق يۇمۇر سۆزلىسەم ھالىڭغا ۋاي! تىككۈزىدىغان كىيىمىڭ تار كەپ قالىدۇ. ھېچ كىم بۇنىڭدىن رازى بولمايدۇ. ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن بولغىنى ياخشى. دېگەنلىرىمنى چۈشەنگەن بولساڭغۇ كاشكى، كۈلكىنىڭ ئورنىغا يىغلىغان بولاتتىڭ" دەپتۇ.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر:

قاچانغىچە مەسەل، يۇمۇرغا ئالدىنىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقۇڭدىن مەھرۇم قالىسەن؟

ساڭا سېنىڭدىن باشقا بىر كۈلكىلىك نەرسە بارمۇ بۇ دۇنيادا؟ خاراب بولغان مەنزىلىڭگە، مازارىڭغا بىر قاراپ باق!

ئەي نادانلىق ۋە شۈبھە قەبرىسىگە ھېرىسمەن ئادەم، قاچانغىچە قۇرۇق يۇمۇر-لەتىپىلەرگە، مەسەللەرگە ئالدىنىپ ۋاقتىڭنى بىكارغا ئۆتكۈزىسەن. ئۆلۈلەردىن ئىبرەت ئالماي، كۈلۈپلا ئۆتكۈزۈۋېتىسەن.

ھەر ئادەمنىڭ تىككۈچىسى بولغان بۇ پەلەك، سېنىڭدەكلەرنىڭ تەقدىرىنى ئەنە ئاشۇنداق پىچىدۇ.

بۇ ئۆمۈر بىر پارچە رەختتۇر. بۇ پانى دۇنيا تىككۈچىگە ئوخشايدۇ. بۇ

دۇنيادىكى شەھۋەتلەر، ئويۇن-تاماشىلار، كۈلكە-چاخچاقلار، بارلىق ماددىي گۈزەللىكلەر ئاشۇ قىزىق يۇمۇرلارغا، ھېكايە-مەسەللەرگە ئوخشايدۇ. ئويۇن-تاماشاغا ئالدىنىپ، ئۆمرۈڭنى پانىي ئالەمنىڭ سىمۋولى بولغان تىككۈچىغا پارچىلىتىپ ئوغۇرلاتما!

ئەي يىگىت ئەقىللىق بول! ئۆمۈر ئەتلىسىڭدىن چىرايلىق، مەڭگۈلۈك بىر تەقۋالىق كىيىمى تىككۈزۈشكە تىرىشقىن!

## ئىشلىمەي رىزىق تىلىگەن يوقسۇل

بارلىق مال-دۇنياسىدىن ئايرىلىپ بىچارە بولۇپ قالغان بىر يوقسۇل ئادەم بار ئىكەن. ناھايىتى كەمبەغەل ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئادەم نامىزىدا مۇنداق دۇئا قىپتۇ: "ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم! سەن دۇئالىرىمىزنى قوبۇل قىلغۇچى. سەن مېنى ياراتتىڭ. ئەمدى مېنىڭ رىزقىمنى، جاپا تارتقۇزمايلا ئاتا قىلغايسەن! باش قىسمىمغا بەش ئۈنچە بەردىڭ. يەنە يوشۇرۇن تۆيغۇ ئاتا قىلدىڭ . ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭ چەكسىز. بۇلارنى ئىزھار قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. سەن ياراتقۇچى، رىزق بەرگۈچى بولغاندىكىن، مېنىڭ رىزقىمنىمۇ بەرگىن. ئامىن!"

بۇ يوقسۇل ئادەم نەچچە يىللاردىن بېرى، مانا مۇشۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋام قىپتۇ. تەڭرىگە يالۋۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىزھار قىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ بۇ سەمىمى تىلەكلىرى ئەمەلگە ئېششقا باشلاپتۇ.

بىر قاراڭغۇ كېچىدە چۈش كۆرۈشكە باشلاپتۇ. تۇيۇقسىز غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. "ئەي تەييارتاپ، قەغەزچىنىڭ قېشىغا بېرىپ، گۈزەل بىر قەغەز تاپقىن. ئۇ قەغەز قوشناڭنىڭ ئۆيىدىكى قەغەزلەرنىڭ ئارىسىدا بار. سەن ئۇ قەغەزنى ئۇلاردىن ئايرىۋال. ئۇ قەغەزنىڭ رەڭگى، شەكلى مۇنداق... ئۇ قەغەزنى تاپقاندىن كېيىن ئۆزۈڭ يالغۇز ئادەم يوق بىر يەردە ئوقۇ! ئۇ قەغەزنى تاپقان ھامان ئۇ يەردىن ئايرىلىپ، سىرتقا چىق. كۆپچىلىكتىن، يامان كىشىلەردىن ئۇزاقراق بىر يەرگە بار. ئۇ قەغەزنى ئوقۇش ئۈچۈن ھېچكىمگە خەۋەر بەرمە. ئەگەر باشقا بىرسى تۇيۇپ قالسا ئەنسىرەپمۇ كەتمە. چۈنكى سېنىڭدىن باشقا

هېچ بىر كىشى قەغەزدە كۆرسىتىلگەن بايلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئىشقا بىر ئاز ۋاقىت كەتسە، ئۈمىدىڭنى ئۈزمە. " تەڭرىنىڭ ياخشىلىقىدىن هېچ ئۈمىدىڭلارنى ئۈزمەڭلار" دېگەن ئايەتنى ئوقۇ!" بۇ ئاجايىپ خوش خەۋەر ئاڭلانغاندىن كېيىن، بىر قول كېلىپ ئاستا يوقسۇل ئادەمنىڭ كۆزىگە تېگىپتۇ ۋە " قېنى ئورنۇڭدىن تۇر، قىينچىلىقلارغا چىدا!" دەپتۇ. ئادەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. غايىب ئالەمدىن ئايرىلىپ، ئېسىگە كەپتۇ. بۇ چاغدا ئادەم ناهايىتى هاياجان، خۇشاللىق ئىچىدە هەيرانلىقىدىن جاهانغا سىغمايدىغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغان ئىكەن.

يوقسۇل ئادەم ئەتىسى تاڭ سەهەردىلا قوشنىسى قەغەزچىنىڭ دۇكىنىغا كىرىپتۇ. سالام سائەتتىن كېيىن ئۆزىگە قەغەز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ، هېلقى چۈشىدە دېيىلگەن قەغەزنى، قاتمۇ قات قەغەزلەر دۆۋىسىدىن ئىزدەشكە باشلاپتۇ ۋە بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بىر ۋاراق قەغەزنى تېپىپتۇ. غايىبتىن كەلگەن ئاۋازدا دېيىلگەن ئالامەتلەر قەغەز يۈزىدە كۆرۈنۈپتۇ. ئادەم قەغەزنى ئېلىپ، قوينىغا سېپتۇ ۋە دۇكاننىڭ ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ، يالغۇز بىر كوچىغا كىرىپتۇ. ئاستا ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ قوينىدىكى قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلاپتۇ. راست دېگەندەك قەغەزدە بىر بايلىق يوشۇرۇنغان يەرنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن ئىكەن. ئادەم بۇلارنى كۆرۈپ هەيرانلىق ئىچىدە: "بايلىقنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن بۇ بىباها قەغەز قانداقمۇ ئاشۇ قەغەزلەر دۆۋىسى ئارىسىغا كىرىپ قالدۇ؟" دەپ ئويلاپ، ئەقلىگە ئىشەنمەيلا قاپتۇ.

بۇ قەغەزگە مۇنداق يېزىلغان ئىكەن: "بىلگىنكى، شەهەرنىڭ سىرتىدا كۆمۈلگەن بايلىق بار! ئۇ يەردە بىر شېهىتنىڭ مازارى بار. گۈمبەزنىڭ ئارقىسى شەهەر تەرەپكە، ئىشىكى تۈزلەڭلىك تەرەپكە قارايدۇ. ئۇ يەرگە بار! دۈمبەڭنى شېهىتنىڭ مازىرىغا قىلىپ، يۈزۈڭنى قىبلە تەرەپكە قارات. ئاندىن يايىڭ بىلەن بىر ئوق ئات! ئاتقان ئوقۇڭ قەيەرگە بېرىپ چۈشسە، شۇ يەرنى كولا!"

ئادەم خەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇدۇل بېرىپ، كۈچلۈك يادىن بىرنى سېتىۋاپتۇ ۋە مازارلىققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. مازارغا بېرىپ كۆرسىتىلگەن يەرنى تاپقاندىن كېيىن يانىڭ كىرىچىنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ، ئوقنى هاۋا بوشلۇقىغا ئېتىپتۇ. ئاندىن ئوق چۈشكەن يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ يەرنى كولاشقا باشلاپتۇ. ئادەم بار كۈچى بىلەن چوڭقۇر كولاپ ئاخىرى هېرىپ قاپتۇ. گۆرجەكمۇ گاللىششقا باشلاپتۇ. ئەمما، كۆمۈلگەن بايلىق هېچ كۆرۈنمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم ھەر كۈنى سەھەردە ئۇ مازارغا بېرىپ، بىر ئوق ئاتىدىكەن، ئوق چۈشكەن يەرنى قاراڭغۇ چۈشكىچە كولايدىكەن. ئادەم ھەر كۈنى ئۇ تۈزلەڭ يەرنى كولاۋېرىپ، ئۆزىمۇ بۇ ئىشقا كۆنۈپ قاپتۇ. تۈزلەڭلىك يەرنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك كولاپ ئاغدۇرۇپ بولاي دەپ قاپتۇ. ئادەمنىڭ بۇ ئىشى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. بەزى پۇرسەت پەرەسلەر خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن، بۇ ئىشنى دەرھال پادىشاھقا "پالانى كىشى، كۆمۈلگەن بايلىق كۆرسەتلگەن بىر پارچە قەغەز تېپىۋاپتۇ" دەپ يەتكۈزۈپتۇ.

يوقسۇل ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ ئىشنى پادىشاھنىڭ ئاڭلىغانلىقنى ئۇقۇپ، ھېلىقى قەغەزنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇپ مۇنداق دەپتۇ:

"بۇ قەغەز قولۇمغا چۈشكەندىن بۇيان، بايلىققا ئېرىشمەك ئۇياقتا تۇرسۇن، شۇنچە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، ھەممە يەرنى قازغان بولسامۇ دېيىلگەن ئۇ بايلىقلارنىڭ ئەسىرىمۇ كۆرۈلمىدى. ئۇ بايلىقلارنى خىيال قىلىپ راھەتمۇ ئۇخلىيالمىدىم. بىر ئايدىن بېرى يېگەن-ئىچكەنلىرىممۇ ئاغزىمغا تېتىمىدى. بار جاپانى يەتكۈچە تارتتىم .

پادىشاھىم! سېنىڭدىن باشقا بىرسېنىڭ ئەقلى-كۈچى بۇ بايلىقنى تېپىشقا ھەرگىز يەتمەيدۇ"

بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مازارلىققا ئالتە ئاي ئوق ئېتىپتۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئوشۇقتۇ. ھەممە يەرنى كولاپتۇ. ھەتتا قەيەردە، كىمدە كۈچلۈك، مەزمۇت، چىڭ بىر ئوقيا بولسا، ئۇنى تېپىپ ئەكىلىپ، شۇنىڭ بىلەن ئوق ئېتىپتۇ. ئوق چۈشكەن يەرنى دەرھال كولاپتۇ. ھەممە يەرنى كولاپ خەزىنىنى ئىزدەپتۇ. يەرنى كولاپ ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىپتۇ. ئەمما، خەزىنىنى ھېچ تاپالماپتۇ. تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەر بىكارغا كېتىپتۇ. بۇلاردىن بىر نەتىجە ھاسىل بولماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھمۇ بۇ بايلىقنى ئىزدەشتىن ۋاز كېچىپتۇ. چۈنكى پادىشاھ پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى، چۆللۈك يەرلەرنى كولاپ، ئاغدۇرۇپ بولغان ئىكەن. پادىشاھ ئاچچىقى بىلەن يوقسۇل ئادەمنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ھېلىقى قەغەزنى يۈزىگە ئېتىپ: "بۇ تاپقان قەغىزىڭ جاپادىن باشقا بىر ئىشقا يارىمىدى. ئەمدى بۇ قۇرۇق قەغىزىڭنى ئۆزۈڭ ئال! چۈنكى سېنىڭ باشقا بىر ئىشىڭ يوق. بۇ ئىشلارنى ئالدىراش بىرسى ھەرگىز قىلمايدۇ. گۈلنى يۇلۇپ، تىكەننىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشنىڭ

ئۆزى بىر ئەخمەقلىق! تۆمۈردىن ئوت چىقىرىش ئۈچۈن سەۋر قىلىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇنداق ئۆزى جاپالىق، نەتىجىسى يوق ئىشلارنى سىپىنگدەك ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدىغانلار قىلمىسا، باشقا ئادەم چىدىمايدۇ. ئەگەر زېرىكمەي ئىزدەپ، بايلىقنى تاپساڭ، بايلىق سىپنىڭ بولسۇن!" دەپتۇ.

ئادەم پادىشاھتىن قەغەزنى ئېلىپ، دۈشمەنلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىدىن قۇتۇلۇپتۇ. پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا قويۇپتۇ. ئۆز ئىشى شۇنچىلىك جاپالىق بولسىمۇ، بۇ ئىشقا چىن دىلىدىن مۇھەببەت باغلاپتۇ. لېكىن خەزىنىنى يەنىلا تاپالماپتۇ. ئاخىرى ئادەم يەنە دۇئا قىلىشقا باشلاپتۇ. گەرچە بىر جاۋابقا ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، ھەرگىز ئۈمىدسىزلىككە چۈشمەپتۇ. نەچچە يىللاپ توختىماي دۇئا قىپتۇ.

يوقسۇل ئادەم قوبۇل بولمىغان بۇ دۇئانى قىلىشنى ئۇزمەي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى غايىبتىن بىر سادانى ئاڭلىغاندەك قىپتۇ.

ئۇ يوقسۇل ئىككى قولىنى ئېچىپ: " ئەي بارلىق سىرلارنى بىلىپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ تەڭرىم! بۇ خەزىنە ئۈچۈن ئۆمرۈمنى بەردىم. تەمەخورلۇق ۋە ئاچ كۆزلۈك شەيتىنى مېنى ئالدىراتتى. بۇ ئىش مېنى ئالدىغا سېلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەن ئەقىل بىلەن ئىش قىلمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالماي، قۇرۇق قول ئولتۇرۇپ قالدىم. يا رەببىم! ئەمدى بۇ خەزىنىنى ئىزدەشتىن ۋاز كەچتىم. تەۋبە قىلىپ، سېنى باش پاناھ قىلىمەن. ئىشىكىمنى سەن ياپتىڭ، ئەمدى سەن ئۆزۈڭ ئاچقىن! بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن، ھەپىلىششتىن جاق تويدۇم. ئاخىرى دەرۋىشلىككە، ساڭا دۇئا قىلىشقا، سىپنىڭ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدىم. ئۇلۇغ تەڭرىم قىلغان ئىشلىرىم، قىلغان دۇئالىرىممۇ كارغا كەلمىدى. كۆز ياشلارغا غەرق بولدۇم. ھازىر مەندە ئىشىكنى كۆرگۈدەك كۆزمۇ يوق. مېھرىبان تەڭرىم بوسۇغاڭ ئالدىدا شۇنچىلىك كۆپ يىغلىدىمكى، كۆزلىرىم قۇرۇپ، ئاخىرى ئەما بولدۇم. بۇ كۆزسىز قۇلۇڭغا كۆز يېشى ئاتا قىلغىنكى، بۇ ياشلار بىلەن يايلاقلاردا ئوتلار، چىمەنزارلىقلاردا گۈللەر ئۆسسۇن" دەپ تەسىرلىك دۇئا قىپتۇ.

بۇ سەممىي دۇئالارنى ئاڭلىغان ھەقنىڭ رەھمى كېلىپ ، ئۇنىڭ قىينچىلىقلىرىغا ياردەم قولىنى ئۇزىتىپ، ئىشلىرىغا ئاسانلىق ئاتا قىلماقچى بولۇپ، مۇنداق نىدا قىپتۇ: "ساڭا "يايدا ئوقنى ئات!"دەپ خىتاپ قىلىندى. ساڭا "يايىنى بار كۈچۈڭ

بىلەن تارتىپ ئات دېمىدى. سەن بىكاردىن بىكارغا كۈچۈڭنى سەرپ قىلدىڭ. سەن كۈچلۈك يانى ئىشلەتمەي، ئادەتتىكى بىر يانى ئەكىلىپ ئات! ئۇنىڭ ئۇزاققا بېرىش بارماسلىقنى ئويلىما. ئاتقان ئوقۇڭ قەيەرگە چۈشسە، شۇ يەرنى كولا. خەزىنىنى شۇ يەردىن ئىزدە. قىينچىلىقنى ئويلىماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، تەلمۈرۈپ تۇرۇپ ئىزدە! "ھەق ئىنسانغا جان تومۇردىنمۇ يېقىن" سەن بولساڭ ئۇ ئوقنى ئوخشايدىغان چۈشەنچىلىرىڭنىڭ ئۇزاقلارغا بېرىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتىسەن. ئۇ ساڭا بەك يېقىن تۇرسا، سەن بولساڭ ئۇزاقلارغا ئوق ئېتىپ نېمە ئاۋارە بولىسەن؟

كىم قانچىلىك ئۇزاققا ئوق ئاتسا، مانا مۇشۇنداق بىباھا خەزىنىلەردىن شۇنچىلىك يىراقلىشىدۇ. تېخىمۇ ئۇزۇن ھىجران ئازابى تارتىدۇ، تېخىمۇ يىراقلارغا كېتىدۇ"

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

تەكەببۇرلۇقتىن، ئۆز-ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلىنىشتىن قۇتۇلغىن! زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ئۇچۇن ئوق ئاتقىنىڭدا، ھەقنىڭ ئىلاھى رەھمىتى سېنىڭ ئۈستۈڭگە ياغسۇن.

ئۈمىدسىزلىك ئەقلىنىڭ دۈشمىنى.

ئاشىق ئەندىشە قىلمايدۇ. ئەمما ئەقىل ئۇنداق ئەمەس. ئەقىل داۋاملىق پايدىلىق نەرسىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئاشىق جاپاكەش، پىداكار بولىدۇ. بالا-قازالار ئالدىدا تۇگمەن تېشىدەك تۇرىدۇ.

ھېچكىم ئاشىقتەك ساراڭ ئەمەس. ئەقىل ئاشىق سەۋداسى ئالدىدا كور ۋە گاس بولۇپ قالىدۇ.

قېرىنداشلىرىڭنىڭ نىيتى بۇزۇلغاندا، يۇسۇپتەك قۇدۇق ئىچىدە قالغىنىڭ ياخشى.

سىرداشىنى كۆرسەڭ، سىرىڭدىن سۆز ئاچ. گۈلنى كۆرسەڭ بۇلبۇلدەك سايرىغىن.

ھىلە-مىكىرگە تولغان بىرسىنى كۆرسەڭ، ئاغزىڭنى كوزىنىڭ ئاغزىدەك چىڭ

تۇت. سۇنىڭ ئۇستىدە جىم ئاققىن، قىرغاقتىكى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چېقىلىپ كەتمە.

نادانىنىڭ زۇلۇملىرىغا سەۋر قىل. ھەمراھى بولمىغان ئەقىل بىلەن ياخشى ئۆت.

سەۋر، كۆڭۈل ئەينىكىنى تازىلاپ پارقىرىتىۋېتىدۇ.

بەدىنىڭدىكى ھەر بىر ئەزادىن سوراپ باق، بۇ ئەزالار تىلسىز كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ يۈزلەرچە تىلى بار.

يازدا ئېتىزلاردا كېۋەز يېتىشىپ، ئۇنىڭدىن پاختا ئېلىنىدۇ. پاختا قالىدۇ، ياز ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ.

باھار كەلمىگىچە مېۋە كۆچەتلىرى چېچەك ئاچمايدۇ.

ھال گۈزەللىكىگە جان ھەيراندۇر.

بەدىنىڭ گۈل دەستە. پىكرىڭ گۈل سۈيى.گۈل سۈيى گۈلنى ئىنكار قىلىدۇ! نېمە دېگەن ھەيران قالارلىق ھە!

## مۇرتى بىلەن شەيخ

بىر مۇرت شەيخ ھەسەنگە قول بەرمەكچى بولۇپ ئۇزۇن يەردىن تاغ-داۋانلار ئېشىپ، مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ كەپتۇ. شەيخنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئەدەب بىلەن ئىشىكنىڭ ھالقىسىنى ئۇرۇپتۇ. ئاۋازنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ ئايالى دەرۋازىنى ئېچىپ : "نېمە ئىشىڭ بار؟ نېمىگە كەلدىڭ؟" دەپ سوراپتۇ. مۇرت : "شەيخنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، پالانى يەردىن يوقلاپ كەلدىم" دەپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ ئايالى، مەسخىرە ئارىلاش: "شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ، شۇنچە جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يوقلاپ كېلىشتىكى مەقسىتىڭ زادى نېمە؟ ياكى يۇرتۇڭدىن زېرىكىپ، بۇ ئادەمنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ؟ دەپ، بىر تالاي سوئاللارنى سوراپتۇ. بۇ بەتخۇي خوتۇن بولمىغۇر گەپلەرنى قىلىپ، مۇرتنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپتۇ. ئەمما، مۇرت ئۆز ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمەي، ياشقا

تولغان كۆزلىرى بىلەن: "شەيخ ھەزرەتلىرى قەيەردە تۇرىدۇ؟" دەپ سوراپتۇ.

شەيخنىڭ ئايالى: " سەن قول بېرىمەن دەپ، ھۆرمەتتىگە سازاۋەر بولغان ئۇ ئادەم ئۇچىغا چىققان ساختىپەزنىڭ ئۆزى. سېنىڭدەك ئەقىلسىزلەرنى ئالداپ، يولدىن ئازدۇرۇپ جان باقىدۇ. ساڭا ئوخشاش نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭغا ئالدىنىپ زىيان تارتتى. بولسا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دېمەي، ئۇدۇل ئارقاڭغا قايتساڭ سەن ئۈچۈن ياخشى بولارمىكىن. گەرچە ئۇنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ھەممە يەرگە ئاڭلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ۋاقىتەككىۇر، يالغانچىنىڭ نەق ئۆزى. كىم نانقېپى بولسا، ئالدىنىپ ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىدۇ. بۇ قەۋم ئىلىم-مەرىپەت يولىدىن ئېزىپ، ھىلە-مىكىرگە، خۇراپاتلىققا ئالدىنىپ قالماسلىقى لازىم".

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مۇرت غەزەپكە كەپتۇ ۋە خوتۇنغا ۋاقىراپ تۇرۇپ: "بولدى قىل! سېنىڭ بۇ شەيتان ئاغزىڭدىن چىققان سۆزلىرىڭ، مېنى بوسۇغۇدىن كەتكۇزۇۋېتەلمەيدۇ. ھەق نۇرى ھەقىقى ئىلمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ دەپتۇ.

ھەقنىڭ شامىنى كىم ئۆچۈرەلەيدۇ؟ ئۇ ئۆچمەيدۇ، پەقەت ئاستا يانىدۇ. سېنىڭدەكلەر ئالەمنى قۇياشتىن ئايرىلىپ قالدۇ دەپ ئۇخلىماي چۈش كۆرىدۇ.

كەچتە ئاي نۇرىنى چاچىدۇ، ئىت قاۋايدۇ. ئاينىڭ نۇرىدىن ئىت ھوزۇرلانمايدۇ. ئىلىم ئۈچۈن قاراڭغۇدا يول ماڭغانلار ئىتنىڭ قاۋاشلىرىدىن قورقۇپ توختاپ قالمايدۇ . پارچىلار پۈتۈنلۈككە قاراپ ئوقتەك ئۇچىدۇ. مەن ئۇ ئۇستازنىڭ يولىدىن قانداق ۋاز كېچەي؟. قۇلنىڭ كىملىكى، مەۋجۇتلۇقى يوق بولغاندا نېمە قالىدۇ؟ سەن تەسەۋۋۇر قىلىپ باق! كۆزۈڭ بولسا ئېچىپ قاراپ باق! يوقتىن سوراپ باق، بىر نەرسە قالدىمۇ؟ ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرسەڭ، تۈكۈرۈكۈڭ يۈزۈڭگە چۈشىدۇ. ھېلىمۇ تەلىيىڭ كىلىپ بۇ ئۆيىنىڭ ئىتى بولۇپ قاپسەن، بولمىسا جاجاڭنى بېرىپ قوياتتىم" دەپ كېتىپ قاپتۇ.

مۇرت ھەر يەردە شەيخنى ئىزدەپتۇ. ھەممە ئادەمدىن سوراپتۇ. ئەڭ ئاخىرى بىر ئادەم ئۇنىڭغا: "ئۇ ئادەم بۇ يەرلىكلەرنىڭ تەلىيى. ئۇنى تاپماقچى بولساڭ ئورمانلىققا بار" دەپتۇ. مۇرت ئورمانغا قاراپ ماڭغاچ: "نېمە ئۈچۈن شەيخ ئۇ خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتىدۇ؟ ئۇنى ئۆزىگە يار قىلىپ، ئۇ ئۆيدە بىللە ياشايدۇ؟ شەيخ خەلقنىڭ گۆھىرى، خوتۇنى بولسا نەق بىر ھازازۇل ئىكەنغۇ" دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ۋە بىردىنلا دېگەنلىرىگە تەۋبە قىلىپ: "مەن كىم بولاتتىم؟

جانابى ھەق نېمىنى بۇيرۇسا شۇ بولىدۇ. مەن نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرۈيمەن؟" دەپتۇ. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن يەنە كۆڭلى ۋەس-ۋەسىگە چۈشۈپ، مۇنداق ئويلاردا بوپتۇ: "جىبرىئىل قانداقمۇ شەيتان بىلەن ياشىسۇن؟ قاراقچىنىڭ كارۋان بىلەن بىرگە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟" ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئورمانىنىڭ يېنىغا كەلسە شەيخ بىر ئارسلانىنىڭ ئۈستىدە، قولىدا بىر ئەركەك يىلاننى قامچا قىلىپ مىنىپ تۇرغىدەك. شەيخ مۇرتنى كۆرۈپ: "ھەرگىز شەيتانغا ئالدانما!" دەپتۇ ۋە ئۇ مۇرتنىڭ كۆڭلىنى ئىلىم بىلەن يورۇتۇپتۇ. ئۇنىڭغا يېتەكچى بوپتۇ. مۇرت ئۇ شەيخكە قول بېرىپ، ئۇنىڭ ۋاپادار شاگىرتى بوپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەقىللىق شەيخلەر ھەرقانداق شاش ئارسلاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ، ئۈستىگە مىنىۋالالايدۇ.

پەسكەشلەرنىڭ پەسلىكىگە سەۋر قىلساڭ، ئاخىرى غەلبە قىلغان سەن بولىسەن.

ئۆكۈزنىڭ مېڭىشى، يۈك توشۇش، ھارۋانى سۆرەش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى، تاياقتىن قورققانلىقىدىندۇر.

ئۆكۈزدەك ئادەملەر بۇ دۇنيانى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ھەر ئادەم ئۆز يارىسىغا مەلھەم ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ.

بارلىق كىشىلەر ياماندىن قورقىدۇ. ئەمما، ھېچكىم ئۆز ئۆزىدىن قورقمايدۇ. دېمەككى ھەر كىمنىڭ بىر رەقىبى بار.

بەدەننى روھقا ئىگە قىلغانمۇ ئۇ، كېمىنى نۇھقا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنمۇ ئۇ.

ھەر يالغان توغرىدىن چىقىدۇ.

دورا دورا پېتى تۇرسا بىر ئىشقا ئەسقاتمايدۇ. پەقەت ئاغرىق ئىچىپ، دورا مەۋجۇتلۇقنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى رەڭمۇ-رەڭ ئىنسانلار گۆرگە كىرگەندە، ئوخشاش بىر رەڭدە بولىدۇ.

شەكىلگە ئەمەس، مەنىسىگە قارايدىغان، پىشىپ يېتىلگەن ئىنسانلارنىڭ قىبلىسى سەۋر، چىدامچانلىقتۇر.

شەكىلگە، كۆرۈنۈشكە چوقۇنغانلارنىڭ قىبلىسى تاشلاردىكى نەقىشلەر، رەسىملەردۇر.

بىرسىگە قانداق خۇي-مىجەزنى بەرگەن بولسا، ئۇ شۇ خۇي- مىجەزگە لايىقتۇر. بىرسىگە مال-دۇنياغا ئاشىق بولىدىغان خۇينى بەرسە، يەنە بىرسىگە ھەققە ئاشىقلىقنى بېرىدۇ.

ئادەم توختىماي كىتاب ئوقۇغان بىلەن، ئۇ بىلىملەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىمىسا، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىگىسى بولمىسا، ئۇ بىلىملەر ئۇنىڭغا يۇقمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ھەققە قۇل بولۇپ، ئۆز ئۆمرىدە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى بولسا، ئۇ كىشى كىتاب ئوقۇمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆز كۆڭلىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە بولالايدۇ.

## ئۈچ يولۇچىنىڭ ھېكايىسى

بىر يەھۇدى، بىر خىرىستىيان ۋە بىر مۇسۇلمان بولۇپ ئۈچ كىشى سەپەردە بىرگە بولۇپ قاپتۇ. يول بويى مۇڭدىشىپ، بارنى تەڭ كۆرۈپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى بىر يېزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر ئاق كۆڭۈل دېھقان ئۇلارغا ھالۋا بىلەن تونۇردىن يېڭىلا چىققان ئىسسىق نان بېرىپتۇ. بۇ ھالۋىنى كۆرگەن ئۈچى ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. يەھۇدى بىلەن خىرىستىيانىنىڭ قورسىقى توق ئىكەن. مۇسۇلمان ئۇ كۈنى روزا تۇتقان ئىكەن. ئىپتار ۋاقتى كەلگەچكە مۇسۇلمان ئىپتار قىلىشقا توغرا كەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى ھالۋىغا قاراپ تۇرۇپ: "ھازىر قارنىمىز توق. بۈگۈن يىمەي، ئەتىلىككە يەيلى. بۇ ئاخشام سەۋر قىلايلى" دەپتۇ.

مۇسۇلمان: "ئالدىمىزغا نېئمەت كەلگەن ئىكەن، ھازىرلا يەيلى. ئالدىمىزدىكى ھالۋىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، سەۋر قىلىشقا نە ھاجەت" دەپتۇ.

ئۇ ئىككىسى: "بۇ ئىشتىمۇ بىر ھېكمەت باردۇ بەلكى. ياكى ئۇ ھالۋىنى يالغۇز ئۆزۈڭ يېمەكچى بولۇۋاتامسەن؟" دەپتۇ.

مۇسۇلمان: "هەي قەدىرلىك دوستلىرىم. نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭلار. بۇ هالۋىنى ئۇچكە بۆلەيلى. هەر كىم ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالسۇن. ئۆز نېسىۋىسىنى كىم قاچان يېسە ئۆزىنىڭ ئىشى" دەپتۇ.

ئىككىسى: "بولمايدۇ! "كىم بۆلۈشكەن بولسا دوزاخقا لايىقتۇر" دېگەن گەپ بار“

مۇسۇلمان: "دوزاخقا چۈشىدىغان ئادەم هەرگىز بۆلۈشكەن ئادەم بولماستىن، بەلكى ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، تەقسىمات قىلغان ئادەمدۇر" دەپتۇ ۋە ئاخىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى بويىچە هالۋىنى يىمەي ئاچ قورساق ئۇخلاپ قاپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ مەقستى مۇسۇلماننى قەستەن ئاچ قويۇپ قىيناش ئىكەن.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە هەممىسى تاهارەت ئاپتۇ. هەر كىم ئۆزىنىڭ دىنى بويىچە ئىبادەت قىپتۇ. تەڭرىگە يۈزلىنىپ دۇئا-تىلاۋەت بىلەن مۇناجات قىلىپ ئىبادەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. ئاندىن ئۈچىلىسى بىر-بىرىگە دوستانە تەبەسسۇم بىلەن قارىشىپتۇ. ئاندىن ئارىسىدىن بىرسى: "ئاخشام كىم چۈشىدە نېمە كۆرگەن بولسا شۇنى دېسۇن. ئەڭ ياخشى چۈشنى كىم كۆرگەن بولسا، هالۋىنى شۇ يىسۇن. تۆۋەن بولغاننىڭ نېسىۋىسى، ئۈستۈن بولغاننىڭ بولسۇن. ئۈستۈن ئەقىلگە ئىگە بولغان يېسە، هەممىمىز يېگەندەك بولىمىز" دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ باشتا يەهۇدى ئۆزى كۆرگەن چۈشنى بايان قىپتۇ .

”چۈشۈمدە بىر يەردە كېتىۋاتاتتىم. ئالدىمغا تۇيۇقسىز مۇسا چىقتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. شۇنداق قارىسام تۇر تېغىغا كەپ قاپتىمەن. ئۇ يەردە هوشۇمنى يوقاتقاندەك بولدۇم-دە، ئۈچىلىمىز نۇر ئىچىدە غايىپ بولدۇق. ئاندىن نۇر ئىچىدىكى بىر ئىشىك ئېچىلدى . ئۇ ئىشىكنىڭ ئىچىدە باشقا بىر نۇر بىلەن تا ئەرشكىچە يۈكسەلدۇق. مەن، مۇسا ۋە تۇر تېغى ئۈچىلىمىز نۇرنىڭ يورۇقى ئىچىدە غايىپ بولدۇق. ئاندىن جانابى هەقنىڭ نۇرنىڭ تەجەللىسى بىلەن تاغنىڭ ئۇچكە ئايرىلغانلىقىنى كۆردۈم. هەقنىڭ هەيۋەتلىك نۇرى ئاستىدا تاغ ئۇچكە پارچىلىنىپ ئۈچ تەرەپكە كەتكەن ئىدى. بىر پارچىسى دېڭىزغا چۈشتى. ئۇنىڭ بىلەن دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى تاتلىق سۇغا ئايلاندى. ئىككىنچى پارچىسى يەرگە چۈشتى. ئۇ چۈشكەن يەردىن جانغا شىپا بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقتى. قالغان ئۈچىنچى پارچىسى كەبە ئەتراپىغا چۈشۈپ

ئارافات تېغى بولدى. هوشۇمغا كېلىپ قارىسام تۇر تېغى جايىدا تۇرۇپتۇ. ئەمما، تاغ مۇسانىڭ پۇتلىرى ئاستىدا خۇددى مۇزدەك ئېرىپ، تۆپتۈز بولۇپ كېتىۋاتاتتى. يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. قارىسام، مۇسا تۇر تېغىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. تاغنىڭ باغرىدا مۇساغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر كۆرۈنگەنىدەك بولدى. ھەممىسى قوللىرىدا ئوخشاش ھاسا تۇتقان، ئوخشاش كىيىم كىيگەن ھالدا تۇر تېغىغا قاراپ، دۇئا- تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. بىردىنلا ھوشۇمغا كەلگەنىدەك بولدۇم، ئۇ كۆرۈنۈشلەر كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار خۇددى نۇردىن ھاسىل بولغان مالائىكىگە ئوخشاش كۆرۈندى“

ئاندىن كېيىن خرىستىيان ئۆزى كۆرگەن چۈشنى سۆزلەپتۇ:

”ئاخشام چۈشۈمدە مەسىھنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەرشكە قاراپ يۈكسەلدۇق. تا ئەرشنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىگىچە چىقتۇق. بۇ يەردىكى ھەيۋەتلىك قەلئەلەر كۆزۈمنى قاماشتۇردى. بۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلەرنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس“

يەھۇدى بىلەن خرىستىيانىنىڭ بۇ چۈشلىرىنى ئويدۇرۇپ چىققانلىقى ئېنىقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ بۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن سەۋر قىلىپ ئاڭلىغان مۇسۇلمان مۇنداق دەپتۇ:

”ئەي قەدىردان دوستلىرىم! ئاخشام ماڭىمۇ پەيغەمبىرىم كۆرۈنۈپ، مۇنداق دېدى: "بىرسى تۇر تېغىغا باردى ھەقنىڭ قۇدرىتى بىلەن نۇر ئىچىدە قالدى. يەنە بىرى ئەيسانىڭ ماكانىغىچە يۈكسەلدى، ئەرشنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىنى كۆردى. ئەي گاڭگىراپ قالغان ئاجىز، ئورنىڭدىن تۇر! سەن ئەمدى بۇ ھالۋىنى بولسىمۇ يېگىن! ئۇ مەرىپەتكە توشقانلار مۇرادىغا يېتىپتۇ. ئۇ پەزىلەتلىك ئىككى ئادەم مالائىكىلەر بىلەن بىللە بولۇپ مەرىپەتتىن بەھرىمەن بوپتۇ. سەن بولساڭمۇ قاراپ تۇرماي ھالۋىنى يېگىن" دەپتۇ.

مۇسۇلماننىڭ چۈشلىرىنى ئاڭلىغان يەھۇدى بىلەن خرىستىيان دەرھال: "ھەي ئاچكۆز، ھالۋىنى يەۋەتتىڭمۇ نېمە؟" دەپ سوراپتۇ.

مۇسۇلمان: "ئۇمۇ ھەقنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىپ ماڭا شۇنداق دېگەن تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلمايدىغان كىمتىم؟ سەن بولساڭ يەھۇدى،

مۇسانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي قالامسەن؟ سەن بولساڭ خرىستىيان، ئەيسانىڭ بۇيرۇقىغا ئوچۇق ئاشكارا ياق دېيەلەمسەن؟ ئۇنداقتا بارلىق پەيغەمبەرلەر ھەۋەس بىلەن قارايدىغان بىر پەيغەمبەرنىڭ بۇيرۇقىغا قانداقمۇ ئىتائەت قىلماي تۇرالايمەن؟ شۇنىڭ بىلەن ھالۋىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋەتتىم" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئۇ ئىككىسى: "ئەزىبىرايى خۇدا، ئەڭ گۈزەل چۈشنى سەن كۆرۈپسەن. بىزنىڭ چۈشىمىزدىن ياخشىكەن. بولۇپمۇ سەن ئۇيقۇڭدىمۇ، چۈشۈڭدىمۇ ئويغاق ئىكەنسەن. چۈنكى بۇلارنىڭ تەسىرى ئويغاق ھالەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى" دەپتۇ.

## ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ئەجەل كەلگەندە بەدەن قانداق ئىرىسە، جانسىز نەرسىلەرمۇ شۇنداق ئېرىيدۇ.

مەيلى مۇئمىن، مەيلى يەھۇدى، خرىستىيان ۋە ئاتەشپەرەس بولسۇن ھەممىسى جانابى ھەققە مۇھتاجدۇر.

تاغ-دەريالار، تاش ۋە سۇلار، تۇپراق ۋە ئوتلارمۇ جانابى ھەققە ھەمدۇسانا ئوقۇيدۇ.

ھەركىم مەرىپەت ۋە پەزىلەت داۋاسىدىن ۋاز كېچىشى كېرەك. ئەڭ مۇھىم بولغىنى گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىنسانىيەتكە خىزمەتتۇر.

ھىلە ۋە خىيانەتنىڭ ھەممىسىنى ئىنسانلار ئۆزى قىلىدۇ.

## ئۆچ ھايۋاننىڭ ھېكايىسى

بىر قوچقار، بىر تۆگە ۋە بىر سىيىر ئۆچى يولدىن بىر باغلام چۆپنى تېپىۋاپتۇ.

قوچقار: "بۇ چۆپنى ئۆچكە بۆلسەك ھېچكىمنىڭ قارنى تويمايدۇ. شۇڭا كىمنىڭ يېشى چوڭ بولسا چۆپنى شۇ يېسۇن!" دەپتۇ ۋە ئارقىسىدىنلا: "مەن ئىسمائىلنىڭ ئورنىغا قۇربانلىق ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن قوچقار بىلەن ئوخشاش

يايلاقتا ياشىغان" دەپتۇ.

سىيىر:"مەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆكۈز بىلەن يەر ئاغدۇرغان چاغدا موزاي ئىدىم. كېيىن ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەمنىڭ ئۆكۈزىنىڭ جۈپتى بولغان" دەپتۇ.

تۆگە قوچقار بىلەن سىيىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يەردىكى بىر باغلام ئوتنى ئاغزىغا ئېلىپ، بېشىنى يۇقىرىغا قىلىپ تۇرۇپ چايناشقا باشلاپتۇ –دە، ۋە مۇنداق دەپتۇ:

"قاچان تۇغۇلغانلىقىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ سىلەردىن ئېگىزلىكىم كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇغۇ! شۈبھىسىز مېنىڭ سىلەردىن چوڭلۇقۇمنى جاھان ئەھلى بىلىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى مېنىڭ سىلەردىن ئۈستۈن يارىتىلغانلىقىمنىمۇ بىلىدۇ.

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. ئەمما، ھازىر كىشىلەر چوڭلارنى ئىككى يەردە ھۆرمەتلەيدۇ: يا ئىسسىق شورپا ئالدىغا كەلگەندە ۋە ياكى كونا كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە. دېمەك يامان ئىنسانلار، بىر پايدا چىقمىغۇچە چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى مانا مۇشۇنداق تۇرسا، يامانلىقلىرى قانچىلىكتۇر- ھە! ئۇلۇغ تەڭرىم ئۇلارنىڭ شەررىدىن بىزنى قوغدا!

يالغان سۆزلەر ئوت-چۆپكە ئوخشايدۇ. يا كۆڭۈلدە ياكى ئېغىزدا تۇرمايدۇ. ئوت-چۆپنى ھەرگىز ئېغىزدا ساقلىغىلى بولمايدۇ. ئېغىزدىكى چۆپ تىلغا تاقىشىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئاغزىڭدىن چىقىرىپ تاشلىغىن.

بالا-قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى زوراۋانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېھسان ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن بولىدۇ.

ئادالەت، ئىشلارنى لايىقىدا قىلىش دېگەنلىكتۇر. زۇلۇم، لايىق بولمىغان ۋاستە قوللىنىش دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر قىبلەڭنى ئۇنۇتساڭ، بارلىق باتىل قىبلىلەرمۇ سېنى قوبۇل قىلمايدۇ.

## چاشقان بىلەن پاقا

سۇپسۈزۈك زۇمرەتتەك سۇ ئېقىپ تۇرغان، قىرغاقلىرى رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان بىر ئۆستەڭدە بىر پاقا ياشايدىكەن. بىر كۈنى قىرغاقتا ياشايدىغان بىر چاشقان بىلەن دوست بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار پات-پات ئۇچرىشىپ، ئۆستەڭ بويىدا مۇڭدىشىدىكەن.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېقىن دوستلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇچراشقان ۋاقىتلىرىدا ھەرخىل ھېكايىلەرنى سۆزلىشىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ.

بىر كۈنى چاشقان، پاقىغا: "قەرەللىك ۋاقىتتا پاراڭلىشىش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەستەك قىلىدۇ. تۇيۇقسىز بىر ئىشىم چىقسا، ساڭا دەرھال خەۋەر قىلالمايدىكەنمەن. تۇيۇقسىز بېشىمغا بىر ئىش كەلگەندە، سەن سۇنىڭ ئاستىدا بولغاچقا ساڭا خەۋەر قىلغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلساق" دەپتۇ.

چاشقاننىڭ بۇ ئوي- پىكرى پاقىغىمۇ يېقىپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە چارە ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئاخىرى بىر چارىنىمۇ تېپىپتۇ ۋە مۇنداق قىپتۇ.

ئۇزۇن بىر يىپنى تېپىپ، يىپنىڭ بىر ئۇچىغا چاشقاننىڭ قۇيرۇقىنى، بىر ئۇچىغا پاقىنىڭ پۇتىنى باغلاپتۇ. بىرسى يەنە بىرسى بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغاندا، يىپنى تارتىدىكەن ۋە دەرھال بىر يەرگە جەم بولۇپ پاراڭلىشىدىكەن.

بىر كۈنى چاشقان ئۇۋىسىدىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر قاغا كېلىپ، چاشقاننى "كاپپىدە" قىلىپ چوقۇپ ئېلىپلا ئۇچۇپتۇ. چاشقاننىڭ قۇيرۇقىغا يىپ باغلاقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، پاقىنىمۇ سۇدىن سۆرەپ چىقىپتۇ. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەنلەر، بۇ قاغىنىڭ سۇنىڭ ئىچىدىكى پاقىنى قانداقلارچە ئوۋلىغانلىقىغا ھەيران قېلىشىپتۇ.

پۇتى ئاسمانغا، بېشى يەرگە ساڭگىلىغان ھالدا ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن پاقا مۇنداق نىدا قىپتۇ: "چاشقانغا دوست بولغاننىڭ جېنىغا ۋاي!"

دوست تۇتقاندا دىققەت قىلىش كېرەك. ياخشى دوست ياخشى ئىشقا سەۋەپ بولسا، يامان دوست يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەپچى بولۇپ قالىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئىنسانلار ماددى ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن دۈشمەنلىرىگە ئالدىنىپ خاتا كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ قېلىپ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەلەرگە ئۇچرايدۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەركىم ئۆزىگە لايىق كىشى بىلەن دوست بولسۇن.

سۆيگۈنى كۆرگەن كۆڭۈل سۆيگۈسىز قالمايدۇ.

بۇلبۇل گۈلنى كۆرگەندە نىداسىز قالماس.

دوست دوستلار بىلەن بىرگە ئۇلپەت بولغاندا كۆڭۈل سىرلىرى ئاشكارە بولىدۇ.

خىزىرنىڭ دوستلۇقى ئۆلۈك بېلىقنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ.

دوستلۇق ئىنساننى مەس قىلىپ قويماسلىقى لازىم.

## ئوغرى بىلەن سۇلتان

بىر كۈنى سۇلتان ماخمۇت ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپتۇ. رەستەلەرنى، كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر توپ ئوغرىلارغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئوغرىلاردىن بىرى: "سەن كىم؟ " دەپ سوراپتۇ.

سۇلتان: "مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىرسى بولمەن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئوغرىلاردىن يەنە بىرى: "سەنمۇ بىزگە ئوخشاش بىرسى بولساڭ، ھەركىم ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىپ باقسۇن!" دەپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى ھەممىسى ئۆز كارامەتلىرىنى سۆزلىشىپتۇ.

بىرسى: "مېنىڭ كارامىتىم ئىككى قۇلىقىمدا. بىر ئىت ھاۋشىسا ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلەيمەن" دەپتۇ.

يەنە بىرسى: "مېنىڭ كارامىتىم ئىككى كۆزۈمدە. قاپقاراڭغۇ كېچىدە

ھەرقانداق نەرسىنى كۆندۈزى كۆرگەندەك پەرق ئېتەلەيمەن" دەپ ماختىنىپتۇ.

يەنە بىرسى: "مېنىڭ كارامىتىم بۇرنۇمدا. يەرنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر كۆمۈۋەتكەن ئالتۇن بولسىمۇ، ئۇنى پۇراپ تاپالايمەن. يەر ئاستىدىكى بارلىق سىرلار مېنىڭ بۇرنۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەجنۇندەك ھەرقانداق تۇپراقنى پۇراپلا، لەيلانىڭ قاياقتا كەتكەنلىكىنى بىلەلەيمەن. ياقۇپتەك كۆينەكنى پۇراپلا، ئۇنىڭ يۇسۇپنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمەن." دەپتۇ.

باشقا بىرسى: "مېنىڭ ئىككى قولۇم ئالامەت كۈچلۈك. ھەرقانداق نەرسىنى يۇلۇپ ئالالايمەن" دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ سۇلتاندىن باشقا ھەممىسى ئۆز كارامەتلىرىنى، ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەپتۇ. ئەمدى نۆۋەت سۇلتان ماخمۇتقا كەپتۇ.

سۇلتان: "مېنىڭ كارامىتىم بولسا ساقىلىم. ساقىلىم ئارقىلىق جىنايەتچىلەرنى قۇتقۇزىمەن. جاللاتلار جىنايەتچىلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ساقىلىمنى بىر سىلاپ قويسام، ئۇلارنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ." دەپتۇ.

ئوغرىلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىردەك: "سەن بىزنىڭ پىرىمىز، يول باشچىمىز بول. بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، ئاشۇ كارامەتكە ئىگە ساقىلىڭنى بىر سىلاپلا بىزنى قۇتقۇزغىن" دەپتۇ.

بۇلار شۇنداق كېلىشكەندىن كېيىن، ئۇدۇل سۇلتان ماخمۇتنىڭ قەسىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. يولدا بىر ئىت ھاۋشىپتۇ. بۇ چاغدا ئىتنىڭ ھاۋشىشىنى بىلىدىغان ئوغرى: ئىت "سۇلتان سىلەر بىلەن بىللە" دەۋاتىدۇ" دەپتۇ. يەنە بىرى توپىنى پۇراپ بېقىپ:"بۇ يەرلەر پادىشاھقا تەۋە يەرلەر" دەپتۇ ۋە تامنى تېشىپ، ئىچىدىكى خەزىنىلەرنى ئېلىپ كىتىپتۇ. سۇلتانمۇ چاندۇرماي ئۆز قەسرىگە كىرىۋاپتۇ ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى باش ۋەزىرگە بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ۋەزىر گۇناھكارلارنى دەرھال تۇتۇپ كېلىشنى دەپتۇ. سۇلتان دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ۋەزىر ئەزەم پادىشاھنىڭ ئەمرى پەرمانىغا بىنائەن لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى قولغا ئاپتۇ ۋە ھەممىسىنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەكەپتۇ. ئوغرىلار ئالدىدا بەھەيۋەت تۇرغان سۇلتان ماخمۇتنى كۆرۈپلا

تونۇپتۇ ۋە " بۇ ساقالدا شۇنداق بىر كارامەت باركى، بىزنىڭ قولغا چۈشۈپ قېلىشىمىزمۇ ئاشۇ ساقالنىڭ كارامىتىدىن بولغان" دەپ، باشلىرىنى ئېگىپ تۇرۇپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ياخشى كۆرگەن ماددى نەرسىلەر، ئادەمنى كور ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ.

كۆڭۈل كۆزى روشەن كىشىلەر، پەردە ئارقىسىدىكى بارلىق سىرلارنى كۆرەلەيدۇ.

دۇنيادا ئىنسان روھىدىنمۇ سىرلىق نەرسە يوق.

ئادىللىق ھەقنىڭ سۈپىتى.

ھەر ئىككى ئالەمدە، كۆڭۈل ھەقنىڭ نەزەرگاھىدۇر.

ھەقنىڭ مۇھەببەتنى ۋە گۈزەللىكنى ياخشى كۆرۈشىنىڭ سىرى، بۇ پەردىلەرنىڭ، بۇ ھېكمەتلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ھەق مىراجدا: "سەن بولمىغان بولساڭ كۆكلەرنى ياراتمايتتىم" دېگەن ئىدى.

ئارىپ ھەققە مۇناجات قىلدى: "بارلىق ئاشكارا ياكى مەخپى ئىشلارنى بىلگۈچى ئى رەب! بارلىق ھۆكۈم سېنىڭ ئىلكىڭدە. ھالبۇكى، كۆڭلىمىز سېنىڭ ھېكمەتلىرىڭدىن خەۋەرسىز. بىز كۆرمەيمىز. ھالبۇكى، سەن بىزنى كېچە-كۈندۈز كۆرۈپ تۇرىسەن. سەۋەپلەرگە باغلىنىپ قېلىپ، كۆزلىرىمىز كۆرمەس بولدى. يېقىن تۇرغان جاننى يىراق قىلما. سېنىڭدىن يىراق تۇرۇش، دەرد ۋە ئازاپقا تولغان بىر ئۆلۈمدۇر. كۆرەلىگەننى كۆرەلمەيدىغان قىلما. يېشىللىكلەرگە سۇ سەپكىن”

ئەي دوستلار! غەيۋەتتىن توختاڭلار.

گۈزەل ئەخلاق بىلەن زىننەتلەنگىن. گۈل سۈيىنىڭ خۇيى گۈلدىن كەلگەنلىكىنى بىل.

ئېرىقتىكى سۇلار ئېقىپ تۇرىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئاي بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ شولىسى ئۆزگەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆكتە تۇرىدۇ.

## گۈزەل ئات

بىر بەگنىڭ ئىنتايىن چىرايلىق بىر ئېتى بار ئىكەن. بۇنداق ئېسىل نەسىللىك ئات پادىشاھتىمۇ يوق ئىكەن. بىر كۈنى بەگ ئېتىنى مىنىپ بىر مەرىكىگە بېرىپتۇ. بۇ يەردە خارەزىم شاھىنىڭ كۆزى بۇ ئاتقا چۈشۈپتۇ. مەرىكە تۈگىگىچە خىيالى ئاشۇ ئاتتا قاپتۇ. مەرىكە ئاخىرلاشقاندا، پادىشاھ مۇشاۋىرىغا ئۇ ئاتنى بەگدىن ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇلار دەرھال بەگنىڭ يېنىغا بېرىپ، شاھنىڭ پەرمانىنى بىلدۈرۈپتۇ. بەگ بۇ پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەمگە چۈشۈپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ. پادىشاھنىڭ پەرمانىغا قارشى كېلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ ناھايىتى ئىزتىراپ چېكىپتۇ ۋە دەرھال ۋەزىرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆز ھالىنى بايان قىپتۇ:

”پادىشاھنىڭ ئەمىر-پەرمانى ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ پەرمانى ئالدىدا بويىنۇم قىلدىن ئىنچىكە . شۇنداقتىمۇ، ۋەزىر جانابلىرىدىن شۇنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئۇلۇغ تەڭرىقۇتقا بارلىق مال مۈلكۈمنى، ھەتتا تۇرالغۇ ئۆي ماكانلىرىمنىمۇ بەرسەم. ئەمما، مەن ئۈچۈن مۇقەددەس بولغان ئېتىمنى مەندىن ئالمىسا“ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

بەگنىڭ بۇ تىلىكىنى ئاڭلىغان ۋەزىر ئەزەم، بەگكە تەسەللى بېرىپ: "غەم قىلما. بۇ ئاتنى مەن يەنە ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمەن. ھەممە ئىشلار ئاسان بولۇر" دەپتۇ ۋە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىغا كەپتۇ. بەگمۇ ۋەزىر ئەزەمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاتنى پادىشاھ قەسرىگە ئەكەپتۇ.

پادىشاھ تەختى-راۋاقتىن چۈشۈپ ۋەزىرگە قاراپ: "بۇ ھەقىقەتەن ئېسىل ئارغىماق، شۇنداقمۇ؟" دەپ سوراپتۇ.

ئەقىل بابىدا "دانىشمەنلەرنىڭ پىرى" دەپ نام ئالغان ۋەزىر ئەزەم : "پادىشاھىمىزنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەقتۇر! ئات ھەقىقەتەن گۈزەل! بىراق بېشى ئۆكۈزنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغاندەك قىلامدۇ نېمە؟" دەپ ئاستا پادىشاھنىڭ چىرايىغا ياندىن قاراپتۇ. بۇ كۈتۈلمىگەن باھانى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆزگىچە ئۆڭگەن ھالدا ئاتقا سىنچىلاپ نەزەر ساپتۇ ۋە بارلىق ئىشتىياقى بىردىنلا بۇلۇتتەك تاراپتۇ.

ھەمدە ئاتنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم ئويدۇرۇپ چىقارغان باھانە بىلەن بەگ ئۆز مەقستىگە يېتىپتۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

مەيلى شاھ، مەيلى گاداي ھەممىسى ھەققە مۇھتاج.

قۇياش تۇرۇقلۇق، چىراقتىن مەدەت تىلىمە.

بەزىلەر مەسچىت يولىدا بەختىيار، بەزىلەر باغ گۈلستاندا غەمگۇزار.

ئەخمەقلەر كۆڭۈل كۆزى كور بولغان چاغدا، ئىمانىنى بىر چۆگۈن چايغا تېگىشىۋېتىدۇ.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغانسېرى راھەت ھېس قىلىسەن. يامانلىق قىلغانسېرى بۇ ھاياتنىڭ ھۇزۇرى سەندىن ئۇزاقلىشىپ، ھاياتىڭ زىندانغا ئايلىنىدۇ.

شەيئىلەر زىتى بىلەن ئاشكارا بولۇر.

نەپسانى ھەۋەسلەردىن ئاللاھتىن قورقۇپ ۋاز كەچسەڭ، ئىشىك ئالدىڭدىن كەۋسەر ئاقىدۇ

## پادىشاھ بىلەن مۇدەررىس

بىر پادىشاھ چاھار باغدىكى مەشرەپ بەزمىسىدە شاراپ ئىچىپ مەس بولۇپ قاپتۇ. دەل شۇ چاغدا باغنى سەيلە قىلىۋاتقان بىر مۇدەررىسنى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇردا خىزمەتكارلىرىغا، ئۇ ئادەمنى ھۇزۇرىغا ئەكىلىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار ئۇ كىشنى سورۇنغا باشلاپ ئەكەپتۇ. مەس پادىشاھ مۇدەررىسكە شاراپ ئىچكۈزمەكچى بولۇپ، ئۆز قولى بىلەن مۇدەررىسكە شاراپ سۇنۇپتۇ. ئەمما، مۇدەررىس شاراپنى ئىچىشنى رەت قىلىپ دەپتۇ: "مەن ئۆمرۈمدە مۇنداق بىر نەرسىنى ئاغزىمغا ئېلىپ باقمىدىم. بۇنى ئىچكەندىن كۆرە زەھەر ئىچكەننى ئەلا دەپ بىلىمەن" دەپتۇ.

مۇدەررىسنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ غەزىپى كەپتۇ ۋە ساقىغا ئىشارەت قىلىپ: "مۇدەررىسنىڭ كەيپىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇڭلار، سورۇنىمىز

تازا قىزىسۇن" دەپتۇ.

پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە ساقى مۇدەررىسنىڭ گەجگىسىگە ئىككىنى قويۇپ، شاراپ تولدۇرۇلغان قەدەھنى قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن چارىسىز قالغان مۇدەررىس قورقىنىدىن شاراپنى گۈپپىدە قىلىپ كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. مۇدەررىس ئىچكەنسىرى كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، نۆۋەتنى ھېچ قاچۇرماپتۇ ۋە سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ، سورۇندىن چاڭ چىقىرىۋېتىپتۇ. بىر چاغدا مۇدەررىس ھاجەتكە چىقىپ كىرىش ئۈچۈن ساقىدىن ئىجازەت ئېلىپ خالى جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پادىشاھنى خالى جايدا بىر گۈزەل ساقلاۋاتقان ئىكەن. مۇدەررىس ئۇ گۈزەلنى كۆرۈپلا ئەس-ھوشىنى يوقىتىپتۇ. دۇنيانى ئۇنتۇپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ مۇدەررىسنىڭ سورۇنغا قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى بايقىغان پادىشاھ ئازراق گۇمان بىلەن خالى جايغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يەردە مۇدەررىس بىلەن ئۇ گۈزەل دېدەكنىڭ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن شاھ ناھايىتى دەرغەزەپ بولۇپتۇ. مۇدەررىس دەرھال سورۇنغا قايتىپ كەپتۇ. ئارقىدىن كەلگەن پادىشاھنىڭ پەيزى قېچىپ سورۇندا  قاپاقنى تۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مۇدەررىس مەسلىكتە ساقىغا ۋارقىراپ تۇرۇپ:"نېمىگە تامنىڭ تۆشۈكىدەك پارقىراپ تۇرىسەن! پادىشاھنىڭ كەيپىنى جايىغا كەلتۈر! سورۇن قىزىسۇن" دەپتۇ ۋە ئۆز خىيالىدا پادىشاھنىڭمۇ گەجگىسىگە ئىككىنى قويىدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋە سورۇن ئەھلىنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كېتىپتۇ. مۇدەررىسنىڭ بۇ گەپلىرىنى چاقچاق دەپ بىلگەن پادىشاھ كۈلگىنىدىن ئۇ دېدەكنى مۇدەررىسكە سوۋغا قىپتۇ.

### ◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

ھەر نەرسىنىڭ ئىختىيارلىق بىلەن بولغىنى ياخشى . زورلۇق بىلەن بولغان ئىشنىڭ مەنىسى بولمايدۇ.

سەن بىرسىگە نېمە قىلساڭ، ئۇمۇ يېنىپ سېنىڭ بېشىڭغا كېلىدۇ.

ئاشىق چوڭلار ئۈچۈن بال، كىچىكلەر ئۈچۈن سۈتتۇر.

# جۇھانىڭ ئايالى

ھەر كىم ئۆز دەردى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن، ناھايىتى قەھەتچىلىك زامانلار ئۆتكەن ئىكەن. مانا شۇ زامانلاردا جۇھا ئىسىملىك ناھايىتى نامرات بىرسى ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىدە يېگۈدەك نانمۇ يوق ئىكەن. بىر كۈنى جۇھا ئايالىغا:"ھەي گۈزىلىم! قورالىمىز بار، يەر، ئوۋغا چىقايلى. قولىمىزدىكى ئوقيا، قاپقاننى ئىشقا سېلىپ بىر كىچىك قۇش بولسىمۇ تۇتايلى." دەپتۇ.

جۇھانىڭ ئايالى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ نارازى بولۇپ ئۇدۇل قازىغا بېرىپ ئەرز قىپتۇ. قازىنىڭ دەرگاھىدا ئادەم كۆپ ئىكەن. ئايال قاش كىرپىكلىرىنى ئوينىتىپ، قازىنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپتۇ . كۆڭلى ئۇ خوتۇنغا ئەسىر بولغان قازى: "بۇ يەر سېنىڭ ئەرز-شىكايىتىڭنى ئاڭلاشقا ئەپسىز. ئادەم يوق بىر ۋاقىتتا كەلسەڭ شىكايىتىڭنى ئاڭلاشقا قولايلىق ئەمەسمۇ؟" دەپتۇ.

ئايال: بۇ يەرگە كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن. بۇ يەردە كۆڭۈل چېچەكلىرىمىزنىڭ ئېچىلىشىغا ئىمكان يوق .

بۇ تاتلىق سۆزلەرنى ئاڭلىغان قازى: ئۇنداقتا مەقسىتىڭنى ئېنىقراق ئېيت.

ئايال: " بىزنىڭ ئۆي پىنھاندۇر. ئېرىم يېزىغا كەتتى. كۆزەتچىمۇ يوق. ئۆيۈم ئىشىمىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق بىر جاي. ئەگەر ئامال بولسا بۈگۈن كېچە كەلسىلە! كەچتە ھەممە ئادەم ئۆي- ئۆيگە كىرىپ كېتىپ مەھەللە تېچلىنىدۇ" دەپ، ئۇ قازىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاپتۇ.

شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن قازى، تۈن قاراڭغۇسىدا ئايالنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئايال ئۆيىدە ئىككى تال شام يېقىپ، داستىخاننى قولىدىن كېلىشىچە تەييارلاپتۇ ۋە ئۆيىگە كەلگەن قازى بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا ئۆيگە جۇھا كەپ قاپتۇ ۋە ئىشىكنى قېقىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن قازى ئۆيدە يوشۇرۇنغۇدەك بىر جاي تاپالماي، ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

جۇھا ئۆيگە كىرىپ: "ھە خوتۇن ! ئەتىگەن ئاچچىقىڭ يامان قالغان ئىدىڭ. ھازىر قارىسام كەيپىڭ جايىدا تۇرىدىغۇ. زادى نېمىگە يامانلىغان ئىدىڭ؟ سەن مەندىن ئورۇنسىز ئاغرىندىڭ. مېنىڭ بۇ ئۆيدە ئاشۇ بۇلۇڭدىكى ساندۇقتىن باشقا بىر نەرسەم يوق. ئۇمۇ ماڭا تۆھمەت قىلىشىڭغا سەۋەب بولدى. خەقلەر ئاشۇ قۇرۇق ساندۇقتا ئالتۇن-كۈمۈش بار دەپ يۈرۈپتۇ. گەرچە بۇ ساندۇقنىڭ تېشى چىرايلىق بولغىنى بىلەن ئىچى قۇپقۇرۇق. ئەتە ئۇ ساندۇقنى بازارغا ئاپىرىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا خەلقى ئالەمگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆيدۈرۋېتىمەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ خاتا گۇماندا بولغىنىنى ئىسپاتلايمەن" دەپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايال: "بۇ يامان نىيىتىڭدىن يان" دەپتۇ.

جۇھا: "جەزمەن شۇنداق قىلىمەن" دەپ، سەھەردە بىر مەدىكارنى ئەكىلىپ، ساندۇقنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئارتىپ  بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ.

ساندۇقنىڭ ئىچىدە پۈكلىنىپ ياتقان قازى قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا: "ھەي مەدىكار، مەدىكار!" دەپتۇ. مەدىكار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ"بۇ ئاۋاز نەدىن كېلىۋاتقاندۇ؟" دەپ ئىككى يېنىغا قاراپتۇ ۋە "ئەجەبا ماڭا غايىپتىن بىر ئاۋاز كېلىۋاتامدۇ نېمە؟" دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا، ساندۇقتىكى ئاۋاز كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. نىھايەت مەدىكار ئۇ ئاۋازنىڭ ساندۇقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپتۇ. ساندۇقنىڭ ئىچىدىكى قازى: "ھەي، ئىشلەمچى. قازىخانىدا كاتىپىم بار. ئەھۋالىمنى ئۇ بىلىدۇ. دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بار. ئۇ پۇل بېرىپ بۇ ساندۇقنى سېتىۋالسۇن. ئاغزىنى ھېچ ئاچماي ئۇدۇل ئۆيگە ئەكەلسۇن" دەپتۇ. مەدىكار ساندۇقنى دېگەن يەرگە ئەكىلىپ قويۇپلا، ئۇدۇل كاتىپنىڭ قېشىغا يۈگرەپتۇ. كاتىپمۇ دەرھال بازارغا يېتىپ كەپتۇ.

كاتىپ ساندۇق ئۈچۈن، جۇھاغا 900 تەڭگە بېرىپتۇ. ئەمما، جۇھا :"مىڭ تەڭگە بەرسەڭ بەر، بولمىسا ساتمايمەن" دەپتۇ.

كاتىپ: ــ بۇ ساندۇقنىڭ قىممىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. مىڭ تەڭگىگە يارىمايدۇ.

جۇھا: ــ بۇنداق سىرتىغا قاراپ باھا بەرسەڭ بولمايدۇ. ساندۇقنىڭ ئىچىنى ئېچىپ ساڭا كۆرسىتەي. ئاندىن قانچىگە يارايدىغىنىنى بىلىسەن. ئەگەر يارىمىسا

ئالما. سەنمۇ زىيان تارتما.

كاتىپ: "بولدى، ساندۇقنى ئاچما. ئەيىبى بوپ قالسا سەت تۇرمسۇن. ئۆزۈڭنىڭ ئويىنى باشقىلارغا تاڭما. سەنمۇ ئۆزەڭنىڭ ھالىنى باق. ئادالەتنىڭ بەدىلى ھۇزۇر، زالىملىقنىڭ بەدىلى جاپادۇر" دەپتۇ.

جۇھا: "توغرا. مېنىڭ بۇ قىلغانلىرىم ئوچۇق بىر ناھەقچىلىق. ئەمما، شۈبھىسىز ئۇنىڭ باشتا قىلغانلىرى زالىملىقتىن بەتەر."

كاتىپ: "ھەممىمىز بىلىپ بىلمەي باشتا خاتالىق ئۆتكۈزىمىز. يۈزىمىزنىڭ قارىداپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز"

ئاخىرى كاتىپ مىڭ تەڭگە بېرىپ ساندۇقنى ئاپتۇ.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە جۇھا ئايالىغا دەپتۇ:" ھەي ھىلىگەر خوتۇن. بۇلتۇرقىدەك يوقسۇل ھالغا كەپ قالدۇق. بېرىپ قازىغا ئەرز قىل" دەپتۇ. جۇھانىڭ ئايالى يۈزىنى يۆگەپ قازىنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. ئەمما قازى ئايالنى تونۇۋېلىپ دەپتۇ : "سەن بېرىپ ئېرىڭنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل. ئۇنىڭدىنمۇ گەپ ئاڭلاپ باقاي. ئاندىن ھۆكۈمنى بېرەي" دەپتۇ. ئايال بېرىپ جۇھانى قازىنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. قازى جۇھاغا قاراپ: "سەن نېمە ئۈچۈن ئۆز ئايالىڭنىڭ ھەققىنى بەرمەيسەن؟" دەپتۇ.

جۇھا: "شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمى ئالدىدا بوينۇم قىلدىن ئىنچىكىدۇر. ئەمما، ئۆلسەم، ئۆزۈمنى يۆگىگىدەك كېپەنىممۇ يوق بىر گادايمەن. مەن بارلىقىمنى بىر قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتتىم." دەپتۇ.

قازى ئۆز ۋاقتىدا ساندۇقنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ جۇھانىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالغان بولغاچقا ئۇنى تونۇۋاپتۇ ۋە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ: "ئۇ قىمارنى بىر قېتىم مەن بىلەن ئويناپ ئۇتتۇۋالغان ئىدىڭ. بۇ يىل ئەمدى مېنى ئالدايمەن دەپ ئاۋارە بولما".

◄ ھېكمەتلىك سۆزلەر:

شەيتان ۋەسۋەسە قىلىپ، ھەۋۋا ئانىمىزنى ئازدۇرغان ئىدى.

بۇ جاھاندا بىرىنچى قاتىللىق جىنايىتى ئايالنىڭ سەۋەبىدىن بولغان. قابىل

ئىنسى ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ قولنى قانغا بويىغان ئىدى.

ئى رەببىم بىزگە شۇنداق بىر يېتەكچى نېسىپ قىلغىنكى، بىزنى مەنىۋى كىشەندىن قۇتقۇزسۇن.

"ئىلىم مۆئمىننىڭ يوقىتىپ قويغان مېلىدۇر". يوقىتىپ قويغان مال مۆئمىنگە مەلۇمدۇر.

ئىقبالدىن نېسىۋىسى بولمىغان، چۈشكۈنلۈكتە ئىزتىراپ چەكمەس.

كىچىكىدىن ئەسىر بولۇپ قالغان ۋە ياكى قۇل بولۇپ تۇغۇلغانلار ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى بىلمەيدۇ.

قۇللۇقتا كۈنۈپ قالغان ئادەم، قەپەزدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىماي، قەپەزنىڭ ئىچىدە ئۇياق-بۇياقتا مېڭىپ يۈرۈيدۇ.

## ئۈچ شاھزادە

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر سەلتەنەتلىك پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۈچىلىسى ھەم قەلەمدار ھەم ئەلەمدار ئەزىمەتلەر ئىكەن.

بىر كۈنى ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ ھوزۇرىغا كەپتۇ. پادىشاھ كۆزىنىڭ نۇرى ھېسابلىنىدىغان ئوغۇللىرىغا تەبەسسۇم بىلەن نەزەر تاشلاپتۇ.

ئوغۇللار ئاتىسىغا مەملىكىتىنىڭ پۈتۈن يەرلىرىنى ئايلىنىپ كېلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، شاھ ئاتىسىنىڭ ئىجازەت بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، رۇخسەت قىپتۇ ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇلارغا مۇنداق نەسىھەت قىپتۇ:

– نەگە بارساڭلار بېرىڭلار، بۇنىڭغا رۇخسەت. ئەمما، "ئەقلىنىڭ قاپقىنى" دېگەن يەرگە زىنھار بارمىغايسىلەر. ئۇ يەردىن ئۆزۈڭلارغا كېلىدىغان خېيىم-خەتەردىن ساقلىنىڭلار.

شاھزادىلەر شاھ ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، ۋەتىنىنىڭ بارلىق يەرلىرىنى ئايلىنىپتۇ. ئەمما، ئۈچ ئوغۇلنىڭ خىيالى ئاتىسىنىڭ "بارماڭلار" دېگەن "ئەقلىنىڭ قاپقىنى" دېگەن يەردە ئىكەن. ئۈچىلىسى شۇ يەرگە بىر بېرىپ كۆرۈپ باققۇسى كەپتۇ. نىھايەت تاقىتى قالمىغان بۇ ئۈچ شاھزادە بىر كۈنى شۇ يەرگە قاراپ ئات سېپتۇ.

ئۇ يەردە بەھەيۋەت بىر قەلئە بار بولۇپ، قەلئەنىڭ دېڭىزغا قاراپ تۇرغان بەش، قۇرۇقلۇققا قاراپ تۇرغان بەش دەرۋازىسى باركەن . ھەر دەرۋازا ئالدىدا ساھىپجامال بىر قىزنىڭ رەسىمى ئېسىلغان ئىكەن. بۇ ئۈچ شاھزادىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئالدىدىكى بەش دەرۋازىدىكى رەڭ ۋە پۇراقلاردىن پەيدا بولغان ھېسلار، قالغان بەش دەرۋازىدىكى ئىچكى تۇيغۇلارغا ئوخشايدىغان سىرنى ئاچاتتىكەن. ئەمما سۈرەتنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزى كور بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىلىسى ئاشۇ ساھىپجامالنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئەمما ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. ئارىدىن كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ. يىللار سۈدەك ئېقىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنى بىر بوۋاي ئۇ رەسىمگە قاراپ، بۇ قىزنىڭ شەرقتىكى يىراق بىر ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتلىرىنى ئاشۇ ئۇزاق ماكانلارغا چاپتۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن چوڭ شاھزادە ئازراق ئويلىنىپ دەپتۇ: "ھەي قېرىنداشلىرىم. بىز بۇرۇن باشقىلارغا نەسىھەت قىلاتتۇق. خەلقنىڭ ئاھۇ-زارىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا "قىيىنچىلىقتا سەۋر قىلىڭلار. سەۋر بەختنىڭ ئاچقۇچى" دەيتتۇق. ئەمدى بىزدىكى سەۋر-تاقەت قەيەرگە كەتتى؟ قېنى ئۇ مىزان؟ ئەسكەرلەر جەڭدە ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەندە، "غەيرەت قىلىڭلار ئەزىمەتلەر! باھادىرلىقىڭلارنى نامايەن قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى!" دەيتتۇق. ئاتلار بىر-بىرى بىلەن چىرماشقان، كېسىلگەن باشلار يەرگە تۇروكلاپ چۈشكەن ئاشۇ جەڭگاھلاردا باتۇرلۇقىمىزنى كۆرسىتىپ ئېگىز كۆتۈرگەن تۇغ ئەلەملىرىمىز، قىلىچ ۋە قالقانلار نەدە قالدى؟ ھەي قېرىنداشلىرىم ئۆزىمىزدىن خىجىل بولايلى! باشقىلارغا نەسىھەت قىلغاندا "ھاي ھاي" دەپ، ئۆزىمىزگە كەلگەندە خوتۇن كىشىدەك"ۋاي، ۋاي" دەمدۇق؟ بۇرۇن باشقىلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولغان ئىدۇق. مانا ئەمدى ئۆزىمىز دەرتكە پاتتۇق" دەپتۇ. ئەمما، يەنە شۇ سۈرەتكە مەپتۇن بولۇپ، ئۈچىلىسى ئۆز ئانا ۋەتىنىدىن، مېھرىبان ئاتا ئانىسىدىن، سۆيۈملۈك خەلقىدىن ئايرىلىپ، توغرىلىقتىن، سەۋردىن ۋاز كېچىپ، مەجھۇل سۆيگۈنىڭ يولىغا راۋان

بولۇپ، يىراق ئەل تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپتۇ.

بۇ ئۈچ شاھزادە يىراق ئەلگە كېلىپ، ئۈچى ئۈچ تەرەپتە، خۇددى قۇشلاردەك دان ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇلار شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ مەلىكە بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىغا ئىگە بولالماپتۇ. ئاخىرى چوڭ ئاكىسىنىڭ سەۋر-تاقىتى تېشىپ دەپتۇ: "ھەي جېنىم قېرىنداشلىرىم. مېنىڭ ئەمدى ھېچ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ساھىبجامالنى كۆرۈش ئىستىكىدە قەلبىم پۇچۇلاندى. مەن پادىشاھ ئوردىسىغا زورلۇق بىلەن بولسىمۇ كىرىمەن" دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىككى قېرىندىشى: "سەن بۇ گەپلەرنى دەپ يارىمىزغا تۇز سەپمە. بىزنىڭمۇ دەردىمىز كۆپ. ئەمما، سۆزلىسەك سىنىڭ ئىچىڭ دەردكە تولىدۇ. دىمىسەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۈمىد يوق. دەيلى دېسەك دېيىشكە ئىجازەت يوق" دەپتۇ. بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغان ئاكىسى قېرىنداشلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ "سۆيگۈسىز دۇنيانىڭ ماڭا ھېچ لەززىتى يوق" دەپتۇ ۋە يادىن چىققان ئوقتەك ئۇدۇل پادىشاھ قەسرىگە يۈگۈرەپتۇ. ئاخىرى بىر ئامالالارنى قىلىپ پادىشاھ ھوزۇرىغا بېرىپ پادىشاھنىڭ قولىنى سۆيۈپ، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھنىڭ بارلىق ئەھۋاللاردىن خەۋىرى بار ئىكەن. يالغاندىن ھېچ بىر ئىشنى بىلمەس بولۇۋاپتۇ.

شاھزادە: "ئەي، ئۇلۇغ شاھىنشاھ! سېنىڭ پەرمانىڭ ئۇلۇغدۇر. قولۇڭ بىلەن بۇ دۆلەت ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپسەن. شۇ مۇبارەك قولۇڭ بىلەن مېنىڭ بۇ دەرتلىك بېشىمنى ئوڭشاپ قويساڭ"دەپ ئىلتجا قىپتۇ.

پادىشاھ:ـ سەن شۇنچە ئۇزاقلاردىن كەلگەن بىر مېھمان. نىمە تىلىكىڭ بار. ئەگەر مال-مۈلكىڭ ئوغرىلانغان بولسا زىياننى تۆلەپ بېرەي. ئەگەر مەنسەپ ئىستىسەڭ مەنسەپ بېرەي".

يىنىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ۋەزىر ئەزەم گەپكە ئارىلىشىپ: "ئاليلىرىدىن شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەنكى، ئەگەر ئىجازەت بەرسىلە ئىشنىڭ باش ئايغىنى ئازراق ئىزاھلاپ ئۆتەي" دەپتۇ ۋە ئىجازەتتىن كىيىن گېپىنى باشلاپتۇ: "ئۇنىڭ دەردى ئاشىقتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاشىق ئۈچۈن مال-دۇنيادىن، مەنسەپتىن، شۆھرەت ۋە سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىپ مۇشۇ سەرسانلىق يولىنى تاللىغان. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەتتا پادىشاھلىق ئويىمۇ يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شاھزادىلىقتىنمۇ ۋاز كەچكەن.

ئەمما، جان بولمىسا جاھان نەدە ؟ سەن مەلىكنى ئۇۋلاش ئۈچۈن كېلىپ ئۆزەڭ ئوۋ بولىدىغان بولدۇڭ. ئىشىق ئوتى سېنى زىندانغا ئاپىرىدۇ" دەپتۇ.

شاھزادە ۋە پادىشاھ ۋەزىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. شاھزادە ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ ۋە ئەقلىگە مۇنداق ئوي كەپتۇ: "ئەگەر بۇ مەنە بولسا، سۈرەت نەدە؟ ئەي تەن، ئەمدى بۇ جاندىن كەچ! كەچمىسەڭ ئۆزەڭگە باشقا بىر جان تاپ"

شۇنداق قىلىپ شاھزادە بىر مۇددەت پادىشاھ قەسرىدە قاپتۇ. ئەمما، كۆڭلى كۆيۈپ كاۋاپ بوپتۇ. ئاخىرى :"پادىشاھ ھەركىمنىڭ كاللىسىنى بىر قېتىم كېسىدۇ. مېنىڭ كاللام پادىشاھىمغا يۈز مەرتەم قۇربانلىق بولسۇن! مەن مال دۇنيارىم يوق بىر گادايمەن. ئەمما، شەرەپكە تولغان بەندىمەن. بېشىم مىڭلارچە باشقا تەڭ كېلىدۇ" دەپتۇ ۋە دەردكە تولغان كۆڭۈل بىلەن ئەجەل شارابىنى ئىچىپتۇ.

ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئالغان ئىككى قېرىنداش قاتتىق ئىزتىراپ چېكىپتۇ ۋە كىچىكى ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. ئوتتۇرانجىسى ئوردىغا كىرىپ ئاكىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىش ئۈچۈن جىنازە نامىزىغا قاتنىشىپتۇ.

دەپنە مۇراسىمىدا پادىشاھ ئوتتۇرانجى شاھزادىنى كۆرۈپ:"بۇ مەرت يىگىت كىم؟ بۇمۇ دېڭىزدىكى بىر بېلىقتەك قىلىدۇ" دەپ سوراپتۇ.

ۋەزىر ئەزەم:ــ بۇ يىگىت رەھمەتلىكنىڭ ئىنىسى بولىدۇ .

پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىپ: "سەن بىزگە ئاكاڭنىڭ ئامانىتى!" دەپ، ئۇنى ياخشى كۈتۈۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ .

ئورۇقلاپ، ھالسىزلىنىپ كەتكەن شاھزادە مۇنداق دەپتۇ: "مەنمۇ بىر پادىشاھ ئەۋلادى تۇرسام، مەنمۇ بىر ئاينىڭ نۇرى تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن بۇنچە خارلىق تارتىپ كەتتىم؟ ئەمدى بېشىمنىڭ ئاغرىقى ساقايدى، مەنمۇ بىر يېڭى يول تاپاي" دەپ ئۆز ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىپتۇ. بۇ تەكەببۇرلۇقنى سەزگەن پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بوپتۇ. كۆڭلى يېرىم ھالدا دەپتۇ: "ئەي ئەدەپتىن مەھرۇم قالغان پەسكەش، ئەجەبا ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى مۇشۇما؟ سەن مېنىڭ كۆزۈمگە تىكەن سانجىپ، توپا چېچىشنى مۇناسىپ كۆردۇڭ. مەن ساڭا كۆككە چىقىشقا شوتا قويسام، سەن مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن قولۇڭغا ئوقيا ئالدىڭ".

پادىشاھنىڭ بۇ دەرتلىك نىدالىرى شاھزادىگە تەسىر قىپتۇ. ئابايىقى خۇشاللىقى بىردەملىك بۇلۇتتەك تارىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز يۇرتىنى ئويلاپ غەمگە پېتىپتۇ. ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى سەۋەبىدىن بېشىنىڭ ئاغرىقى ئېشىپتۇ. ئۆكۈنۈپ، كۆز ياشلىرىنى ئېقىتىپ نىدا قىپتۇ: "ئەي رەب! مېنىڭدەك بىر ئارسلاننى ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىغا ئەسىر قىلدىڭ. پادىشاھقا يامان مۇئامىلە قىلدىم. ھاكاۋۇرلۇقۇمدىن بۇغدايىنى دەپ قىلتاققا چۈشتۈم" دەپ كۆڭلى تەۋبە بىلەن ھەققە يار بوپتۇ. ئەمما، شاھزادە ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەي ۋاپات بوپتۇ. شاھزادىنىڭ ئۆلۈمىدىن پادىشاھ بەكمۇ ئازاپلىنىپتۇ.

ئۈچىنچى شاھزادە ھەممىسىدىن ئەقىللىق ھەم سەۋرچان بولۇپ، مەلىكىگە ۋە دۆلەتكە ھاكىم بوپتۇ ۋە ئاخىرى ئۈزاقلاردىكى ياد ئەلدە غايىپ بولۇپ، توزغاقتەك تۇزۇپ، تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئۆز يۇرتىدىكى شاھ ئاتىسى ئۆز ۋاقتىدا ئۈچ ئوغلىنىڭ ئۆز نەسىھەتىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە تەختى راۋاقتىن، سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىپ، قەدىناس رەپىقىسى بىلەن ھەققە ئاشىق بوپتۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ئوت ئىچىدىكى گۈلىستانغا تالىپ بوپتۇ. سەۋر ئىچىدە ئىسمائىلدەك تەسلىمىيەت بىلەن ئاشىق پىچىقىغا بويىنىنى سۇنۇپتۇ.

► **ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

**كۆزۈڭنى ھەقنىڭ گۈزەللىكىدىن باشقىغا بۇرىما.**

**ئىنسان "قىلما" دېگەن ئىشنى قىلىشقا ھېرىسمەندۇر.**

**قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەقلىنى ئۆزۈڭگە دوست قىل.**

**گۈلدىكى تىكەندىن ھەزەر ئەيلە.**

**ئېغىلدا ئۆكۈزنىڭ ئورنىدا بىر ئېشەك كۆرسەڭ گۇماندا بول.**

**كۆڭۈلنى يورۇتقان ئەقلىڭدىن ئېزىپ، كۇندۇزدە قاراڭغۇلۇقتا قالما.**

**سۈرەتنى كۆرۈپ ھەرگىز ھوشۇڭنى يوقاتما.**

**ئەقىل ئاچقۇچى بولمىسا، ھەققەت ئىشىكىنى ئاچىمەن دېيىش قۇرۇق ھەۋەستىن ئىبارەت.**

قوي يايلاقتا ئوتلىسا، پادىچى ئۇنىڭغا كۆز قۇلاق بولسۇن.

قازاننىڭ تېشى ئوتنىڭ سۇرىتى بولسا، ئىچىدىكى مەنەسىدۇر.

كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەر نەرسە ھەقىقى نەرسىدۇر.

ئىشىق ماكانسىزلىق ئالەمىدە ھارارەتنىڭ مەنبەسى. ئۇنىڭ بىر ئۇچقۇنى بىلەن يەتتە دوزاخنى تۇمان قاپلايدۇ. ئىشىق ئوتى دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرىدۇ. شۇڭا دوزاخ ئوتى شۇنداق دەيدۇ: "تېز ئۆچ! بولمىسا ئوتۇڭ بىلەن ئوتۇمنى ئۆچۈرۈۋېتىسەن"

ھەممە نەرسە تۇپراقتىن ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. يەنە قايتىدىن تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

## ئاخىرقى بەش بېيىت

مەسنەۋى شېرىپ" تىن ئىبارەت بۇ كىتاب "ئۈچ شاھزادىنىڭ ھېكايىسى" ناملىق ئاخىرى يوق ھېكايە ئارقىلىق ئەنە شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد دادىسىدىن، ئۈچ شاھزادىنىڭ ھېكايىسىنى نېمە ئۈچۈن ئاخىرلاشتۇرمىغانلىقىنى سورىغاندا، جالالىدىن رۇمى تۆۋەندىكى بەش بېيىت ئارقىلىق جاۋاپ بەرگەن.

بۇنىڭ ئىزاھاتى باردۇر، لېكىن كۆڭۈل باغلاندى،
ئەمدىلىكتە سىرتقا بىر نەرسە چىقمايدۇ.

شاھزادىلەرنىڭ ھكايىسىنىڭ ئاخىرى قالدى،
-3 شاھزادىنىڭ ھېكايىسى تولۇق سۆزلەنمىدى.
سۆز سۆزلەش قابىلىيىتىم تۆگىدەك ئۇيقۇغا كەتتى.
ئەمدى مەنمۇ سۆزلىمەيمەن، ئاغزىمنى يۇمدۇم.
قالغان سۆزلەر تىلسىز ھالدا،
تىرىكلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولسۇن.
ئۇخلاۋاتقان تۆگە سىرلارنى سۆزلىيەلەمتى؟

كۆچۈپ كېتىش زامانى يېتىپ كەلدى. ئېرىقتىن ئاتلىشىم كېرەك!

## خاتىمە

مەۋلانە جالالىددىن رۇمى ھەزرەتلىرىنىڭ ئوغلى ئارىف مەۋلانە باھائۇددىن ۋەلەد ھەزرەتلىرىنىڭ "مەسنەۋى شېرىپ" ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرقى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن بېيىتلارنىڭ تەرجىمىسى :

دادام "مەسنەۋى"نى سۆزلەشتىن توختىغاندا، ئۇنىڭدىن سورىدىم: ــ سۆزلىرىڭىزنى توختىتىشىڭىزنىڭ، ئىلاھى ئىلىم ئىشىكىنى يېپىشىڭىزنىڭ سەۋەبى زادى نېمىكىن؟

دادام شۇنداق دېدى: "ھاردۇق يەتكەنسېرى سۆزلىرىم زېرىكىشلىك بولۇشقا باشلىدى. ئەمدى قەتئى سۆزلىمەيمەن. كۆچۈپ كېتىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. يولىمىز ھەق يولىدۇر. ھەممە نەرسە ھالاك بولىدۇ، پەقەت ئۇنىڭ ھەقىقىتى باقىيدۇر. تىلسىز ھالدىكى گېپىمنىڭ ئاخىرىنى، مەنىۋىيەت ئەگىلىرى چۈشىنەلەيدۇ. غەيۋەت-شىكايەت ئىچىدە ئۆتكەن بۇ ئۆمۈر ئاخىرلاشتى. بۇ تەندىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىدىن خوش خەۋەر بېرىمەن. ئەمدى مەڭگۈلۈك ئالەمگە ساياھەتكە چىقىمەن. تامچىلاردىن قۇتۇلۇپ، دەرياغا قوشۇلىمەن. چۈنكى بۇ ئالەم سۇ بىلەن تىرىك تۇرىدۇ. ئۇ دېڭىزدىن تامچىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق گۈزەلدۇر. ئەمدى بۇ جان، بىر پارچە تۇپراق ۋە نەملىك ئىچىدە تىرىلسە، دەريا ئالەمىدە قانداق بىر ئىززەت ۋە شۆھرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىر كۆر! دېڭىز شەھەرگە ئوخشىسا، نەم ئۇنىڭ ئىشىكىدۇر. نەملىك تامچىغا ئوخشايدۇ، دېڭىز بىر چەكسىزلىك. جاندەك بۇ ھور بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگىن. جانان دەرياسىدا باقىيلىققا ئېرىشىسەن. بىكاردىن بىكارغا ئاۋارە بولۇپ، تۇپراقتىن دېڭىز ئىزدىمە. تۇپراقتىكى ھەرنەرسىنىڭ بارىدىغان يېرى يەنە شۇ تۇپراق. جان دېڭىزى دولقۇنلىسا جانان تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. شۇڭا جاندىن جانانىنى تەلەپ قىل. پەقەت دىلىڭدا جانابى ھەقنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىل. بۇنىڭ بىلەن بۇ پانى دۇنيادىن قۇتۇل. ئۆمۈر ئۇرۇقلىرىنى شورلۇق تۇپراققا تېرىساڭ زىيان تارتىسەن. بۇنداق بىر بىباھا ئۆمۈرنى نېمىشقا ئۇنداق بىكاردىن زايا قىلىسەن؟

ئەي ھۈنەر ئىگىسى ، گۈل بېغىغا بېرىپ تىكەننى ئېلىپ كېلىش، قاراپ تۇرۇپ ئالدانغانلىق . مال-دۇنيا ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئۆمۈرگە ۋاي ئېسىت ! ھەق ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ئۆمۈر، نېمە دېگەن بەختلىك بىر ئۆمۈر-ھە! ئەقلنى ئىشلىتىپ ئۆتكۈزگەن بىر ئۆمۈر ھەق يولدا ئەبەدىيلىككە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئىبادەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بۇ ئون كۈنلۈك ئۆمۈر ھەددى ھېسابسىز بىر ئۆمۈرگە تەڭ بولىدۇ. بۇ ئۆمۈر بازىرىدا ياخشى تىجارەت قىلساڭ بىر تىكەندىن مىڭلارچە گۈلگە ئىگە بولالايسەن. بۇ ئۆمۈر ئېكىنزارلىقىغا بىر دانە ياخشى ئۇرۇق تېرىساڭ، ھەق ساڭا ئون، ھەتتا مىڭلاپ بېرىدۇ. ئەي ئەسلىدىن ئايرىلغان پارچە، ئەسلىڭگە تالىپ بول. مەۋجۇتلۇقۇڭ ھەقنىڭ نۇرىدا يوق بولسۇن. تەن كۈپىدا سۇدەك مەھبۇس بولۇپ قالغانسېرى ئۇنىڭدىكى كۆپۈكلەردەك غەيۋەت، سۆلھى ۋە ئۇرۇش ئىچىدە قالىسەن. بۇ نەقىشلەر، سۈرەتلەر سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكلەرگە ئوخشايدۇ. ئىچىدىكى سىر تېشىغا چىقمىغاندىكىن سۇ ئۈستىدە پەقەت كۆپۈكلا كۆرۈنىدۇ. تونۇردا پىشىپ چىققان ناننىڭ پۇرىقىدىن ئۇنىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ روھلىرىنى نامايەن قىلىدۇ. جاننىڭ كەيپىياتىدىن ئۇنىڭ ياخشى-يامانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. سۇ كۈپ ئىچىدە تۇرۇۋېرىپ، دېڭىزدىن مەھرۇم قېلىپ، بۇزۇلۇپ قالمىسۇن. توختام سۇ سېسىپ قالىدۇ.

بۇنداق سۇنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، تەمى ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبەر: "ئىككى كۈنى ئوخشاش ئۆتكەن، ئېھساندىن مەھرۇم قالغان ئادەمدۇر" دېگەن. ئەخمەقلەرچە ياشىغان ئىنسان نادانىدۇر. ئۇنداقلارنىڭ خۇرجۇننى بوش دەپ قالما، ئىچى شامال بىلەن تولغان. ئۇنداقلار دەرھال ئالدىنقى سەپتىن ئارقىغا ئۆتۈۋالىدۇ. سەپنىڭ سۈيىنى كۆپۈك بىلەن تولدۇرۇۋالىدۇ. ئەمما، جاپاسى داۋاملىق ئارتىدۇ. داۋاملىق سەتلىشىدۇ، كەمچىلىكى ئاشىدۇ. ئۇ ئىشىكتىن قوغلىنىپ، دوزاخقا يۈزلىنىدۇ. سۈپ-سۈزۈك دېڭىز ئۇنىڭغا ئوتتەك كۆرۈنۈپ ئازابلىنىدۇ. ھالىڭنىڭ ناچارلىشىدىن، غەپلەتكە ئەسىر بولماستىن بۇرۇن ساداقەتمەنلىك بىلەن يولۇڭدىن يان. بارلىقىڭنى جانابى ھەقنىڭ بىرلىكى ئىچىدە يوقات. شەيتاندەك ئىشىكنىڭ ئالدىدىن قوغلانما! بىپايان دېڭىزغا قوشۇل !

تۈگىدى